


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

تۇرسۇنئاي سۇلتان



# خرۇستال قىز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO



تۇرسۇنئاي سۇلتان



تۇرسۇنئاي سۇلتان

# خىرۇستال قەپەز



( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **رامىلە ئابلا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىلىيار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# خىرۇستال قىز

(رومان)

ئاپتورى: **تۇرسۇنئاي سۇلتان**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 17.125
2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 4504 – 4
باھاسى: 48.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى پەسىل
## كۆمۈش رەڭ خاتىرە ــ ۋىسال، ھىجران مۇشۇ جايدىن باشلانغان


بىرىنچى باب قەلبتىكى قەلئە ................ 3

ئىككىنچى باب ئەلەمزەدە يۈرەكلەر ............ 16

ئۈچىنچى باب ئۈچ خىل خاتىرە ..............39


## ئىككىنچى پەسىل
## قىزىل خاتىرە ــ چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار


تۆتىنچى باب گۈللەر خىجىل، قىز خىجىلچان .....49

بەشىنچى باب ئالىي مەكتەپ ــ نازۇك ھېسسىيات .... 72

ئالتىنچى باب يەنە ئاغرىپ قالدىم ........... 102

يەتتىنچى باب زەھەردىن كېيىنكى ھەسەل .... 108

سەككىزىنچى باب يوقال، ئەبلەخ ............. 134

توققۇزىنچى باب قىز كۆڭلى ................ 161

ئونىنچى باب ھەر تەتىلدە بىر تۇيغۇ .......... 183

ئون بىرىنچى باب ئاھ، ئەزىمەت .............. 201

ئون ئىككىنچى باب قىينالغان كۆنلەر ........ 228

ئون ئۈچىنچى باب خىرۇستال ئوردا ........... 252

ئۈچىنچى پەسىل
## كۆك خاتىرە ــ قارىچۇقۇمدا بىر سەنلا

ئون تۆتىنچى باب قۇتلۇق مىنۇتلار .......... 277
ئون بەشىنچى باب مۇھەببەتنىڭ مەخپىي شىفرى
282 ..............................................
ئون ئالتىنچى باب پەزىلەت ــ مېنىڭ بەختىم
379 ..............................................
ئون يەتتىنچى باب قارا سايە .......... 388

تۆتىنچى پەسىل

## يېشىل خاتىرە ــ مۇھەببەت ــ بېغىشلاش دېمەكتۇر

ئون سەككىزىنچى باب زارىقىش .......... 415
ئون توققۇزىنچى باب يەنە بىر ناتىۋان ........ 426
يىگىرمىنچى باب سىر تېشىلىشى كېرەك ئىدى ... 437
يىگىرمە بىرىنچى باب كۆزۈڭنى ئاچ، ئەزىمەت!
450 ..............................................
يىگىرمە ئىككىنچى باب مەن ئەزىزە، پەزىلەت ئەمەس
468 ..............................................
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەزىمەت توي قىلىدۇ .... 490
يىگىرمە تۆتىنچى باب تەكرارلانغان پاجىئە .... 513
يىگىرمە بەشىنچى باب ئازابتىن تۇغۇلغان ۋىسال
527 ..............................................
خاتىمە .......................................... 542

بىرىنچى پەسىل

## كۈمۈش رەڭ خاتىرە

# ۋىسال ، ھىجران مۇشۇ جايدىن باشلانغان



بىرىنچى باب

## قەلبتىكى قەلئە

مەن تۇنجى رەت دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا چاقلىق هارۋىدا ئولتۇرغان ئۇ كىشىنى ئۇچراتقانىدىم. شۇنچە كۆپ كىرىپ چىقىۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدىن قانداقلارچە ئۇ كىشىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئېچىلاي دەپ تۇرغان غۇنچىنى ئەسلىتىدىغان چىرايلىق بىر قىز پۈتۈن مېھرى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى سۈرتۈپ ئېمىلەرنىدۇر دەپ تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن گەرچە شۇ كۈنى ئۇنى بىرلا قېتىم كۆرگەن بولساممۇ، بىراق ئېسىمدىن زادىلا چىقىرالمىدىم. نومۇس كۈچىدىن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالغان بولساممۇ، بىراق ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار شۇنىڭدىن بېرى خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ مېنى قانداقتۇر قىزىقىش ئىستىكىدە قىيناپلا تۇردى.

بۈگۈن مەلۇم بىر ئىش بىلەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا كەلدىم. يول بويى خىيالىمغا ئاشۇ كىشى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارىغا بويسۇنمىغان هالدا

تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى كىرىۋېلىپ مېنى بەكلا بىسەرەمجان قىلىشقا باشلىدى.

ئەپسۇس، مەن دوختۇرخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپمۇ، دوختۇرخانىدا ئىشلىرىمنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ چىقىۋېتىپمۇ يەنە بىر كۆرۈش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ئۇ كىشىنى ئۇچراتمىدىم.

شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يېزىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان مۇشۇ يول قاسنىقىدا خىلۋەت بىر مەھەللە بار. دادام دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن شەھەر مەركىزىدىكى ياسىداق ئۆيىمىزنى تاشلاپ مۇشۇ خىلۋەت مەھەللىدىن قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كەلدۇق. مەھەللە يولىدىن ئانداپ شىمال تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان يالغۇز ئاياغ بىر چىغىر يول بار، بۇ يولنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئادەتتە ئىشىم بولمىغان ۋاقىتلاردا مۇشۇ يولدا جىمجىت ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشىپ مېڭىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايمەن. ئىزچىل تۇردە كاللامغا جاھىللىق بىلەن ئورۇنلىشىۋالغان ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمدىكى تەگسىز ھەسرەت يۈرىكىمنى قاماللاپ ئالغان ۋاقىتلاردا ئاستاغىنە ئۆيدىن ئايرىلىپ مۇشۇ يولدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلىگىنىمچە ئۇزاق ماڭىمەن. ئالدى ـ كەينىمگە مېڭىپ تاكى قەلبىمدىكى ئاچچىق ھەسرەت، سېغىنىش ئازابلىرىنىڭ قىرتاق تەمى كىچىككىنە يوقالغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنى رۇسلاپ چىرايىمدىكى پەرىشانلىقنى قارىتا غەلىبە قىلغان شادىمان ھېسلارنى چىھرىمدە پارلاتقىنىمچە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئاپامنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا مۇلايىملىق، كۆيۈنۈش، ئېچىنىش بىلەن تىكىلگەن

كۆزلىرىگە تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزىمەن.

بۈگۈنمۇ مۈڭلىنىپ قالدىم. قايسى كۈنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ ھېلىقى قىزنىڭ شىمنى قوزغىغان ئادەمنى ئۇچرىتالماي خۇددى توساتتىن يولۇقتۇرغان خۇشاللىقىمنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر خىل ئىسكەنجىدە قىينالغاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنى ئىككىنچىلەپ ئۇچراتمىدىم. قىزىق... شۇ بىرلا كۆرگەن كىشى بۈگۈن يەنە خىيالىمغا كىرىۋالغاندى. چۈشتىن كېيىن توغراق يېزىسىدىكى زىيارىتىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدىم. ئىچىمدىكى تىت - تىتلىق تۇيغۇلىرى قەدىمىمنى ئىختىيارسىز ئاشۇ مۈڭدىشىم بولمىش چىغىر يول تەرەپكە سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ ئۈيان - بۇيان مېڭىپ ھېرىپ قېلىپ يول ياقىسىدىكى قىرغا ئۆزۈمنى تاشلاپلا ئولتۇردۇم. كۆزۈمنى يۇمۇپ قانچىلىك ئولتۇردۇمكىن، بىر ۋاقىتتا قۇلىقىمغا گۈدۈڭلاشقان ئاۋازلار كىرگەندەك بولۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم.ئاچتىم - يۇ، سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

مۈشۈنداقمۇ توغرا كېلىپ قېلىش بولىدىكەن. شەھەر كوچىلىرىدا ئۈيان - بۇيان ماڭغاندا بولسۇن، دوختۇرخانىغا بارغاندا بولسۇن، يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ كىشى ئالدىمدىلا تۇراتتى. چىرايلىق كىينىۋالغان، چىرايىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ بۇ يالغۇز، تىمتاس يولدا كىيىمىنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىگىمۇ قارىماي يول قىرىدىلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇشى ھەقىقەتەن بۇ يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق كىشىنىڭ

ئەندىشىسىنى قوزغىشى مۇمكىن. ئۇ كىشى ئىچىگە سۇس كۆكۈچ كەلگەن كۆڭلەك كىيىپ، سېرىق يوللۇق گالىستۇك تاقاپ، ئۇستىگە قاردەك ئاق كاستۇم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىنى ئىتتىرىپ ماڭغان ھېلىقى قىز بولسا سىيدام قارا كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا نېپىز قارا ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئىككىسىنىڭ كىيىنىشىدىكى ئۆزگىچىلىك بىر - بىرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش بىلەن بىللە ئۇ كىشىنى شۇ قەدەر ئېسىل سۇپەتلىك، قىزنى بولسا قارا بۇلۇتلار ئىچىدە ۋاللىدە چىققان ئايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— سىڭلىم، سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟

مېنىڭ سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە ھاڭۋاققان ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالغان تۇرقۇمدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان ئۇ كىشى چۆچۈگەن ھالدا شۇنداق دەپ سورىدى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمگە كەلدىم - دە، بېشىمنى چايقىدىم:

— ھېچ ئىش بولمىدى. ئۆزۈم ئولتۇرغان - ھە... قارىسام بۇ ئەتراپ شۇنداق جىمجىت. بۇ يول چېتىدە كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپسىز. بىرەر سەۋەبمۇ ياكى بىرەر يېرى ئاغرىپ ئولتۇرۇپ قالدىمۇ، دەپ شۇڭا گەپ قىلمايلا ئۆتۈپ كەتمەستىن توختىغاندۇق.

ھېلىقى قىز ئۇ كىشىنىڭ گېپىنى «شۇنداق» دەپ تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— رەھمەت، مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ ئەتراپتا. كاللامنى بىردەم ئارام ئالدۇراي دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇم ئىدى. مەن داۋاملىق مۇشۇ يولغا كېلىپ يالغۇز ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ھېچنېمە بولمىغان بولسىلا بولدى، ئەمىسە بىز يولىمىزغا ماڭايلى!

ئۇ كىشىنىڭ گېپىدىن كېيىن قىز چاقلىق ھارۋىنى تۈزەپ بۇ يولدا سەل كۆچەنگەن ھالدا ئىتتىرىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت! سىلەر بۇياققا بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟

سوئالىم جاۋابسىز قالدى. ئۇ كىشى يېقىملىق نەزەردە كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. قىز ئۇ كىشىنىڭ چىراي ئىپادىسىدىنلا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن بولسا كېرەك، ھارۋىنى ئىتتەرگىنىچە گەپ قىلماستىن مەندىن يىراقلاشتى. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاران بىر ئالدىمغىلا كېلىپ قالغان بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى. مەن كەينىدىن توۋلىدىم:

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟ مەن مۇشۇ يەرلىك.

ئۇ كىشى بېشىنى بۇراپ قولىنى «ياق» دېگەن مەنىدە شىلتىدى.

— ھەي، بىردەم تۇرساڭلار بولامدۇ... بىز ئۇچراشقان.

بۇ گېپىم بىلەن ئۇلار توختىمىدى، مەندىن خېلىلا يىراقلىشىشقا قاراپ ماڭغان ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا قىزمۇ، ئۇ كىشىمۇ ئەمدى راستتىنلا مېنىڭ كاللامنىڭ «دەردى» بارلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتقاندەك ھەيرانلىق ۋە بىزارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا سوغۇق تىكىپ تۇراتتى.

— مەن... — مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان «راستتىنلا بىر بۇدۇشقاق، كاللىسىنىڭ دەردى بار نېمىمۇ بۇ؟» دېگەندەك ئۇچقۇنلاردىن ھودۇققان ھالدا

تۇرۇپ قالدىم ـ يۇ، تېزلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم.
ــ مەن سىلەرنى قايسى كۈنى شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا كۆرگەنىدىم، تاسادىپىي بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى ئويلىماپتىكەنمەن. قىياسىمچە، سىلەر بۇ يەرلىك ئەمەس، شۇنداقلا بۇ دۆلەتتىن ئەمەسقۇ دەيمەن.
ــ شۇنداق، بىز تۈركىيەدىن كەلگەن،ــ ئەمدى ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا قىز جاۋاب بەردى. قىزنىڭ سۆزۈك ئاۋازى مېنىڭ قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.
ــ مېنى ئەجەبمۇ يېپىشىۋالدى، دەپ قالماڭلار. مەن شۇ... ئەستا، نېمە دېسەم بولار... شۇ كۈنى دوختۇرخانا ئالدىدا تۇرغان قىياپىتىڭىز ماڭا بەكلا بەك تەسىر قىلىپ كېتىپ شۇ... سىزنى يەنە بىر كۆرۈشنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. بۈگۈن تاسادىپىيلا خۇدا ئۇچراشتۇرغاندەك بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. مېنى يات كۆرمىسىڭىز ئۆيىمىز ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىدە، ئۆيگە بېرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشىپ ماڭغان بولساڭلار...
مېنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈرىكىمدىن چىقىرىپ دېگەن گەپلىرىم بۇ كىشىگە تەسىر قىلدى ئەيتاۋۇر، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:
ــ رەھمەت! بۈگۈن سەل چارچاپ قالدىم. باشقا كۈنى بولسۇن، ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويدۇم.
سىپايىلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئالدىدا يەنە بېزىرىپ تۇرۇۋېلىش ئارتۇقچە ئىدى. ئۇنىڭ باشقا كۈنى بولسۇن، دېگەن گېپىدىن سەل ئۈمىدلىنىپ يەنە قېلىنلىق قىلىپ تۇرۇپ سۆز تاشلىدىم:

— ئەمىسە يەنە كۆرۈشۈشكە ئىمكان بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، مەن كۈندە بولمىسىمۇ ئارا كۈندە دېگۈدەكلا مۇشۇ يەردە بولىمەن. ئۆيىڭىز مۇشۇ ئەتراپتا بولسىلا بىزنى ئۇچرىتالايسىز،— ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىتقۇسىز بىر خىل مۇڭ تۆكۈلدى،— مەن ئۇنى دائىم يوقلاپ تۇرىمەن.

ئۇلار كەتتى. ئۇزاقلاپ كېتىۋاتقان ئاپپاق، قاپقارا كىيىم بىلەن روشەن رەڭ سېلىشتۇرمىسى ھاسىل قىلغان ئۇلارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قارىغىنىمچە ئۇزاق تۇردۇم. بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن خۇشاللانغان بولساممۇ، بىراق ئۇنىڭ بىردىنلا مۇڭلانغان كۆزلىرى ۋە «كەتكۈچە ئۇنى كۈندە يوقلاپ تۇرىمەن» دېگەن گېپى ماڭا قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق تۇيۇلدى.

ئۇ كىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. كۈندە ئىدارىدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىمەن ـ دە، بىرەر پۈتمىگەن زىيارەتنى باھانە قىلىپ ئىدارىدىن ئايرىلىپ ئاشۇ خىلۋەت مەھەللەمگە قاراپ ئۇچىمەن. بىراق، شۇنچە تەلمۈرگەنسېرى ئۇ كىشىنى ئۆزى دېگەندەك كۈندە بولمىسىمۇ ئارا كۈندە بىر بولسىمۇ ئۇچراتمىدىم. بۈگۈنمۇ بالدۇر ئىشتىن قايتىپ يەنە شۇنداق تەقەززالىق بىلەن قايتىپ كەلدىم. «ساراڭمۇمەن؟ ئۆزۈمچىلا بۇ كىشىگە نېمانچە ئاشىق بولۇپ قالغاندەك قىلىپ كېتىمەن. توۋا... توۋا... ماڭا نېمە بولغىنى، بۇ كىشىنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ نېمە؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە كايىپ كېتەتتىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم،— تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. نەچچە كۈندىن بۇيان مەن

تولا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دەپ قالغان كىشى ئاق كاستۇم كىيگەن، چاقلىق ھارۋىنى ئىتتەرگەن قىز بولسا قارا ياغلىق چىگىپ قارا كۆڭلەك كىيگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەرىكەتلىرىم قولاشمىغان ھالدا قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردۇم.

— ئۆزرىلىكمەن، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ساقسىز بولۇپ قېلىپ سىزگە دېگىنىمدەك بۇ يەرگە كېلىپ تۇرالمىدىم.

— ھە... ياق... ياقەي...— ئۇ كىشى قايسى كۈنى ماڭا مۇنداقلا دېگەن گېپىگىمۇ شۇنچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ماڭا ئاتايىن بۇنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئۆزۈمچە نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ كىشى ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىم ئارىسىدىكى «قانداق دېگەن يالغانچى نېمە بۇ؟ ئىككى كۈندە بىر بولسىمۇ كېلىمەن، ئۇنى يوقلاپ تۇرىمەن دەۋاتاتتى، ئۆزىنى ئالىيجاناب سۈپەت كۆرسىتىپ كەتكەنلىرىكەندە ئۇ» دەپ سۈرگەن خىياللىرىمغا خىجىل بولۇپ قالدىم.

— ياخشى بولدى، قايسى كۈنى سىلەرگە ئېيتقانىدىم. ئۆيۈم ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىدە. دادام - ئاپاملارمۇ بار ئىدى، بۈگۈن شەھەردىكى ھاماملارنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەتكەن. مەن ئۆيدە يالغۇز، بىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەچ دەم ئېلىپ قايتىڭلار.

— رەھمەت، سىڭلىم، بىز ھازىرلا كەلدۇق، ئالدى بىلەن ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى!

ئۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن كېيىن باياتىن بېرى بىر ئېغىز مۇ ئۈندىمەي تۇرغان قىز خۇددى بۇيرۇق كۈنۈپكىسى بېسىلغان ماشىنا ئادەمدەك چاقلىق ھارۋىنى ئوڭشاپ ئىتتىرىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بۇياقتا...— مەن سوراشتىن سەل قىينالغان ھالدا سورىدىم،— مەھەللىمۇ يوق، پەقەت قەبرىستانلىقلا بارغۇ...

ئۇ كىشى «بىلىمەن» دېگەن تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىشلار كەلدى. ئىچ - ئىچىمدىن تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىزىقىش تۈرتكىسىدە بۇگۈن ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق نىيىتىدە:

— تونۇشۇپ قالايلى، ئىسمىم پەزىلەت، ئۆزۈم رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا ئىشلەيمەن. كەسپىم مۇخبىر،— دېدىم. ئىسمىمنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇ كىشىمۇ، قىزمۇ خۇددى چايان چاققاندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ تاتىراڭغۇ يۈز تېرىلىرىنىڭ پۈرلىشىپ، قاشلىرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، قانسىز لەۋلىرىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى، قىزنىڭمۇ نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئىتتىك ئۇ كىشىنىڭ پېشانىلىرىنى سۈرتۈپ ئالاقزادە بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— بىز ئۇنى كۆرۈپ كېلەيلى، ئەمىسە بىزنى ساقلاپ تۇرۇڭ،— ئۇ كىشى تىترىگەن ئاۋازدا شۇنداق دېدى. ئىسمىمنى دېيىشىم بىلەنلا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا بۇ قەدەر تەسىر قىلىپ كېتىشى مېنى ھەقىقەتەنمۇ بەك تەڭقىسلىقتا قالدۇرغانىدى. مەن ئۈندىمەي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

خېلىدىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن يىغلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كىشىنىڭ ساڭگىلىغان بېشىدىن قاتتىق نادامەت چەككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ كىشىنىڭ تەلپى بىلەن داستىخاننى تال بارنگى ئاستىدىكى كەڭرى سۇپىغا راسلىدىم. دۇئا ۋە مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن قىلىنغان قىرائەتتىن كېيىن دەرھال ئۈستەل قويۇپ داستىخان سالدىم ـ دە، يەل ـ يېمىش، نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ، پىيالىگە قېنىق دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ ناۋات سېلىپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سۇندۇم. ھەربىر ھەرىكىتىمگە كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان قىزنىڭ چېھرىدىن قانداقتۇر بىر خىل قايىللىق ھېسلىرى ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇ كىشى بولسا سۆيۈنچ ۋە رازىمەنلىك چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن سۈس كۈلۈمسىرىگىنىچە نېمىندۇر ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك قىزغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

ــ قېنى چايغا بېقىڭلار!ــ ئۆزۈمگىمۇ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئۈستەلگە كەلدىم ـ دە، ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلدىم.

ــ رەھمەت!ــ قىز سۇزۇك ئاۋازى بىلەن تەكەللۇپ قىلدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ماڭا باقتى.

ــ بىز سىلەرگە ئوخشاش ئىچىملىك ۋە قەھۋە دېگەنلەر بىلەن مېھمان كۈتۈشكە ئادەتلەنمىگەن، مانا مۇشۇنداق ئىلى ئۇيغۇرلىرى پەدىسىدە كۈتمىدىغان بولدۇم، ھېلى ئەتكەنچاي دەپ داڭلىق بىر چېيىمىزنى ئېلىپ كېلىمەن،ــ دېدىم چاقچاق ئارىلاشقان ھالدا.

ــ بۇ خىل كۈتۈش، كۈتۈنۈشلەر ماڭا بەكلا

تونۇش،— دېدى ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ،— مەنمۇ غۇلجىلىق ئەمەسمۇ!

— ھە؟!...— مەن ئىتتىك كۆزلىرىمنى تىپىك تۈركىيە پاسوندا كىيىنگەن كىشىگە تىكتىم.

— شۇنداق، مەن غۇلجىلىق. غۇلجىدىن ئايرىلغىنىمغا ئون بەش يىلدەك بولدى، سەت بولدى. شۇنچە تونۇشۇپ تۇرۇپمۇ سىزگە ئۆزۈمنى ۋە ئايالىمنى تونۇشتۇرۇپمۇ قويماپتىمەن.

كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن ئايالىمدۇ، دەپ ئويلاپ باققان بولساممۇ كېيىنكى بىر ئىپادىلەردىن دەرھال بۇ ئويلىرىمنى ئىنكار قىلىۋەتكەنىدىم.

— ھەيران قالدىڭىزغۇ دەيمەن - ھە؟ ئايالىم تۈركىيەلىك. ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا كېلىشى تۇنجى قېتىم.

— ئەمىسە بۇياققا ئاتا - ئانىڭىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كېلىدىكەنسىز - دە؟

— ياقەي، ئاتا - ئانام ھايات، ئۇلار تۈركىيەدە.

— ئەمىسە؟— ھەيرانلىقىم تېخىمۇ چىگىچلەشتى.

— بىز ھەدەمنى، يەنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كەلگەن.

ئېغىزىمغا ئالغان چاي گېلىمدە تۇرۇپ قېلىشقا تاس قالدى. مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئاچقىنىمچە قىزغا ۋە ئۇ كىشىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئىسمىم ئەزىمەت، ئايالىمنىڭ ئىسمى ئەزىزە. ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق. سىز بايا ئىسمىڭىزنى دەپ بەرگەن ئىدىڭىز.

— ئىسمىڭىز ھەدىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىكەن،— قىزنىڭ سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان

ئاۋازىدىن كېيىن بوغۇزۇمغا قانداقتۇر بىرنېمە تاقىشىپ قالغاندەك بولدى.

— دېمەك سىز...— مەن خىيالىمغا كەلگەن «بۇرۇنقى ئايالىڭىزنى تاشلىۋېتىپ تۈركىيەگە چىقىپ بۇ قىزغا ئۆيلىنىۋالغان، ئەمدى بولغاندا ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە قەبرىسىنى يوقلاپ كەپسىز - دە...» دېگەن گەپلەرنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي، ئۇلارنىڭ چېيىغا چاي ئىلقلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئۇلار ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئەتكەنچاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى، بەرەڭگى، كۆكمۇچ، گۆش، پىياز بىلەنلا قورۇلغان سەيدىن ئىشتىھا بىلەن يېگەچ قىز ئۇ كىشىنىڭ پېشانە تەرلىرىنى ئاپپاق قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قوياتتى. بەكلا ھەيران ئىدىم. قىز بۇ كىشىدىن خېلىلا كىچىك بولۇشىغا قارىماي بۇ كىشىنىڭ ھالىدىن «مەخسۇس كۈتكۈچى» دەك خەۋەر ئالىدىكەن. بۇ ھالدا ئۇ كىشى خۇددى كىچىك بالىغا، قىز بولسا مېھرىبان ئانىغا ئوخشايتتى. قەلبىمدىكى نۇرغۇن سوئاللار جاۋابسىز قالدى. ئۆيگە كەلگەن مېھماندىن ئارتۇقچە ئۇنى - بۇنى سوراش ئەدەپسىزلىك بولاتتى، مېھمان ئۆزى خالاپ سۆزلەپ بەرسىغۇ بىر گەپ. پەممىچە، بۇ مېھمان ماڭا بۇ چىگىچ تېپىشماقتەك نىكاھ ۋە سىرلىق ئىككى ئايالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەچمىشلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغاندەك قىلمايتتى. بەلكىم بۇرۇنقى ئايالغا مۇناسىۋەتلىك كەچۈرمىشلەرنى بۇ چىرايلىق ياش ئايالنىڭ يېنىدا سۆزلەش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولسا، بۇ قىزچاقنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا بۇرۇنقى ئايالىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىقتىن قايتقان چاغدىكى ھالى شۇ قەدەر

خاراب، يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى، ئاچچىق دەرد ـ پىراق، نادامەتتىن چىرايى سولغۇن ئىدى. بۇ كىشىلا ئەمەس، بەلكى ماۋۇ كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدەك بىلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئىما ـ ئىشارەت، قاتتىق تىنىشلىرىدىنمۇ نېمە دېمەكچىلىكىنى بىلىپ تۇرىدىغان قىزچاقمۇ كۆزلىرى ياشلانغان، سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھالەتتە قايتىدۇ... بۇ زادى نېمە ئۈچۈندۇ؟

مەن بىر پاتمان سوئاللارنى قۇچاقلىغان ھالدا ئۇ كىشىدىن قايتا كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ۋەدە ئېلىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم.

## ئىككىنچى باب

# ئەلەمزەدە يۈرەكلەر

ئادەمنىڭ بالىلىق چاغلىرى نەقەدەر ياخشى ـ ھە! ھەممىلا ئادەم سىزگە كۆيۈنۈپ سىز ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك... خالىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئۆششۈقلۇق قىلىپ تېپچەكلەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىشىڭىز بىلەن ئامالسىز تەييار قىلىپ بېرىۋاتقان... باشقىلار ئاساسەن سىزنىڭ چېھرىڭىزدىن كۈلكە كۆرۈشنى خالايدۇكى، ھەرگىزمۇ خاپىلىق، يىغا كۆرۈشنى خالىمايدۇ. چوڭلارنىڭ ئاسرىشى، ھىمايىسىدە مەڭگۈ ياشىغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى!

مۇشۇنداق خام خىياللارغا بېرىلىپ مەڭگۈ ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى سەبىي بالىدەك پەپىلىنىپ ئۆتۈشنى ئارزۇلاپ ياشاۋاتقىنىمغا قانچە ئۇزاق بولغاندۇ؟ ئانچىكى بىر ئىشلارغىمۇ ئاھ ئۇرىدىغان ھاياجانلىق ھېسلاردا بېشىمغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى ھە دېسىلا ئاتا ـ ئانامغا تۆكۈپ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يەپ ئۆتۈپتىمەن. راست گەپ قىلسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئۆينى ئۇ ئىككىسىگە ئۇڭچە تاشلاپ بېرىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك سەدپارە ئىكەنلىكىنى، بېقىپ چوڭ قىلىپ تويۇمنى قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا مېنىڭ

ئەندىشەمدىن قۇتۇلالماي غېمىمنى يەپ ئۆتكەنلىكىمنى، ئاپامنىڭ كېچە ـ كېچىلەردە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بۇقۇلداپ يىغلايدىغانلىقىنى، دادامنىڭ ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ قالغىنىمدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ تېخىچىلا بالىلىق ھېسلاردىن قۇتۇلمىغانلىقىمنى، ياشانغان ئاتا ـ ئانامغا يەنىلا بالىلىق ئەركىلەش بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىمنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇندىلا بىردىنلا ئەقلىم تولغاندەك، چوڭ بولغاندەك بولۇپ، پەرىشان ھالىتىمنى ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلاردىن يوشۇرىدىغان، پەرياد چەككەن دەملەردە جىمجىتلا ئۆيدىن ئايرىلىپ مۇڭدىشىم بولمىش ئاشۇ تەنھا يالغۇز ئاياغ يولغا بېرىپ سائەت ـ سائەتلەپ ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى پەرىشانلىق تۇيغۇلارنى قوغلاپ بولغاندىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆزۈمنى ئاتا ـ ئانا باغرىدىكى غەمسىز بالا كەبى بەختىيار كۆرسىتىپ ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغان بولدۇم. بايقىشىمچە، شۇنىڭدىن بېرى ئاپام ـ داداملارنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا چىرايىمغا كۆز تاشلىشىپ كەيپىياتىمغا دىققەت قىلىدىغان ئەنسىزچىلىكمۇ خېلى بېسىلىپ قالدى.

بۇگۈنمۇ ناخۇش بولۇپ قالدىم، زىيارەت ئوبيېكتى بولمىش قۇدرەت دېگەن ياش كارخانىچى بەكلا ئۇنىڭغا ئوخشايتتى. دەسلەپتە دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنى كۆرگىنىمدە تاسلا قالدىم ئارقامغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكىلى. دۇنيادا مۇنداقمۇ ئوخشىشىدىغان كىشىلەر بولىدىكەن دېسە...

كىرىپلا كەيپىياتىمنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بەلكىم

ئۇ بالىنىمۇ ھەيران قالدۇرغاندۇ... ئىشقىلىپ قولاشمىغان ھالەتتە باشلانغان سۆھبەت ئۇ بالىنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سالماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپىتى، گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن تېزلا ئۇخشىلىپ ئىزىغا چۈشۈپ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. يېنىك تىنىپ زىيارەتنى تۈگەتكەن بولسامۇ، بىراق قۇدرەتنى كۆرۈش بىلەن كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئىز سالغان ئەسلىمىلىرى ئارىسىدا مىجىلغان گەۋدەمنى سۆرەپ كېتىپ باراتتىم.

ــ پەزىلەت، يا ئاللا ئاداش، بارمۇسەن؟ــ دېگەن ئاۋاز بىلەن توختاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئالدىمدا رەنجىگەن چىراي ئىپادىسىدە ئاينۇر تۇراتتى.

ــ بار، ياخشى تۇرامسەن؟

ــ ۋايتوۋا، شۇنداقمۇ كەم دىدار بولىدىكەنسەن ـ ھە... ئىزدىمىسەم مېنى ئىزدەپمۇ قويماي.

ــ ئامال يوق، بىز سەھرادا بولغاندىكىن شەھەرگە كەمدىن ـ كەم كىرىپ قالىمىز مۇشۇنداق،ــ چاقچاق تەرىقىسىدە كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ بۇ گەپلەرنى دېيىشىم بىلەن ئۇ سۆزلەپلا كەتتى.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، دەۋاتقان گېپىنى... داداڭمۇ نەدىكى بىر خىياللارغا ئامراق ئادەمكەن دېسە... ھەممە خەق ياشانغاندا شەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ جاننىڭ راھىتىنى ئىزدەيدۇ، داداڭ بولسا ئەكسىچە يىراق بىر يەرگە بېرىۋېلىپ تېخى بىنادىكى ھەممە قولايلىقتىن قول ئۈزۈپ بىچارە ئاپاڭنىمۇ ئۇيلاپ قويماستىن... سەنمۇ ئۇلار بىلەن كېتىۋېلىپ مانا بىزدەك جانجىگەر دوستلىرىڭنىمۇ بىرەر قېتىم ئىزدەپمۇ قويمايسەن،ــ ئۇنىڭ توختىماي سۆزلەپ كېتىشلىرىگە قاراپ گەرچە

دادامنىڭ گۈزەل خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە دېگەن گەپلىرىگە قارشى بولساممۇ، بىراق ھەممىسى ماڭا بولغان دوستلۇق مېھرى، سېغىنىشىدىن دېيىلىۋاتقان گەپلەر دەپ ئويلىدىم ـ دە، قوللىرىمنى كەڭ ئېچىپ ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ يۈزۈمنى يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ چۈشۈلدىما بولدى، قۇشقىچىم، مەن ئەيىبلىك. شۇ... ئەمدى شۇ... ــ دەپ كۈلدۈم.

ــ ماڭە ساراڭ، ئەسكى، ــ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان بېشىمنى ئىتتىرىۋېتىپ كۈلۈۋەتتى، ــ ساراڭ، بىر دەمدە ئېرىتىۋالىسەن ئادەمنى.

ــ يۈرە، گۈناھىم ئۈچۈن سېنى مېھمان قىلاي!

ــ ۋاي... نېمانداق ياخشى، ئەمىسە مېنى ماروژنى بىلەن مېھمان قىلىسەن ـ ھە؟

ــ بولىدۇ، چاتاق يوق.

ــ ئەمىسە بۈگۈن نەچچە قاچا يەيمەن ئۇ قىممەت ماروژنىدىن، ــ ئۇ كىچىك بالىدەك ئورنىدا سەكرەپ پىرقىرىۋەتتى ـ دە، ئالدىمغا چۈشۈپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئاينۇر كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇم ئىدى. بىر مەكتەپتە ئوقۇپ كىچىكىمىزدىن كۆڭۈل سىرىمىزنى دېيىشىپ بەك يېقىن ئۆتكەنىدۇق. ئالىي مەكتەپتە گەرچە مەكتەپلىرىمىز باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك بىر ـ بىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ قونۇپ، كۆڭۈل سىرىمىزنى تۆكۈشۈپ ئۆتكەنىدۇق. سۇباتنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمدا ئاينۇرمۇ مەن بىلەن تەڭ خۇشاللانغان، تويىمىزدا قولداش بولۇپ چىن يۈرىكىدىن بەخت

تىلىگەنىدى. كېيىن سۇباتنىڭ سىرتتا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن گېپىنى ئاڭلاپ قالغاندا «ئېرىڭنى چىڭ تۇت!» دەپ بىرىنچى بولۇپ مېنى ئاگاھلاندۇردى. مەن سۇباتنى نەق مەيداندا شۇ قىز بىلەن ئۇچراتقان ۋاقتىمدا ئارقامغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپ ئۇدۇل ئاينۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىپ ئىچىم چىققۇچە يىغلىدىم. ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ماڭا تەسەللى بەرگەن، قىزىقىقان بولماسلىقىمنى، سۇبات بىلەن سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلىشىپ ئامال بار ئائىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى، شۇنچە ئەجىر بىلەن قۇرۇپ چىققان ئائىلىنى مۇشۇنداقلا بىراۋلارغا تاشلاپ بەرمەسلىكىمنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلغانىدى. بىراق، مەن شۇ سەسكىنىپ كەتكىنىمچە ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمدىكى مۇھەببەت ئۇلىغا كەتكەن دەزنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇپ ئاخىر سۇبات بىلەن ئاجراشقانىدىم. بۇرۇنقى كۈنلەر، شېرىن مۇھەببەت مۇشۇنداق توزۇپ كېتىپ مانا ھازىر يېقىن دوستۇم ئاينۇر بىلەنمۇ كەمدىن ـ كەم ئالاقىلىشىپ، ئاشۇ خىلۋەت مەھەللەمدىكى چىغىر يولنى دەردلىك كۆڭلۈمگە ئەڭ يېقىن ئەرمەك قىلىۋالغانىدىم.

كۆڭلۈمگە كەچكەن ئازابلىق خىياللارنىڭ شولىسى دەرھال چېھرىمگە بۇلۇت يايغان بولسا كېرەك، ئاينۇر ھۇزۇر بىلەن ئالدىدىكى قاچىدىكى ماروژنىنى يەۋېتىپ ماڭا قاراپ دېدى:

— سولغۇن كۆرۈنىسەن، جېنىم... ھەممىنى كەينىڭگە تاشلىۋەت! ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ پاتراق توي قىلىپ ھېلىقى ئالۋاستىنى ئېلىشىنى بەكرەك خالايمەن

دىگەنىدىڭ، ئەمدى نىمانچە... ئۇلارنىڭ توي قىلىشى هامان بولىدىغان رېئاللىقتۇ...

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ــ يۈرىكىم نامەلۇم بىر شۇم خەۋەردىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

ــ خۇپسەنلىك قىلما! چىرايىڭدىكى سارغىيىش سەۋەبسىز ئەمەسقۇ... بۈگۈن بارامدۇق ـ يە تويغا تازا ياسىنىپ...ــ ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ چاقچاق قىلىۋاتقاندەك شۇنداق دېدى.

ــ كىم توي قىلىدىكەن؟بۈگۈن كىمنىڭ تويىكەن، ئاينۇر؟ مەن راستىنلا بىلمىدىم.

ــ بۈگۈن سۇباتنىڭ تويىكەنغۇ... سەن بىلمەمسەن؟

مەن قېتىپلا قالدىم، چۈچۈلداپ سۆزلەۋاتقان ئاينۇر، بىر جۈپ ئەتىرگۈل سىلىنغان نازۇك لوڭقا قويۇلغان دۈگىلەك ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىدىكى ماروژنى ۋە لازىمەتلىك بۇيۇملار ھەممىسى ئۆچتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى. كاللام پىرقىراۋاتامدۇ... كۆز ئالدىمغا قېلىن بىر قەۋەت تارتىلغان پەردە... لەۋلىرىمگە قىرتاق بىر سۇيۇقلۇقنى تېمىتىۋاتاتتى... قۇلاق تۈۋىمدە ئاينۇرنىڭ «پەزىلەت، پەزىلەت... نېمە بولدۇڭ... ھەي...» دېگەن ئاۋازى سۇس ئاڭلىنىپ قالدى. قانداقلارچە چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. پەقەت «ئۇ توي قىلىدۇ... بۈگۈن ئۇ توي قىلىدۇ...» دېگەن پەرياد مېڭەمنى قاماللاپ ئالغانىدى. يۈگۈرۈۋاتىمەن، يۈگۈرۈۋاتىمەن، غۇيۇلدىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار، ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن كۆزلەر، «ھوي...ھوي...» دەپ بىكار تەلەپلەرنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازى... ھەممىنى ئارقامغا تاشلىۋەتتىم. نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن

ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ تويىنى ئاڭلاپلا بۇ قەدەر سەۋدايىلارچە ساراڭلىشىپ كېتىدىغانلىقىم ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقلىگە سىغمايتتى. پەقەت يۈرىكىمنىڭ چىدىغۇسىز بىر خىل سىقىلىشى بىلەن كاللامنىڭ پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىشىنىلا ھېس قىلالايتتىم. مۇشۇ يوگۇرۇش بىلەن ۋاپاسىز دۇنيادىن، ۋاپاسىز سۆباتتىن قەدەممۇقەدەم يىراقلىشىپ كېتەلەيدىغاندەك، ئۇنىڭ شۇ كەمگىچە يۈرىكىمدىن چىقماي كەلگەن ئەستىلىكلىرىدىن قۇتۇلىدىغاندەك بىر سېزىم گاڭگىرىغان قەدەملىرىمگە كۈچ ئاتا قىلىۋاتاتتى.

ئايرودرۇم تەرەپكە سوزۇلغان يولغا يېتىپ كەلگىنىمدە دېمىم كېسىلىپ پۈت - قولۇمدا جان قالمىدى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ مىدىرلىغۇدەك ماجالىم قالماي مېنى ياندالپلا سۈرئىتىنى ئاستىلاتقان ماشىنىغا قولۇمنى كۆتۈردۇم - دە، توختىشى بىلەن ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆزۈمنى ئاتتىم. نەگە بارىدىغانلىقىمنىمۇ دېمەي كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنىمدا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پەزىلەت! — دېگەن تونۇش ئاۋاز مېنى چۆچۈتۈپ ئىتتىك كۆزۈمنى ئاچتىم.

ماشىنا ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. پەقەت مېنىڭ كىچىككىنە ئەسلىمىگە كېلىۋېلىشىمنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتىن كەينىگە قايرىلىپ تۇرغان تونۇش ئىككى جۈپ كۆز مېنى سەگىتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ مەن قانداقلارچە سىلەرنىڭ ماشىناڭلارغا... — مەن گاڭگىرىغىنىمچە ئەزىمەت

ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ گۈزەل خانىمىغا قاراپ كېكەچلىدىم.

ــ سىزگە بىرەر دىل ئازارلىق يەتمىگەندۇ؟

قانسىز لەۋلىرى ئارىسىدىن ھەممە نېمىنى ئاۋايلىغاندەك سۆز چىقىرىدىغان ئەزىمەت ئەپەندىم سىلىق ھالەتتە سورىدى.

ئۇنىڭ سوئالى بىلەن تەڭلا تېخىچە تولۇق ئەسلىگە قايتمىغان سەۋدايى ھېسلىرىم مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدىم. ماشىنىنىڭ يېنىك قوزغالغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ تۇرك تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكىنىنى ئىلغا قىلدىم. بىراق، يىغامنى توختىتالمايتتىم. ئەزىزە ماڭا ئاپپاق قول ياغلىقىنى سۇندى. قول ياغلىقتا ياشلىرىمنى سۈرتكىنىمدە يەنىلا لەنتى كۆزلىرىمدىن يېپى ئۈزۈلگەن مونچاقلار توختىماي چۈشۈۋاتاتتى. بەلكىم كۆز ياشلىرىمۇ مۇشۇنداق بىر ئۆكسۈپ يىغلاش بەدىلىگە ئىگىسىگە ئاراملىق نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك. تېنىمدە تۇرۇپ سېنى ئازابلىغاندىن قارىچۇقۇڭدىن دوملاپ چۈشۈپ پارغا ئايلىنىپ كېتىش ئەلا دېگەندەك ھېچ تۈگەي دېمەيتتى. ماشىنا توختىدى. شۇندىلا ياش بىلەن جۇپلەشكەن كىرپىكلىرىمنى قېقىپ تۇرۇپ كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم. «يېڭى ھايات» يولى تەرەپتىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىگە كىرىپ كۆكۈچ سىرلانغان بىنا ئالدىدا توختىغان ماشىنىدىن ئاۋۋال ئەزىزە چۈشۈپ ماشىنا كەينىدىن ئەپچىلگىنە قاتلانغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ئالدى ـ دە، ئەزىمەت ئەپەندىمنى يۆلەپ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن چۈشۈرۈپ هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئاندىن ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

ــ قېنى ئەزىز مېھمان، ئۆيگە مەرھەمەت!

ــ مەن... بۇ...ــ تېڭىرقاپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ چاقلىق ھارۋىسىنى سىلىق ماڭدۇرغىنىچە ئەزىمەت ئەپەندىم كەلدى:

ــ مەرھابا قەدەملىرىڭىزگە، سىڭلىم! بوسۇغا تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇپ قايتىپ كەتمەيدىغانسىز ـ ھە؟ ئۇنداق قىلسىڭىز مەن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئاستاغىنە ماشىنىدىن چۈشتۈم.

بىرىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپكە جايلاشقان ئۆيگە كىرىپ سىنچى كۆزلىرىم بىلەن ئەزىزەنىڭ ئەزىمەت ئەپەندىمنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇندۇقتىن چۈشۈرۈپ يۆلەپ سافاغا ئولتۇرغۇزۇشلىرىغا قاراپ ئولتۇرىمەن. ئۆي بىر يۈز يىگىرمە كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ نەپىس بېزەلگەن، كەڭرى مېھمانخانىسىغا سافا قويۇلۇپ ئوتتۇرىغا پاكارغىنە كەلگەن ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەل ئۈستىدە خىرۇستال قاچا، قاچىلاردا خىلمۇخىل يەل ـ يېمىش، نازۇنېمەتلەر تىزىپ قويۇلغانىدى.

ــ چاي ئىچەمسىز قەھۋەمۇ؟ــ ئەزىزە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى. مەن تازىلىق ئۆيگە كىرىپ قوللىرىمنى يۇيۇپ چىققاندىن كېيىن دېدىم:

ــ چاي ئىچەي.

ــ مەنمۇ چاي ئىچىمەن،ــ ئەزىمەت ئەپەندىم مېنىڭ كەينىمدىنلا شۇنداق دېدى ـ دە، مېنى ئۈستەلگە يېقىنراق ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەزىزە يېنىك ھەرىكەتلىرى بىلەن بىزگە خۇش ھىدى گۇپۇلدەپ چىقىپ تۇرغان چاينى قۇيۇپ نازۇنېمەتلەرگە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ كىرىپ كەتتى.

خىلىغىچە ئۇندىمەي ئولتۇردۇق. خۇددى ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ دوختۇرخانا ئالدىدىكى كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئىختىيارسىز مېنى قىزىقتۇرغىنىغا ئوخشاش، مېنىڭ سارائىلاردەك چاچلىرىم چۇۋۇلغان هالدا يولدا يۇگۇرگەن هالىتىم ۋە ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى كۆرۈپلا دەرد تۆكمىدىغان يەر تاپقاندەك ئۇن سېلىپ يىغلىشىم بۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقاندەك قىلاتتى.

— سىڭلىم، هايات دېگەن ئەگرى - توقايلىققا تولغان بولىدىكەن. كۈلگەنلەر ئۆمۈر بويى كۈلۈپلا ئۆتمەيدىكەن، شۇنىڭدەك يىغلىغانلارمۇ ئۆمۈر بويى يىغلاپلا ئۆتمەيدۇ. بېشىڭىزغا قانداق ئىش كېلىشىدىن قەتئىينەزەر بەردەم بولۇڭ، ئۈمىدلىك بولۇڭ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يەنە كۆزلىرىم ياشقا تولدى. ئىرادىسىزلىكىمدىن نومۇس قىلغان هالدا چاندۇرماي ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. هەربىر هەرىكىتىم كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي ئولتۇرغان بۇ كىشىنىڭ نەزىرىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ ماڭا قەغەز قۇتىسىدىن قەغەز ئېلىپ سۇنغاچ هەسرەتلىك هالدا ئۇھ تارتىپ قويدى. دېمەك، ئۇزۇلمەي تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭمۇ قەلب يارىسىنى تاتىلاپ ئېچىشتۇرغانىدى.

مەن گۇناھكارلارچە بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، كۆڭۈل ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، — دېدىم.

— ياق، سىڭلىم... بۇ بۇگۈنلا، بىردەملىكلا بۇزۇلغان كۆڭۈل ئارامى ئەمەس... بۇ يارا مەڭگۈلۈك يۈرەكتە يىلتىز تارتىپ كەتكەن يارا... — بىردىنلا ئۇنىڭ قويۇق

كىرپىكلىرى ئۆراپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرى ئىپىتقۇسىز بىر مۇڭ بىلەن مۆڭلاندى، قانسىز لەۋلىرى تىترەپ يەنە بىر ئىغىز گەپ قىلسىلا ئۈزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىغۇدەك ئازابلىق بىر ھالەت چېھرىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۆزۈمنىڭ ھەسرىتى بىر ياندا قېلىپ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تىنماي قەلبىمدە غوۋغا سېلىۋاتقان ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە بولغان قىزىقىش يەنە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— مۇمكىن بولسا ماڭا ئۆتمۈشىڭىز، سىز گۇناھكارلارچە باش ئېگىپ يوقلايدىغان قەبرە ۋە مۇنۇ بۇرۇنقى ئايالىڭىزنىڭ قەبرىسىگە بېرىشىڭىزنى توسۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە سىز بىللە بېرىپ تەڭ يوقلىشىدىغان، رەشك قىلمايدىغان، ھالىڭىزدىن خۇددى مېھرىبان قېرىنداش كەبى خەۋەر ئالىدىغان گۈزەل ئايالىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— پەزىلەت،— ئۇ كىشى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۆزى چۆچۈپ كەتكەن ئىسمىمنى تۇنجى قېتىم ئاتاپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى،— بۇ ئىشلارغا شۇنچە قىزىقىپ قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، سىزنى تۇنجى كۆرگەندىلا سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار، سولغۇن ھالىتىڭىز، شۇنداقلا دوختۇرخانىنىڭ بىناسىغا ئاجايىپ بىر ئىچكى ھاياجان بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇشىڭىز مەندە قىزىقىش قوزغىغانىدى. بىلسەم دەيمەن، مۇمكىن بولارمۇ؟

— ئەمسە مەنمۇ شۇنى سوراي... سىزنى بۇگۈن شۇنچە يىغلاشقا مەجبۇر قىلغان، ئۆزىڭىزنى بىلمىگۈدەك، خۇدىڭىزنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە

تەلۋىلەشتۈرۈۋەتكەن زادى قانداق ئىش ئۆزى؟
— ئۇ بۈگۈن توي قىلىدىكەن،— ئىختىيارسىز لەۋلىرىم ئارىسىدىن چىققان بۇ ئاسىي سۆزلەرگە لەنەت!
— ئۇ... ئۇ دېگەن كىم؟ ئۇ سىزنىڭ لايىقىڭىزمىتى؟
— ئۇ بۇرۇنقى ئېرىم، بىز ئاجرىشىپ كەتكەن.
— سىز؟!...— ئۇ ئىشەنمىگەندەك ئۈستىبېشىمغا قاراپ كەتتى.
— ھەئە، ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىن تارتىپ يۈرگەن مۇھەببىتىم ئىدى. بىز توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرغان، بىراق ئۈچ يىل بولمايلا ئۇ باشقا بىر قىز بىلەن تېپىشىۋالدى...— گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئۇنۇم بوغۇلۇپ دېيەلمەي قالدىم.
— ئاراڭلاردا بالا يوقمىتى؟
— ياق،— كۆز ياشلىرىمنى ئېرتكەچ بېشىمنى لىڭشىتتىم. نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىگە بۇ گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ئۇقمايتتىم. گېپىمىز ئاشخانا ئۆيدىن تاماق كۆتۈرۈپ ئەزىزەنىڭ چىقىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.
— مېھمانىنىڭ كۆڭلى نېمىگە تارتىدۇ، دەپ سورىمايلا ئۆزۈم بىلىپ تەييارلاۋەردىم،— دەپ ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىردى.
— ياخشى بوپتۇ، بۇ ئەڭ سىڭىشلىك تاماق، بىلمىدىم، مېھمان قىزنىڭ كۆڭلى خۇش بولامدۇ، يوق؟
— بەك ئاۋارە بوپسىز، مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن بۇ تاماقنى،— ئىمكانىمنىڭ بارىچە مەنمۇ ئۇلارنى دوراپ تۇزۇت قىلغان ھالدا شۇنداق دېدىم.
ئارتۇقچە گەپ ـ سۆزسىز، تەكەللۇپلارسىز تاماق يېيىلدى. تاماقتىن كېيىن قول يۇيۇپ ئۈستەلگە قايتا ئولتۇرغاندىلا ئەمدى كېتەي دەپ قوزغالدىم.

— شۇنچە ئالدىراشمۇ، پەزىلەت، تونۇشتۇق، دوست بولۇپمۇ قالدۇق. تارتىنىش بىھاجەتقۇ ئاخىر!

— ھېلىمۇ شۇنچە ئۇزاق ئولتۇردۇم. بىئارام كۆڭلۈممۇ سىلەرنىڭ خۇش پاراڭلىرىڭلار بىلەن ئەسلىگە كېلىپ قالدى، — دېدىم گەرچە ھازىر كېتىشنى خالىمىساممۇ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ بۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ كۆڭلۈمدە يېشىلمەيۋاتقان سىرلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىپ تۇرساممۇ. ئەزىزەنىڭ پات ـ پات «كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭىز، چارچاپ قالماڭ، دورىڭىزنى ئىچىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىگە قاراپ بۇ كىشىنىڭ تاتىراڭغۇ رەڭگى، قانسىز لەۋلىرى ئىسپاتلاپ تۇرغىنىدەك قانداقتۇر كېسەللىكى بارلىقىنى، قاتتىق چارچاپ كېتىشكە، ھاياجانلىنىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

— ياقەي، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى سىز بىلەن مۇڭداشقاندەك بىراۋ بىلەن مۇڭدىشىپ كەتمىگەنىدىم. گەرچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويغاندىن باشقا ئاساسەن مېھماندارچىلىقلىرىدىن ئۆزۈمنى تارتىپ كەلدىم. ۋاقتىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنمىدى. بىردەمدىلا كەلگىنىمىزگىمۇ ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرىمىز، ئاپامنىڭ تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرىنى تېخى ئورۇندىمىدۇق. ئۈرۈمچىدە توختىماي ئۇدۇللا غۇلجىغا چۈشكىنىمىزگە ئاپام ھېلىغىچە رەنجىپ تېلېفون

ئۇرۇۋاتىدۇ. ئۇرۇمچىدە ئاپامنىڭ بىر تۇغقان ھەدىسى بار ئەمەسمۇ، شۇنداقمۇ ئەزىزە؟

ئەزىزە «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلىمىز، سىڭلىم...

— نېمە؟...

مەن خۇددى بۇ ئايرىلىش بىلەن قانداقتۇر قىممەتلىك بىر نېمەمنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك بولۇپ چۆچۈپ كەتتىم.

— شۇنداق، ۋاقتىمىزمۇ توشۇپ قالدى.

— سىز راستتىنلا كېتەمسىز؟ — كېكەچلىگىنىمچە قايتىلاپ سورىدىم.

— ھەئە، — ئۇنىڭ بايىلا كۈلكە بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئېيتقۇسىز بىر ئازابتىن مۇڭلاندى، — يەنە كېلەلەيمەنمۇ، يوق؟ سالامەتلىكىم يار بېرەمدۇ، يوق؟ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، ئاتا - ئانامۇ ياشىنىپ قالدى. تەقدىر بولسا كېرەك، بىز تۇركىيەگە ماكانلىشىپ قالدۇق. ھەممىسى ئاپامنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولدى. ئاپامنىڭ ئېيىسىمۇ تۇركىيەدە جان ئۈزگەن، قەبرىسى ھېلىمۇ شۇ يەردە، ئاپامنىڭ مومامنىڭ يېنىدا ياتقۇسى باركەن.

— بىراق، سىز! — نېمىلەرنى سورايدىغىنىمنى، نېمىلەرگە قىزىقىپ قالغىنىم ئەزىزەگىمۇ ئېنىق بولغان بولسا كېرەك، ئۇ ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ «گەپ قىلماڭ» دېگەن تەرزدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەقەت مۇشۇ كىشىنى كۈتۈشكىلا يارالغاندەك بۇ قىز شۇ تاپتا ئارتۇقچە ھاياجان ۋە ئەسلىمىلەر تۈپەيلى ئېرىنىڭ ھاياجانلىنىشىنى، تەن

سالامەتلىكىنىڭ كۆتۈرۈلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ــ ماشىنا ھەيدىيەلەمسىز؟ ــ ئەزىمەت ئەپەندىم تۇيۇقسىزلا سورىدى.
ــ ھەئە، بىرنەچچە يىللىق ماشىنا ھەيدەش تەجرىبىسىگە ئىگە كونا شوپۇرمەن، ــ ماختانغان ھالدا شۇنداق دېدىم.
ــ ئەمىسە ياخشى، ئەتە ماڭا ئازراق ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتالامسىز؟
ــ قايسى ۋاقىتتا؟
ــ ئامال بار ئەتىگەنرەك بولسۇن، قانداق دېدىم... ئەتە ئەزىزەنىڭ پۈتكۈزىدىغان مۇھىم ئىشلىرى بار. شۇڭا سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە بىللە ئاپىرىڭ، بولامدۇ؟
ــ بولىدۇ، ــ مەن بۇ گەپتىن بەكلا خۇش بولۇپ، ئۇ كىشىنى گېپىدىن يېنىۋالمىسۇن دېگەندەك ئالدىراش ماقۇللىدىم، ــ ئەتە ئىدارىدىمۇ باشقا ئىشىم يوق، ئەمىسە مەن قانچىلەردە كېلەي؟
ــ سائەت سەككىز يېرىم بىلەنلا كەلسىڭىز... سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.
ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! سىز ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئىش قىلىشىمۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن.
ئەزىزە ئۇنچىدەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى سەل ئېگىپ قولىنى كۆكسىگە قويدى ــ دە:
ــ ئاللا ئاتا قىلغان دوستلۇققا رەھمەت، پەزىلەت خانىم! ــ دېدى.

ئۆيگە يىغلاپ كىرگەن بولسام ئەمدىلىكتە خوشال ئوزاپ چىقتىم. بايىقى سوباتنىڭ تويى سەۋەبلىك يۈرىكىمنى قامالاپ ئالغان ھىجران ئازابلىرى قەلبىمدىن دەماللىق بولسىمۇ قوغلانغانىدى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ توكى قالمىغان تېلېفونۇمنى توكقا چېتىپ قويۇپ ئېچىشىم بىلەن باياتىندىن بېرى ئورۇلغان تېلېفون ۋە يېزىلغان ئۇچۇرلار پاراتتا تۇرغان ئەسكەرلەردەك تىزىلىشقا باشلىدى. ھەممىسى دېگۈدەك ئاينۇردىن كەلگەن تېلېفون ۋە ئۇچۇرلار ئىدى. ئۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمچە ساراڭلاردەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىمدىن ھودۇققان پېتى كەينىمدىن چىقىپ مېنى تاپالماي قاپتۇ. سەۋەبى، ئۇ كەينىمدىن ئىز بېسىپلا چىقاي دېسە تېخى ماروژنىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىگەچكە، ماروژنىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ئاندىن چىقىشىغا توغرا كەپتۇ. ئارقىدىكى ئۇچۇرلارنى كۆرمەيلا ئۇنىڭ مېنى تىللاپ يازغان بۇ ئۇچۇرىدىن ئىختىيارسىز كۈلكەم قىستاپ كەتتى. ئۇچۇرلارنى بىرمۇبىر كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يازاي دەپ تۇراتتىم، ئاھ... يۈرەكنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈچى بىر نومۇردىن ئۇچۇر كەلدى: «پەزىلەت، ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، سوبات»

※ ※ ※

تاڭ قانداق ئاتتىكىن، ئۇخلىدىممۇ ياكى ئۇخلىمىدىممۇ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. ئويلىغىنىمدەك تېتىك قوپالمىدىم.

ئاخشامقى ئۇچۇر سەۋەبلىك بۈگۈن ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ قېشىغا باشقىچە روھلۇق ھالەتتە بېرىش

ئۆيلىرىمىنىڭ ھەممىسى بەربات بولغانىدى. ئاخشام تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۆنىڭ ئۆچۈرىنى يۇيۇۋەتتىم. ئۆچۈرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىنى، ئۆنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق خاتىرىلەرنى يۇيۇۋېتىش ئىرادىسىدە ئۆتمۇشۇم بىلەن مەغرۇر تۇيغۇلىرىم، شۇ مەغرۇرلۇق ۋە جاھىللىقنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ پەرياد چېكىۋاتقان يۈرىكىمدىكى ھەقىقىي ھېسلىرىم ئارا كۈرەش قىلىپ بەكلا چارچاپ كەتتىم. تاڭ ئاتقانلىقىنى دېرىزە پەردىسى ئارقىسىدىن ئۆي ئىچىنى سۈس ئاقارتقان، سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان تاڭ نۇرى بىلدۈردى. پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ئۇرۇپ ـ چېقىۋەتكۈدەك بولۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ قىزىم، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ــ دېدى ئاپام. مەن ئاپامغا قاراپ زورغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ياق، ئاپا، كەچكىچە مەندىن ئەندىشە قىلىش ساڭا ئادەت بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ،ــ دەپ قويۇش بىلەن كۈپايىلەندىم. بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا بەلكى ھۆكۈرەپ يىغلاپ تۇرۇپ سۇباتىنىڭ ئاخشام توي قىلغانلىقىنى دېگەن ۋە يىغلاش بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى: «ئۇنداق ۋىجدانسىز ئەبلەختىن بالدۇرراق قول ئۈزگىنىم ئۆمرۈمدىكى بەختىم» دېگەن گەپلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى پەردازلەپ تۇرۇپ دېگەن گەپلەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى. ھەرنېمە بولسا كۈندىن ـ كۈنگە ئەقىلگە توشۇۋاتقان ئوخشايمەن.

ئىدارىگە بېرىپ باشلىقتىن مىجەزىم يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ رۇخسەت سورىدىم ـ دە، تۈنۈگۈنكى

كېلىشكىنىمىز بويىچە ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. مەن ئۆيىگە يېتىپ بارغىنىمدا ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئىكەن. ئۇستىگە هاۋا رەڭلىك كاستۇم، ئىچىگە سۇزۇك ئەت رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ گالستۇك تاقىۋالغان ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ شۇ قەدەر رەتلىكلىكىدىن خانىمى ئەزىزەنىڭ ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا بۇ كىشىنىڭ هەممە تەييارلىقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ پۇتكۇزۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. بۇ كىشىنىڭ رەڭگى سۇزۇك، ئۇچۇق كەلگەن كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراقلىقىمۇ بەلكىم تۇركىيەدە ئۇزاق يىل تۇرۇش جەريانىدا شۇ يەرلىكلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى سىڭگەنلىكىدىن بولسا كېرەك (بىراق بۇ ئويلىرىمنىڭ كېيىن ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىلا ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم).

— مەرهابا! كەلدىڭىزمۇ، سىڭلىم؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېيتقۇسىز بىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

مەن قەهۋە ياكى چاي ئىچمەيدىغانلىقىمنى ئېيتقاندىن كېيىن يولغا چىقمىدىغانغا تەرەددۇتلاندۇق. مەن ئەزىزەنىڭ هەرىكىتى بويىچە ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ چاقلىق هارۋىسىنى ئىتتىرىپ پەلەمپەيدىن ئاۋايلاپ چۈشۈردۈم - دە، سىرتقا چىقىپ ماشىنىمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنى يۆلەپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇ پۇتۇنلەي ماڭالماي قالغان پالەچ ئەمەس، بەلكى ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، پۇتلىرى جانسىز ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ماشىنىنى شەهەر سىرتىغا، يەنى ئۆزۈمنىڭ خىلۋەت مەهەللىسى جايلاشقان تاغ باغرىدىكى قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ هەيدىدىم. يول بويى ئۇنىڭ جىممىدە ئولتۇرۇپ تىلىقىقان تىنىقلىرى

بىلەن ئەلەمزەدىلىك ھېسلاردا قىينىلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. پەممىچە، بۇ كىشى بۇرۇنقى ئايالىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. نېمە سەۋەبتىن تۇركىيەگە ئۇنى تاشلىۋېتىپ چىقىپ كەتكەندۇ؟ ياكى ئاۋۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئايالى بۇ يەردە قالىدىغان ئاتا ـ ئانىسىغا تارتىشىپ ئاخىرى ئىككىسى ئايرىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان ھالدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆزلىرىنى قول ياغلىقىدا ئېرتىپ قوياتتى. مەن بۇنداق ھاياجانلىنىشىنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلمەك بولۇپ سۆز باشلىدىم:

ــ ئەزىمەت ئاكا، سىلەر بىلەمسىلەر ياكى ئۆزۈڭلار خالاپ ماڭدىڭلارمۇ، قەبرىستانلىققا بارىدىغان چوڭ يولدىن يانداپ ئېلىنغان ماشىنا يولىمۇ بارغۇ؟ سىلەرنىڭ ماشىنىنى ئاۋۇ باشقا توختىتىپ قويۇپلا پىيادە شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ــ شۇنداق، بىزمۇ باشتا شۇ يول بىلەن بارغانىدۇق. كېيىنچە ئەزىزەنىڭ ماڭا يول بويىدىكى ساپ ھاۋادىن نەپەس بەخش ئەتكۈسى كەلدى ھەمدە ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق قىلسام خېلى تىنچلىنىپ قالىدىكەنمەن. قەبرە بېشىغا بارغاندا بەك پەرياد چېكىشتىن ساقلىنىپ مەرھۇمەنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلالايدىكەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يولدا مېڭىشنى ئادەت قىلغانىدۇق.

ــ ھە... شۇنداقمۇ؟ ئەزىمەت ئاكا، مەن بەك ھەيران، ئەزىزە... ئۇنىڭ بىلەن قۇرداشتەك تۇرىمىز، شۇڭا ئىسمىنىلا ئاتاشنى لايىق كۆردۈم. ئۇ بەكلا ئىتائەتمەن

ھەم بەك يېقىشلىق ئىكەن... سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك.

— شۇنداق، ئۇ بىر ئېسىل قىز. ئۇ ماڭا ياتلىق بولۇپ ھېچبىر راھەت كۆرمىدى، ئەكسىچە مەندەك بىر كېسەلنىڭ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇھىمى، ئۇ مېنى سۆيىدۇ، مەن ئۇنى سۆيىمەن. ئۇنىڭ كىچىككىنە پاك يۈرىكىدىكى مۇھەببەت مەندە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا قارىتا مۇھەببەت قوزغاپ تۇرىدۇ.

— ئەمىسە...— مەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ رەنجىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ھالبۇكى، بۇ قارىشىم بۇ چېچەن كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى.

— كۆپ ئىشلارنى چۈشىنەلمەي قىينىلىۋاتىسىز - ھە... ۋاقتى كەلگەندە ھەممىنى چۈشىنىپ قالىسىز، سىڭلىم،— ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش تاتىراڭغۇ مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشۈپ پاكىز قىرىلغان ئېڭىكىگە سىرغىپ سىڭىپ كەتتى. ئۇ نەملەشكەن كۆزلىرىنى غېرىبانە مۈڭلۈق تۇيغۇ بىلەن ماڭا تىكتى:

— يېتىپ كەلدۇق، ئالدى بىلەن بىز ئۇنى يوقلاپ قايتايلى!

مەن ئۇنى يۆلەپ ئاستاغىنە ماشىنىدىن چۈشۈردۈم - دە، ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلۇغ تەرەپكە بۇرۇلۇپ سەل يۇقىرىلاپ مېڭىپ بەزىبىر قەبرىلەردەك ئالاھىدە قىلىنىپ ياسالمىغان، نام - نىشان ئۇچۇن ئالدىدىكى بىر سېمونتقا ئىسمى يېزىلغان قەبرە ئالدىدا توختىدۇق (بىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە ئايال كىشىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىشى چەكلىنەتتى). مەن بۇ سەۋەب بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئىچكى سىرلىرىدىن خەۋەردار بولالماسلىقىمدىن

ئەنسىرەپ بىللە كەلگەن بولسامۇ، بىراق بېشىمنى كۆتۈرۈپ سەپسېلىپ قارىيالماي ئۇ كىشى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاچ كۆزۈمنى قەبرە تاختىسىدىكى ئىمزاھاتلارغا يۈگۈرتتۈم. قەبرىگە «پەزىلەت، 1970 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يىگىرمە بەش يېشىدا ۋاپات بولغان» دەپ يېزىلغانىكەن. ئىختىيارسىز تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. نېمانچە ياش... تېخى مەندىن ئىككى ياش كىچىك ۋاقتىدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانىكەن. ھايات بولغان بولسا قىرىق ياشقا كىرەر ئىكەن. بۇ كىشى قانچە ياشتا باردۇ؟ ئۇ قارىسىغۇ قىرىق ياشتەك كۆرۈنمەيدۇ، مەن تېخى ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، ئىشقىلىپ بىزدىن كۆپ بولسا تۆت ـ بەش ياش پەرقلىنىدىغان چېغى دەپ ئويلىغانىدىم. يادىڭغۇ، ئاپتاپ كۆرمىگەندەك چىرايى، چەبدەس بوي ـ تۇرقى بىلەن بىرلا قاراشقا كىچىكلا كۆرۈنىدىكەن. ئايالى ئەزىزەمۇ كىچىكلا بىر قىز... بەلكىم راھەت، ئاسايىشلىق تۇرمۇشتا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولسا كېرەك. خىياللىرىمنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى بۆلىۋەتتى.

ــ مېنى كەچۈرۈڭ، پەزىلەت، مەن كېتىدىغان بولدۇم. بارلىق گۈزەل ئارمانلىرىمنى، يۈرىكىمنى يەپ كېلىۋاتقان ئارمانلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ كېتىدىغان بولدۇم. بۇ دۇنيادا ئىككىمىزنىڭ بىللە ئۆتۈشىمىز پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن چېغى... بىلەمسىز، سىزنى ھېلىمۇ شۇ سەۋدايى ھېسلىرىم بىلەن ئەسلەيمەن. شۇ سەۋدالىق بىلەن سۆيىمەن.. ھەر قېتىم پەزىلەت دېگەن ئىسمىڭىزنى زىكىر قىلغىنىمدا، ھېلىقى سۆيۈملۈك

خاتىرىلەرنى ئوقۇغىنىمدا بەك تولغىنىپ كېتىمەن، سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم...

ــ بولدى قىلىڭ، بىز قايتايلى!ــ ئورنۇمدىن قوپۇپ غەزەپ بىلەن ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ مۈرىسىدىن سىلكىدىم. تۇيۇقسىز قىلغان قوپاللىقىم سەۋەبىدىن ئۇ كۆزلىرىنى چەكچىيىپ قارىغىنىچە ماڭا قاراپلا قالدى.

ــ نېمانداق ياسالمىلىق بۇ؟ سىزدە زادى قانچە يۈرەك بار؟ ھېلى ئەزىزەنى سۆيىمەن دەيسىز، ھېلى بولسا بۇ يەرگە كېلىپ مەن ئۈچۈن ناتونۇش بولغان، ئەمما پەمىمچە سىز سەۋەبلىك چەكسىز ئازاب چېكىپ بۇ دۇنيادىن كەتكەن مەرھۇمە پەزىلەت خانىمنى سۆيىمەن دەپ داد ئېيتىسىز، سىز بەك شەخسىيەتچىكەنسىز. سىز مېنى رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋەتكەن ئاۋۇ سۇبات دېگەن ۋىجدانسىزدىن پەرقلەنمەيدىكەنسىز. ئىسىت، سىزگە بولغان ھېسداشلىقىم، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم...

ئارقامغا بۇرۇلۇپ قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدىم، ماڭدىم - يۇ، بىراۋنىڭ ياردىمىسىز ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىنىڭ قىيىنلىقى يادىمغا يەتتى - دە، تېخىچە كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆكۈپ ماڭا رەددىيە بېرىشكە ماجالى يوق ئولتۇرغان ئەزىمەت ئەپەندىمنى قوپاللىق بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇنىڭ كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ بىر چاغلاردا سۆيگەن ئاۋۇ رەھمەتلىك ئايالىغا يېنىدا ھازىرقى ئايالى بولمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئىچى قانغۇچە يىغلاپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭدىم. شۇ تاپتا يۈرىكىم يېنىمدىكى ماۋۇ كېسەلمەن ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يالغان

كۆز يېشى تۆكۈپ مەرھۇمەنىڭ قەبرىسى ئالدىدا غوۋغا سىلىۋاتقانلىقىغا قارىتا نەپرەت بىلەن لىق تولغانىدى.

ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغۇم يوق. ئۇ كىشىمۇ، مەنمۇ جىمجىت، بىر خىيالنى بۆلۈشۈۋالغاندەك كېتىۋاتىمىز... ئىككىلىمىزنىڭ خىيالىدىن كېچىۋاتقانلار باشقا ـ باشقا ئىدى. مېنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزگەرگەن مۇئامىلەم بەلكىم ئۇ كىشىگىمۇ چۈشىنىكسىز بىلىنمىگەندۇ... مېنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نېمىگە بۇ قەدەر نەپرەتلىنىپ ئاچچىقلاپ كەتكىنىمنى ئېھتىمال ئۇمۇ چۈشەندى، بىراق ئۇ كىشى ماڭا چۈشەندۈرۈشنى خالىمىدى. ۋەزىپەمنى تاماملاپ ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويدۇم، گەرچە ئەزىزە تېخى قايتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىشىنى رەھىمسىزلەرچە يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ چىقتىم. ئۇ كىشىگە بولغان ھۆرمىتىممۇ، ئۆتمۈشكە بولغان قىزىقىشىممۇ توساتتىنلا يوقالغانىدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئۈچ خىل خاتىرە

تۇنۇگۈندىن بېرى ئىدارىدە باش چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يىغىلىپ قالغان بىر مۇنچە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدىم. كاللامغا كىرىۋالغان ئەزىمەت ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ گۈزەل خانىمى، مەرھۇمە پەزىلەت خانىم ۋە ئالدىنقى كۈنى توي قىلىپ ئەمدى تۇرمۇشۇمدىن مەڭگۈلۈك يىتكەن سۇباتلارنىڭ سىيمالىرىنى جان ـ جەھلىم بىلەن ئۆزۈمنى خىزمەتكە ئۇرۇش ئارقىلىق مەجبۇرىي قوغلاۋاتقانلىقىم راست ئىدى. شۇ قەدەر جاھىل ئىدىمكىن، ئىمدىيەمدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق بىر ئىشقىمۇ ھەرگىزمۇ قايىل بولمايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، تۇرمۇشۇمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاۋۇ تۇركىيەدىن كەلگەن ئىككىسىنىڭ قەلبىمگە تەسىر قىلغان ھەرقانداق ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ قايىسى كۈنىدىكى ئۇ كىشىگە بولغان نەپرىتىم بىرلە يۇيۇۋەتكەن، شۇنداقلا ئەلەڭلەپ تۇرغان سىيمالىرىنى مەجبۇرىي قوغلىۋەتكەنىدىم.

تازا كىرىشىپ تۇرۇپ يېزىۋاتقان ماقالەمنىڭ قاپ بېلىدىن ئۈزۈپ خىزمەتدىشىم گۈلنىسا سىرتتىن كىردى ـ دە، ۋارقىرىدى:

ــ پەزىلەت، سىزگە خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى تېلېفونغا تېلېفون كەپتۇ.
ــ ماڭا؟...ــ بېشىمنى كۆتۈرۈپ نارازىلىق بىلەن سورىدىم ـ دە، «ۋاي ـ ۋۇي، كىمدۇ بۇ ئەمدى؟» دەپ غۇدۇڭشىغىنىمچە خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە چىقتىم.
ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!ــ تېلېفوننى ئېلىشىم بىلەن نازۇك، زىل ئاۋاز ئاڭلاندى.
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!
ــ مەن ئەزىزە بولىمەن، پەزىلەت خانىم.
ــ ھە، ھە...ــ مەن ھودۇقۇپ كەتتىم. ئىككى كۈن ئىزدەش ئەمەس، خىيال قىلىشتىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئۆتكەندە ئىشلەيدىغان ئورنۇمنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئىزدەپ ـ سوراپ تېلېفون قىلغاندەك تۇراتتى.
ــ مەن سىز ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ سىرتىدا. ۋاقتىڭىز بولسا چىقسىڭىز، كۆرۈشسەك بولامدۇ؟
ــ ماقۇل، ھازىرلا چىقاي!
تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئىشخانىغا كىرىپ ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم ـ دە، بۆلۈم مۇدىرىمىزغا ئېيتىپ قويۇپ چىقتىم. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سۇس شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ئۇزۇن يېپەك كۆڭلەك ۋە يەنە شۇ رەڭگە مايىل كەلگەن ياغلىق ئارتقان ئەزىزە شۇ قەدەر گۈزەل، سۇمباتلىق ھالەتتە تۇراتتى.
ــ ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم، خىجالەتمەن، پەزىلەت خانىم،ــ ئۇ قوللىرىنى جۈپلەپ كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.
ــ ياقەي، تەكەللۇپ قىلماڭ! ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ئاللاغا شۈكۈر، ئۆزىڭىزنىڭ ئەزىز بويى ئامانمىكىن؟

— خۇداغا شۈكۈر.

— ئەزىمەت ئەپەندىمدىن سىزگە سالاملار يار بولسۇن، خانىم، ئۇمۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ.

— ھە، ئامان بولسۇن!— ئەزىمەت ئەپەندىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا تۇرۇلگەن قاپاقلىرىم ئەزىزەنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— ئەزىمەت بەي بىلەن ئاراڭلاردا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىراق سىلەر قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگەن كۈندىن بېرى ئىككى كۈن بولدى ئۇ ئاجىزلاپ كەتتى،— قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان قىزنىڭ كىرپىكلىرىدە شەبنەمگە ئوخشاش تامچىلار پارىلدايتتى،— نە گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدۇ، ئۇ بەكلا پەرىشان.

— سىزچە ئۇنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچىمۇ؟

تاقىتىم تۈگەپ گېپىنى ئوتتۇرىدىن بۆلدۈم.

— ياق - ياق، گەپلىرىمنىڭ خاتا مەنىسى ئۇچۇن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن! بىلىمەن، سىز ئاق كۆڭۈل، بىراۋلارغا ياخشىلىق قىلىشنى خالايدىغان قىز. ئۈمىدىم ماڭا شۇ كۈندىكى دىل ئازارلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىزكىن!

— سىز نېمىشقا شۇ كۈنى بىللە بارمىدىڭىز؟— سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب ياندۇردۇم.

— ئۇ كۈنى بەكمۇ مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

— ياق، مەنچە ئۇنداق ئەمەس، سىز ئېرىڭىزگە

داۋاملىق ھەمراھ بولۇش جەريانىدا ئۇنىڭ مەرھۇم پەزىلەت خانىمغا قانداقتۇر دىيەلمەيۋاتقان گەپلىرى بارلىقىنى ھېس قىلغان. ئېرىڭىزگە چەكسىز سادىقلىقىڭىزدىن ئۆزىڭىز يوق يەردە دەرد ـ پىغانىنى تۆكۈپ سۆزلىۋالسۇن، دەپ شارائىت ياراتقان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

قىزنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى جۈپلەپ يېنىك تىترىگىنىچە توختىماي بېشىنى چايقايتتى. مەن شامالدا قالغان ئاجىز سەبدەر گۈلدەك تىترەۋاتقان قىزنىڭ قەغەز رەڭگىدە ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدىلا كۆرۈنەرلىك جۈدەپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. «بىچارە قىز، ئەزىمەت ئەپەندىم بىتاپ بولۇپ تاماق يېمىسە بۇ قىزنىڭمۇ گېلىدىن تاماق ئۆتمىگەن بولسا كېرەك. ئاھ، بۇ نەقەدەر ئالىيجاناب ئۆزىنى بېغىشلاش، نەقەدەر پىداكارانە سۆيگۇ ـ ھە!»

ـــ ئەزىزە خانىم،ـــ مەن تىپىك تۈركىيە ئېھتىرامى بىلەن ئۇنىڭغا مۆتىۋەر خانىملارغا قوللىنىدىغان ھۆرمەت مۇئامىلىسىدە سۆزلىدىم،ـــ شۇ تاپتا قولۇمدا بىر دۆۋە ئىش بولسىمۇ، بىراق سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى تولىمۇ خالايمەن. مۇمكىن بولسا بىز بىرەر يەردە پاراڭلاشقان بولساق!

قوللىرىنى جۈپلەپ، بېشىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ ماقۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن ئەزىزەنى قولتۇقلىغىنىمچە سوغۇق ئىچىملىك ئارامگاھىغا كىردىم. ئورۇنلاشقان ئايرىمخانىمىزغا كۈتكۈچى قىز بۇيرۇتقان ئىچىملىكلەرنى ئەكىرىپ ھۆرمەت بىلەن بىزنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدىم:

ــ ئەزىزە خانىم، مېنىڭ بۇ ئىشلارنى بەكمۇ بىلگۈم بار.

ــ سىز بىلىسىگىز ئىدى ئەزىمەت بەينىڭ قانچىلىك ئېسىل كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك مۇھەببەتكە سادىق، سۆيۈملۈك كىشىدىن يەنە بىرى بولمىسا كېرەك.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ سوغۇق كۈلدۈم، ــ ئۇ بەلكىم سىزگە نىسبەتەن شۇنداقتۇ، بىراق مەرھۇم پەزىلەت خانىمغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس، بىراق مەن يەنىلا سىلەرگە، سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پاك مۇھەببىتىڭىزگە بەخت تىلەيمەن.

ــ ئەگەر ئۇنى تولۇق چۈشەنسىڭىز بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىڭىزغا پۇشايمان قىلغان بولاتتىڭىز، ــ ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، كىرپىكلىرى نەملىشىپ، لەۋلىرى تىترەپ تۇراتتى.

ــ ياق، قىزىقمايمەن، دەسلەپ سىلەرنى كۆرگەندە مېنى قىزىقتۇرغىنى ئىككىڭلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق تۇرقۇڭلار ۋە چىرايىڭلاردا ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئۆزگىچە ھاياجانلىق ھېسسىيات ئىدى، بىراق بۇ قىزىقىش مەن ئەزىمەت ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يوقالدى. بىرلا ئېغىز گەپ، مەن ۋىجدانسىز ئىككى يۈزلىمە كىشىلەرگە ئۆچ.

باغرى قاتتىقلىق بىلەن بۇ گەپلەرنى دېيىش ئارقىلىق خۇددى ۋىجدانسىز سۇباتتىن ئۆچۈمنى ئېلىۋاتقاندەك بولدۇم ـ دە، ئالدىمدىكى ئىچىملىككە سېلىنغان سۇمۇرۇش نەيچىسىنى غەزەپ بىلەن چىشلىدىم.

ــ بىز مېنىڭ ۋاقتىنى ئىككى كۈن كەينىگە كېچىكتۈردۇق. سىزنىڭ ئەزىمەت بەينى ئۇنداق

دېيىشىڭىزنى ھار ئالىمەن، خانىم، كۆڭلۈم ئازار يېدى. ھېلىقى كۈنى مەن سەۋەبسىز ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم، ئەكسىچە مەرھۇمە پەزىلەت ھەدەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا خوشلىشىشقا باردىم. بۇ يەرگە يېڭى كەلگىنىمىزدە بىچارە ئانا ئەزىمەت بەيىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى. بىرنەچچە نۆۋەت يۈز كۆرۈشۈشكە بارساق ئوخشاشلا ئۇنى بىتاپ قىلىپ قويدۇق. شۇ سەۋەبتىن خوشلاشقاچ ئانىغا تەسەللى ۋە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىش ئۈچۈن ئۆزۈم يالغۇز بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم. قايتىپ كەلسەم ئەزىمەت بەي سارغىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىش، ئۆزى چىن دىلىدىن ياد ئېتىپ تۇرىدىغان مەرھۇمەدىن ئايرىلىش ئېغىر كەلگەن چېغى دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئىككى كۈن بولدى باشقىچە تۇرىدۇ. مېنىڭ ۋاقتىنى ئامالسىز كېچىكتۈردۇق. ئۇ كەلگەندىن بېرى ھېچكىم بىلەن سىز بىلەن مۇڭداشقاندەك مۇڭدىشىپ باقمىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى بىلسىڭىز يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيگەن بولاتتىڭىز.

ئۇ ئېيسەدەيتتى، سۆزلىرى بىلەن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى ئۇنىڭ ئەزىمەتكە بولغان ئاشىق يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاچ مەن داڭ قېتىپ ئۇنىڭ يىپەكتەك سىلىق، ئاھاڭدار سۆزلىرىنىڭ ئۈنچىدەك چىشلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇراتتىم، بۇ ئايرىمخانىدىكى نەپىس ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان رەڭدار گۈلنىڭ بەرگىلىرىنى مۇجۇيتتۇم.

ــ بۇ بىر ئاجايىپ قىسمەت. سىز بىلىشكە ئىنتىزار قىسمەت مانا مۇشۇ خاتىرىلەردە. بۇ خاتىرىلەر ئېرىم ئەزىمەتنىڭ بايلىقى، بەلكىم پۈتۈن بايلىقى. بىز بۇ يەرگە

كەلگەندىن بىرى ئەزىمەت بەيىنى خۇشال قىلالىغان ھەمدە كۆرۈشۈشكە تەقەززا قىلغان كىشى سىز بولۇپ قالدىڭىز. شۇ سەۋەب، مەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقنىڭ تۈگەپ سىزنى ئۇنىڭ نىمجان كۆڭلىنى خۇش ئېتىشكە ياردەم قىلىسكەن دېگەن ئۈمىدتە بۇ خاتىرىلەرنى سىزگە ئېلىپ كەلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، خانىم، سىز بۇ خاتىرىلەرنى ئىككى كۈن ئىچىدە ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەك. ماۋۇ خاتىرە بولسا مېنىڭ خاتىرەم. خانىم، بۇ خاتىرەمنى ئۆزۈمدىن باشقا كۆرگەن تۇنجى كىشى سىز بولىسىز. ئۇنى ھەتتا يولدىشىم ئەزىمەتمۇ كۆرۈپ باقمىغان. ئالدى بىلەن قىزىل خاتىرىنى، ئاندىن بۇ كۆك تاشلىق خاتىرىنى، ئەڭ ئاخىرىدا يېشىل خاتىرىنى كۆرۈڭ، سىزگە ھەممە ئىشلار چۈشىنىشلىك بولىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بىز كېتىدىغان كۈنى ئەزىمەتكە خوش دەپ ئۇنىڭ بۇ يەردىكى دوستلۇقىنىڭ ئېتىبارسىز، نەزەرسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ قويغايسىز!

ئۇ ئۇزاتقان ئۈچ خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم. مەن غەلىبە قىلغاندىم، ئاخىرى مەن قىزىقىپ قالغان ئىككى بىسلىق نىكاھ، بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال توغرۇلۇق تەپسىلاتلارنى بىلىشكە ئالدىرايتتىم. كۈچلۈك ھاياجان بىلەن ئەزىزەنىڭ قوللىرىنى سىقتىم:

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ئەزىزە، كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس، بىراق نېمىشقىدۇر مەن بەك قىزىقىپ قالدىم، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتىم.

— ياق - ياق، ئەسلىدىنمۇ بۇنى باشقىلار بىلىشكە تېگىشلىك دەپ قارايمەن. نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەببەت

توغرۇلۇق تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولىدۇ. بىراق، ھەقىقىي پاك مۇھەببەتنىڭ مەڭگۇ ئۆلمەيدىغانلىقى، ساپ مۇھەببەتنىڭ يەنىمۇ ساپ مۇھەببەتلەرگە ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىنلا بىلىشكە تېگىشلىك. ئەزىمەت بەي ئۆيدە ئۇخلاپ قالغان، يەنىمۇ پاراڭلىشىشقا ئىلاجسىزمەن، مەن قايتاي!

ئۇ نازۇك بارماقلىرىنى لەۋلىرى ئۈستىگە قويۇپ ماڭا ئۆزرىلىك ئىشارىسى قىلدى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يۈرىكىم شۇ قەدەر گۈزەل، سۆزلىرى يېقىملىق، سىلىق بولغان تۈركىيەلىك گۈزەلنىڭ ئېرىگە بولغان چەكسىز مېھرىدىن تەسىرلىنىپ غۇلىچىمنى يېيىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم ۋە پىچىرلىدىم:

ــ رەھمەت، ئەزىزە، سىزگە كۆپ رەھمەت!

ــ بۇ سۆزىڭىز بىلەن بەكمۇ بەختلىكمەن، خانىم، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن!

# ئىككىنچى پەسىل

## قىزىل خاتىرە

# چەمەنلەرنىڭ ئىچىدە
# نازۇك چەمەن بار



## تۆتىنچى باب

# گۈللەرخىجىل، قىز خىجىلچان

ساۋاتىم چىققاندىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇشقا ئاجايىپ ھەۋەسىم بار ئىدى. بەلكىم بۇ بالىلىق ۋاقتىمدا دادامنىڭ يوغان قىزىل ساندۇقىدىكى كونسېرى يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان، بارغانسېرى كۆپىيىپ پاتماي قېلىۋاتقان ھەر خىل كىتابلىرىنىڭ تېشىنى سىلاپ بېقىپ ئىچىدىكى رەڭسىز رەسىملەرنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ، دادامنىڭ ئىشتىياق بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا بىزنىمۇ جىممىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيدىغان ئاجايىپ ھالەتلىرىنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. دادام مەلۇم ئىدارىنىڭ رەھبىرى ئىدى. شۇنچە ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي زىچ ۋاقىتلىرىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ كىتاب كۆرۈشنى تاشلىمايتتى. كېيىنچە كىشلەرنىڭ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ دېيىشىدىغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر نەشرلىرىنىڭ ئاساسەن بىزنىڭ ئۆيدىن — دادامنىڭ كىتاب ئامبىرىدىن تېپىلىدىغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنەتتىم. شۇنداقلا ئۆزۈممۇ ئاساسەن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ چىققاندىم.

دادام ئېگىز كەلگەن، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى

كۆزلىرى تولىمۇ مېھرلىك كېلىشكەن بىر كىشى ئىدى.

ئاپام بولسا ئوتتۇرا بوي، بوغداي ئۆڭ كەلگەن بولۇپ، خۇددى سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە قارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى، ئاپامنى كۆرگەنلەر «ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئېھتىمال، ئاپامنىڭ بۇ تاشقى گۈزەللىكىگە ئايال كىشىگە خاس بولغان پاكىز ـ چېچەن، چېۋەرلىكى، ھەرقانداق پېچىنە ـ پىرەنىك ۋە مۇراببالارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلىقى، ئاش ـ تاماقتا بەكمۇ ئۇستا ئالاھىدىلىكلىرى قوشۇلۇپ ئاپامنىڭ جەزبىدارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئاپام ئاياللىق سۈپەت جەھەتتە بەكمۇ مۇكەممەل ئايال ئىدى. چوڭ بولۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە ئاپامنىڭ بىرەر قېتىممۇ شەخسىي ئىشلىرى سەۋەبلىك بىزنى تاماقسىز قويغىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئاپام ئوقۇتقۇچى بولۇپ، خىزمىتىنىڭ شۇ قەدەر ئالدىراش، جاپالىق بولۇشىغا قارىماي قاچانلا قارىسا ئۆي ئىچى شۇ قەدەر رەتلىك، پاكىز، تاماقلىرىمىز ۋاقتىدا تەييار بولاتتى. كەچلىرى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش توغرۇلۇق تەييارلىق قىلىپ بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ قايسى ۋاقىتلاردا ياتقىنىنى بىلمىگىنىم بىلەن تاڭ سەھەر يەنە شۇ ئاپامنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان تىۋىشىدىن ئۇيقۇم ئېچىلاتتى. يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ تاماق ئۈستىلىگە كەلگەندە ئاپامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان ناشتىلىقى ئېختىيارسىز ئىشتىيىمىزنى غىدىقلايتتى. دادامنىڭ قايىللىق، سۆيۈنچ مۇجەسسەملەنگەن مۇھەببەتلىك بېقىشلىرى ئىچىدە ئاپام

چىرايىدىن نۇر تۆكۈپ تۇرۇپ ھەممىمىزنى ناشتىلىق قىلىشقا ئۈندەيتتى.

مەن بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولۇپ، ئالدىمدا ئاكام، كەينىمدە بىر ئۇكام بار ئىدى. ئاكامنى موماملار بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇ ھېلىھەم مومامنىڭ قېشىدا تۇراتتى، شۇ ئۆينى ئۆز ئۆيى دەپ بىلەتتى. بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە خۇددى ياتلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ئانچە قولاشمايلا تۇراتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئاپاملار مومامنى ياشىنىپ قالدى، دەپ ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋالدى، ئاكامىمۇ بىللە يېنىپ كەلدى، بىراق ئاكام كۆنەلمەي يىغلىغان ئىدى. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلسەم ئاپاملار يوق ئىكەن، ئاكام مومامغا ئېسىلىپ:

ــ «ئۆيىمىزگە كېتەيلى، موما» دەپ يىغلاۋاتقانىكەن. بولمىسا ئاپام ئاكامنى ئەينى يىللاردا خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن بېقىپ بولالماي چوڭلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ ھەقىقىي ئانا مېھرىنى بېرەلمىدىم، دەپ ئاكامغا بەكلا كۆيۈنىدۇ. مەن ئاكامنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاكامنى راستىنلا مومامنىڭ قېرىغاندا تۇغقان بالىسى ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالغانىدىم.

كېيىن مومام ئاكامنىڭ زارىغا چىدىماي يىراق سەھرادىكى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ قاراقسىز قالغان بىر شىرەم تۇغقىنىنى ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەكېلىپ ئاكامنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكەتتى. گەرچە دادام ــ ئاپاملار قاتتىق قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، «داداڭنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئولتۇراي، بالام، پات ــ پات كېلىپ خەۋەردارلىقىمنى قىلىپ تۇرغاندىكىن بولدى» دەپ پەقەتلا ئۇنىمىدى (ئاكام ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىنمۇ

ئاپاملار ئەكىلىۋالايلى دېسە پەقەتلا ئۇنىمىدى). بوۋام بالدۇرلا تۇگەپ كەتكەنىكەن. ئاپامنىڭ ئىككى ئىنىسى ئوخشاشلا قىزىل چىقىپ تۇگەپ كېتىپ ئاپام بىلەن ھەدىسىلا ھايات قالغانىكەن. چوڭ ئاپام شەھەردىن يىراق بىر ناھىيەدە تويى قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. تەتىللەردە ئاپام بىلەن چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناھىيەدىكى شەھەردىن پەرقلىق بولغان ساپ مۇھىتى، سەمىمىي، ساپ دىل كىشىلىرى ئارىسىدا كۆڭۈللىرىمنى بەكمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزەتتىم.

ئىككى ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىز بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، گەرچە بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولساممۇ كەنجى بالىغا تۇتۇلغان مۇئامىلىگە نائىل ئىدىم. نېمىشقىدۇر ئاپامنىڭ شۇنچە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشىغا قارىماي ئىنىمغا ئوخشاش ساغلام بولماستىن، ئەكسىچە سەل ئاغرىقچان ھەم نازۇك ئىدىم. ئۇ كام شۇڭا مېنى دائىم «لۆم ـ لۆم» دەپ تېرىكتۇرەتتى.

موماملارنىڭ ئۆيى شەرق مەھەللىدە، بىزنىڭ ئۆيىمىز غۇلجا شەھىرى يېڭى يول كوچىسىدا ئىدى.ئەسلىدە بىزنىڭ ئۆيىمىزمۇ ئۆيلەر زىچچىدە جايلاشقان، مېھرى ئىسسىق ناغرىچى مەھەللىسىدە ئىدى، بىراق مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى دادام ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە خىزمىتى ئۆستى ـ دە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا سېلىنغان ھازىرقى مۇشۇ يېڭى يول كوچىسىدىكى بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كەلدۇق. دائىم ناغرىچى مەھەللىسىدىكى ئاشۇ پېشايۋانلىق، مېھرى ئىسسىق ئۆيىمىزنى سېغىنىمەن. چوڭ كوچىدىن مەھەللىمىزگە قايرىلغان كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بوككىدە دەرەخلەرنىڭ يولغا تاشلاپ

تۇرغان سايىلىرىنىڭ راھىتى، يول ياقىسىدىكى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ دەرۋازا ئالدىغا تېرىۋەتكەن ھەر خىل خۇش پۇراقلىق گۈللىرىنىڭ رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كوچىغا زىننەت ئاتا قىلىشلىرى، دەرۋازىمىز ئالدىدىكى دادام ھەۋەس بىلەن ياساپ قويغان ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر، يولدا چارچاپ قالغانلار ۋە ئەتىگەن ـ كەچتە ئىشتىن بىكار بولۇشقانلىرىدا يىغىلىق كۆلكىلىرىنى جاراڭلىتىشىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىنى ئايلىنىپ پاراڭ قىلىشىدىغان مەھەللىمىزدىكى مۇڭداشقاق ئاياللار ئولتۇرىدىغان شادىلىق ئۇزۇن ئورۇندۇق، دەرۋازىمىزدىن كىرگەندىن كېيىن تاكى پېشايۋانغا قەدەر ياسالغان سالقىن باراڭ، ئاپامنىڭ ھويلىمىزدىكى كىچىككىنە كۆكتاتلىقىمىزنى چۆرىدەپ تېرىۋېتىدىغان رەڭگارەڭ گۈللىرى بىلەن بەس تالىشىپ ئېچىلىپ كېتىدىغان پېشايۋانغا قاتار قويۇلغان تەشتەكتىكى گۈللەر ۋە ئۇلاردىن تارقىلىدىغان خۇشبۇي پۇراقلار...

مانا بۇلار بالىلىق ئەسلىمىلىرىم. داۋاملىق تەمشىپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغان بالىلىق كارتىنىلىرىمدىكى بىر گۈزەل سۇرەت.

بالىلىقنى تۈگىتىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشقا باشلىدىم. ئاپامنىڭ تېتىكلىكىنىڭ ئەكسىچە مەن بەكلا نازۇك چوڭ بولدۇم. بۇنى ئادەتتە ئۆزۈمنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن سېزەلمىسەممۇ، بىراق مەندىن ئىككى ياش كىچىك بولغان ئۇكامنىڭ «سازاڭدەك ئۆملەپلا يۈرگەن... ئاۋازىڭنى سەل چىڭ چىقىرە گېپىڭنى ئاڭلىيالمىدىم» دېيىشلىرىدىن ھېس قىلاتتىم. ئاپام ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولغاچقىمۇ بىزگە مەيلى ئۆگىنىش، مەيلى كىيىنىش، مەيلى ئادەتلىنىش جەھەتلەردىن

بولسۇن بەكلا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. دادام بولسا كۆپ ۋاقتى ئۇيان ـ بۇيان خىزمەت تەكشۈرۈش ۋە ئۇ يىغىن، بۇ يىغىنلارغا قاتنىشىشلار بىلەن ئۆتۈپ ئۆيدە بىز بىلەن بولىدىغان ۋاقتى بەكلا ئاز ئىدى. شۇنىڭغىمۇ بىزنى بەكلا ئەركىلىتىپ خۇددى بۇ ئارقىلىق ئۆزى يوق ۋاقىتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچىدەك قىلاتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققىنىمغا قارىماي مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ «ئالتۇنۇم» دەپ ئەركىلەتسە ئاپام چىرايلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

ــ دادىسى، بالىنى ئەركىلىتىشمۇ لايىقىدا بولسۇن، قىز بالا دېگەن بەك ئەركە بولۇپ كەتسە كېيىن تاشقى مۇھىتنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ــ دەپ رەنجىيتتى. ئاپامنىڭ گېپىدىن دادام قوشۇمىلىرىنى ھەييارلىق بىلەن تۈرۈپ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

ــ ھاي زۆھرە، بالىلىرىمىز سېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئەمەسقۇ بۇنچە قاتتىق باشقۇرغۇدەك، ئۆزۈمنىڭ ئايدەك قىزىنىمۇ ئەركىلەتسەم بولمايدىغان نەرى باركەن؟ ــ دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئاپامنىڭ قىز بالا دېگەن ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇش، ھايالىق بولۇش دېگەندەك تەربىيەلىرى ئىچىدە چوڭ بولغاچقىمىكىن، دادامغا سۆيۈنچ بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە باشلايتتىم. مانا بۇ ۋاقىت ئۇكام ئۈچۈن بايرام بولاتتى ـ دە، مەندىن بوشىغان قۇچاققا يېپىشىپ ئالاتتى. ئۇنىڭغا ھەرقانداق جىملەشلەر ۋە ئەدەپلەشلەر كار قىلمايتتى. ئۇ دادام يوق ۋاقىتتا يېپتەك بولغىنى بىلەن، دادامنى كۆردىمۇ بولدى «خۇپسەن گاس» نىڭ ئۆزىلا بولۇۋالاتتى. ئۆيىمىز مانا مۇشۇنداق ئىللىق، مۇھەببەتلىك ئائىلە

ئىدى. دادامنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ گاھىدا ئۆيىمىزنى
كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن مەرىپەتۋەرلەر، مۆتىۋەرلەر
ئائىلىسىگە ئوخشىتاتتىم. قىسقىسى، بىزنى بەكلا
سۆيىدىغان دادام ۋە بىزگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەمەلىي
ھەرىكىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن
چىرايلىق ئاپام بىلەن تولىمۇ بەختلىك ئىدىم.ئاپامنىڭ
قاتتىق قوللۇقى نەتىجىسىدە ئۇكام ئىككىمىز
قوشنىلارنىڭ نەزىرىدە (ئۇكام ھەرقانچە ئۇششۇق
بولسىمۇ) ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز پەزىلەتلىك بالىلاردىن
ئىدۇق. ئاپام بىزگە نەزەرىيە جەھەتتىلا تەربىيە قىلىپ
قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدىمۇ كۆرسىتىپ
تۇراتتى. بارا ـ بارا چوڭ بولۇشۇمغا ئەگىشىپ ئاپام
كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ۋە شۇ تۇرمۇشقا چۆككەن ئايال
كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقلار، شۇنداقلا
چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىلىم ـ ئىقتىدار
دېگەن تەرەپلەردىن كېڭەيتىپ تەربىيە قىلاتتى. مەيلى
ھەر كۈنلۈكى ئەتىگەندە دادامنى «خۇدايىمغا ئامانەت،
خىزمىتىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن!» دەپ يولغا سېلىپ
ئۆزى ئىشقا ماڭغىنىغا قارىماي كەچتە ئىشتىن كەلگەن
دادامنىڭ دەرھال ئالماشتۇرىدىغان ساپما كەشىنى
تەييارلاپ، كىيىملىرىنى كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىپ
دەرھال ئاستىغا كۆرپە سالاتتى. بۇ بىزگىمۇ شۇ قەدەر
ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئاپامنىڭ قولى ئىشتا
بولۇپ قالغان بولسا دادام ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا
دەرھال بىرىمىز ساپما كەشىنى تەييارلاپ، بىرىمىز
كىيىمىنى ئېلىپ كۆرپە سېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ
قىلاتتۇق. دادامنىڭ سۆيۈنچ تولغان كۆزلىرىدە
مەمنۇنلۇق ئىپادىسى يالتىراپ:

ــ ۋاي، ۋاي، ۋاي... ئۆيگە كېلىشىم بىلەنلا خىزمەت ھارغىنلىقىم چىقىپلا كەتتى،ــ دېگەندەك گەپلەر بىلەن مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

دادامنىڭ بىكار بولسىلا ئاپامغا قارىشىپ ھەمدەم بولاتتى. ئىككىسىنىڭ بىر ئىشلارنى تالىشىپ قىلىپ كېتىشلىرىنى كۆرگىنىمدە كىچىككىنە يۈرىكىمدە ئالەمچە بەخت تېپچەكلەيتتى.

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئاپام ئۆزى ئىشلەۋاتقان 13 ـ باشلانغۇچنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىچارە ئاپام ئەتىگەن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ تېپىرلىسا، كەچلىرى قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. كىچىك ۋاقتىمدىنلا ئاپامنىڭ «قىز بالا تۆشۈك ئىشلىرىغا پىششىق بولمىغاندا قىز دېگەن نامغا يۈز كېلەلمەيدۇ» دەپ تاماق ئېتىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگىتەتتى. مەنمۇ گەرچە ئاپامدەك چاققان بولمىسامىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تاماقلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئېتەلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ ئارتۇقچىلىقىم بىلەن دەم ئالغاندا ھەم مەكتەپتىن بالدۇر يېنىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا ئاپامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، تاماقلارنى تەييار قىلىپ قويۇپ ئۇلارنى خۇش قىلىۋېتىدىغان بولدۇم. ئۇكاممۇ گەرچە مېنى «مىس ـ مىس، سازاڭدەك سۆرىلىپ يۈرىسەن» دېگىنى بىلەن مەن ئەتكەن تاماقلارنى ھۇزۇرلىنىپ تەمشىپ يەپ ئولتۇرۇپ:

ــ ھەدە، قولۇڭ بەك تەملىك جۇمۇ! بەزى تاماقلارنى ھەتتا ئاپامدىنمۇ ئوخشىتىپ ئېتىسەن،ــ دەپ ماختايتتى.

ھېيت يېقىنلىشىشى بىلەن ئائىلىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىراش بىر كەيپىيات قاپلايتتى. دەرسلىرىمىزنى ۋاقتىدا تەكرارلاش بىللە كىچىككىنە بوش ۋاقتىمىز چىقسىلا ئائىلىدە ئۆي تازىلاش، ھېيتلىق پىشۇرۇقلارنى پىشۇرۇش، ساڭزا سېلىش، مۇراببا قاينىتىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتۇق. ئاپامنىڭ ئۆزگەرمەس ئەقىدىسى شۇكى، قانچىكى ئالدىراش بولسىمۇ ئايال كىشى بولغانىكەن، ئاياللىق خىسلىتىنى جەزمەن مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا نامايان قىلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا بىز قورۇق يەل-يېمىشلەرنى بازاردىن سېتىۋالغاندىن باشقا پېچىنە-پىرەنىك، پىشۇرۇقلارنى ۋە ساڭزىنى ئۆيدە تەييارلايتتۇق. ھېيتتا كەلگەن دادامنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر بولسۇن، مەكتەپتىكىلەر بولسۇن، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم بولسۇن ئاپامغا قايىل بولمايدىغىنى يوق ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ سۆيۈملۈك ئايالنى ماختىمايدىغانلار يوق ئىدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا روزا ھېيتتا ساۋاقداشلىرىم ھېيتلاپ كەلدى. ئۇلار ئاپام ئىككىمىز پىشۇرغان ھەر خىل پېچىنە-پىرەنىكلەر، مۇراببالارغا ئېغىز تېگىشىپ ئاپامنى ماختاپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇكام:

— بۇلارنى ئاپاملا پىشۇرغان ئەمەس، كۆپرەكى ھەدەمنىڭ قولى تەگكەن. ماۋۇ ساڭزىنىمۇ ھەدەم سالغان، — دەپ مېنى تولىمۇ ئۇيالدۇرۇۋەتكەنىدى. ساۋاقداشلىرىم ماڭا قارىشىپ:

— ۋاي... راستمۇ؟ مۇنداق ھۈنەرلىرىڭ باركەنده — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتكەندە بولسا خىجىللىقتىن قىزىرىپ يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدىم. بۇ ئەھۋالدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئۇكام:

— ھەدەمنى بوش چاغلىماڭلار، ئۆزى مىس — مىس بولغىنى بىلەن يەتمىش ئىككى خىل ھۈنىرى بار ئۇنىڭ، — دەپ مەن ئۇنى قوغلاپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنگە قەدەر كاسىلدىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپتا مەن توغرۇلۇق پاراڭ بولۇپ، مېنى ھەممىنى قىلالايدىغان «سېھىرلىك مەلىكە» گە ئايلاندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى.

ئۆزۈمنىڭ كەمچىلىكىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىگە گۈزەللىك بولۇپ چېلىقىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ھەقىقەتەن ئىنىم دېگەندەك «مىلجىڭ»لىقىم لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك قىزلارنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كېلىۋاتاتتىم، قورۇ ئىچىگە كىرىشىم بىلەنلا بىزنىڭ بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان دوغىلاق كەلگەن، دوغىلاق بەستىگە يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئىككى قۇلىقى، بوينى، بارمىقىغا ئالا قويماي تاقاپ كۇلۇپ تۇرۇپ ئېغىزىدىكى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلەيدىغان ئايشەم ھەدە ئۇچراپ قالدى:

— ئالتۇن قىزىم، چوڭ بولغانسېرى زۆھرەنىڭ نەق ئۆزىلا بولۇپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟ خېلى ۋاقىت بوپتۇ سىزنى كۆرمىگەنگە... ئوبدانلا بوي تارتىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، — دەپ كەتتى. ئەدەپ بىلەن قىلغان سالىمىمدىن كېيىن يەنە:

ــ قىزىم، خۇدايىم ئالتۇن بويىڭىزنى ئامان قىلسۇن، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئەڭ چىرايلىق يەرلىرىنى تارتقىنىنى... يا ئاللا، بىلمىگەن كىشى ماۋۇ دولقۇن چاچلارنى، ماۋۇ ئاپپاق يۇزلەرنى، بۇ چىرايلىق قاش ـ كۆز، بۇرۇنلارنى كۆرسە ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتنىڭ ئۆزى دەپلا قالىدىغۇ زادى. ئاللا... ئاللا... چىرايىغا بېقىپ نازاكەت بىلەن ئاستا مېڭىشلىرىنى كۆرمەمدىغان... خويمۇ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۇرگۇدەك چوڭ بوپسىز. ئاللا خالىسا ئۆزۈمنىڭ قىزى قىلىۋالىمەنغۇ ئاخىر، ــ دەپ كەتتى...

يۈز ـ كۆزلىرىم ئوت بولۇپياندى، چىرايلىقلىقىمنا خەيرلىشىپ ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. «قىزىق، بۇ ئايال مېنىڭ ھەربىكتىمنىڭ ئەزەلدىن ئاستىلىقىنى بىلمىگەچ مېنى ناز بىلەن مېڭىۋاتىدۇ» دەپ قالغان چېغى...

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن باشقا يەنە قورسىقىمنى كۆپتۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولغانىدى. 11 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۇزۇمى مەكتەپ مۇدىرى ئالمىشىشى بىلەن تېخىمۇ چىڭىپ ئوقۇغۇچىلارنى قىسماقتا ئېلىپ باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىككىيلەن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىنىشى ۋە قىزلارنىڭ گىرىم قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى تەكشۇرەتتى. بىر كۈنى كۈندىلىك ۋاقىتتىن ئازراق ھايال بولۇپ قېلىپ ئالدىراش مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتاتتىم.

ــ توختاڭ!ــ دەپ ئېگىز بويلۇق بىر قىز توسۇۋالدى.

ــ نېمە بولدى؟ تېخى كېچىكىپ قالمىدىغان ۋاقىت بولمىدىغۇ؟

— كىچىكىشىنىغۇ كىچىكمىدىڭىز، بىراق يۈز - كۆزلىرىڭىزنى بوياپ كەپسىز، بۇ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىگە خىلاپ...

— نىمە؟— گېپىنى ھار ئالغىنىمدىن يۈز - كۆزلىرىمگىچە قىزىرىپ كەتتىم.

— مەكتەپ سىزنىڭ ئويۇن قويىدىغان سەھنىڭىز ئەمەس، قانداق قىلىق بۇ؟

قىزنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىشىدىن ئارقامدىن كىرىۋاتقانلارمۇ توختاپ بىردەمدە ئادەم يىغىلىپ كەتتى.

— مەن گىرىم قىلمىدىم.

— قىلىپ تۇرۇپ قىلمىدىم دەيدا، كۆزىمىز قارىغۇمۇ بىزنىڭ... ئاۋۇ ئىنچىكە سىزىلىغان قاش، ماۋۇ ئۇن خالتىسىغا چۈشكەندەك ئاپپاق سۇركەلگەن ماي، ماۋۇ ئېغىزغا سۇركەلگەن لەۋ سۇروخ... بۇلار گىرىم ئەمەسمىكەن؟

— خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيمەن.

— پاھ، مەن گىرىم قىلماي مۇشۇنداق چىرايلىق دېمەكچىمۇسىز؟ پوچىلىقىنى بۇنىڭ...

غەزەپتىن دىر - دىر تىترەپ كەتتىم. ۋاقىت توشۇپ قېلىۋاتقىنىغا قارىماي بۇ ھەقسىز ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى.

— نىمانداق ئىشەنمەيسىز؟ مەن گىرىم قىلمىدىم دېدىمغۇ...— ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا كۈچەپ سۆزلىگىنىممۇ ئۇ قىزنىڭ دىمىقىدا سۆزلىگەن ئاۋازىدىن كۆپ تۆۋەن ئىدى.

— تولا گەپ قىلماي ماۋۇ ئۆيدە يۈزىڭىزنى يۇيۇپ چىقىڭ!

بۇ يولسىزلىققا بەك غەزىپىم كېلىپ، ئۆتۈم تاشقان بولسىمۇ ھەقىقەتەن گىرىم قىلمىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇپ ئۇنى لەت قىلىش ئۈچۈن ماڭدىم. يۈزۈمنى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ سۇلىرىنى ئېقىتقىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم:

ــ ئەمدى قاراپ بېقىڭ، راست گىرىم قىپتىمەنمۇ؟

قىز ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپ قالدى. شۇ ئارىدا سىنىپ تەربىيەچىمىز كېلىپ قالدى ۋە نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. مەن خورلۇقتىن پاكىدە يىغلاپ كەتتىم. ئەھۋالنى چۈشەنگەن سىنىپ تەربىيەچىمىز قىزغا بىرمۇنچە گەپ قىلدى ـ دە، مېنى بەزلىگەچ سىنىپقا ئېلىپ ماڭدى ۋە چاقچاق ئارىلاش:

ــ ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ چىرايلىق قاش ـ كۆزلەر، بۇ سۈزۈك ئاق تېرىلەر ھېلىتىنلا ھۆججەتكە ئۇچراۋاتامدۇ نېمە...ــ دەپ كۈلدى.

كەچتە مەكتەپتىن ئۆيگە كېلىپ غەزەپ بىلەن بۇ ئىشنى دېسەم دادامنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى. ئاپام بولسا مەكتەپنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ:

ــ ئوقۇشماسلىق بوپتۇ، بىراق كىچىككىنە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىقىغا باقماي يۈز ـ كۆزىنى بوياپ مايمۇندەك بولۇپ كېلىدىغانلار بار ئەمەسمۇ، مەكتەپنىڭ شۇنداق چىڭ تۇتقىنى ياخشى، خاتا ئەمەس،ــ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇكام بولسا پىخىلداپ كۈلۈپ:

ــ ھەي بىچارە، تەبىئىي گۈزەللىكىڭ سېنى يەرگە قاراتتىمۇ نېمە؟ــ دەپ مېنى تېرىكتۇردى.

كەچتە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتسام ئۇ ئاستاغىنا قېشىمغا كىرىپ ۋە بىر گېپى باردەك كۈلۈمسىرەپ تۇردى.

ــ نېمە گېپىڭ بار؟ يەنە مېنى تېرىكتۈرمەن دەپ كىرگەن بولساڭ دەرھال چىقىپ كەتكىن. مەن دەرسكە قاراۋاتىمەن،ــ دېدىم. ئۇ بولسا قېرىنداشلارچە مېھرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ:
ــ ھەدە، خاپا بولما ـ ھە، سېنى تېرىكتۈرۈپ قويدۇم، بىراق ساڭا بىر راست گەپنى قىلاي، ھەرگىز رەنجىمە،ــ دېدى. ئۇنىڭ مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ «قېنى دېگىنە» دېگەن ھالدا ئىشارەت قىلدىم.
ــ ھەدە، سەن راستتىنلا بەك چىرايلىق، مەن شۇ كەمگىچە مەيلى سىنىپتا، مەيلى كوچىدا، مەيلى قەيەردىلا بولسۇن، ھەتتا كىنولاردىمۇ سەندەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان...ــ دېدى.
ــ ئۇنداق گەپنى ئاڭلىسام خاپا بولىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ...ــ مەن چىرايىمنى پۈرۈشتۈردۇم.
ــ قانداق قىلىمەن، چىرايلىقلىقىڭ راست تۇرسا... قىزىقتە بۇ... سىنىپىمىزدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئاپاڭ بەك چىرايلىقكەن، ھەدەڭ ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقكەن دېيىشىدۇ.
ــ ئەجەب باللار باركەن سىنىپىڭلاردا كىچىككىنە تۇرۇپ كىشىنىڭ چىرايىنى باھالايدىغان...
ــ مەنمۇ كىچىك ئەمەس، ھەدە، سەن مەندىن ئىككى ياشلا چوڭ، مەن ئەسلىي بەش يېشىمدا ئوقۇغان بولسام سەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولاتتىم.
ــ ماڭە نېرى، چوڭ بولغۇڭ كېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟
ــ ياقەي شۇ، سەندىن ئەنسىرەيمەنچۇ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولساق دائىم سېنى قوغداپ تۇراتتىم.قىز

بالىنىڭ چىرايى ئۆزىگە دۈشمەن بولىدىغان ئىشلار جىق، كىتابلاردىمۇ، كىنولاردىمۇ ساپلا شۇنداق ئىشلار تەسۋىرلىنىدىغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، ھەدە؟ سەن راستىنلا بەك چىرايلىق، شۇڭا سەندىن ئەنسىرەيمەن.

ــ ئىشىڭنى قىلە ماڭە...ــ ئۇنىڭ قۇرۇق پاراڭ سېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم. ئۇ يېپىۋالغان ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ «ساڭا پايدىلىق گەپ قىلىۋاتىمەن» دەپ ئاپام چىقىپ ئۇنىڭ دەككىسىنى بەرگۈچە تۇردى، بىراق ئەمدى مېنىڭ كاللامغا دەرس چۈشمىدى. ئاستا ئىشكاپ ئۈستىگە قويۇلغان ئەينەكنى ئالدىم ـ دە، ئۆزۈمگە ئوغرىلىقچە قاراپ باقتىم.

تېرەم راستىنلا باشقىلار ئېيتقاندەك ئاپپاق ۋە سىلىق، قېشىمنىڭ شەكلى گەرچە ئاپامنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، بىراق قارا ئەمەس، بىر خىل قەھۋە رەڭ كۆرۈنەتتى، كۆز قارىچۇقۇم بىر قارىسا كۆكۈچ، بىر قارىسا يېشىلدەكمۇ كۆرۈنەتتى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكىمگە يارىشا چاچلىرىم سارغۇچ ۋە بۇدۇر ئىدى. بىر قاراشقىلا مەن قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشىمايتتىم، ئەكسىچە چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان كىچىك باللار ئوينايدىغان «مەلىكە قونچاق»لارغا ئوخشاپ قالاتتىم. «بۇ چىرايىنىڭ نەرىمۇ چىرايلىق بولسۇن؟» دېدىم چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ. مېنىڭ نەزىرىمچە بولغاندا چىرايى ئاپامدەك بۇغداي ئۆڭلۈك، قاش ـ كۆزلىرى قاپقارا، چاچلىرى قارا ۋە تۈز كەلگەن قىزلار چىرايلىق ھېسابلىناتتى...

※ ※ ※

قاچاندىن كۆندىلىك خاتىرە يېزىشنى ئادەت قىلدىمكىن، بۇنىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس... ئىشقىلىپ كىچىكىمدىن تارتىپ مۇھىم كۈنلەرنى يېزىپ قويۇپ ئادەتلەنگەنىكەنمەن. كىتابنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ كىتابتىكى ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان بۆلەكلەرنى، ئېسىل سۆز - ئىبارە، تەربىيەۋى ھەقىقەتلەرنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالاتتىم، يەنى كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ئارىسىغا كۆچۈرۈپ قوياتتىم. كېيىن سىنىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ دېيىشىچە، كۈن، ئاي، يىللارنى قويۇپ تۇرۇپ كۈندىكى ئىشلارنى خاتىرىلەپ يازسا كۈندىلىك خاتىرە بولارمىش، بولمىسا ئۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپ ئاتالماسمىش... مەن كۈلۈپلا قويدۇم، ھەركىمنىڭ قىزىقىشى ئوخشاشمايدۇ ئەمەسمۇ... مەن مۇشۇنداق ئەدەبىي خاتىرە خاراكتېرىدە يېزىشقا ئامراق.

ئاكامنىڭ ئوقۇشى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا مەكتەپ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ئوبلاست بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىكىلەرنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى. دادام - ئاپىلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى قولۇم - قوشنىلار، دوست - بۇرادەرلىرى، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە ئىناۋەت بىلەن ئالەمچە خۇشاللانغان مىنۇتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئىچىمدە مەنمۇ چوقۇم ياخشى ئوقۇپ دادام - ئاپامنى مۇشۇنداق خۇش قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. ئەلۋەتتە ئاپامنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا ئۇكام ئىككىلىمىزنىڭمۇ

ئوقۇشىمىز ياخشى ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «غۇنچىلار گۈلىستانى» پىروگراممىسىدا تونۇشتۇرىدىغانغا ھەرقايسى مەكتەپلەردىن دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن تاللىدى، بىزنىڭ مەكتەپتىن مېنى تەۋسىيە قىپتۇ. شۇ پىروگراممىغا قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. ھەرقايسى مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا تولۇق ئوچىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. كۆپىنچىسى ئوغۇللار بولۇپ، قىزلاردىن پەقەت بىرنەچچىمىزلا بار ئىكەنمىز. بىز «ئوتتۇق ۋە نەتىجە» قىسمىنى سۇرەتكە ئېلىشقا قاتنىشىۋاتقىنىمىزدا بىرنەچچىمىزدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغانغا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. رىياسەتچى قىز ماڭا مىكروفوننى توغرىلاپ:

ــ پەزىلەت، سىز سىنىپىڭىزدا دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى، ئىلغار سىنىپ كادىرى بولۇپلا قالماستىن يەنە سىنىپتا دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا خالىس ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەنسىز، شۇنداقلا ئائىلىدىمۇ ئاپىڭىزنىڭ ياخشى بىر ياردەمچىسى ئىكەنسىز، بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇللىرىڭىز ھەمدە نەتىجىلىرىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەمسىز؟ ــ دېدى.

شۇ ئان ھەرقايسى مەكتەپلەردىن كەلگەن يىگىرمە نەچچە جۈپ كۆز ماڭا تىكىلدى. كۆزۈم ئىختىيارسىز ئۇدۇلۇمدا تۇرغان ئاپپاق تەنتەربىيە مايكا ـ ئىشتىنى كىيىۋالغان، بېشىغا ئاپپاق تەنتەربىيە شەپكىسى كىيىۋېلىپ خۇددى ساياھەتكە ماڭغانلاردەك ياسىنىۋالغان بالىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.قاپقارا قاشلار

ئاستىدىكى قويۇق كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان كۆزلەردىن نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ كەتتىم. لېكىن، بۇ كۆزلەر ماڭا ئىلھام بېغىشلىغاندەك شۇنداق سۆيۈملۈك كۆلدىكى، ئۆزۈم ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل ئىللىق ئېقىمنىڭ ۋۇجۇدۇمغا شۇررىدە تارقالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىمنىڭ ياخشى بولۇشى، شۇنداقلا ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاپامنىڭ ماڭا بەرگەن تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدەك بىر قاتار سۆزلەرنى قىلغان بولدۇم.

شۇ كۈندىن كېيىن نېمىشقىدۇر شۇ بالا پات ـ پاتلا خىيالىمغا كىرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى...

※ ※ ※

كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ ئۆتۈپ مانا بىر دەمدىلا مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرا يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغىمۇ ئازلا ۋاقىت قالغانىدى، مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا بېسىپ تەكرار قىلغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بىلمىدىم، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بېشىم قېيىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. دوختۇرخانىغا بارمىدىم، بارساملا تەكشۈرمەي تۇرۇپلا ئەپتىمگە قاراپ «قان ئاز، قۇۋۋەت يوق، ھازىرقى مۇشۇ قىزلار ئورۇقلايمىز دەپ ئۆزىنى تاماقتىن قىسىپ مانا مۇشۇنداق قۇۋۋەت يېتىشمەي كېسەل تېپىۋالىدۇ» دەيدۇ. مەن ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنى ئەزەلدىن

يېمەيمەن، تاماق تاللىمايمەن، تامىقىمنى خېلى كىشىلەرگە قارىغاندا ياخشى. ئاپام مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ــ ئىسىت ـ ئىسىت، ئاكىسىنىڭغۇ يېڭى توي قىلغان، يېڭى خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلار دەپ ئاپامغا تاشلاپلا بېرىپ ئائىلىق مېھرىمىنىمۇ تولۇق بېرەلمەپتىكەنمەن. بۇ قىزنىڭغۇ ئۆزۈم باقتىم، بىراق... سۇتۇم پەقەتلا چىقماي ئانا سۈتى ئېمىپ چوڭ بولالمىدى، شۇڭا بىچارە بالام مۇشۇنداق نان يېمىگەندەك بولۇپ قالدى،ــ دەپ ئاھ ئۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ چوڭ كېلىشمەسلىك دەل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىمتىھان بېرىۋاتقاندا يۈز بەردى: ئىمتىھان مەيدانىغا مېڭىپ كىرگەن بولسام كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىشتى. جاۋاب يېزىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم ئېلىشىپ، ھەممە نېمە قالايمىقانلىشىپ، تورۇسلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆز ئالدىم تۇمانلىشىپتۇ، يەرگە غۇلاپ كەتكەنلىكىمنىلا بىلىمەن.

كۆزۈمنى ئاچسام بېشىمدا دادام، ئاپام، ئوقۇتقۇچىم كۆزلىرى ياش يۇقى تۇرۇپتۇ.

ــ مەن نېمە بولدۇم؟ مېنىڭ ئىمتىھانىم؟

ھالسىز سورىغان سوئالىمغا مۇئەللىم بېشىمنى سىلاپ تەسەللى بىلەن، ئاپام كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن، دادام لەۋلىرىنى چىشلەپ كۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن جاۋاب بېرىشتى.

......

ئارزۇيۇم دوختۇرلۇقتا ئوقۇش ئىدى، بىراق ئاشۇ ئاخىرقى ئىمتىھان كۈنىدىكى ئىش تۇپەيلى نەتىجەم

كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى، بىراق جاھىللىق بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىنى تالﻻپ قويدۇم.

※ ※ ※

بۈگۈن موماملارنىڭكىگە بېرىپ كېلىۋاتاتتىم. باغنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزۈمچە باغقا كىرگۈم كېلىپ قالدى. ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ باشلىرى غۇلجا باغلىرى قانداق گۈزەل ـ ھە!

قەلبىمدە باش كۆتۈرگەن بىر خىل يېقىملىق، لىرىك تۇيغۇلار باغ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن باغدىكى جانغا ئارام سالقىنلىق، يېشىللىقلاردىن تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. گۈللۈكلەردە بىر ـ بىرىدىن رەڭ ۋە پۇراق جەھەتتە بەس تالاشقان، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، قۇياش نۇرىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇشۇپ باغ ئىچىگە جانغا ئارام سالقىنلىق ھۇزۇر بەخش ئېتىۋاتقان، بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەر، باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ مەنزىرە تاماشا قىلغاچ كاللىسىنى سەگىتىش، روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن كىرگەنلەرنى قارشى ئالغاندەك سۇس شامالدا شىلدىرلاشلىرى... باغنىڭ بۇككىدە تالliقلىرى تەرەپكە قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا شېرىن مۇھەببەت قىسسىلىرىنى سۆزلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئاشىقلىق بىلەن تەلمۈرۈشۈپ، كۆز نۇرلىرى ئارقىلىق سۆيگۈ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىشىۋاتقان شوخ، تېتىك بىر جۈپلەر... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان

مۇھەببىتىنىڭ سېھرىدىن ھاسىل بولغان گۈزەل كۆرۈنۈشلەر...

ئىختىيارسىز چەكسىز مۇھەببەت بىلەن سەكرەپ ـ تاقلاپ ئىچىمدىكى نامەلۇم شادلىق تۇيغۇلىرىنى تۆككۈم كەلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ گۈللۈكتە رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ قېشىغا بېرىپ پورەكلەپ ئېچىلغان ھال رەڭ ئەتىرگۈلنى پۇرىدىم. ئەتىرگۈلدىن تارقالغان شېرىن ھىد دىماقلىرىمنى غىدىقلاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇراتتىم. «چاراس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئالدىمدىن بىر نۇر دەستىسى ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم. مەندىن سەل نېرىدا سۇس مايسا رەڭ چاقماق كۆڭلەك ۋە سۇر رەڭ ئىشتان كىيىۋالغان بىر بالا بويىنىغا ئېسىۋالغان ئاپپاراتىنى ماڭا توغرىلاپ تۇرۇپتۇ. رۇخسەتسىزلا قىلغان بۇ ئىشىدىن ئاچچىقىم كېلىپ بايىقى شەيدالىق ۋە لىرىك كۈيگە تولغان ھېسسىياتىم تامام غايىب بولدى ـ دە، نارازىلىق بىلەن قاپىقىمنى تۈرۈپ تىكىلىپ قارىدىم. قارىدىم ـ يۇ، ئىختىيارسىز يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئالدىمدا قويۇق كىرپىكلىك قاپقارا كۆزلەر كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەر پەقەت بىرلا قېتىم كۆرگىنىمگە قارىماي تونۇش ـ تونۇش كۆز ئالدىمدا زاھىر بولۇپ قالىدىغان ھېلىقى مېھرى ئىسسىق كۆزلەر ئىدى.

ئۇ بالا قاپىقىمنى تۈرۈپ قارىغىنىمنى كۆرۈپ تەشۋىش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قېشىمغا كەلدى.

ـــ كەچۈرۈڭ، مەن ئۆزۈمنى پەقەت تۇتالماي...

ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق دېيىلگەن بۇ سۆز تېخىمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

ـــ بىراۋنىڭ رۇخسىتىسىز رەسىمگە تارتىشنىڭ

ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟
— كەچۈرۈڭ، مەن شۇ... بۇ گۈزەللىك مېنى سېھىرلەپ قويغان ئوخشايدۇ. راست دەۋاتىمەن، ئەترگۈلدىنمۇ چىرايلىق بولغان بىر قىزنىڭ ئۈنى پۈراپ تۇرغان ھالىتى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ تېخى... بۇ بىر كۆرىمەن دەپمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بەك گۈزەل بولغان بىر پارچە رەسىم. شۇڭا مەن تارتىپ ساپتىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ! رەسىمىڭىزنى پەقەت ئۆزىڭىزگىلا بېرىمەن، يامان نىيىتىم يوق.
بالىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتقان سۆزلىرى ۋە چىرايىدا پارلاپ تۇرغان سەمىمىيەتتىن ئاچچىقىم تېزلا تاراپ كەتتى.
— ئەمىسە راست ـ ھە!
— يۈزدە يۈز راست. ئۆزۈم بىرنى ساقلاپ قويسام بولامدۇ؟
— ...
شۇ سۆھبەتتىن كېيىن بىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئىككىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشىمىز ئىكەنلىكىنى مەن بىلگەندەك ئۇ بالىمۇ مېنى بىرلا كۆرۈپ تونۇپتۇ.
— ئىسمىڭىز پەرىلەت ـ ھە؟ مەن ئۇنتۇپ قالمىدىم، مېنىڭ ئىسمىم ئەزىمەت، — دېدى.
ئىسمى ئۆزىنىڭ تۇرقىغا خوپ ياراشقان بۇ بالا بىلەن ئاشۇ ۋاقىتتىكى تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىققىنىمىزدىكى ئىشلارنى دېيىشىپ بىردەمدىلا چىقىشىپ قالدۇق. پاراڭ بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئامالسىز خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتىم. ئۇنىڭ يول بويى مېنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدىكى ئوقۇشسىزلىقىمدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ تېببىي

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەخسۇس كۆرستىن ئارزۇ توشتۇرۇپ قويغانلىقىمدىن باشقىچە خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ماڭدىم. ئەزىمەت ئىككى يىل بۇرۇن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىلىنىكىلىق داۋالاش فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا بېرىپ شۇ يەردە ئوقۇۋېتىپتۇ.

تۇنجى قېتىم قىزلىق يۈرەك تارىمغا ئىنتايىن يېقىنلىق بىر زەخمەك ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن بەكمۇ گۈزەل، رەڭدار، يېقىملىق بىر ئاھاڭ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى...

بەشىنچى باب

## ئالىي مەكتەپ ـ نازۇك ھېسسىيات

جاپالىق تىرىشچانلىقىمنىڭ كېلىشمەسلىك تۈپەيلى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىشىگە ھەرھالدا خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلگەن بولسا كېرەك، نومۇرۇم يامان ئەمەس چىقىپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىنىڭ مەخسۇس كۇرسىدىن چاقىرىق قەغىزى كەلدى.

دادام ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. يېڭى مۇھىت، ناتونۇش چىرايلار، بىر ـ بىرىمىزگە ياتسىراش، يېتىرقاش، ئەيمىنىش بىلەن تىكىلىشكەن ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن ھەپتە ئۆتمەيلا تونۇشۇپ چىقىشىپ كەتتۇق. گەرچە ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە تولۇق كۇرستا ئوقۇيالمىغان بولسامۇ، «مەخسۇس كۇرستا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىلىم ئاشۇرۇۋالسام بولىدۇغۇ» دېگەن ئارزۇ بىلەن مەكتەپكە كەلگەنىدىم.

مەكتەپكە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنكى شەنبە كۈنى ياتاقتىكى قىزلارنىڭ بەزىلىرى بازار چۆرگۈلەشكە چىقىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كەتكەنىدى. مەن مەكتەپكە ماڭغان چاغدا ئېلىۋالغان كىتابىمنى ئوقۇپ ئولتۇردۇم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، كۆزلىرىم ئېچىشىپ

گەجگەم تىلىپ كەتتى. كىتابنى قويۇپ قويۇپ ئاز ـ تولا ھاۋا يەپ كىرىش ئۈچۈن ياتاقتىن چىقتىم. بىنادىن چىقىپ ياتاق بىناسى ئارقىسىدىكى بۈككىدە دەرەخلىك تەرەپكە قايرىلىشىمغا بىرەيلەننىڭ:

ــ پەزىلەت!ــ دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرىلىپ قاراپ ئىختىيارسىز نامەلۇم تۇيغۇنىڭ دەۋرىشى بىلەن يۈرىكىم رىتىمسىز سوقۇپ كەتتى.

ــ ياخشى تۇرامسىز؟ يا ئاللا، شۇنداقمۇ جىمىغۇر قىز بولىدىكىنا، كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىڭىزنى بىلەلمەي شۇنداق قىينىلىپ كەتتىم. ئۆيىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىۋالمىغىنىمغا بەكلا پۇشايمان قىلدىم.

ئەزىمەت خۇددى تېز ـ تېز دەۋالىسا گېپىنى بىرەيلەن تارتىۋالىدىغاندەك گەپلەرنى بىر تىنىقتىلا دەپ توختىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالدىراش ھالىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم.

ــ نېمىگە كۈلىسىز؟

ــ نېمانچە ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلەيسىز؟

ــ ئۆزىڭىز ئاستا سۆزلىگەچكە شۇنداق تۇيۇلغان ئوخشايدۇ، نورمال گەپ قىلدىمغۇ؟

ــ شۇنداقمۇ؟ــ تۇنجى كۆرۈشۈشىمىزدىلا ئۇنىڭ «مىلجىڭ» لىقىمنى تىلغا ئېلىشى سەل نېرۋامغا تەگدى. ئۇ چىرايىمنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرۈپ دەرھال سۆزىنى تۈزەتتى:

ــ كەينى ـ كەينىدىن سۆزلىۋېلىپ ئاندىن قالغان گەپلەرنى ئالدىرىماي قىلاي دېگەنىدىم ئەسلى،ــ ئۇنىڭ سەمىمىيەت پارلاپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىدىكى مېھىر شولىسى دەممۇدەم مېنى ھودۇقتۇرۇپلىۋەتتى.

※ ※ ※

كۆنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپ مانا مەكتەپكە كەلگىنىمگىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. دادام ـ ئاپاملارغا قىلىدىغان غەلۋىلىرىمىمۇ بېسىقىپ ئۆزۈممۇ بۇ يېڭى مۇھىتقا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتىم. بۇ ئارىدا يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم كۈتۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. شۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىشتا مەكتەپداش ئوقۇغان ھەم باشقا مەكتەپلەردىكى ئانچە ـ مۇنچە تونۇيدىغان قىز ـ ئوغۇللار بىلەن تونۇشۇپ كەيپىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇ ئولتۇرۇشتا ئەزىمەت ماڭا باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ھە دېسىلا يېنىمغا كېلىپ ئۇنى ـ بۇنى دەپ، ئۇنى ـ بۇنى تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ چۆرگىلەپ يۈرگەن قىزلارنىڭمۇ كۆپ ئىكەنلىكى دىققىتىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى.

بىرىنچى يىلى گەرچە خەنزۇ تىلى تەييارلىق يىلى بولسىمۇ، بىراق ئۆتۈلۈۋاتقىنى تېببىي خەنزۇ تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزنىنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. خەنزۇ تىلى ئاساسىمنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆزۈمگە تەمەننا قويىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئاساسىي خەنزۇ تىلى باشقا گەپ، تېببىي خەنزۇ تىلى باشقا گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ؟

شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. ياتاق بويىچە ئەڭ مىس ـ مىس بولغىنىم بىلەن سىنىپتا خەنزۇ تىلىدىكى توغرا

تەلەپپۇزۇم ۋە باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشىمنىڭ نەتىجىسى بولمىش ئىلگىرىلەشلىرىم مېنى تەبىئىي ھالدا ئوقۇتقۇچىم ۋە ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا خېلىلا ئىناۋەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئۆگىنىش ھەيئىتى بولۇپ سايلانغىنىمدا مېنىڭ ئاستا ئىش ـ ھەرىكىتىمگە قارىتا «جانسىز» دېگەندەك پىكىرلەرمۇ چۈشتى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم سەل يېرىم بولدى، بىراق ئامال قانچە، مەن ئۆزۈم ئەتتەي شۇنداق بولۇۋالمايدىغان تۇرسام...

ئاپامنىڭ دائىم تېلېفون بېرىپ يوشۇرۇن مەنە بىلەن تاپىلاپ تۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە مەكتەپ پۈتكۈزگىچە ھېچقانداق ئوغۇللار بىلەن مۇھەببەتلەشمەيمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغانىدىم. بىراق، بۇ ئىرادەمنىڭ ئەكسىچە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئەزىمەت خىيالىمغا كېلىپ قالىدۇ. ئەزىمەت ھېلىقى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئولتۇرۇشىدا شۇنداق ئىشەنچ بىلەن مېنى تانىسىغا تارتقاندا «بىلمەيمەن» دەپ قوپمىغانلىقىمدىن رەنجىپ قالغان چېغى، شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۆرمىدىم. لېكىن سىنىپقا ماڭغاندا، ئاشخانىغا كىرگەندە، كۇتۇپخانىغا ماڭغاندا، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپ قورۇسىدىكى دەرەخلەر ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگەنلىرىمدە ھامان بىر جۈپ كۆز مېنى كۆزىتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم، ئەندىكىپ ئەتراپىمغا قارايتتىم. بىراق، شۇنچە قاراپمۇ ماڭا ھەۋەس بىلەن، ھەسەت بىلەن يەنە قانداقتۇر ئىپادىلەر بىلەن قارىغان كۆزلەر ئارىسىدىن ئۇ بىر جۈپ كۆزنى تاپالماي مەيۈسلىنىپمۇ قالاتتىم.

※ ※ ※

بۈگۈن مەكتەپ ئاشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ ئەزىمەتنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئۇچىسىغا قارا كۆك تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ شۇنداق ياراشقانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا يۈزلىرىم قىزىرىپ، يۈرىكىم سوقۇپ كەتتى.

— ياخشى تۇرامسىز تىرىشچان قىز؟

ئۇ چاقچاق ئارىلاش مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغان بىر نۇر دەستىسى ئۇدۇل يۈرىكىمگە تەگكەندەك بولۇپ، جانسىز ھالەتتە تىترەپ كەتتىم.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مانا مۇشۇنچىلىك،— ئۇ شوخلۇق بىلەن مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. يەنە نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئۈمەللەنگەن لەۋلىرى ئارىسىدىكى سۆز «ئەزىمەت، تاماقنى ئېلىپ بولدۇم، نىمانداق كىرمەيسەن؟» دېگەن زىل ئاۋاز بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئوڭايسىز ھالەتتە جىلمىيىپ قويۇپ:

— سىز تاماق يەپ بولۇپ قايتتىڭىزمۇ؟يۈرۈڭە بولمىسا، بىللە يەيلى!— دېدى.

مەن ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قاراپ ئاشخانا پەلەمپىيىدە تۇرۇپ ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقان زىلۋا بويلۇق قىزنىڭ نارازىلىق چاقنىغان كۆزلىرىدىن تارقىغان سوغۇق نۇردىن ئەندىككىنىمچە:

— ياق، بولدى، رەھمەت، مەن تاماق يەپ بولغان،—

دىدىم ـ دە، ئىتتىك مەندىن ئۆزاپ كەتكەن ياتاقداشلىرىمغا قاراپ ماڭدىم.

شۇ كۈنى كۆڭلۈم شۇ قەدەر غەش بولدىكى، كەچلىك تەكراردا ئەڭ ئاخىرقى پارتىغا بىرىپ ئولتۇرۇپ ياش تۆكتۈم، بۇ ياشلىرىمنى دادامنى، ئاپامنى، ئۇكامنى، ئۆينى سىغىنغانلىقىمدىن يىغلىدىم، دەپ ئۆزۈمنى بەزلىدىم...

ئۇكام: «سەن بەك چىرايلىق، دىققەت قىلغىن، دۈشمەن كۆپ بولىدۇ» دەپ خۇددى ئاكامدەك ماڭا تولا نەسىھەت قىلاتتى. ئاپام بولسا «بالام، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇڭ، ھايالىق بولۇڭ، بىراق سەزگۈر بولۇڭ» دەيتتى. دادام بولسا «ئاپىسى، سەن كەچكىچە قىز بالا ئۇنداق بولۇشى كىرەك، بۇنداق بولۇشى كىرەك دەپ رامكا ئىچىدە چوڭ قىلغاچقا بۇ قىز بەكلا ساددا، ياۋاش، بەكلا ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالدى، مەن شۇ تەرەپلەردىن بەكلا ئەنسىرەيمەن» دەيتتى. بۇ گەپلەرگە ئىرەن قىلمىغاندىم. ھازىر بولسا مانا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن شۇ قەدەر ياۋاش ئىكەنلىكىمنى، «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا» دەك جاھان رەپتارلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋەردار ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. كەچلىك تەكراردىن چۈشۈپ ياتاق بىناسىغا بارغۇچە بىر ـ بىرى بىلەن قولتۇقلىشىپ دەرەخ دالدىلىرى ياكى كىچىككىنە دالدا يەرلەر بولسىلا بىر ـ بىرى بىلەن چىرمىشىپ كىتىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر ماڭدامدا دىگۇدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. تىخى بەزى شىتىلىرەك ئوغۇللار ئىسقىرتىشىپ «ھويت، ئاستىراق، ئاستا» دىيىشىپ ئۆتۈپ كىتىدۇ. بۇغۇ بىر گەپ، تىخى سىنىپىمىزدىنلا ئاشىق ـ مەشۇقلار قامۇسىغا ھۆسن قوشۇشۇپ بىر ـ بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ

ئۆلگۈرگەنلەرگە نېمە دەي... سىنىپقا كىرسە - چىقسا بىللە بىر - بىرىنىڭ بەللىرىدىن ئايلاندۇرۇشۇپ قوللىرىنى ئۆتكۈزۈشۈپ (خۇددى قويۇۋەتسە خەق بۇلاپ كېتىدىغاندەك) ئەڭ ئاخىرقى پارتىلارغا بېرىۋېلىپ قانداقتۇر ئۆزلىرىگە سۆيۈملۈك بولغان قىلىقلارنى قىلىشىدۇ. قىزلار ئەركىلىشىپ ناز بىلەن سۆزلەشسە تاسلا قالىدۇ يىگىتلىرى شۇ سىنىپتىلا باغرىغا باسقىلى... نېمىدېگەن نومۇس...

ئالىي مەكتەپ — بىلىم ئېگىلەش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئىچىدە ئوت بولۇپ يانغان قىز - ئوغۇللار توپلاشقان ماكان دېگەن تەسەۋۋۇرۇمغا زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ئەجەبا، بىز پەقەت ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشنىلا ئاخىرقى نىشان قىلىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە تىرىشىپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمدىكى زېھنىمىزنى چوقۇم مۇھەببەتكە قارىتىشىمىز زۆرۈرمىدۇ؟

ئاشۇ ئۇكام ماختىغان چىرايىم تۇپەيلى قويۇلۇۋاتقان تەكلىپلەرنى بىر - بىرلەپ رەت قىلىپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «چىرايىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغان ھالى ئۇستۇن، ھاكاۋۇر خېنىم» دېگەن ئاتاققا نائىل بولدۇم. سىنىپ ھەيئىتىمىز مەردان سەل كىچىكرەك كەلگەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

— پەزىلەت، نېمانچە قىلىسىز؟ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك بالا ئەمەسقۇسىز. تاللاپ - تاللاپ مەندىن ئاشقۇدەك كىمنى تاپارسىزكىن قېنى!— دېگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئالاھىدە ئىلتىپاتلىرىنىڭ غەرەزلىك ئىلتىپات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن تۈز، ساددىلارچە ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەتتە بولدۇم، تاماقلارغا، ئۆگىنىش ۋە تەكرار قىلىشلارغا ئەركىن بىللە كىرىپ - چىقىشلاردىن چورتلا توختىدىم. مانا بۇگۈنمۇ ئەنۋەرنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلغان مۇھەببەت تەكلىپى بولمىش خېتىنى يىرتىۋەتكىنىم ئۇچۇن ئۇنىڭ يۈرتدىشى گۈلشەندىن دەككەمنى يېدىم. گۈلشەن سېسىق گەپ قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياتاقتىكى قىزلار تۈشمۇتۈشتىن:

— بۇ ساراڭنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، پەزىلەت، كۆڭۈل دېگەننى زورلاپ تاڭغىلى بولامتىمۇ؟ — دېيىشىپ كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىشتى. ئادەتتىكى گېپىممۇ شۇنداق ئاستا تۇرسا بۇنداق جاۋىلداق ئادەمگە نەدىمۇ شۇنداق تېز گەپ تېپىپ بەرگۈدەك سەنئەت مەندە بولسۇن؟

يالغۇز چىقىپ ئايلانغۇم كەلدى.ئاخشامدىن يېغىۋاتقان قار توختاپ هاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بولغاچقا سوغۇقنىڭمۇ ئوبدانلا جېنى بار ئىدى. سىرتقا چىقىشىم بىلەن ئاپپاقلىققا تولغان مۇھىت مېنى ئىختىيارسىز مەكتەپ بېغىغا باشلىدى. ھەممە يەر ئاپپاق، شۇ قەدەر گۈزەل بولۇپ كېتىپتىكەن، دەرەخ شاخلىرى ۋە گۈللۈكلەردە شۈمشىيىپ قالغان گۈللەر بېشىغا قونغان بۇ ئاق چېچەكلەرگە تېخى بۇلغانغان مۇھىتنىڭ قارا ئىسلىرى قونۇشقا ئۈلگۈرمىگەچ، تەبىئەت تولىمۇ گۈزەل، ساپلىققا تولغانىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىردىم. بىر - بىرى بىلەن قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقان، رەسىملەرگە چۈشۈۋاتقان، دەرەخ شاخلىرىدىكى ئاق چېچەكلەرنى بىر - بىرىگە

ئىرغىتىشىپ كۇلۇشۇۋاتقان بىغەم جۇپلەردىن يىراقىراق خالىي يەردىكى ئورۇندۇققا كېلىپ قارنى پەلىيىم بىلەنلا ئۇيان ـ بۇيان سۈرتۈۋېتىپ ئولتۇردۇم. ئاق زېمىن ئۆزىنىڭ پاك، غۇبارسىز گۈزەللىكى بىلەن قەلبىمدىكى غەشلىك تۇيغۇلىرىنى قوغلىۋەتكەنىدى. ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى ئارقىغا تاشلاپ چەكسىز بىر خىل ھۇزۇر بىلەن كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.

«چاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆز ئالدىمدىن بىر نۇر دەستىسى ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى. چۆچۈپ كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتىم.

ئىچىگە ئاپپاق ئۆرە ياقىلىق پوپايكا كىيىپ، ئۈستىگە قىسقا قارا بوغماق چاپان، قارا ئىشتان كىيىۋالغان، بويىنىغا ئاپپارات ئېسىۋالغان قويۇق كىرپىكلىك قاپقارا كۆزلەر كۈلۈپ تۇراتتى.

ــ سىز؟

ــ نېمە؟ ئىككىنچى قېتىملىق گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغىنىمغا ئەدىپىمنى بەرمەكچىمۇسىز؟

ــ سىز بەكلا ھەددىڭىزدىن ئاشتىڭىز.

رەسمىي ئاچچىقىم كەلگەنىدى. ئۇنىڭ پەرۋاسىز ھالەتتە خۇددى مەن بىلەن شۇ قەدەر يېقىنىدەك، رۇخسەتسىز قىلغان ئىشى مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تۇيۇلۇپ ئوغامنى قايناتتى.

ــ خاپا بولدىڭىزما؟

مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم:

ــ نېمىشقا بۇنداق رۇخسەتسىز رەسىمگە تارتىشقا ئامراق سىز؟

ئۇ مېنىڭ ئاچچىق بىلەن زەردىلىك سورىغان سۆزۈمدىن، ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىمدىن راستىنىلا رەنجىگەنلىكىمنى كۆرۈپ سەل ھودۇققان ھالدا:

— كەچۈرۈڭ! قاراڭ، مەن ئاۋۇ يەردە دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلارنى ۋە مەنزىرىلەرنى، سىنىپتىكىلەرنى رەسىمگە تارتىۋاتاتتىم. سىزنىڭ خىيالچان ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قېلىپ ئارقىڭىزدىن ماڭسام زادى قاراپ قويمىدىڭىز. شۇ، ھېلىقى ۋاقىتتىكىدەكلا شۇنداق چىرايلىق، ئاپپاق قار، ئاپپاق چاپان، ئاپپاق قىز، ئاپپاق پوسما ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ئاۋۇ چاچلار... يەنە تېخى بۇ گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇشلىرىڭىزدىن پەقەت ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. دەپ قويۇپ تارتاي دېسەم بۇ خىل تەبىئىي شەكىللەنگەن گۈزەللىكنىڭ قايتا زاھىر بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا راستىنىلا ئەدەپسىزلىك قىلدىم.قاراڭ، رەنجىسىڭىز لېنتىنى تاشلىۋېتەي ھازىرلا...— ئۇ قىيالماسلىق بىلەن قوللىرىنى ئاپپاراتقا سۇندى. مەن گەپ قىلماي ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدىم. بىراق، ئوڭغا ماڭسام ئوڭ تەرەپنى، سولغا ماڭسام سول تەرەپنى توسىۋالغان ئۇنىڭ گەۋدىسى ئالدىدا ماڭالماي قالدىم. تېخىمۇ ئاچچىقىم كېلىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا مېڭىشىم بىلەن ئۇ كاپپىدە قىلىپ قولۇمنى تۇتتى، شۇ ئان ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىدا كۆردۈم. ئىسسىق بىر نەپەس، قۇلاق تۈۋىمدە ناھايىتى بوش ھالەتتە پىچىرلىدى:

— پەزىلەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!

......

شۇ كۈنى ئۇنىڭ قېشىدىن قانداق يۈگۈرۈپ كېتىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ياتاققا كىرىپ كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. بىرھازادىن كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ ياستۇق ئاستىدىن كىچىك ئەينىكىمنى ئېلىپ قارىغىنىمدا بولسا يۈزلىرىم ياش بىلەن يۇيۇلۇپ كىرپىكلىرىم چۈپلىشىپ كېتىپتۇ.

يېڭى يىل كەلدى. مەكتەپ ئارا، سىنىپلار ئارا يېڭى يىللىق پائالىيەتلەرگە تەييارلىق قىلىشلار بىلەن ھەممە شۇ قەدەر ئالدىراش. يېڭى يىلدىن كېيىن كېلىدىغان ئىمتىھانمۇ خۇشاللىق ھاياجانلارنىڭ ئالدىدا ئۆز سۈرىنى يوقاتقان بولسا كېرەك. ھېچكىممۇ ئىمتىھان توغرۇلۇق گەپ قىلىشمىدى، كىمنىڭلا ئېغىزىغا قارىسىڭىز يېڭى يىلغا نېمىلەرنى ئالغانلىقى ۋە يېڭى يىلدا قانداق يەرلەرگە بېرىپ ئوينايدىغانلىقى، كىملەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغانلىقى توغرۇلۇقلا پاراڭ...

يېڭى يىلنىڭ بۇ نېسىۋىسىدىن مەنمۇ قۇرۇق قالمىدىم. ياتىقىمىزدا كورلىلىق زۆمرەت بىلەن ئەڭ ياخشى ئۆتىمەن. زۆمرەت ماڭا ئوخشاش كۆپ گەپ قىلمايدىغان ئېغىر - بېسىق مىجەزى بىلەن ماڭا يېقىپ قالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا ئوخشىغىنى بىلەن ياسىنىشى ماڭا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. مىجەزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زۆمرەت تىپىك مودا قىزلارنىڭ ئۆزى. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك بولغاچقا دائىم: «ئىسىت، سىزدەك ئاپپاق بولۇپ قالغان بولسامچۇ» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بىر قېتىم ئىككىمىز سىنىپقا سەل كېچىكىپرەك كىرگىنىمىزدە سىنىپىمىزدىكى سەل شېتىلىرەك كەلگەن ئۆمىد «ئاق گۈل بىلەن قارا گۈل كەلدى» دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۇنىڭغا «قارا گۈل» دېگەن بۇ لەقەم سىڭىپ قالدى. ئۇ تېرىكسىمۇ، سەكرىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ «قارا گۈلۈم» دەپ چاقىرىپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىر كۆندۈرۈۋالدىم. تېخى «زۇمرەت» دەپ چاقىرغاندىن «قارا گۈل» دەپ چاقىرساق ئىتتىكرەك «ھە» دەيدىغان بولۇپ كەتتى.

بۈگۈن شەنبە، ياتاقتىكى باشقا قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەر - بۇ يەرگە كەتكەندى. زۇمرەت ئىككىمىزمۇ چارشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى يىللىق پائالىيەتكە كىيىم ئالغىلى بازارغا چىقتۇق.

— ھەي پەزىلەت، بىر يەرلىرىڭىز خۇددى كىچىك بالىدەكلا سىزنىڭ، ساپلا كىچىك سۈپەت كىيىملەرنىلا تاللايدىكەنسىز. ئەمدى بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاندىكىن ۋاللىداپ تۇرىدىغان كۆزلەر قادالغان مۇنداق كۆركەم كىيىملەرنى كىيسەك نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ — دەپ تومشۇقلىرىنى ئۈچلاپ نارازى بولاتتى زۇمرەت. ئۇ كۆرسەتكەن مودا ۋال - ۋۇل كىيىملەر تازا دىتىمغا ياقماي داجىپ تۇرۇۋالاتتىم. بەلكىم ئاللىقاچان ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا چىققان بولسامۇ بالىلىق تۇيغۇلار كاللامدىن ئۆچمىگەن چېغى... بۇ يەنىلا ئاپامنىڭ بىزنى كىچىكىمىزدىن ئاددىي - ساددا كىيىنىشكە تەربىيەلەپ تا ھازىرغىچە شۇ تەربىيە رامكىسى ئىچىدە ئاددىي - ساددا كىيىنىشكە كۆنۈپ كەتكەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى.

ئاخىر قېيداپ يۈرۈپ زۇمرەتمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك كىيىم ئالدى. مەن، ئۆرە ياقىلىق سېرىق يولى بار پوپايكا بىلەن ئاددىيغىنە قارا ئىشتان ئالدىم. ئۇ

بولسا ئۆزىنىڭ پاشنىلىق ئۆتۈكىگە ماسلاشتۇرۇپ چاقماق يوپكا ۋە ئويما ياقىلىق ئالدىغا غىچچىدە كۆز تۇتۇلغان پوپايكا ئالدى. ئۇ سىناپ كىيىپ بېقىش ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى كىيىپ چىققاندا بولسا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇ جۇلالىق كىيىملەر ئىچىدە مېنىڭ بۇ «قارا گۈلۈم» بۆلەكچىلا ئېچىلىپ شۇنداق نازاكەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

— قارا گۈلۈم، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتكۇدەك بولۇپ كېتىپسىز، — دېدىم.

— ۋىيەي راستما؟ بىراق ھەرقانچە ياسانساممۇ بەرىبىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چانمەن شۇ.

— بۇ تۇرقىڭىزدا ئىككىمىزنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، جېنىم؟

— سىز دېگەن يەنىلا سىز، چىرايلىق ئادەم دېگەن جەندە ـ كۆلا ئىچىدىمۇ بىلىنىپلا تۇرىدۇ، بىراق مەن سىزدەك ئاددىي كىيىنىدىغان بولسام يا چىرايىمنىڭ تايىنى بولمىسا، يا سىزدەك ئاپپاق بولمىسام.

— سىزمۇ سەت ئەمەسقۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ھەددىدىن زىيادە چىرايلىق ئاق ئادەم بىلەن دوست بولغاچقا باشقىلارغا قارا ۋە سەت كۆرۈنۈپ قېلىۋاتسام كېرەك.

يۈرىكىم «قارت»لا قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەلەم ئارىلاش ئېيتقان سۆزلىرىدىكى مەلۇم مەنىلەردىن تىترەپ كەتتىم. ئۇ چىرايىمدىكى ئىپادىدىن كۆڭۈل تىۋشىمنى سەزدى بولغاي، مەيۈس چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ تۇرۇپ:

— سىز يەنىلا مېنىڭ ياخشى دوستۇم، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىنمۇ بەك ئاق كۆڭۈل، ساددا، سەمىمىيلىكىڭىزنى

ياخشى كۆرىمەن، پەزىلەت،ــ دېدى.

بۇ كېچە يەنە ئۇيقۇم قاچتى. زۇمرەتنىڭ كىيىم ئېلىۋېتىپ دېگەن سۆزلىرى، دوگىلەك كۆزلىرىدىكى ماڭا چېلىقىپ قالغان تامچىلىرى، چىرايىغا تېپىپ چىققان مەيۈسلۈك ئىپادىسى. قانداقتۇر ئىچكى سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

دوستلۇقىمىزنىڭ ئۇلىغا دەز كەتكۈزۈش سىگنالىنى چېلىۋاتقان بۇ چىرايىمغا ئۆچ بولدۇم.

※ ※ ※

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ، پەزىلەت؟

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چوڭ ئىشىكىنىڭ ئەينەك دېرىزىسىدىن سىرتتىكى بىر ـ بىرىگە قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇراتتىم. ئىتتىك ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. ئۆرۈلدۈم ـ يۇ، چۆچۈپ كەينىمگە شوخشۇدۇم.

ــ نېمانچە چۆچۈيسىز؟ مەن ئادەم يېمەيمەن.

قويۇق كىرپىكلىك قارا كۆزلەر سەل رەنجىگەندەك قاراپ تۇراتتى. مەن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ قېچىپ كېتىشكە يوچۇق ئىزدەشكە باشلىدىم. ئۇ ئالدىمدا توغرا تۇرۇۋالغان بولۇپ، سۆزلىگەچ مېنى قىستاپ كېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتكۇدەك ئارىلىقمۇ قويمىغانىدى.

ئۇنى ھېلىقى كۈنى باغدا يالغۇز تاشلاپ قېچىپ كەتكەندىن بېرى نەچچە قېتىم يىراقتىن كۆرۈپلا ئۆزۈمنى چەتكە ئالغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تۇنجى قېتىم روبىرو ئۇچرىتىشىم مۇشۇ ئىدى.

ــ نېمىشقا قاچىسىز؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغان نۇر ئۇدۇل يۈرىكىمگە تېگىپ يۈرىكىمنى پارچىلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن قاچمىدىم، — ناھايىتىمۇ بوش، ئۆزۈم ئارانلا ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا شۇنداق دېدىم.

— ياق، مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇردىڭىز، سىزنى كۈندە ئىزدەپلا يۈردۈم، بىراق سىزنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم.

— مەن...— مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارىغان نۇرلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزۈمنى ئەپقاچتىم.

— پەزىلەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇنىڭ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاپ تۇرۇپ بوشقىنە دېگەن سۆزىدىن پۇت - قوللىرىم تىترەپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئىتتىك تامغا يۆلىنىۋالغاچ ئۇنىڭدىن ئۆتۈندۈم:

— ئۇنداق دېمەڭ، ئەزىمەت، مەن قورقىمەن.

— نېمىدىن؟— ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇلدى. چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئىلاجسىزلىق بىلەن يالۋۇردۇم:

— نېرى تۇرۇڭ بولامدۇ، مەن ئۆتۈنۈۋالاي.

— ياق، سۆزۈمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىشىم كېرەك.

— ......

— ئەزىمەت!— قەھرى بىلەن ۋارقىرىغان بۇ ئاۋاز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بولمىسا خۇدا ھەققى ئاشۇ جايدا تىترىگىنىمچە ئالاقزادىلىك، تەشۋىش ۋە يەنە قانداقتۇر مۈرەككەپ تۇيغۇلار بىلەن جانسىزلىنىپ ھوشۇمدىن كېتىپ قېلىشىم راستتىنلا كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. مەن ئەزىمەتنىڭ ئارقىغا ئۆرۈلگىنىدىن پايدىلىنىپ يوغان كۆزلىرىدىن ماڭا ئاچچىق بىلەن نەپرەت

چاچرىتىپ قاراپ تۇرغان قىزغا مىننەتدارلىق نەزىرىم بىلەن قاراپ قويۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.
— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ جاۋابنى هامان ئالىمەن!
ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى تام ۋە دېرىزىلەرنى تېشىپ ئۆتۈپ پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا ئۇرۇلدى.
بۇ كېچە... مەن يەنە يىغلىدىم. نېمىشقا يىغلىغانلىقىمنى زادىلا بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئېسەدەپ يىغلىغىملا كېلىپ تۇراتتى. ئىچ - ئىچىمنى ئۆرتەۋاتقان قىيناق بىر تۇيغۇلار كۆزلىرىمدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈشكە مەجبۇرلايتتى...

※ ※ ※

زۇمرەت مەردانىنى ياخشى كۆرىدىكەن.
بۇنى يېڭى يىل كۈنى سىنىپتىكى پائالىيەتتە سېزىپ قالدىم. يېڭى يىللىق پائالىيەت شۇنداق قىزىپ كەتتى. قىزلار يېڭى ئالغان چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىملىرى ئىچىدە ۋاللىدە ئېچىلغىنىغا ئوخشاش، ئوغۇللارمۇ يېتىلگەن يىگىتلەردەك ياسىنىشىپ، ئاياغلىرىنى بولۇشىغا مايلاپ پارقىرىتىپ، يەنە تېخى يېنىك، خۇشبۇي ئەتىرلەرنى چېچىشىپ قىزلار بىلەن بەس تالىشىپ تۇرۇپ سالاپەتلىك بولۇشۇپ كەتكەنىدى. سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىنىپىمىزنىڭ دوسكىسىغا ئىشلەنگەن يېڭى يىللىق رەسىم ۋە خەتلەر، ئېسىلغان پارقىراق قەغەزلەر، بالىلارنىڭ رومانتىك بولىدۇ، دەپ چىراغلارنى ئورنۇەتكەن رەڭدار قەغەزلىرىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان

گۈڭگا نۇرلار ئىچىدە سىنىپ ئىچى ئالاھىدە تۇسكە كىرگەنىدى. بۇ خىل رومانتىك كەيپىيات قىز ـ ئوغۇللاردىكى گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرىغا بىرلىشىپ بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشنىڭ قايناقلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى.

قايسى كۈنى ئالغان كىيىملىرىگە ماسلاشتۇرۇپ چىرايلىق ياساتقان چاچلىرى ۋە ياتاقتىكى قىزلار بىلەن چۈرقىرىشىپ ئەينەك تالىشىپ تۇرۇپ تۈجۈپىلەپ قىلغان گىرىملىرى ئىچىدە بۆلەكچە جۇلالىنىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن زۆمرەت بىلەن ئۆرە ياقىلىق قىزىل پوپايكا ۋە قارا ئىشتان، پۇتىغا تۇز كەلگەن قارا خۇرۇم ئاياغ، چاچلىرىنى يەلكىسىگە قويۇۋەتكەن مېنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

زۆمرەتتىن ئۆزگىچە بىر خىل قىزلارغا خاس لاتاپەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەن بولسام قىزلارنىڭ زورى بىلەن ئېغىزىمغا سۈركىۋالغان لەۋ سۇرۇخىنىڭ تەمىدىن سەسكىنىپ كەتتىم، خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك باشقىلار تىكىلىپ قارىسىمۇ لېۋىمگە سۈركىۋالغان لەۋ سۇرۇخىنى مەسخىرە قىلىپ قاراۋاتقاندەك قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتىم. مەردان سىنىپ ھەيئىتى، مەن بولسام ئۆگىنىش ھەيئىتى. مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ تەبىئىي ھالدىلا بىزنىڭ بۈگۈنكى پائالىيەتتە ئورۇنلاشتۇرىدىغان، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز كۆپ ئىدى. مەردان بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا ۋە ئىشلارنى قىلغاندا زۆمرەتنىڭ بىزدىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردۇم ـ دە، ئۇنىڭغا پىچىرلىدىم:

ــ قارا گۈلۈم، بۈگۈن يىگىتلەرنى ئۆچرەت تۇرغۇزۇۋەتكۈدەك ئېچىلىپ كېتىپسىز جۇمۇ...

ــ راستمۇ؟ــ ئۇ ئۇماققىنا كۈلۈمسىرىدى،ــ باشقىلارمۇ ئەمەس، پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئۆچرەت تۇرمايدىغانلىقىغا چىنپۈتتۈم.

ــ كىمكەن ئۇ جۇلالىق قارا گۈلنىڭ قەدرىنى قىلمايدىغان،ــ مەن چاقچاق ئارىلاش شۇنداق دەپ ئۇ قارىغان تەرەپكە قاراپ ئۇنىڭ مەردانىغا كۆز ئۇزمەي قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم...

ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى. مەردان ھېلىلا تېخى پائالىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تېپىشماق ئېيتىشىش دېگەندەك ئويۇنلارنىڭ چەك تارتىشىشىنى يېزىۋېتىپ پىچىرلاپ تۇرۇپ:

ــ پەزىلەت، بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، قىزلار ھەرقانچە ياسانسىمۇ سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىز يەنىلا ھەممىدىن چىرايلىق،ــ دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى، پائالىيەتچانلىقىنى، تېتىكلىكىنى، رەتلىكلىكىنى ياقتۇرسامۇ، بىراق كىشىنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە ماختايدىغان گەپلىرىگە ئۆچ ئىدىم. شۇ تاپتا مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن، ماڭا دېگەن سۆزلىرى خۇددى خۇشامەتتەك بىلىنىپ بىزار بولغانىدىم.

زۇمرەتنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى سەمىمىي مۇھەببەت مەردانىنى ئەل قىلغان بولسىغۇ چىن دىلىمدىن ئۇلارغا بەخت تىلىگەن، دوستۇمنىڭ ۋىسال تاپقان مۇھەببەت خۇشلۇقىغا تەڭ جور بولغان بولاتتىم.

ساز باشلىنىپ ئوقۇتقۇچىمىز ساۋاقداشلارنى ئەركىن ـ ئازادە، يېيىلىپ ـ ئېچىلىپ ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ باشقا سىنىپ مۇدىرلىرى بىلەن بىرلىكتە باشقا سىنىپلارنى ئارىلاشقا چىقىپ كەتتى. شۇندىلا باللار باشقىدىن جانلىنىپ تونۇشمۇتونۇشتىن تانسىغا قوپۇشتى.

ــ پەزىلەت، قوپۇڭ، تانسا ئويناپلى!

قول تەڭلەپ تۇرغان مەرداننى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغان هالدا ئىتتىك زۇمرەتكە قارىدىم. زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىدىن سۇس چاقنىغان رەشك تۇيغۇلىرى مېنى تېخىمۇ تەمتىرىتىۋەتتى.

ــ مەردان، مەن تانسا بىلمەيمەن.

ــ بىلمىسىڭىز مەن ئۆگىتىمەن، قوپۇڭە، قاچانغىچە شۇ بالا مىجەزىڭىزنى تاشلىمايدىغانسىز؟

ــ ياق، ياق، راستىنلا مەن ئوينىيالمايمەن، مېنىڭ ئورنۇمغا زۇمرەت ئوينىسۇن، زۇمرەت، مېنىڭ تانسا ئوينىيالمايدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ؟

ــ مەردان ئۆگىتىمەن دېدىغۇ، ياتاقتىمۇ ئويناپ خېلى ئۆگىنىپ قالدىڭىزغۇ، قولىنى ياندۇرماڭ، بەك سەت بولىدۇ!

ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى هەم مەيۈسلۈك، هەم ئاچچىق، هەم رەشك ئارىلاشقان تۇيغۇلار يۈرىكىمنى غىدىقلىدى. مېنىڭ ئىلاجسىزلىق بىلەن تىركىشىشىم مەرداننىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ تارتىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. مەن زۇمرەتكە قاراشقا پېتىنالمىغان هالدا ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ مەردان، زۇمرەت بىلەن ئوينىغان بولسىڭىز بولاتتى.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇ تانسىنى بەك ياخشى ئوينايتتى.

— تانسنى ياخشى ئوينايدۇ دەپلا كۆڭلۈم خالىمىغان قىزنى تانسىغا تارتىشىم زۆرۈرمۇ؟

— ئۇنى نېمىشقا كۆڭلىڭىز خالىمايدۇ، ئۇ شۇنداق ياخشىغۇ...

— ياخشى قىزلار دېگەن كۆپ، ياخشى دەپلا ياخشى كۆرۈپ قالغىلى بولامدۇ، پەزىلەت؟

— ......

ئالدىراپلا ئۇنىڭغا زۇمرەت توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقىم كېرەك ئىدى. ياخشى كۆڭلۈمنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى شۇ كۈندىكى زۇمرەتنىڭ ياسىنىشى، خۇشاللىقى، جەزبىدارلىقىنى بەربات قىلدىم. مەردان زۇمرەت تەرەپكە قاراپمۇ قويماستىن قېرىشقاندەك ھە دېسىلا مېنى تانسىغا تارتىپ مېنى تېخىمۇ ئوسال قىلىۋەتتى.

— پەزىلەت، كارىدوردا سىزنى بىرەيلەن چاقىرىپ قويۇڭ دېگەنتى،— سىرتقا چىقىپ كىرگەن گۈزەل قېشىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى.

مېنى يەنە تانسىغا تارتىشقا كەلگەن مەردانىنى ئۈمىدسىز ھەم ئامالسىز قالدۇرۇپ ئىتتىك ئورنۇمدىن قوپتۇم ـ دە، ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. شۇ تاپتا مېنى چاقىرغان ئادەمنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنى زۇمرەتنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ئۈچۈن رەھمىتىم بار ئىدى. كارىدوردا تىۋىتلىق ئەترەڭ چاپان، ئاقۇچ كەلگەن پادىچىلار ئىشتىنى كىيىپ بېشىغا قىممەت باھالىق نوركا باش كىيىمى كىيىۋالغان ئەزىمەت خۇددى بايۋەچچىلەردەك تۈرقى بىلەن قولىنى كەينىگە قىلىپ تۇرۇپتۇ.

يەنىلا شۇ هال، ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا تىترەيمەن، قورقىمەن...

ــ يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

ئارقامغا بۇرۇلۇپ قېچىپ كېتىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

ــ سىزنىڭمۇ بىرگە بولسۇن!ــ دېدىم ـ دە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىنا سىرتىغا چىقتىم .

گەپ قىلىشماي كېتىۋاتىمىز. چىراغ يورۇقىدا تىنىقلاردىن چىققان ئىسسىقلىق ئاپپاق هور بولۇپ كۆتۈرۈلەتتى.

ــ تېزرەك مېڭىڭە، نېمانچە ئاستا ماڭىسىز؟

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆزىدىن خېلىلا ئارقىدا قالغىنىمغا قاراپ شۇنداق دېدى. نېمە سەۋەبتىنكىن، ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇپ قېلىۋاتقانلىقىمنى تەن ئالاتتىم، تۇمشۇقۇمنى ئۇچلاپ تۇرۇپ نارازى هالدا سورىدىم:

ــ نەگە بارىمىز؟

ــ سىز قېچىپ كەتكەن يەرگە.

ــ نېمە؟

ــ سىز قېچىپ كەتكەن يەرگە.

بىراقلا توختاپ قالدىم. ئۇنىڭ هېلىقى ۋاقىتتىكى تۇنجى قېتىم ماڭا «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن يەرگە دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىختىيارسىز هالدا تىترەپ كەتتىم.

ــ توڭلىدىڭىزمۇ؟

ــ ياق.

ــ ئەمىسە تىترەيسىزغۇ؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى

شۇ قەدەر سەممىيەت بىلەن ماڭا تىكىلگەنىدى. ئوڭايسىزلىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرۇۋالدىم.

ــ نېمە؟ يەنە قېچىپ كېتىشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتامسىز؟ ئادەتتە شۇنداق ئاستا ماڭغىنىڭىز بىلەن قاچقاندا بەك ئىتتىك يۈگۈرەيسىز ـ ھە...

ــ ......

ــ گەپ قىلىڭە!

ــ نېمە دەيمەن؟

ــ نېمىلا دېسىڭىز مەيلى، ئىشقىلىپ كۆپرەك پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىزلا بولدى. ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار... خۇددى سىزنى باغدا ئۇچراتقان ۋاقتىمدا ئېچىلىپ پاراڭ قىلغىنىڭىزغا ئوخشاش، ھەراست، مېنى ئالداپ قويۇپ قېچىپ كەتمەڭ ـ ھە!

ئۇنىڭ ئالدىدىن ئىككى قېتىم قېچىپ كەتكەنىدىم. بۇ قېتىممۇ پۇرسەت بولسا قېچىپ كېتىشىمنى پەملەپ قالغان بولسا كېرەك، ئارقا ـ ئارقىدىن شۇنداق دەپ كەتتى.

ئۇنى كۆرسەملا بىلمەيمەن، تىترەيمەن، قورقىمەن، ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكۈم، قېشىدىن قېچىپ كەتكۈم كېلىدۇ.ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراق كەتسەم ئەركىن نەپەس ئالىدىغاندەك، پۇت ـ قوللىرىم باغلاقتىن بوشىغاندەك بولىمەن.

بۇ قېتىم قاچمىدىم. ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم. يەنە تېخى ئۇنىڭ قولىدىكى نەپىس قىلىپ ئورالغان يېڭى يىللىق سوۋغاتنى قوبۇل قىلدىم. بىردىنلا ئۆي مۇشۇكىدەك ياۋاشلاپ قالغانىدىم. نەچچە قېتىم ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلماي يۈرىدىغان ۋە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگە مەنسۇپ

ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويماقچىدەك تۇس بېرىدىغان هېلىقى قىزنى سوراپ بېقىشقا تەمشەلدىم ـ يۇ، يەنە قانداق سورىشىمنى بىلەلمەي گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

ــ توڭلىدىڭىزمۇ؟

ــ ياقەي.

ئەمەلىيەتتە مۇزلىغانىدىم. سىنىپتىن چىققاندا چاپىنىمنى كىيىۋالغىنىم بىلەن قولۇمدا پەلەي يوق ئىدى، شۇڭا قولۇم بەكرەك مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىنى سۇنۇپ قولۇمنى ئالىقىنىغا ئالدى. بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن شۇنچىلىك هودۇقتىمكىن، مۇزلاپ تۇرغىنىمغا قارىماي يۈزۈم لاپىدە ئوت ئېلىپ پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئالىقىنى ئارىسىدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئاستاغىنە:

ــ پەزىلەت، نازۇكلۇقىڭىزنى قاراڭ، ماۋۇ چوكىدەك قوللار قېتىپ قالايلا دەپتۇ، ــ دېدى.

ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن پۈتۈن بەدىنىمگە تاراۋاتقان ئوت مېنى بىر شېرىن ئېقىمدا تىترىتىۋاتاتتى.

ــ بولدى، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، ــ ئاۋازىم يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

ــ ئىسسىتىپ قوياي، باشقا نىيىتىم يوق، ــ ئۇ پەرۋاسىز هالدا شۇنداق دېدى.

مەن تىترەپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم:

ــ بولدى، قولۇم ئىسسىدى، قويۇۋېتىڭ بولامدۇ؟

ئۇ ئاۋازىمدىكى تىترەكتىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە قارىدى. كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ قالغاندەك بولدى ـ دە، ئىتتىك

قولۇمنى قويۇۋەتتى. مەن كۈتۈلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. يۈزلىرىم سەۋەبسىزلا ياش بىلەن يۇيۇلغانىدى...

زارىقىپ كۈتكىنىمىزنىڭ ھاسىلاتى بولمىش قىشلىق تەتىلنىڭ يېتىپ كەلگىنىگە شۇ قەدەر خۇش ئىدىم. يېڭى يىلدىن كېيىنكى كۈنلىرىمنى ئاساسەن سىنىپتىن چىقماي تەكرار قىلىش بىلەن دېگۈدەك ئۆتكۈزۈپتىمەن. مانا ئىمتىھانلارنى بىرىپ بولۇپ يېنىك بولۇپلا قالدىم. ئەتىگەن ئۇكامنىڭ: «ھەدە، مىسىلدىماي تېزرەك كەلسەڭچۇ! سېنى سېغىنىپ كەتتىم» دېگەن قىرىنداشلارچە مېھىر بىلەن تولغان ھەمدە «مىس ـ مىس» دېگەن نامىمنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇرغان تېلېفونىغا ئەتە ئەتىگەندە يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە ئىشلىرىمنى قىلىپ ئاندىن مەكتەپ سىرتىدىكى دۇكاندىن ئازراق بىرنېمىلەرنى ئېلىۋالغىلى چىقتىم. ئالىدىغانلىرىمنى ئېلىپ بولۇپ قايتىپ كىرىۋېتىپ ئەزىمەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئايرىلماس «قاراۋۇلى» بولمىش ھېلىقى قىز مېنى كۆرۈشى بىلەنلا ئىتتىك ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ئەركىلەپ گەپ قىلدى. ئەزىمەت ئۇ قىزدىن قولىنى بوشىتالمىغان ھالدا ماڭا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدى. بىردىنلا ئۆزۈمنى شۇنداق تەمكىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپلا يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئارقامدىن ئەزىمەتنىڭ:

ــ پەزىلەت! ــ دېگىنىنى ۋە ئۇ قىزنى جىمىلەپ

ۋارقىراپ كەتكەنلىكىمنى ئاڭلىمىدىم.
ياتاققا كىردىم، كىرىپلا چامادانىمنى ئېچىپ يېڭى يىل كۈنى ئۇ سوۋغا قىلغان، ئېچىپ كۆرگەن بولساممۇ ئېمىشقىدۇر يېپىشكە قىيمىغان شاكىلاتنى ئېلىپ ياتاق دېرىزىسىنى ئېچىپ سىرتقا زەرب بىلەن چۆرۈۋەتتىم.
چۈشتىن كېيىن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەكتەپ مەيدانىغا كېلىپ تىزىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئالدىراش سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈپ بىزگە تەۋە بولغان ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئەمدىلا چىقىپ تۇراتتىم، «سىز بۇ ئورۇندا، پەزىلەت» دەپ ئەنۋەر ئىسمىلىك بىزدىن بىر يىللىق يۇقىرى ئوقۇيدىغان بالا مېنى ئورۇنلاشتۇردى. چىقىپ ئورۇنلىشىۋالدىم، خىيالىمدا ئەزىمەت ئەگەر مەن چۈشكەن ماشىنىغا چىقسا مەن دەرھال باشقا ئاپتوبۇسقا چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدىم. بىراق تاكى ئاپتوبۇس قوزغىلىدىغانغا قەدەر مەن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم. مەن بىلەن ياندىش كارىۋات بوش تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ چىقمىدى. ئاپتوبۇس سىگنال بېرىپ ماڭمىدىغان بولدى. كۆڭلۈم سەل يېرىم بولغاندەكمۇ بولدى. نېمىشقا يېرىم بولغانلىقى چۈشىنىكسىز ئىدى. ئاپتوبۇس ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ سىگنال بېرىپ تۇرغان شۇ دەقىقىدە ئەزىمەت ماشىنىغا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىقىشى بىلەنلا ئاپتوبۇسمۇ قوزغالدى. ئۇ چىقىپلا شوپۇر تونۇشى بولسا كېرەك، كۈلۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئالدىدا بىر ئاز ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن كەينىگە مېڭىپ دەل مېنىڭ كارىۋىتىم يېنىدىكى بوش كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. مەن يېرىم ئۆرە ھالەتتە ئۇنى كۆرمىگەندەك پەرۋاسىز

هالدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇۋالدىم. نېمىشقا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى، نېمىشقا بۇنداق قىيىداۋاتقانلىقىمنى ئۇقمايمەن. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قالغانلىقى راست.

— ئۆيدىكىلەرنى تازا سېغىنغانسىز - ھە؟

— ...

— ھەي، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن.

— سېغىندىم. سىز سېغىنمىدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىشىدىن ئەتراپتىكىلەردىن خىجىل بولۇپ جاۋاب قايتۇردۇم.

— مەنمۇ يېڭى كەلگەندە شۇنداق بولاتتىم، خۇددى ھازىرقى سىزدەك ئىنتىزارلىق بىلەن. ھازىر كۆنۈپ قالدىم، لېكىن بۇنى سېغىنماسلىق دېيىشكە بولمايدۇ. سېغىندىم، بولۇپمۇ ئاپامنى بەك سېغىندىم.

مەنمۇ شۇ دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ:

— دېرىزىدىن تالاغا قاراپ ئولتۇرۇۋالماڭە، پاراڭلىشىپ ماڭايلى!— دېدى.

— مەن ئاپتوبۇستا پاراڭ قىلىپ ماڭغاندىن مۇشۇنداق جىمجىت ماڭغاننى ياخشى كۆرىمەن.

— ۋاي - ۋۇي، بولدىلا، ئۆزىڭىز يالغۇز ماڭغاندا قىلىۋېلىڭ ئۇنداق خىياللارنى... گەپلىشىپ ماڭمىساق قانداق تۈگىتىمىز بۇ يولنى.

— ناخشا ئېيتىشىپ ماڭايلى بولمىسا،— ئۇستىدىكى كارىۋاتقا جايلاشقان ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز قاتتى.

— ئەزىمەت ئېيتسۇن، ئۇ ناخشىغا بەك ئۇستا.

— شۇنداق قىلسۇن، ئۇ بەك چىرايلىق ئېيتىدۇ ناخشىنى.

كۆپچىلىك تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ھەي باللار... تېخى شەھەردىن چىقىپ بولمايلا بۇنداق ئالىتاغىل تووۋلاپ ماڭساق قاملاشماس، ناخشىنىمۇ ئېيتىمىز، سەل يىراقلاپ سەھرا يوللىرىغا چۈشكەندە ئېيتايلى ئۇ ناخشىنى...— ئەزىمەت باشقىلارنى بېسىپ شۇنداق دېدى. مەن گەپ قىلماي سومكامدىن كىتابىمنى چىقاردىم. ئەمدىلا بېتىنى ئېچىشىمغا ئۇ شارتتىدە تارتىۋېلىپ جىددىي ھالدا:

— ۋاي - ۋۇي، نېمە گەپ بۇ! كۆز كېرەك ئەمەسمۇ سىزگە،— دېدى. سەل تېرىككەن بولسامىمۇ ئەزىمەتنى ناخشا ئېيتقۇزىمىز دەپ ھەمدە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشىۋاتقان ئاۋۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلماستىن جىممىدە تۇرۇۋالدىم.

شۇ تەرىقىدە مېڭىپ تاماق يەيدىغان ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشتۇق. مېنىڭ پەقەت تاماق يېگۈم يوق ئىدى، بىراق ئەزىمەتنىڭ زورى بىلەن ئامالسىز چۈشتۇم. ئۇنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقلىرىغا قاراپ باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن خىجىل بولغانسېرى ئۇ شۇنچە يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەركىن، ئەنۋەرلەرمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھە دېسىلا ئىككىمىزگە پۇرسەت يارىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئەتىگەنكى كۆرۈنۈشنى ئويلىسامىلا جۇدۇنۇم ئۆرلەيتتى، تاماق يەپ بولۇپ ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن تۇن قاراڭغۇلۇقىدا باياتىن بېرى تىنماي كاپىلداپ ماڭغانلار، ئەزىمەت بىلەن تەڭ جىرلاشقانلارغا ھاردۇق يەتتى بولغاي، ئاپتوبۇس ئىچى

جىمىپ كۆپچىلىك ئۇيقۇغا كەتتى. كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندىلا ئۆيگە بارىدىغانلىقىمنى ئويلىسام ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى تىلەيتتىم. ئۆزۈمنى ئارقىغا تاشلاپ كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ياتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر قول مۈرەمنى تۇتتى. ئەندىكىپ ئىتتىك قوپۇشقا تەمشىلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم.

— پەزىلەت، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟— ئەزىمەت پىچىرلاپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھە...

— ھى - ھى... ئۇخلاپ قالدىم دەۋاتقانلىقىمنى يالغانچى.

— نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە... شۇ... ئۆزۈمچە سىزنى ئۇخلىمىغان بولسا پاراڭلىشىپ ماڭايلى دېگەنىدىم.

— قىلغۇدەك نېمە پاراڭ بار ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا...

— سىزچە راستتىنلا پاراڭ يوقمۇ؟

— يوق.

ئۇ بىرھازا جىمىپ كەتتى - دە، قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن تېخىمۇ پەس ئاۋازدا:

— پەزىلەت، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ مېنىڭ سىزگە دېگەن يۈرەك سۆزۈم،— دېدى.

يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. نېمە دەيمەن؟ ئەمىسە «ئەتىگەنكى قىز كىم؟» دەپ سوراپ باقايمۇ... ياق... ئۇنداق سورىسام قانداق بولىدۇ... مەن بەربىر مەكتەپ پۈتكۈزگىچە ھېچكىم بىلەن مۇھەببەتلەشمەيمەن. ئۇ سوئالنى سوراشنىڭ ئۆزى مېنىڭ ئۇنىڭ تورمۇشىغا

دىققەت قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۇرۇپ قويىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا بولۇپ قالىدۇ. يەنىلا پەرۋاسىز ھالەتتە گەپ قىلماي...

ـ پەزىلەت، ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟

ـ ...

ـ ھەي، راستىنى ئېيتسام، سىزنى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. سىزنى كۆپ سۈرۈشتۈردۈم، سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز، سىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇشىڭىزنى كۈتكەنىدىم. بىزنىڭ مەكتەپكە كەلمەي، قايسىلا مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىڭىز مەن ھامان ئىزدەپ يۈرۈپ سىزنى تاپاتتىم، سىزگە بۇ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلاتتىم.

ئۇ ئەمدى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ قورقماي ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئەكسىچە مەن ھودۇقۇپ كەتتىم، باشقىلارنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشىدىن قورقۇپ ئۈيلىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىر تىترەپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم:

ـ ئەزىمەت، بۇ توغرىدا كېيىن پاراڭلىشايلى بولامدۇ؟ باشقىلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ.

ـ نېمە سەت بولىدۇ، بىز يا باشقا گەپ قىلىشمىساق، يا باشقا ئىش قىلىۋاتمىساق...

ـ ياق، ياق، ئۆتۈنۈپ قالاي!

ئۇ ئاۋازىمدىكى تىترەكتىن ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي:

ـ بوپتۇ ئەمىسە... تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرىڭ! ـ دېدى. مەن ئامالسىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

بۇ كېچە ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۇ يېنىمدىكىلا كارىۋاتتا،

مەن ئۇنىڭ يېنىدىكىلا كارىۋاتتا... بىر ـ بىرىمىزگە تىنىقلىرىمىز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەنمۇ، ئۇمۇ بىر كېچە ئۇخلىماي غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۇم. ئاپام قۇچاقلاپ بىر هازاغىچە كۆز يېشى قىلدى، دادامىمۇ خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىمدەك ئەركىلىتىپ پېشانەمگە سۆيدى. ئۇكام بوي تارتىپ ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپ قولىقىمغا «ئەجەب يولۇڭغا قاراتتىڭ، مىس ـ مىس» دەپ چىشىمغا تەگدى. ئۆي دېگەن باشقىچە ـ هە... مېھرىلىك قۇچاق، سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ يول هاردۇقۇممۇ چىقىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاكام مومامنى ئېلىپ بىللە كەلدى. ئۆيىمىز گويا كى بايرام شادلىقىغا چۆمگەندى. موماM باش ـ كۆزلىرىمنى سىلاپ توختىماي پىچىرلاپ تۇرۇپ: «ئۇلۇغ ئاللاھىم،كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن ساقلىغايسەن!» دەيتتى.

ئاخشام ئۇخلىماي كەلگەچكىمىكىن، تاماقتىن كېيىن ئىسسىق ئۆيدە ئېزىلىپ يېتىپ كەچ بولغاندا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

# ئالتىنچى باب

## يەنە ئاغرىپ قالدىم

ھەش ـ پەش دېگۈچە تەتىل بولۇپ، كەلگىنىمگە ئون كۈندىن ئاشتى. كۈندە مېنى يوقلاپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە دوستلىرىم بىلەن ئۆيدىن سىرتقا چىقماي دېگۈدەك ئۆتۈپتىمەن. بۈگۈن دوستۇم گۈلزار ئىككىمىز سىنىپ تەربىيەچىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن چىقتۇق.

ــ پەزىلەت، تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ ئۇرۇمچى يېقىپتۇ ـ ھە... بۇرۇنقىدىن كىچىككىنە سەمرىپ قالغاندەك تۇرىسەن.

ــ راستمۇ؟ نېمانداق ياخشى گەپ بۇ.

گۈلزار بۇرۇندىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇ ئىلى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن بولغاچقا پەقەت تېلېفوندىلا ئالاقىلىشىپ تۇرالايتتۇق.

ــ شەخسىي تۇرمۇشۇڭ توغرۇلۇق بىر ئازمۇ سۆزلەپ بەرمەيسەن ـ ھە؟

ــ شەخسىي تۇرمۇشۇم توغرۇلۇق نېمە ئالاھىدە ئىشلار بولسۇن... شۇ ساڭا دەپ بەرگەنلىرىم ھەممىسى شەخسىي تۇرمۇشۇمغۇ...

ــ ئۇنى دېمەكچى ئەمەسمەن.

— ئەمىسە؟
— ھەي... سەنزە ئازراقمۇ ئۆزگەرمەپسەن، يەنىلا چوڭ بولمايدىغان بالا پېتى تۇرۇپسەن جۇمۇ.
— ۋىيەي ماۋۇ ھەدەمنى... تېخى ئوقۇشقا ئۆتكىنىمىزگە بىر مەۋسۇم بولغان تۇرسا يەنە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتەتتى... ئەجەب بىردىنلا چوڭ بولۇپ كەتكەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟
— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز، ئەمدى بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، بارغاندىن كېيىن بىرەرلىرىنى كۆڭلۈڭ تارتىپ ياخشى كۆرۈپ دېگەندەك ئىشلار بولدىمۇ؟
— ۋاي... ماڭە ساراڭ... ئۇ ئىشلارغا تېخى بالدۇر.
— ماۋۇنى قارا... بالدۇر دېسەڭ مېنى خىجىل قىلىپ قويىسەن.
— نېمە...— مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم.
— ھە شۇ...
— مانى ئەجەب ئىشەنگۈم كەلمەيدا...— راستتىنلا ئىشىنەلمەي قالدىم. گۈلزارمۇ ماڭا ئوخشاشلا جىمىغۇر قىز ئىدى. ئۇنى مەكتەپكە بېرىپلا بىرىنچى مەۋسۇمدىلا باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.
— ئۇ كىم؟
— سەنمۇ تونۇيسەن، ھېلىقى ئۆيى شەرق مەھەللىدىكى... 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىزدىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇغان، ئۆيى موماڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا.
— ھە، ھە... ئېسىمگە كەلدى.
بويلىرى ئېگىز، قارىراق كەلگەن بالا كۆز ئالدىمغا كەلدى.
— ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەئە...— ئۇ قىزىرىپ كەتتى،— سەنمۇ بىلىسەن، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدىلا ئۇ تەكلىپ قويغان. ئۇ چاغدا ئۇنىمىغانىدىم. تەقدىر بۇيرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپ بولۇپ قالسام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ...

مەن بەخت ئىچىدە قىزىرىپ تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان گۈلزارنىڭ چىھرىدە پارلاپ تۇرغان خۇشلۇق تۇيغۇلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ مۇھەببەتتىن قانچىلىك كۆڭلى سۇ ئىچىدىغانلىقىنى سەزدىم.

ئەپسۇس، ئوقۇتقۇچىمنى كۆرەلمەي قايتتىم، تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قارامايغا كېتىپتۇ.

كەچتە يېتىپ گۈلزارنىڭ مەندىن سورىغانلىرى يادىمغا يەتتى. نېمىشقىدۇر قويۇق كىرپىكلىك قارا كۆزلەر كۆز ئالدىمدا سۈس ئالاڭلاپ قالدى.

※ ※ ※

تۈنۈگۈن سوغۇق ئۆتكۈزۈپ قالدىمىكىن، بۈگۈن قوپسام ئېغىرلا قوپۇپتىمەن. پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ بەكلا ھالسىز تۇرىمەن. ئاپامنىڭ بۈگۈن غۇلجا ناھىيەسىگە بارىدىغان ئىشى بار ئىدى. ئۇكام ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا نەۋرە ئىنىم بىللە بىللە چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە كەتكەنىدى. دادام يىغىن بار دەپ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئاپام چىرايىمغا قاراپ:

— پەرىلەت، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ چىرايىڭىز

سارغىيىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ــ دېۋىدى، ئاپامنىڭ مەن سەۋەبلىك بارىدىغان يېرىدىن قېلىشىنى خالىماي ئىتتىكلا:

ــ ياق، بىر ئوبدانلا تۇرىمەنغۇ مانا، ــ دېدىم ـ دە، زورلاپ تۇرۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدىم. مەندىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەردىنمۇ چۆچۈيدىغان ئاپام ھېلىمۇ كەلگىنىمدىن بېرى پەرۋانە بولۇپ ماڭا كۆپ ئىش قىلدۇرمايۋاتاتتى. كېيىن ئاپام مېنىڭ تېتىك ھالدا مېڭىپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاپام كېتىشى بىلەنلا بولالماي قالدىم. ھۇجرا ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتتىم. ياتقانسېرى قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، كۆز ئالدىمنىڭ قاراڭغۇلىشىپ بېشىمنىڭ قېيىپ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم.

كىچىكىمدىن ماڭا دائىم ھۇجۇم قىلىدىغان بۇ باش قايىدىغان، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىدىغان كەم ماغدۇرلۇق كېسىلىم يەنە قوزغالغان ئوخشايدۇ.

شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلىدى. مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ تېلېفوننى ئالغۇدەك ماغدۇر ئەسلا يوق ئىدى. يەنە توختاپ يەنە ئۇلىنىپ جىرىڭلاۋاتقان تېلېفون قېشىغا غەيرەت قىلىپ چىقتىم.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ــ مەن پەزىلەتنى ئىزدەيتتىم.

ــ مەن شۇ.

ــ پەزىلەت، ئاۋازىڭىز نېمانچە بوش، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

بوشىشىپ كېتىۋاتقان قوللىرىم تۇرۇپكىنى مەھكەم سىقىملىدى:

ــ مەن ياخشى ئەمەس... ئەزىمەت... مەن... مەن...
ــ پەزىلەت...
يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئاۋاز ئىچىدە تېگى يوق بىر ھالدا ئىچىگە غۇلاپ كەتتىم.
......
كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا بېشىمدا دادام، ئاپام، ئاكام، ئۇكام ھەممىسى بار ئىكەن. ئاپامنىڭ تولا يىغلاپ ئۇنلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ. داداممۇ قىزارغان كۆزلىرى بىلەن چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ كېتىپتۇ.
ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە دوختۇرخانىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى كېيىن ئۇقتۇم. شۇ كۈنى ئەزىمەت بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىزنىڭ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن. شۇلارنىڭكىدىن چىقىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ تېلېفون قىلغانىكەن. تېلېفوندىن مېنىڭ ئاۋازىمنىڭ بىر چىقىپلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە ئۆيىمىزگە چىقىپتۇ. ئىشىكنى ئاچالماي قوغداش ئۆيىدىكى كىشىگە خەۋەر قىلىپ شۇلار ئارقىلىق ئۆيگە كىرىپ قارىسا مەن ھوشسىز ھالدا ياتقۇدەكمەن. شۇ يەردىن جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىپتۇ. ئۇكاممۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال چوڭ ئاپاملارنىڭكىدىن ئۆيگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.
كېيىن ئەزىمەت بىزنىڭ ئۆينى بۇرۇندىنلا بىلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ قورۇدىكى بالا بىلەن شۇ سەۋەبتىن يېقىن ئاغىنە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇلار ئارقىلىق بىزنىڭ ئۆينىڭ قايسى بىنا، قايسى قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

شۇ ياتقانچە ئون كۈن ئۆپچۆرىسىدە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. قىشلىق تەتىل ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى. بۇ قېتىم دادام، ئاپاملارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپكە كەلدىم. دادام، ئاپام مەندىن بەكلا ئەنسىرەپ مېنى دوختۇرخانىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈش مەقسىتىدە بىللە كەلگەنىدى. مېنىڭ قارشىلىق قىلغىنىمغا ئۇنىماي مەجبۇرىي ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قىلدۇردى. ھېچقانداق مەسىلە چىقمىدى. ئەڭ چوڭ دىياگنوز «قان ئاز، كەم ماغدۇرلۇق ئىدى.»

بۇ دىياگنوزنى ئۆزۈممۇ تەكشۈرۈش قىلمايلا قويۇپ بېرەلەيتتىم. ئۆزۈم بۇ قېتىمقى ھوشسىزلىنىشتىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىدە مەسىلە يوق، دەپ ئويلاپ تۇرساممۇ يەنىلا ئەنسىرەپ قالغاندىم. تەكشۈرۈشكە قارشىلىق قىلىشىممۇ پەۋقۇلئاددە بىرەر كېسەل چىقسام ئاپامنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئاپام، دادام ياتاقتىكى ئىشكاپىمغا ھەر خىل قۇۋۋەت دورىلىرى ۋە قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىدىن لىققىدە قاچىلاپ بېرىپ ئاندىن كەتتى.

ئۇھ... بۇ خىل كۈتۈنۈش، ئوزۇقلىنىشلاردىن خويمۇ زېرىكتىم دېسە...

يەتتىنچى باب

# زەھەردىن كېيىنكى ھەسەل

زۇمرەت بىلەن تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. يېنىمىزدىكى ياتاقتىكى قىز سىرتتا بىرەيلەننىڭ مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. تۆۋەنگە چۈشتۈم.

قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا بېشىدىن ئايىغىچە قارا كىيىم، ئىچىگە يولluق سېرىق مايكا كىيىپ چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن ئەزىمەت ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى مەكتەپكە كەلگەن بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆرۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەن ناچار... — ئۇ قېيىدىغان تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆرۈلۈپلا ماڭدى. مەنمۇ خۇددى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشىم بۇيرۇق قىلىنغاندەك گەپ قىلماي ئەگەشتىم. ئەزىمەت مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارغاندىن كېيىن تاكى ئۆيدىكىلەر كەلگىچە مېنىڭ قېشىمدىن ئايرىلماي ماڭا ھەمراھ بولغان، دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىمدا ئاپاملار يوق ۋاقىتتىنى تاللاپ مېنى بىرنەچچە رەت يوقلاپ كەلگەنىدى. ئاپاملارمۇ مېنى ئەزىمەتنىڭ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك مىننەتدار

بولۇپ كەتكەنىدى. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئاپام مەندىن ئۇ توغرۇلۇق ئاسماقچىلاپ گەپ ئالغانىدى، مەن خىجىل بولۇپ: «بىر مەكتەپتە ئوقۇيمىز، مەكتەپكە قايتىدىغانغا بىللەتكە تىزىملىتىپ قويايمۇ، دەپ ئالاقىلاشماقچىكەن» دەپلا قويغانىدىم.

ئەزىمەتنىڭ ئۇن ـ تىنسىز مېڭىشىدىن نېمىگىدۇر ئىچى سىقىلىپ قالغانلىقىنى سەزدىم، گەپ قىلىشماي مەكتەپ سىرتىغا چىقتۇق. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ بۆلەكچىلا، قاپاقلىرى تۈرۈك. بۇ خىل ھالىتى ئىچىمنى سىقىسىمۇ، «نېمە بولدى؟» دەپ سوراشنى بىئەپ كۆردۈم.

بىز مېڭىپ مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى «مەرۋايىت» تاماقخانىسىغا كىردۇق. ئۇن ـ تىنسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئايرىمخانىغا كىردىم.

— قېنى ئولتۇرۇڭ!

مەن قورۇنۇپقىنا ئولتۇردۇم.

— نېمە يەيسىز؟

— نېمە بولسا مەيلى، مەن تاماق تاللىمايمەن.

— ئەمىسە توخۇ قوردىقى يەيلى، بۇلارنىڭ توخۇ قوردىقى بەك ئوخشايدۇ.

«مەيلى» دېگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ماڭمىدىغان ۋاقىتتا سىزنى ئىزدەپ كېتىپتىمەن.

— دادام، ئاپاملار بىلەن بىللە كەلدىم، ئۇلار ئۇنىماي مېنى تەكشۈرتىمىز دەپ.

— كېيىن ئۇقتۇم، تەكشۈرۈش نەتىجىسى قانداق چىقتى؟

— ھېچقانداق كېسەل يوق، ئاتايىن ئاۋارە بولغانغا تۇشلۇق، — تۇمشۇقۇمنى ئۇچلاپ تۇرۇپ نارازى ئاھاڭدا گەپ قىلدىم.

— كېسەل چىقمىغىنى ياخشىغۇ؟ خاپا بولۇپ كەتكىنىنى كېسەل چىقمىدى دەپ...— ئۇ كۈلۈۋەتتى. ياتاقتىن چىققاندىن بېرى ئۇنىڭ ئېچىلىپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— پەزىلەت، — ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى.

— نېمە گەپ؟

— كۈلسىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىسىز ـ ھە!

— ...

— پەزىلەت.

— ھە، — بوشقىنە ئاۋاز چىقاردىم. ئۇنىڭ بايىقى گېپىدىن خىجىل بولۇپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. يۈرىكىممۇ ئىختىيارىمغا بويسۇنمىغان ھالدا تېز سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

پىچىرلىغاندەك دېيىلگەن بۇ گەپلەر ماڭا شۇ قەدەر ئېنىق ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرەلمەي، ئۇنىڭغا قارىيالماي قىينىلىپ كەتتىم. ئۇمۇ، مەنمۇ جىممىدە بولۇپ قالدۇق.

— تامىقىڭلار چىقتى، — دەپ خۇش چىراي كىرىپ كەلگەن مۇلازىمنىڭ ئاۋازى بىلەن بۇ جىمجىتلىق بۇزۇلدى.

ئۇمۇ، مەنمۇ ئۇنسىز ھالەتتە تاماق يېيىشكە باشلىدۇق. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تەخسەمگە توخۇ گۆشىنىڭ

لوق يەرلىرىدىن سىلىپ قوياتتى. ئارىمىزدا بىر خىل خىجىلللىق ۋە تارتىنىش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قىزىق، ئۇمۇ باشقا ۋاقىتلاردا ئوخشاش تىرتەكلىك قىلماستىن خۇددى ماڭا ئوخشاشلا تارتىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى بۇ سۈكۈتنى ئۆزى بۇزدى.

— پەزىلەت، سىزدىن بىر جاۋاب ئاڭلىسام دەيمەن.

— ئەزىمەت، بىز بۇ گەپلەرنى قىلىشمىساق بولمامدۇ؟

— نېمىشقا؟

— مەن، مەن...

— مېنى ياقتۇرمامسىز؟

— ياق!— ئىتتىك ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزدىن ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. مېنىڭ ئىتتىك دېگەن گېپىمدىن ئۇ دەرھال جانلىنىپ كەتتى.

— ئەمىسە نېمىشقا بولمايدۇ، بىلەمسىز، سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن. سىزنى تۇنجى كۆرگەندىن باشلاپلا شۇنداق، بۇنى مەن سىزگە ئېيتقان. مەن ھازىر سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە بەك موھتاج!

— نېمە ياردەم؟— مەن تېڭىرقىغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بۇ ئىشقا پەقەت سىزلا ياردەم قىلالايسىز. سىزگە بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرسەم مېنى ئەتتەي ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتىدۇ دەپ قالماڭ، مەنمۇ بەك ئامالسىزلىقتىن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن...

— مەن قانداق ياردەم قىلالايمەن سىزگە، ئېنىقراق دەڭە!

— سىز دائىم مەن بىلەن بىللە يۈرىدىغان ھېلىقى قىزنى بىلىسىزغۇ - ھە؟

ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۇ قىزنىڭ گېپىنى چىقىرىشى بىلەن نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. «بىلىمەن» دېگەن تەرزدە بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

ــ ھە، شۇ قىز... ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم. مەكتەپكە يېڭى كەلگەندىن تارتىپ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دەپ يۈرىدۇ. دەسلەپتە مەن ئۇنى ساۋاقداشلارچە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېرەن قىلماپتىمەن. كېيىن قارىسام ئىش باشقىچە... سىنىپتا بولسۇن، باشقا سىنىپلاردا بولسۇن، بىر يۈرتلۇقلىرىم بولسۇن، قايسى قىز بىلەن پاراڭلىشىپ يېقىن ئۆتكەنلىكىمنى بىلىپلا قالسا ئۇرۇشۇپ جېدەل چىقىرىدۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ مەن بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدىم. ئوچۇقمۇ دېدىم، سىلىكىپمۇ باقتىم، قارىمايمۇ باقتىم... بىراق سالجىدەك چاپلاشقىنى چاپلاشقان. كۆپ بالىلار گۇناھنى ماڭا قويۇپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىدۇ. «ئۇۋالىغا قالىسەن، ئۇنداق قىلىپ كەتمە!» دەپ نەسىھەت قىلغان ئادەممۇ جىق. پەزىلەت، ئويلاپ بېقىڭە، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئۇنداق ھېسداشلىق نۇقتىسىدىن ئارىلاشقىلى بولىدۇ؟ مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرمەيمەن. سىزنى ئۇن ــ تىنسىز ساقلىساممۇ بولاتتى، بىراق بۇنداق قىلىشىم ئۇنىڭغا نىسبەتەن رەھىمسىزلىك بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا گەرچە ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى مىڭلاپ قېتىم دېگەن بولساممۇ، بىراق «مەن ماۋۇ قىزنى ياخشى كۆرىمەن» ياكى «يۈرۈۋاتىمەن» دەپ كۆرسەتمىگەن بولغاچقا ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا... پەزىلەت... سىزنى نەچچە يىلدىن يوشۇرۇن ياخشى كۆرگىنىمنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ ماڭا ماقۇل دېسىڭىز... مەنمۇ ئوچۇق ــ ئاشكارا ھالدا سىزنىڭ مەن نەچچە يىللاردىن بېرى ياخشى

كۆرۈپ كەلگەن قىز ئىكەنلىكىمىزنى، سىز بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىمنى دېگەن بولسام ئۇمۇ بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالاتتى، ماڭا نەسىھەت قىلغۇچىلارمۇ پەسكويغا چۈشكەن بولاتتى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق بىر تۇيغۇ دىلىمنى چىگىپ سەزگۈمنى گاللاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ سۆزىدىن توختاپ ماڭا قارىدى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۆزۈمدىن دومىلاپ چۈشكەن ياشلىرىمغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئەمەس، ئۆزۈممۇ سەۋەبسىز چۈشۈۋاتقان بۇ لەنىتى ياشلىرىمنى يا توختىتالماي يا سۈرتۈۋېتەلمەي ئولتۇراتتىم.

شۇ كۈنى نېمىشقا يىغلىغانلىقىمنى، شۇ يىغامنىڭ ئەزىمەتكە قانداق تەسىر بېرىپ قويغانلىقىنى ئۇقمايمەن. پەقەت تىترەپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغىنىم: ئۇ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزۈمنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ كۆزلىرىمگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا:

ــ نېمىشقا يىغلايسىز، پەرىلەت؟ــ دەپ سورىغانلىقى ۋە ئالقىنى بىلەن كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى ئېرتقانلىقى، مەن رايىشلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە باش قويۇپ تۇرۇپ سىرتتا ئازار يەپ كىرگەن بالا ئانا باغرىدا تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلىغاندەك يىغلاپ كەتكەنلىكىم... ئۇ: «ئەخمەق، قىز، كەچكىچە يىغلاپلا يۈرگەن بارمۇ» دەپ مېنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ بەزلىگەنلىكى...

ئاھ، شۇ مىنۇتلارنى بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمدىمۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرۇپ ئەسلىشىم مۇمكىن.

※ ※ ※

شۇ كۈندىن كېيىن خېلى بىر كۈنلەرگىچە ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈردۈم. ئۇنى ئويلىسامىلا يۈرەكلىرىم سېلىپ ئىنتايىن بىر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك خىجىللىق ئىلكىدە قالىمەن. ئۇنى كۆرۈشتىن، ئۇنىڭ ئاپەت تېرىغۇچى شۇ قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقىمەن، ئۇ كۆزلەردىن چاچرىغان ئوتلار مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشى مۇمكىن، مەن راستتىنلا قورقىمەن.

بۈگۈنمۇ ئۇنى كەچتە مەكتەپ ئاشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم، كۆردۈم - يۇ، خۇددى ساردىن قاچقان چۈجىدەك كىرىۋالىدىغان يەر ئىزدەپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم. زۇمرەتكە ئېسىلىۋېلىپ ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ ئاشخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىك يولدىن ئايلىنىپ كېتىشكە زورلاپ تۇراتتىم، ئۇ يېتىپ كەلدى:

— زۇمرەت، نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ئارقاڭلارغا بۇرۇلىسىلەر؟ مەن شۇنچە قورقۇنچلۇقمۇ؟

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن رەنجىگەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى، شۇڭا ماڭا گەپ قىلماي زۇمرەتتىن سوراۋاتاتتى.

— سىزدىن قاچمىدۇق.

— ئەمىسە نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ئارقاڭلارغا ئۆرۈلىسىلەر؟

— ھى - ھى... بۇنى نېمىشقا سوراشقا تېگىشلىك

ئادەمنىڭ ئۆزىدىن سورىمايسىز؟
قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرغان ماڭا زۇمرەت ئاستىلىق قىلغىنىچە كۇلۇپ تۇرۇپ مەھكەم ئىسىلىۋالغان قوللىرىمنى بوشاتتى ـ دە:
ــ ئەمىسە ئۇ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن، شەرتىم شۇكى، ئۇنىڭغا ئازار بىرىپ يىغلىتىشىڭىزغا قەتئىي بولمايدۇ،ــ دەپ مىنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى.
ــ تاماق يېدىڭىزمۇ؟ــ ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى، بېشىمنى لىڭشىتتىم
ــ ئەمىسە بىردەم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەمدۇق؟
مەن گەپ قىلماي ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشتىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن، گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن قورقىقاندەك يۈرىكىم شۇنداق سىلىپ تۇرسىمۇ قەدەملىرىم ئاڭسىز رەۋىشتە شەرتسىز هالدا بويسۇنۇپ ئۇن ـ تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.
كەچلىك تەكرارغا ماڭغانلار، سىرتقا ماڭغانلار يولدا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى، كىملەردۇر ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلاشتى. مەن بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەي يەرگە باققىنىمچە كېتىپ باراتتىم. توساتتىن «ئەزىمەت» دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتۇق.
ئالدىمىزدا غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئىتتىك ماڭغانلىقىدىن يۈزلىرى ئىسسىپ تىنىقلىرىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسىدىن روشەن بىلىنىپ تۇرغان ھېلىقى قىز ــ قايسى كۈنى ئەزىمەت ماڭا دەپ بەرگەن مەھبۇبە تۇراتتى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغان نەپرەت

ئۇچقۇنلىرى مېنى شۇ يەردە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكۈدەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىدىن ئەزىمەتمۇ چۆچۈگەن چېغى، ئىتتىك ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ مېنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇپ:

— مەھبۇبە، بۇ يەردە سەتلەشمىگىن، بۇنى مەن ساڭا دېگەن، — دېدى.

— ياخشىغۇ... شۇنداقلا دېگەن گېپىڭ بىلەن مېنىڭ نەچچە يىللىق ئەقىدەمنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتمەكچىمىدىڭ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق!

— مەھبۇبە، ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگىن، بۇنداق قىلىش بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— ياق، — ئەسەبىي ھالەتتە ۋارقىرىغان قىز ماڭا چاڭ سالماقچىدەك ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى، — ھېچكىم سېنى مەندىن تارتىۋالمەن، دەپ خام خىيال قىلمىسۇن!

— مەھبۇبە، بۇنداق سارائلىق قىلما!

— مېنى ساراڭ قىلغان سەن، ئەمدى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەممىدىن تېنىۋالماقچىمۇ؟ ماڭا ئېيتقان ھەممە گەپلىرىڭ يالغان، شۇنداقمۇ؟ مېنى ئۇنداق سۆيمەن، بۇنداق سۆيمەن دەپ كەينىمگە كىرىپ يىغلاپ - يالۋۇرمىغان بولساڭ مەنمۇ سېنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالامتىم؟ ئاھ، خۇدا! بىز قىزلارنى نېمانچە ئاجىز، بوزەك ياراتقانسەن؟ كىم بىلىدۇ، بۇ قىزغىمۇ ماڭا دېگەن شۇ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىڭنىڭ قانچىلىكىنى دەپ ئۆزۈڭگە ئىشەندۈرۈۋالدىڭ؟

بىردىنلا قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن ئاچچىق ئازاب بىلەن شىكايەت قىلىپ، دادلاپ تۇرۇپ يىغلاۋاتقان قىزغا قارىغىنىمچە بېشىمنى چاڭگاللىدىم. ئەزىمەت: «بۇ، بۇ...

مەھبۇبە، ئويۇن قويما! پەزىلەت، بۇ كاللىسىدىن ئېزىپتۇ، سىزگە مەن ھەممىنى دېگەن، بۇ گەپكە ئىشەنمەڭ!» دېگىنىچە ماڭا قاراپ قوللىرىنى سوزۇپ يېقىنلاشتى. ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمىگۈدەك غەيرەتتە ئۇنىڭ قوللىرىنى كۈچ بىلەن ئىتتەردىم ـ دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا ياتاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئارقامدىن «پەزىلەت، توختاڭ!» دېگەن ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە ئۇ قىزنىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە يىغلاشلىرى سۇس ئاڭلاندى...

تۈگىدى، ھەممە نېمە تۈگىدى، تۇنجى مۇھەببىتىم مانا مۇشۇنداقلا ئاددىي ھالدا ئۆزۈممۇ تېخى ماقۇللۇق جاۋاب بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىمنى بىلمەي تۇرۇپ ئاخىرلاشقانىدى. مەن ئۇنداق ۋاپاسىز ئادەمنى ھەرگىزمۇ كەچۈرەلمەيتتىم.

※ ※ ※

ھەش ـ پەش دېگۈچە يازلىق تەتىل ۋاقتىمۇ بولدى. ماۋۇ بىچارە خاتىرەمگە ھېچنېمە يازماپتىمەن. قىشنىڭ جاننى چاقىدىغان سوغۇقلىرىنىڭ ئورۇمچىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى، ھاۋانىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىللىپ ئەتىيازنىڭ سەلكىن شاماللىرى ئاستىدا ھەممە ھاياتلىقنىڭ تەڭ جانلىنىپ، كوچا ـ كويلاردىن ئەگىز سۇلىرىنىڭ سىمونت يول گىرۋەكلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، ئىللىق ھاۋادا ئاخىرى پارغا ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈندىن ـ كۈنگە ئىللىغان جاھان رەپتارىغا بېقىپ ئۇستىمىزدىن قىشلىق

كىيىملەرنى سىيلىش بىلەن بىللە روھىيىتىمدە ھېچقانداق يۈكى بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ تەڭ يېنىكلەپ كەتكەنلىكىنى، ئەكسىچە شۇ ئۈزاق كۈنلەرنى جان - جەھلى بىلەن سىنىپ، كۈتۈپخانا، ئاشخانا، ياتاق ئارىلىقىدا مېڭىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان سارغۇچ چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرىدىغان، قوڭۇر كىرپىكلەر ئورىغان قوي كۆزلىرىنىڭ تېگى - تېگىدىن بىر مۇڭ يالتىراپ تۇرىدىغان، ئاق قۇدەك ئۇزۇن بويىنىغا ماسلاشقان ئاق، سۈزۈك يۈزلىرى كىشىگە پەقەت كۈن كۆرمەي پارنىكتا ئۆسكەن گۈلنى ئەسلىتىدىغان بىر قىز يۈرىكىدىكى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يېنىكلىتەلمىدى. بۇ قىز مەن ئىدىم. بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدىكى بېسىلىپ تۇرغان ئېغىر تاش، ۋاپاسىزلىق بىلەن ئازاب خەنجىرىدىن تاتۇق قالدۇرغان سەن ئىدىڭ، ئەزىمەت.

ئوخشاشلا تۈنجى قېتىم سېنىڭ مۇرەڭگە باش قويۇپ سەۋەبسىز ئۆكسۈشتىن تۆكۈلگەن ياشلىرىمنى مېھرىڭ بىلەن ئالقانلىرىڭدا سۈرتكەن مىنۇتلارنى ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدا ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغىنىمغا ئىشەنچەم بولغىنىغا ئوخشاش، ئاشۇ قاباھەتلىك كۈندىكى مەھبۇبەنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئەسلىي قىياپىتىڭنى ئېچىپ تاشلىغان ئاشۇ كۈنى، شۇ ئازابىنىڭ يۈرىكىمنى تىلىپ پارە - پارە قىلىپ قالدۇرغان يارىسىنىمۇ ئوخشاشلا قان قۇسۇپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىەتتىم.

سەندىن شۇ قەدەر نەپرەتلەندىم، شۇ قەدەر نەپرەتلەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا سېنىڭ ئالدىمنى توراپ، قايسىلا ۋاقىتتا بولسۇن ماڭغان يوللىرىمدا ساقلاپ

تۇرۇپ، يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ پاراڭلىشىشقا ئۇندەشلىرىڭنى رەت قىلدىم. ئىككىنچىلەپ سەن تەرەپكە باقماسلىققا نىيەت قىلغان كۆزلىرىمدىن پەقەت تۇن كېچىلەردە، تۇن قاراڭغۇلۇقى ھەممىنى شېرىن چۈش قوينىدا ئەللەيلىگەن ۋاقىتلاردا تارام ـ تارام ئۇنچىلەر تۆكۈلەتتى. ئاجىزلىقىمدىن سىلكىنىپ تۇرۇپ سېنىڭ ئاشۇ قويۇق كىرپىك ئورىغان كۆزلىرىڭنىڭ ئولجىسىغا ئايلانماقچى بولغان خىيال كەپتەرلىرىمنى كۆڭۈل قازناقلىرىمغا تۇتقۇن قىلاتتىم، ئۇنىسىز ئۆكسۈشتىن تۈن كېچىنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن لەۋلىرىمنى چىشلەپ ئىز چىقىرىۋېتەتتىم... ئاھ... قىسقىسى... مەن قىيناق ئىچىدىكى مەھبۇسلۇق ھاياتىمنىڭ شاھىتى بولمىش خاتىرەمگىمۇ قىيا بېقىپ نەزەر سالمىغانلىقىم ئۈچۈن شۇ كۈنلەردىن ئىزنا قالدۇرماي كەلگەندىم. ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدەك سەن بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەكتەپكە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرە ئالغان ئاپتوبۇسقىمۇ چۈشمەي ئۆزۈم يالغۇز يۈرتقا قايتتىم.

تەتىلدىكى كۈنلىرىم خېلىلا مەنىلىك ئۆتتى. ئۆيدىن چىقماي ئاپامدىن ھارماي ئۈنى ـ بۇنى پىشۇرۇش ۋە ئۆزۈم ئېتەلمەيدىغان تاماقلارنى ئېتىشنى ئۆگەندىم. دادام رەنجىيتتى، ئاپامغا: «سەن بۇ بىچارە قىزىمنى تەتىلدە ئاران كەلگەندىمۇ ئارام ئالغۇزمىدىڭ» دەيتتى. ئۇكام: «دادا، پەزىلەت ھەدەم مەكتەپتە ئوقۇشتىن يالتىيىپ قاپتۇ، ئۇ مەندەك ئۆكسىنىڭ بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس قايتىپ كېلىپ ئۇكىسى ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ كۈتمەكچىكەن» دەپ مېنى تېرىكتۈرەتتى. ئاپام

بولسا مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆندىن ـ كۈنگە ئۆي ئىشلىرىغا
پىشقۇراتقانلىقىمنى ۋە ياۋاشلىق بىلەن ئۆيدىن چىقماي
كەچكىچە ئۆي تازىلاپ، تاماق ئېتىپ، ئۆنى ـ بۇنى
پىشۇرۇپ ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى كېيىنكى تۇرمۇشىغا ئاساس
سېلىش دەپ قاراپ ئىچىدىن خۇش بولۇۋاتقانلىقىنى
مەمنۇنلۇق ئىپادىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.
كۆڭلۈم شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن
خېلىلا ئارام تېپىپ قالدىم. ئاندا ـ ساندا گۈلزار بىلەن
چىقىپ بازار ئايلىنىمەن، شەھەرلىك كۈتۈپخانىغا بارىمەن،
ئۇنىڭ ھاياجان ئىلكىدە ئالىم بىلەن بىللە ئۆتكەن
ۋاقىتلىرىدىكى ئىشلىرىنى خۇشاللىق ھېسسىياتىدا
سۆزلەپ بېرىشلىرىنى تىڭشايمەن. ئۇنىڭ مېنىڭ شەخسىي
تۇرمۇشۇم توغرۇلۇق سورىغان سوئاللىرىدىن ئۇستىلىق
بىلەن گەپ بۇراپ ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن. بىراق، دەل شۇ
كېچىسى تۇن يېرىمغىچە كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچىدۇ.
جۇپلەشمىگەن كىرپىكلىرىمگە ئېسىلىپ قارىچۇقۇمدىن
ئۇرۇن ئېلىشقا ھە دەپ تىرىشىۋاتقان ئاشۇ ئاپەت
تېرىغۇچى كۆزلەردىن نەپرەتلىنىمەن.

※ ※ ※

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!
— مەن پەزىلەتنى ئىزدەيتتىم.
— مەن شۇ.
— سىرتقا چىققان بولسىڭىز سىزگە دەيدىغان گەپ
بار ئىدى.
— سىز؟

— مەن ئۇدۇل بىنادىكى قوشنىڭىز ئەركىن.

سىرتقا چىقتىم. قورۇيمىزنىڭ ئوڭ تەرەپ كىرىش ئېغىزىدىن ئىچكىرىگە سوزۇلغان بىر سۇنئىي باغچە بولۇپ، شەھەرنىڭ دىمىق ھاۋاسىدىن قاچقان بۇ قورۇدىكى كىشىلەر ئۇچۇن بەئەينى كىچىككىنە ھۇزۇرلۇق جەننەت ئارامى بەرگۈچى ئورۇن ئىدى. بىر يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە تىكىلگەن دەرەخلەر ھازىر ئۆسۈپ يوغىناپ باغچە ئىچى بوككىدە بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەر بىلەن تولىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى. ئەركىن مېنى شۇ باغچە ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىرىپ ئاددىيغىنە سالاملاشتۇق.

چۈش ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر چۈشلۈك ئۇيقۇسى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپ باغچىمۇ ئازادە بولۇپ قالغانىدى.

— بىردەم پاراڭلاشساق بولامدۇ؟

— بەك مۇھىم گەپمۇ؟ — مەن پاراڭلىشىشنى تازا خالاپ كەتمەيدىغانلىقىمنى ئىپادىلەپ تومتاقلا سورىدىم. بىر قورۇدا بولساقمۇ مەندىن بىر - ئىككى سىنىپ يۇقىرى ئوقۇغان بۇ بالىلارغا ئادەتتە پاراڭمۇ قىلىپ كەتمەيتتىم. قورۇدىكى باشقا قىزلاردەك بىكار بولسىلا كىچىككىنە كېسەك ئۇنئالغۇنى بولۇشچە قويۇپ چوڭنى چوڭ دېمەي «ساۋاقداش تۇرساق» دەپ قويۇپ بىزەڭلەرچە پاراڭلىشىپ تۇرۇشلارنى پەقەت ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، بۇلارمۇ ماڭا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مەندىن تەپ تارتقاندەك قىلىشاتتى.

— ھەئە، بەك مۇھىم گەپ.

ئۇنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى مېنى قىزىقتۇردى،

ھەيرانلىقىم قوشۇلغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا قوشۇلغانلىقىمنى بىلدۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بىز باغچىنىڭ سەل ئىچكىرىسىگىرەك مېڭىپ دۈگىلەك تاش ئۈستەلنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق.

— بۇ بىرەيلەننىڭ ھاۋالىسى ئىدى، پەزىلەت. پەقەت ھاۋالىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ خالىس خىزمەت قىلىپ قويىمىسام بولمايدىغان مەسئۇلىيەت.

— كىمنىڭ، نېمە گەپ؟

— ئەزىمەت بىلەن نېمە بولدۇڭلار؟

ئەزىمەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىشىم بىلەن بىردىنلا تىترەپ كەتتىم ھەم ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇياق - بۇ ياققا قارىدىم. ئەركىن ئىپادەمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان ھالدا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. خۇددى مەخپىيىتىم ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى ئالدىدا قىزىرىپ كەتتىم.

— پەزىلەت، سىز ئەزىمەتنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز.

— سىز ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ بۇنداق دېمەڭ!

— ياق، مەن ھەممىنى بىلىمەن. بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بۇنداق بولۇشقا چىدىماستىن خالىس ئوتتۇرىغا چۈشتۈم. راستىنى ئېيتسام، بۇ ئەرزىمەس سەۋەب تۈپەيلى ئاغىنەمنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنىڭ توزۇپ كېتىشىنى خالىمىدىم.

— سىز ئاغىنىسى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئۇنى ئاقلايسىز.

— ياق، ئۇ ھەقىقەتەن سىز خاتا چۈشەنگەندەك بالا بولغان بولسا مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈم ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان قىزنى بۇنداق ۋىجدانسىزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرمەيتتىم. پەزىلەت، سىزنى ئەتتەي ئۇچۇرۇپ

ماختاش ئارقىلىق سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئېرىتمەكچى ئەمەسمەن. قورۇدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە بەك قول قويىدۇ. سىزنى غايىبانە كېلىن قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. مۇشۇ قورۇدىكىلەردىن سىز بىلەن تەڭدىمەت ئوغلى بارلارنىڭ ھەممىسى دېسەم ئارتۇق كەتمەس، ھەتتا مېنىڭ ئاپاممۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئۇ شۇنچىلىك سەممىي ھالدا سۆزلەۋاتاتتى، سۆزلىرىدىن، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سەممىيەت تۇيغۇسى ئالدىدا قۇۋلۇق قىلىۋاتىدۇ، يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، دەيدىغانغا ھېچ ئاساسىم يوق ئىدى.

ــ راست، پەرىلەت، ئاپام ماڭا نەچچە قېتىم دېگەن. سىزدەك قىزنى تاپسامغۇ بەختىمتىغۇ... بىراق خۇدايىم ماڭا بۇنداق بەختنى ئاتا قىلماپتىكەن. ئەزىمەت مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم. ئۇ دەسلەپتە سىزگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقان ۋاقىتتا مەنمۇ سىزنى قىزغانغاندەك بولغان، بىراق ئاغىنەم ماڭا قارىغاندا نەچچە ھەسسە سىزگە باب كېلىدۇ، سىلەر ھەر جەھەتتىن گۈل گۈلىگە، خىل خىلىغا كەلگەن بولىسىلەر، شۇڭا مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنى قوللىغانىدىم، بىراق ئۇ بىچارىنىڭ ئاران كەلتۈرگەن بەختىنىڭ سىزنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭىز بىلەن بەربات بولۇپ ئۇنى بۇنداق تۇگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ئايرىلىشىمسامغۇ ياخشى بولاتتى، ئۇنى ئۆزى سىزگە ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى، سىزنى قايىل قىلالايتتى... بىراق بىلسەم سىز ئۇنىڭغا قىلچە ئىمكانىيەت بەرمەپسىز. گېپىنى بىر تىڭشاش ئەمەس، بىر قايرىلىپ قاراشنىمۇ رەت قىپسىز. مەن گەرچە سىلەر بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇمىساممۇ ھەپتىدە بىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ

تۇرىمەن، شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ قېشىغا بارغاچ سىزنى ئىزدەپ باردىم، بىراق تۇۋا قىلدىم، سىزنى تاپماق دېگىنىزدىن يىگىنە ئىزدىگەندەكلا تەسكىنا... پەقەتلا تاپالمىدىم، نەلەرگە يۇرىسىزكىن بىلمىدىم.

ئۇ چوڭقۇر تىنىپ گېپىنى توختىتىپ ماڭا تىكىلدى. مەن تېپچەكلەۋاتقان يۈرەك رىتىمىمنى ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك قوللىرىمنى چىڭ گىرەلەشتۇرۇپ يۇرىكىم ئۇستىگە قويغىنىمچە ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاۋاتاتتىم.

ــ ئۇ بەك تۇگىشىپ كەتتى، ئاخىرى مەن مەھبۇبە بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق خۇشاللىق بەخش ئېتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتۈندۇم . ئۇنىڭسىزمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن ئەزىمەت مەھبۇبەگە بىراقلا قارىماي قويۇپتۇ. سىنىپلاردا ئۇ گەپ قىلىسىمۇ گەپ قىلماي، ئۇ يېنىغا ئولتۇرۇۋالسا دەرسكە قاتناشماي چىقىپ كېتىپ يۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇنى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يالغاندىن يېقىنچىلىق قىلسا ئاقىۋەتتە زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا مەھبۇبە ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپتۇ.

ئۇ مېنىڭ ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە قاراپ قويۇپ يېنىدىن كىچىككىنە بىر ئۇنئالغۇنى چىقاردى ـ دە بېسىپ قويدى. ئۇنئالغۇدىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپ ئانچە دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرەلمىدىم، بارا ـ بارا قىزنىڭ ئاۋازىدىكى تونۇشلۇق مېنى ئۆزىگە تارتتى ـ دە، دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدىم.

«ئەسلىي سىزگە بۇ گەپلەرنى خەت ئارقىلىق يازسام

بولاتتى. بىراق خەت دېگەننى قانداقلىكى ئادەم يازسا بولۇۋېرىدۇ. خەت دېگەنگە ئوبرازلىق ۋە لىرىكىلىق سۆزدىن بىر - ئىككىنى قوشۇپ قويسىڭىزلا ئۇ سىزنى مەلۇم دەرىجىدە تەسىرلەندۈرۈلەيدۇ. بىراق مەن بۇنداق قىلىشنى پەقەت خالىمىدىم. چۈنكى، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، تونۇشمايدىغان تورساق دېيىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، بىز تاشقى جەھەتتىن تونۇشمايمىز، بىراق ئىچكى جەھەتتىن بەكلا تونۇش ھەم بىر - بىرىمىزگە ئەشەددىي دۈشمەن. سىز ئۇنداق قارىمىسىڭىزمۇ مەن شۇنداق قارايمەن. چۈنكى، ئىككىلىمىز بىر ئادەمگە كۆڭۈل بەرگەن. ئىككىلىمىز ئۈچۈن ئۇ كىشى شۇنچە قەدىرلىك... ئۇ كىشى ئۈچۈن پەقەت سىزلا شۇنچىلىك قەدىرلىك بولغىنىڭىز ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭىلگەنلىكىمنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىپ بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلىك دۈشمەنلىكتىن چېكىنىمەكچى. بۇ چېكىنىش بىلەن سىزگە قول بېرىپ سىز بىلەن دوست بولۇپ قېلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سىز مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالغان، بۇ ئايىغى چىقمايۋاتقان ئازابلىق مۇھەببەت كەچمىشىمگە چېكىت ئۇرالىغان بىردىنبىر قىز. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەن بىلەن تىركەشكەن ھەرقانداق قىزنى ھەرقانداق ئۇسۇللار بىلەن چېكىندۈرگەنلىكىم راست، بىراق ئۇ چاغدىكى غەلىبە قىلىشىم تامامەن ئەزىمەتنىڭ ماڭا كۆڭۈل بېرەلمىگىنىگە ئوخشاش ئۇ قىزلارغىمۇ كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىنى ئاخىر ھېس قىلىپ يەتتىم. سىزدىن يېڭىلىشىمدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ دەل شۇ. ئۇ بولسىمۇ مەن بۇ دۇنيادا بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن ئادىمىم،

سەۋدايىلارچە سۆيۈپ قالغان ئەزىمەتنىڭ كۆڭلىنىڭ سىزگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈندۇر. ھېلىقى كۈندىكى ئۈياتسىزلارچە قىلغان يالغانچىلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورىمايمەن، كەچۈرۈڭمۇ دېمەيمەن. ماڭا سىزنىڭ كەچۈرۈشىڭىز، ئەپۇ قىلىشىڭىز ھەممىسى بىھاجەت. بىراق شۇ كۈندىكى تەلۋىلىكىم سەۋەبلىك ئەزىمەتنىڭ بۇرۇنقىدەك يالغاندىن بولسىمۇ كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىپ بۇدۇشقاقلارچە يېپىشىۋېلىشىمغا چىداپ ئۆتۈشىدىن بىراقلا مەھرۇم قالدىم. ئۇ ماڭا بىراقلا قارىماي قويدى، يېلىنىشلىرىم، يالۋۇرۇشلىرىم ھەممىسى بىكار بولدى. شۇندىلا سىزنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانچىلىك ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىڭىزنى، سىزنىڭ ئورنىڭىز ئۈچۈن ئۇ ھەممىنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم. شۇنداقلا مېنىڭ قىلغان تەلۋىلىكىم تۈپەيلى سىز ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ ئۇنىڭغا قارىماي قويغانتىڭىز، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالاي دېدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى بىراقلا تاشلىۋېتىشىدىن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىشىدىن، ھەتتا دەرستىمۇ چېكىنىپ كېتىشىدىن، يۈرىكىم قۇقاستا كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى. مەن سىزنى ئۇنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگەندىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىدىن چۈشەنگەن. ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەندە ئىچىمدە: «ھىم، بۇنىمۇ مەن ئۆزۈم سەندىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىمەن» دەپ نىيەت قىلغان ھەمدە سىزنىڭ نازۇك گۈزەل تۇرقىڭىزغا باشقىچە يول تۇتماي، بەلكى سىزنى ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىدىن چۈشىنىشىم بويىچە ‹ۋاپاسىزلىق› دېگەن ئۇقۇمنى كەچۈرەلمەيدىغان تەرىپىڭىزدىن ھۇجۇم قىلغانىدىم. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مەن يېڭىلدىم، ئەزىمەتنى چەكسىز ياخشى

كۆرگەنلىكىم، شۇنداقلا سىزگە باشقا زەرەر يەتكۈزۈشۈمنىڭ ئۇنىڭمۇ ھاياتىنى ئۆز قولۇمدا ۋەيران قىلىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە بۇ گەپلەرنى دەپ، سىزگە ئۇنىڭ بىر دىنىبىر ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ سىز ئىكەنلىكىڭىزنى، مېنىڭ دىگەنلىرىمنىڭ سىزنىڭ نازۇك تەبىئىتىڭىزگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇنى سىزدىن تارتىۋېلىش ئۇچۇن توقۇپ چىققان يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدۇم. بۇنى ئەزىمەت بىلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئەركىن مېنى ئىزدەپ كەلگەندە بۇ سۆزلىرىمنى لېنتىغا ئېلىپ سىزگە ئەۋەتتىم. مەن ئامالسىزمەن، ئەزىمەتنىڭ كۆڭلى مەڭگۇ ماڭا نېسىپ بولمايدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىشىم ئۇنىمۇ خاراب قىلغانلىقكەن. مەن ئەزىمەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۇچۇنلا ئۇنىڭ ئۇچۇن سىزگە ئورۇن بوشىتىپ چېكىنىدىم. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا زەررىچە ۋىجدانسىزلىق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى خاراب قىلىدىكەنسىز قىزىل تىرنىقىم ياقىڭىزدا بولىدۇ.

مەھبۇبە»

※ ※ ※

مانا تەتىل كۈنلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتمەكتە... ئالدىنقى ھەپتە ناھىيەدىكى چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە ئاپام بىلەن بىللە چىقىپ بىر ھەپتە تۇرۇپ كىردىم. باشقا ۋاقىتلاردا شۇ ئۆيدە ۋە دوستۇم گۈلزار بىلەن بازار چۆرگۈلەش ۋە كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب كۆرۈپ كېلىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. كۆپرەك موماملارنىڭكىگە بېرىپ

ئاپامنىڭ خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن مومامنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بولالمىغاندىكى سەۋەنلىكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشىمەن. ئاپام بىچارە گەرچە تەتىل بولغان بولسىمۇ هازىرقى يېڭى قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ رامكىسى بىلەن يەنىلا قانداقتۇر بىر ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل، خۇددى تەتىل بولمىغان ۋاقىتلىرىدىكىدەكلا ئالدىراش ئۆتىۋاتاتتى. ئاپام ئۆزىمۇ ئۆي ئىشلىرىدا ئەستايىدىل بولۇپلا قالماي، بەلكى خىزمەتتىمۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل، بولۇپمۇ هازىر مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ باشلامچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئالدىراش ھەم ئەستايىدىللىق ئىچىدە كۈنى ئۆتەتتى. بىچارە ئاپامغا قاراپ تەتىلدە كېلىپ خېلىلا يېنىكلەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالىمەن. دادامىمۇ هازىر: «يەنىلا قىزىم پەزىلەتنىڭ تەملىك تاماقلىرىنى دەپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم» دەپ كۆپرەك ئۆيدە تاماقلىنىدىغان بولدى. ئۇكامغىمۇ گەپ كەتمەيدۇ، ئۇ سېپى ئۆزىدىنلا ئالداركوسىنىڭ ئۆزى... مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ تۇرۇپ كەچكىچە ئىشىنى قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇيالمىسا ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىپ بەر دېيىشكە ئارانلا تۇرىدۇ...

بىراق، بۇنداق بەختلىك جەم بولۇشلار ماڭا شۇنداق ئارام بېغىشلايدۇ. مۇشۇ بەختلىك كۈنلەر ئىلكىدە خۇشال يۈرۈپ ماۋۇ خاتىرەمگىمۇ بىرنېمە يازمىغىلى خېلى بوپتۇ...

بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاپام بىلەن راسا مۇڭداشقۇم بار ئىدى. قارىسام، بىچارە ئاپامنىڭ كۆز جىيەكلىرى قارىداپ تۇرقىدىن ئادەتتىن تاشقىرى بىر

خىل ھارغىنلىق چىقىپ قاپتۇ. قاچىلارنى بېسقتۇرۇۋېتىپ بىز بىلەن كەچلىك غىزادىن كېيىنكى «ۋىتامىن تولۇقلاش»قا بىللە ئىشتىراك بولۇش (يەنى بىزنىڭ ئۆيدە بۇرۇندىن تارتىپ تاماقتىن كېيىن يىغىلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق سىڭدۇرگەچ مېۋە يەيدىغان ئادەت بار ئىدى. ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ بىز شۇنداق قىلىپ بولۇپ ئاندىن دەرس تەكرارلاشقا ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ كېتەتتۇق) ئۈچۈن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم. كېلىپ مۇرىلىرىنى يېنىك ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويدۇم. بۇنىڭدىن ئاپام ئالەمچە خوش بولۇپ كەتتى. توۋا! ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باغرى نەقەدەر كەڭ ـ ھە... كىچىكىمىزدىن چوڭ قىلىپ بىزنى قانچە قېتىملاپ شۇنداق سىلاپ ـ ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ ھاردۇقلىرىمىزنى چىقارغانلىقى، ئەركىلىتىپ كۆتۈرۈپ باققانلىقلىرى ئېسىدە يوق بىرەر قېتىم بىز ئۇلارغا شۇنداق قىلىپ قويساق رەھمەت ئېيتىپ كېتىدۇ. ئاپام ـ دادامغا كەچلىك ئاراملىق تىلەپ ھۇجرا ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىپ ئولتۇرۇپ بۇ خاتىرەمنى يېزىۋاتىمەن.

بۇ خاتىرەمنى قولۇمغا ئالساملا مانا مۇشۇنداق غەلىتە ئويلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايمەن. ئاتا ـ ئانا، ئۆي، قېرىنداشلار توغرۇلۇق سۈرىدىغان لەززەتلىك خىياللىرىمغا ھېلىقى قويۇق كىرپىكلىك قارا كۆزلەر ھۇجۇم قىلىدۇ دېسە...

ئۇنى ئويلاپ قالدىم.

ئۇنى راستتىنلا سېغىنىپ قالغانلىقىمنى ئۇيلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىمەن. بۇ خاتىرەمنى پەۋقۇلئاددە بىر كۇنلىرى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرا كەلسە ئېھتىمال يېزىۋاتقان مۇشۇ قۇرلىرىم ئۈچۈن شەلپەردەك

قىزىرىپ كېتىشىم ھەقىقەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى، كېلىشكەن بوي ـ تۇرقىنى ئويلىسام‌ىلا يۈرىكىمگە ئالەمچە بىر خىل ئىسسىق ئېقىم شۇررىدە ئېقىپ كىرىدۇ. ئاپام مېنىڭ مەكتەپتىكى ۋاقىتتا پۈتۈن زېھنىمنى ئۆگىنىشكە بېرىشىمنى ھەمدە بالدۇر مۇھەببەتلىشىپ قالماسلىقىمنى ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى سىپايە سۆزلىرى ۋە ماشا قويغان تەلەپلىرى ئارقىلىق بىلدۈرۈپ تۇرغانىدى. مەنمۇ ئوقۇشقا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئىشلار بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ بىرەرىنىڭ مۇھەببەت تۇزىقىغا چۈشمەيمەن ھەم مۇھەببەتلەشمەيمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. دەرۋەقە، ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئىرادەمگە زىت ۋە ئۆزۈممۇ تاكى شۇ كەمگىچە تېگىگە يېتىپ بولالمايدىغان تۇيغۇ مېنى قامال قىلىۋېلىپ مانا مۇشۇنداق ئاجىزلىق بىلەن ئويلىپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنى ئەسلەيمەن. ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئورىغان ئاشۇ قاپقارا كۆزلىرىنى كۆز قارىچۇقلىرىمدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغاندەكلا ھېس قىلىمەن.

ھەي، يەنە نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى يېزىپ كېتىۋاتىمەن...

كۆڭلۈمگە نېمە كەلسە شۇنى يېزىۋېرەيچۇ! مەن بىر ھېكايە ياكى رومان ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنى، شۇنداقلا پەقەت ئۆزۈمگىلا تەۋە بولغان نازۇك يۈرەك سىرلىرىمنى مۇشۇ خاتىرە دەپتىرىمگىلا پۈتۈۋاتقاندىن كېيىن.

ئاشۇ كۈنى ئەركىن ماڭا ئاڭلاتقان ئۇنىئالغۇدىن ئەزىمەتنىڭ ماڭا يالغان گەپ قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ

سۆزلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسامۇ، بىراق ئۇنىئالغۇدىكى مەھبۇبەنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۆزىلا مەھبۇبە ئۇچۇن بۇ قارارنى چىقىرىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە ھەسرەتلىك ئىدى (پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىدىن باشقىلىرى)، شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن، شۇ كۈنى ئۇيقۇم قاچتى. ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالماي شۇ قەدەر قىينالدىم . قۇلىقىمدا مەھبۇبەنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى، كۆز ئالدىمدا ئەزىمەتنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى...

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەزىمەتنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ ئەركىنىدىن بۇ ئىشلارنى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ماڭا ئالدىراپ تېلېفون قىلغانىكەن. گەرچە ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى كەچۈرگەن بولسامۇ يەنىلا ئۇنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلدىم . ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن يۈرەك سىرلىرى بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ شۇ يۈرەك سىرلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا تۇرۇپ، بىراق كۈتمىگەن بىر خىل جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مانا ئۈچ نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇمۇ جىمىپلا كەتتى. ئەركىنىدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىرلا ئوغۇل ئىكەن. ئاپىسى ئۇنى تۇغۇپلا قايتا بالىلىق بولمىغانىكەن. شۇ قەدەر ئەتىۋارلىق ئىكەنكىن، ئۆيدە ئۇ بىر تۇتىيا كەبى ئەتىۋارلىنىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدىكى داڭلىق دوختۇرلار ئىكەن. ئۆزلىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئارزۇسى

ھەمـدە كىچىكىدىنلا دورا، دوختۇر، كېسەل دېگەندەك ئاتالغۇلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگىنىنىڭ تەسىرىدە دوختۇرلۇققا ئىشتىياق باغلىغان ئەزىمەتنىڭمۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ياخشى بىر دوختۇر بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەزىمەتنىڭ بوۋا ـ مومىلىرى تۈركىيەدە بولۇپ، بەزىبىر سەۋەبلەر بىلەن تۈركىيەگە چىقىپ كېتىپ ماكانلىشىپ قالغانىكەن. ئاپىسىنىڭ ئۈمىدى بولسا ئەزىمەت مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆنىڭ خىزمەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۈركىيەگە چىقىپ كەتمەكچىكەن. ئەزىمەتنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز، دەيدىغان خىيالىمۇ بار ئىكەن. بىراق، ئەزىمەت مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن قەتئىي قارشى ئىكەن. ئەركىن مۇشۇنداق بىر قاتار زىددىيەتلىك گەپلەرنى قىلىپ ئەزىمەتلەرنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىنلا ئەزىمەتنىڭ شۇ قەدەر ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ بايۋەچچە سۈپەت يۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم ھەمدە ئائىلىسىدىكى بۇ ئەركە بالىنىڭ مىجەزىنىڭ شۇنداق يېقىشلىق، ئارتۇقچە تەكەببۇرلۇقتىن خالىي ئىكەنلىكىدىن ھەيرانمۇ قالغاندەك بولدۇم. ئەركىننىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۈركىيەگە چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنى بىردە بار، بىردە يوق، دېگەنلىكلىرى كۆڭلۈمنى خىرەلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ، ئەزىمەتمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماسلىقى مۇمكىنغۇ...

ھەي، مەن يەنە نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن، خۇددى ئەزىمەت بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ ئۇ تۈركىيەگە چىقىپ كېتەرمۇ، دەپ غەم يەۋاتقاندەك بۇ خىل خىياللارنى قىلىپ كېتىشىم كۈلكىلىك ئەمەسمۇ... بىز يا ھەقىقىي مۇھەببەتلەشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولمىساق...

## سەككىزىنچى باب

# يوقال، ئەبلەخ

بۈگۈن موماملارنىڭكىگە بېرىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ قايسى كۈنى دوستۇم «يېڭى چىقىپتۇ» دەپ ماڭا تېلېفون قىلغان كىتابلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا كىردىم. ھەقىقەتەن بۇ ئون نەچچە كۈن ئىچىدە نۇرغۇن يېڭى كىتابلار چىقىپ كېتىپتۇ. مەن ئىشتىياق بىلەن كىتاب جاھازىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئۆزۈمگە ئەپلىك يەردىن ئورۇن تېپىپ تاللىغان كىتابىمنى ئوقۇپ ئىچىمگە كىرىپلا كېتىپتىمەن.

— ياخشى تۇرامسىز، پەزىلەت؟ — دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرسەم بىز بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ئىرپان كۈلۈمسىرىگىنىچە قېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرامسىز؟

— خۇداغا شۈكۈر، يا ئاللا، ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىكىدەك كىتاب دېسە دۇم چۈشىدىغان ئادىتىڭىز تېخىچە بار ئىكەن — ھە؟!

مەن كۈلۈپلا قويدۇم. ئىرپانمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا گەرچە باشقا دەرسلەردە ياخشى بولمىسىمۇ ئەدەبىياتتا خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، «ئىلى

گېزىتى» ۋە كەچلىك گېزىتلەردە بىر قىسىم شېئىر ـ ھېكايىلىرى بېسىلغانىدى. كېيىن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا «كۆڭۈلدىكى داغ» دېگەن ھېكايىسى بېسىلىپ مۇھەببەتكە تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشلار ئارىسىدا خېلىلا زىلزىلە سېلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ياش قەلەمكەش ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قىسىم ھېكايە ـ شېئىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى. بىراق، بۇ نەتىجىلەر بىلەن مەغرۇرلىنىپ قالدىمۇ ياكى بارلىق زېھنىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ باشقا پەنلەرگە نىسبەتەن بىراقلا ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئەدەبىياتتىن ئالغان يۇقىرى نەتىجىسى باشقا پەنلەردىن ئالغان تۆۋەن نەتىجىلىرىگە ئارا تۇرالماي ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنىدى. بۇ بالىنىڭ «يۇنىڭدىن قىلچىمۇ مەيۈسلەنمەيمەن. چۈنكى قولۇمدىكى قەلەم مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىنمۇ ئارتۇق كۆزلىگەن نىشانىمغا يەتكۈزەلەيدۇ» دېگەن گېپىگە ھەيران قالغان ھەم بۇ خىل كۈچلۈك ئىرادىسىگە قول قويغانىدىم.

— مېنىڭ شېئىرلار توپلىمىم نەشردىن چىقتى، كۆردىڭىزمۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — مەن قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىنىش ئىلكىدە ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپرەك سورىدىم، — ياخشى بوپتۇغۇ، قېنى ماڭا كۆرسىتىڭچۇ؟

ئۇ تەكچىدىكى كىتابلار ئارىسىدىن تېشىغا شارقىراتما ۋە ياپيېشىل ئورمانلىق مۇقاۋا قىلىنىپ ئىشلەنگەن نېپىزرەك كەلگەن بىر كىتابنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— مۇبارەك بولسۇن! بۇ خەۋەرنى كېچىكىپ ئۇقۇپتىمەن.

— شۇ، شۇنچە نۇرغۇن تەبرىكلىگەنلەر ئىچىدە مەن ھەقىقىي ئۈمىد قىلغان بىرلا كىشىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق، — ئۇ كۆزلىرىنى كۆزلىرىمگە تىكىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن تارقىغان نۇر ۋە سۆزىدىكى يوشۇرۇن بىر خىل مەنىدىن يۈرىكىم ئاغقان بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ھېچنېمىنى سەزمىگەنگە سېلىپ ئۇ ئۇزاتقان كىتابنى ئېلىپ بىر قۇر ۋاراقلاپ تۇرۇپ:

— ئەمىسە مەن بۇ كىتابىڭىزنى سېتىۋالاي.

— ياقەي، مەن سىزگە بىرنى سوۋغا قىلاي دېگەنتىم.

— ياق، مەنچە ياش شائىرىمىزنىڭ بۇ تۇنجى ئۇتۇقىنى چوقۇم ھەق تۆلەپ تۇرۇپ قۇتلۇقلىشىمىز كېرەك، — مەن ئۆزۈم تاللىغان بىرنەچچە كىتابلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ كىتابىنىمۇ قوشۇپ سېتىۋالدىم. كىتابخانىدىن ئىككىمىز بىللە چىقتۇق. سوڭدىشىپلا بىللە كېتىۋاتقان ئېرىپانغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. شۇنچە قىزغىن پاراڭ سېلىپ كېتىۋاتقان مۇنۇ بالىنىڭ سەمىمىيلىكىدىن گۇمانلىنىشقا نېمە ھەققىم بار؟

※ ※ ※

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ياتاق ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم، ئۇكام قېشىمغا كىرىپ:

— ھەدە، ساڭا تېلېفون كەپتۇ، ئاۋازى شۇنداق مۇلايىم بىر بالا تېلېفون قىپتۇ، — دەپ ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى.

— يالغان سۆزلىمە، ماڭا ھېچكىمدىن تېلېفون كەلمەيدۇ. مەن ھېچ تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمغۇ؟

— ۋوي راست، ئەجەب مېنىڭ گېپىمگىلا ئىشەنمەيسەن، بولمىسا ھەدەمنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى يوقكەن، ئاستا كەشىڭىزنى توغرىلىۋالامسىز، دەيمۇ؟ — دېدى.

قاربسام، ئۇ راست سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. مېھمانخانىغا چىقىپ تېلېفوننى ئالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن ئېرپان. ھەيران قالدىڭىزمۇ؟

گەرچە ھەيران قالغان بولساممۇ دەماللىقا ئۇنداق دېمىدىم.

— پەزىلەت، سىزنى بىر يەرگە تەكلىپ قىلىپ تېلېفون بەرگەنىدىم، مۇمكىن بولارمۇ؟

— قەيەرگە؟

— جېلىلىيۇزىگە، باغقا بىرنەچچە دوستلىرىمىز بىلەن بىللە ئويناپ بارماقچى ئىدۇق. شۇڭا ئىمكان بولسا سىزنى بىللە بارسىكەن دەپ ئويلىغانىدىم.

— مەن؟!

تېڭىرقىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

— دوستىڭىز گۈلزارمۇ بار، ئۇمۇ ھازىر قېشىمدا، ئۆيىڭىزنىڭ نومۇرىنى گۈلزاردىن بىلىپ شۇڭا تېلېفون قىلىشىم ئىدى. ماقۇل كۆرسىڭىز مەن گۈلزارغا بېرەي - ھە.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئادىشىم، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يا ئاللا، نەچچە كۈن بولدى سېنى پەقەتلا تاپالمىدىم. قايسى كۈنى كىتابخانىغا بېرىپ سەن دېگەن كىتابلارنى ئالغاچ سېنىڭ ئۆيىڭگە ئوت كەتكەن، ئەمما ئالالمىغان «جىنايەت ۋە نەپرەت» تىنىمۇ

ساڭا بىرنى سىتىۋالغانىدىم. شۇنى ۋاقتىدا ساڭا بىرەي دەپ ئۆيۈڭگە تېلېفون قىلسام يوق. نەچچە ئۇردۇم. ئاپاڭغا ماڭا تېلېفون قىلسۇن، دېسەممۇ قىلمىدىڭغۇ؟

ــ ھى ـ ھى... مېنى سېغىنىپسەن ـ ھە؟ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپلا كەتكىنىنى بۇنىڭ... بولدىلا، ئۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى، بىرنەچچە قىز ـ ئوغۇللار جىلىلىيۇزىدىكى دوستلارنىڭكىگە چىقىپ ئويناپ كەلمەكچى ئىدۇق، شۇڭا سېنىمۇ بىللە بارسا دېگەنىدىم، چوقۇم بارىسەن ـ ھە... مېنىڭ تەلىپىمنى يەردە قويمايدۇ، دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدۇمغۇ...

ــ ئەستا، گۈلزار... مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىپ تۇرۇپ...

ــ ۋۇيت... خېنىم، قاچانغۇچە شۇ مىجەزىڭىز بىلەن ئۆتمەكچىدىڭىز، ئەسلىدە كەچتە ئۆيۈڭگە بېرىپلا دەي دېگەنىدىم. بىراق ھازىر ماۋۇ ئېرىپان بەكلا دەپ تۇرۇۋالغاچقا بۇ يەردە ساڭا تېلېفون قىلىۋاتىمىز. ماقۇل دېگىن ـ ھە مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرمەي...

ــ گۈلزار... سەن نېمانداق...

ــ ۋاي ـ ۋۇي، بولدى قىلغىنا... مەن كەچتە ئۆيۈڭگە بارىمەن، ئاپاڭغا، داداڭغا ئۆزۈم دەيمەن. خوش، ھازىر سەن بىلەن تالاشمايمەن بولدى.

ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىراش، خۇشال تۇرقىدىن چوقۇم يېنىدا ھېلىقى ئالىم دېگەن مۇھەببىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بىراق، مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇنداق قىز ـ يىگىتلەر توپلىشىپ بارىدىغان سورۇنلارغا بىللە بېرىپ ئويناپ كەلگۈم يوق ئىدى. مەن بەكلا موماي مىجەزمۇ ياكى ئۇ بارىدىغان يەردە ھامان كۆڭلۈمدىكى كىشىمنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈم

تارتمايۋاتامدۇ ئەيتاۋۇر، ناخۇش بولۇپ قالدىم.

كەچتە گۈلزار كەلدى. ئۇ مېنىڭ قانچىلىك قارشىلىق قىلىشىمغا قارىماي ۋىچىرلاپ يۈرۈپ، دادام ـ ئاپاملارغىمۇ ئېيتىپ ئىچۈرۈپ ئاخىرى ھەممىمىزنى قايىل قىلىپ مېنى بىللە بېرىشقا كۆندۈردى. جېلىلىيۈزىدە بىر ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان يېقىن دوستى بار ئىكەن. شۇلارنىڭكىگە بارغاچ ھەمدە سىنىپىدىكى تولا تەكلىپ قىلىپ كەتكەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ كەلگۈدەك... بىز تۆتىمىزلا ئەمەس، بەلكى يەنە چاپچاللىق ۋە قورغاسلىق ساۋاقداشلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرپانغا مېنى چوقۇم ئاپىرىمەن دېگەنلىكىنى، مەن ناۋادا قوشۇلمىسام ئۇنىڭ ئازراقمۇ يۈزىنى قىلمىغان بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز ھالەتتە قوشۇلدۇم. بىراق يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بەكلا دەككە ـ دۈككىدە.

كېچە ئۇيقۇم قاچتى.

قويۇق كىرپىكلىك قارا كۆزلەر قانداقتۇر بىر خىل رەنجىش بىلەن ماڭا مەيۈس تىكىلىپ تۇراتتى. يۇمران بۇرۇت ئاستىدىكى پەقەت مەنلا ھېس قىلالايدىغان ئۆزگىچە يېقىملىق كۈلكە ئىپادىسىنى تۆكمىدىغان لەۋلەر قېيىدىغاندەك، نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

※ ※ ※

كۆڭلۈم تارتمىسىمۇ يەنىلا دوستۇمنىڭ يۈزىنى دەپ ھەمدە دادام ـ ئاپاملارنىڭ «بوپتۇ، قىزىم، ھېلىمۇ

كەلگەندىن بېرى تۇزۇككىنە بىر يەرلەرگە چىقىپ باقمىدىڭىز، دىققەت قىلىڭ، گۈلزاردىن ئايرىلماڭ، گۈلزارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە قونىدىكەنسىلەر، كەچتە تېلېفون قىلىشىنى ئۇنتۇماڭ!» دېگەندەك سۆزلىرى ئاستىدا ياسىنىپ - تارىنىپ گۈلزار بىلەن بىللە بېكەتكە قاراپ ماڭدىم.

گۈلزار بۈگۈن باشقىچە ئېچىلىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى. ئۇستىگە كىيىۋالغان قىپقىزىل تەڭگە گۈللۈك كۆڭلىكى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ياراشقان بولۇپ، ماسلاشتۇرۇپ سۇس قىلىۋالغان گىرىملىرى ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئالىمنىڭ گېپىنى قىلغاندا چاقناپ كېتىدىغان كۆزلىرىگە، بەزى گەپلەرنى قىلىپ دەرھال شەپەق چىلۋىسىنى تارتىدىغان يۈزلىرىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. مەنمۇ قەھۋە رەڭلىك چاقماق كۆڭلەك بىلەن ئۆتكەندە ئاپام ئېلىپ بەرگەن كىچىككىنە پاشنىسى بار تاسمىلىق باسونوشكامنى كىيىپ بۇرۇنقىدەك كەچكىچە ئاددىي ئارامبەخش كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئەپتىمنى ئازراق بولسىمۇ ئۆڭشىغانىدىم. گۈلزار مېنىڭمۇ خېلى ياسىنىپ چىققانلىقىمدىن، بۇ ئولتۇرۇشقا مېنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ تىنىماي سۆزلەيتتى. بېكەتكە كەلسەك بىزدىن بۇرۇن ئالىم، ئېرپان ۋە مەن تونومايدىغان يەنە ئىككى جۈپ قىز - يىگىتلەرمۇ كېلىپ بوپتۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم، ئاۋۇ تۇرغان ئىككىسى ۋە گۈلزار بىلەن ئالىمنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، بۇلار ھەممىسىلا ئاللىقاچان ۋەدىلەشكەن بىر جۈپلەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ ھالەتتە بارساق ئېرپان ئىككىمىزنىڭمۇ جېلىلىيۇزىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ

ئالـدىدا «بىر جۈپ» دېگەن تەسـىراتنى بېرىدىغـانلىقـى ئېنىق ئىدى. بـاياتىن گـۈلزارنىڭ خـۇشخۇي ھالـىتىگـە قاراپ كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆڭلۈم يەنە غەش بولدى. بارسا ـ كەلمەس يولغا كېتىپ بارغاندەك، خۇددى مۇشـۇ مېڭىـش بىلەنلا مەن ئۈمۈرلۈك بەختىمنى يات بىراۋلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغاندەك، بىراۋلارغا مەڭگۈ يۈز كـېلەلمـەيدىغانـدەك بىر سېزىم تومۇر ـ تومۇرلىرىمغا تارىدى ھەمدە چىـداپ تۇرغـۇسىز بىـر خىل تىـتىلـداش مېنى ئۆز قـوينىـغا ئېلىۋالغانىدى. شۇ سەۋەب، مەن پەقەتـلا ئېچىـلالمىدىـم. گۈلزار رەنجىـپ تۇرۇپ قـۇلـىقىـمـغا: «ئاداش، ئـۇنـداق تۇتۇلۇۋالمىغىنە! ھەممىسى سېنى ھالى نېمانچە ئۇستۇن دەپ قالمىسۇن» دەپ قوياتتـى. نېمـىلا قىلماي چىققان كۆزنى ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ. مەن ئۆيدىـن چىقىـپ بۇلار بىـلەن بىـلـلە بېرىـشنى قـارار قىـلغـانىكەنـمەن، باشقىلار نېمىلا ئويلىسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى... ئېرپان بىـلەن باشقـىچە مۇنـاسىۋىتىم بولـمىغانـدىن كېيـىن، ئېرپانـمۇ ماڭا ھېچنىـمە دېمىـگەندىن كـېيىن نـېمىگـە بۇنچىـلا مۇرەككەپ ئـويلاپ كېتـىمەن... شۇ خـيالـدىن كېيىنلا سەل يېنىكلەشتىم.

بىراق، كۆز قارىچۇقۇمدىكى سىيمـاسىنىـڭ ئورنىـغا باشقىـلارنىڭ سايىسـىنىمۇ چۈشۈرۈشكـە قـەتئىـي يـول قويالمايۋاتقان ئاشۇ سىيما بۇ قارارنى چىقارغان ۋاقتىمدا مەندىن رەنجىگەندەك، ئۈمىدسىزلەنگەندەك، ھەتتا قويۇق كىرپىكلەر ياش بىلەن جۈپلەشكەندەك قىلاتتى.

مەيلى قانداق خىـياللاردا بولـماي، يەنىـلا ئۇلار بىلـەن بىـللە جېلىلـيۇزىگە يېتىپ كـەلدىم. ئۇلار ئـالدىنئـالا ئالاقىلىشىپ تەييار بـولۇشقانىكەن، بىـكەتتىـمۇ بىزنـى كۈتۈۋاتقان جۈپ ـ جۈپلەر شوخ ھالـەتتىكى قىيقـاس ـ

چۈقانلىرى بىلەن كۆتۈۋېلىشتى. ھەممىسى دېگۈدەكلا ئىلى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولغاچقا بىر - بىرى بىلەن ياخشى تونۇشاتتى. پەقەت مەنلا بۇلارغا ناتونۇش ئىدىم. چاچلىرى بۇدۇر، باشقىلارغا قارىغاندىمۇ شوخ ھەم سۆزمەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېگىز بويلۇق مىرئادىل ئىسىملىك بالا گۈلزارغا:

— گۈلزار، دوستىڭىزنىڭ تەرىپىنى بەك ئاڭلىغاندۇق، شۇڭىنىسى كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولماي كەلگەن. مانا بۈگۈن كۆرۈشۈپ ھەم تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بوپتىمىز. راستىنلا ئاق قۇنىڭ ئۆزىكەنغۇ، بىراق قارىسام ياۋا ئاق قۇدەك قىلىدىغۇ،— دەپ چاقچاق قىلىۋىدى، باشقىلارنىڭ كۈلكىلىرى بىرلە ئۇنىڭ يېنىدا سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا بويى سەل ئەتلىك كەلگەن، تۇپتۇز، سىلىق چاچلىرىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپلا قويۇۋەتكەن، پارقىراق چىرايىغا توم قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى باشقىچە ياراشقان قىز قېيىدىغاندەك قىلىپ:

— ھويت يىگىت، شەھەرنىڭ ئاق قۇلىرى قانداقسىغا ياۋا ئاق قۇ بولسۇن؟ ئاق قۇ بەك ئۆزكەن دەپ كۆزنىڭ قارسى تارتىلىپ كېتەي دەپ قالدى، دىققەت قىلارمىز - ھە؟— دەپ بىلىكىنى چىمداپ قويدى. بۇ گەپتىن سەل كۆڭلۈم ئازار يېگەن بولسىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قىزنىڭ ئوچۇق - يورۇق، چاقچاقچى قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ ئازارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. ئالدى بىلەن ئۇلار باشلىغان تاماقخانىغا بېرىپ تاماق يەپ ئاندىن پاشالىق دەپ ئاتىلىدىغان باغقا باردۇق. راست گەپنى ئېيتسام، شۇ كەمگىچە بۇنداق قىز - ئوغۇللار جەم بولغان، جۈپ -

جۇپلەر يىغىلىشقان سورۇنغا قاتنىشىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇڭا باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك قورۇنۇپ ، جىمىغۇرلۇقۇم ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدىنلا شائىرانە تۇيغۇلارغا باي ئېرپان بۇ يىغىلىشنىڭ كۆڭۈللۈك، خۇشال - خۇرام باشلانغانلىقىدىن ئىغىزى بېسىلماي سۆزلەپ يىرىم ئۆمرىدە قىلىشقا تېگىشلىك گەپنىڭ ھەممىنى بۈگۈن تۈگىتىۋالماقچىدەك قىلاتتى. ئېرپان بۇ مەكتەپتىكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بالىلىرى بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن ھەم ئالىمنىڭ يېقىن دوستى بولغاچقا بۇلار بىلەن يېقىن تونۇش ئىكەن. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، يولدا مېڭىۋېتىپ ئەتتەي ماڭا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، لاپ - لاپ كۆز تاشلاشلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئۇچقۇنلار چاچراپ، ماڭا نازۇك بىر خىل ئىچكى خەۋەرلەرنى بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، بۇ خىل خەۋەرلەرنىڭ سەزگۈلىرىمگە يەتكۈزۈۋاتقان ئىنكاسلىرى مەندە بۇ بىر جۇپلەر سورۇنغا كەلگەنلىكىمگە قارىتا ئەپسۇسلىنىش ھېسلىرىمنى قوزغايتتى.

گۈلزارمۇ شۇنداق شوخلىشىپ، ھازىر جاۋابلىق قىلىپ قىز - ئوغۇللار بىلەن چاقچاقلىشىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە قاراپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ، شۇنداقلا مۇھەببەتلىشىشنىڭ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكۈدەك سېھرى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدىم. باغقا يېتىپ كېلىپ بۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىككى بالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتىم.

— يەزىلەت؟

ئىككى بالىنىڭ بىرى ماڭا قارىغىنىچە داڭ قېتىپ

ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ۋە بىز بىللە كەلگەنلەر قانداقتۇر بىر مەنىنى چۈشىنىشكەندەك بولۇپ بىردە ماڭا، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە ئېرپانغا قارىشاتتى.

ــ ھوي ئاداش، پەزىلەت دېگىنىڭچە بۇنداق داڭ قېتىپ تۇرساڭ بۇ ياۋا ئاق قۇنى قاچۇرۇپ ئۇچۇرۇۋېتىمىز. ھېلىمۇ باياتىن ئاسماننىڭ يۈزى يىرتىلىپ كەتكۇدەك چاقچاق قىلىساقمۇ مىيىقىدا ئارانلا كۈلۈپ قويۇپ ئاۋازىنى بىزدىن ئاياپ ئاران كەلدى بۇ يەرگە، ــ دېدى ھېلىقى گەپدان مىرئادىل دېگەن بالا.

ئەنۋەر شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ:

ــ ھە، كېلىڭلار، كېلىڭلار... بەك چىرايلىق بولۇپ كەتسىمۇ شۇ ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرۇپ...ــ دەپ چاقچاقىقا يۆلەپ خۇدۇكسىرىگەندەك ئېرپانغا قاراپ قويدى. ئېرپاننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ خۇددى مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىدەك، ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلغان بىرەر ئىشىم بايقىلىپ قالغاندەك قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــ خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، پەزىلەت ئىككىمىز بىر مەكتەپتە ئوقۇيمىز، تاسادىپىي بۇ يەرگە كەلگىنىنى كۆرۈپ شۇ سەل ھاياجانلىنىپ قاپتىمەن.

ــ ئاداش، پەزىلەتنىڭ كەلگىنى بولماپتۇما؟ــ ئېرپاننىڭ بايىقى خۇش چاقچاقلىقىدىن ئەسەر يوق تورۇڭغىدە دېگەن گېپى ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

ــ ياقەي، ياخشى بوپتۇ، خاتا كەتكەن يېرى بولسا مەن ئەيىبلىك. رەنجىمەڭلا جۇمۇ، ئاداش. سىلەر مېھمان، بىز ساھىبخانا، كۆڭلۈڭلارنى چىگىپ قويۇشنى خالىمايمىز.

ئەنۋەر ئىتتىك شۇنداق دېدى ـ يۇ، تېخىمۇ بەك

ھەيرانلىق ۋە نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ھەممەيلەننى مېۋىلىك دەرەخلەر ئاستىدىكى ياپيېشىل چىملىقلارغا سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدىكى كۆرپىلەرگە باشلىدى. شۇ تاپتا ئېرپاننىڭ پۇسۇققىدە دېگەن گېپى ئەنۋەرگە مېنى ئېرپاننىڭ ئادىمىدەك قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. تىتىلداپ كەتتىم، ئەنۋەر ئەزىمەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۇ مېنىڭ باشقا يەردە ئەمەس، ھەتتا مەكتەپتىمۇ بۇنداق ئويۇن ـ تاماشىلاردىن مۇستەسنا ماشىنا ئادەمدەك ئۆتىدىغانلىقىمنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي چەكچىيىپ قاراپ قالغان ، يېنىمدا سوڭدىشىپ مېڭىپ باشقىلارغا مەن بىلەن يېقىنلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك قىلىپ ھەمدە بۇ جۈپ ـ جۈپلەرنىڭ ئالدىدا ئىككىمىزنىڭ ئادەتتىكى بىر تونۇش ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغاندەك ھالەتتە مېڭىپ كەلگەن ئېرپاننى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالغان، سەل ئاچچىقلانغان، ئاچچىقتىن كۆزلىرىدىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىققاندى.

شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭدىن بەتتەر تىتىلداپ كەتكەنىدىم. مەھبۇبەنىڭ ئىشىدىن كېيىن ئۇ ئەزىمەتنىڭ تەرىپىنى قىلىپ مەن بىلەن كۆپ قېتىم پاراڭلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، مەن رەت قىلىپ زادىلا گېپىنى ئاڭلىمىغاندىم. مەن ئەزىمەتنىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مېنى باشقىلار بىلەن بىللە كۆرۈش ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەن بىللە تەسەۋۋۇر قىلىشىنىمۇ خالىمايدىغانلىقىمنى ھازىرقى ئىزتىراپلىق ھېسلىرىمدىن تامامەن بىلىپ يەتتىم.

قىزلار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن، كۆزلىرىم ئەنۋەردە، ئۇنىڭ ماڭا بىر قارىشىنى، شۇ تاپتا كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا دەۋاتقان نۇرغۇن سۆزلىرىمنى بىلىپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىۋاتاتتىم. بىراق، ئەنۋەر ئاغىنىسى ئەزىمەتنىڭ ئۆزى خاتا قىلغان تەسەۋۋۇردىكى مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇۋاتقاندەك، ئەزىمەتنىڭ دەپ تونۇغان مېنىڭ يات بىراۋلار بىلەن بۇ قىز - يىگىت جۈپلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان سورۇنغا كەلگىنىمنى زادىلا قوبۇل قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇ سەۋەب بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا پەقەتلا قارىمىدى. گەپ - سۆزلەر ئارىلىقىدا ناۋادا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسىمۇ ئىتتىكلا باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل كۆرەشكە ئىزچىل تۇردە يەنە بىر ئادەممۇ دىققەت قىلىۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئېرپان. ئۇ مەندىن نېرىدا ئولتۇرغان ئورنىدىن بىر سەۋەبلەر بىلەن بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ سىلجىپ ئاخىرى قېشىمغا كېلىۋالدى. ئۇ ئەنۋەرگە كۆز - كۆز قىلغاندەك ئەتتەي ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ سۆزلەيتتى، تىنماي ئايلىنىپ كېلىۋاتقان (مەن سەسكىنىدىغان) هاراقنىڭ كەيپىدە كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەندى. مانا بۇ خىل هالىتىدىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆڭۈل ئىزهار قىلىدىغانلىقىنى، ئەتىگەنكى گۇمانىي تۇيغۇلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ تېنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەسلىدىنلا كېلىشكە تېگىشلىك بولمىغان مېنى باشلاپ كەلگەن گۈلزارنى ئىزدىگىنىمدە بولسا ئۇ ئاستىلا دالدىلارغا كىرىپ كېتىشكەن بىر جۈپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ جىممىدە يوقاپ كەتكەندى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆپچىلىك بار يەردىلا ئۇنى بىقىنداپ، بەزەن -

بەزەن كۆلكە ئارىلاش قولـلىرىنى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئامراقلىقىنى ئىپادىلەپ ئولتۇرغان ئالىمنىڭ قىلىقلىرىغا ماسلىشىشلىرى مېنىڭ كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ بىر يىل جەريانىدىلا بەكمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

مەن جاھاننىڭ بەكلا ئارقىدا قالدىمۇ ياكى بۇلار جاھاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەرمۇ؟

ئۇھ... چىڭقىلغان مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن ئاستا قوپتۇم. ئەتىگەنكى غەشلىكىمگە بۇ يەردە ئەنئەنىۋى كۆرۈپ تېخىمۇ ئوڭايسىزلانغان كەيپىياتىم قوشۇلۇپ بەكمۇ چارچاپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايسىلا ئوغۇل بولسۇن، كۆزۈمچىلا «پاھ ـ پاھ» دەپ چاقچاقلا قوشۇپ مېنى كۆككە كۆتۈرۈپ سۆيەتلەشلىرىدىن يېنىدىكى تۇمۇچۇقلىرىنىڭ رەڭگىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن كېيىن تۇغۇلغان ئارىسالدىچىلىقمۇ مېنى تېخىمۇ ئارامسىز قىلغانىدى.

كىم بىلسۇن...

بايىقى زىددىيەتلىك خىياللار دەستىدىن، شۇنداقلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن يىراقلا قېچىشنى ئىزدىگەن قەدەملىرىمنىڭ رايىغا بېقىپ، باغ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن سۇپسۈزۈك سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ قېشىغا كەلدىم ـ دە، ئەپلىك يەرنى تاللاپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا مۇرەمگە بىرنەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن چۆچۈپ كۆزلىرىمنى ئاچتىم. قارىسام ئېرپان كەيپىلىكتىن قىزارغان كۆزلىرىنى تىكىپ يېنىمغىلا كېلىپ

جايلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداق قاتتىق خىيال سۈرۈپ كەتكەن بولسام كېرەك، ئۇنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاندىكى تىۋىشىنىمۇ ئۇقماپتىمەن.
— بۇ يەرگە يالغۇز كېلىپ ئولتۇرۇۋاپسىزغۇ؟ بىرەرسىدىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق، گۈلزارنى ئىزدەپ كەلگەنتىم، ئۇنى تاپالمايمەنغۇ ھېچ،— نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئېغىزىمغا كەلگەن گەپ بىلەن شۇنداق دېدىم.
— بۇ ۋاقىتتا گۈلزارنى ئىزدىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا قىزىق گەپقۇ ئۇ...
— قانداق؟
— بىلمەمسىز، گۈلزارنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز ئاشۇ بىر توپ ئاغىنە - ئاداشلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندىن كۆرە، سۆيگەن ئاشىقىڭىز بىلەن ئايرىم خۇپىيانە تاماشىنى ئەۋزەل كۆرگەن بولاتتىڭىز.
— شۇنداقمۇ؟— ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئىختىيارسىز تەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى ھەمدە بىقىنداپ يېنىمغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇۋاتقان ئۇنىڭ گەۋدىسىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ سەل نېرىغا سۈرۈلۈپ ئولتۇردۇم.
— ئەلۋەتتە شۇنداق، سىزمۇ كىچىك بالا بولمىغاندىن كېيىن بۇنداق بولۇشنى ھېس قىلغانسىز - ھە؟
ئۇ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان بولسا كېرەك، تىللىرى كالۋالىشىپ ئىلەشكەن كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراۋاتقان نۇرلاردىن تېنىم تىكەنلەشكەن ھالدا ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
— نېمە بولدى، نېمانچە قاچىسىز؟

— مەن جايىمغا بېرىپ ئولتۇراي، گۈلزار كەلگەن بولسا ئىزدەپ قالمىسۇن.

— گۈلزارلا دەيدىكەنسىز، خاتىرجەم بولۇڭە، گۈلزارنى ئەمدى ئەتە تاڭ ئاتقاندا تاپىسىز...

چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن تېخىمۇ چۆچۈدۈم، شۇنداقتىمۇ دېگەن گەپلىرىگە سۈكۈت قىلالمىدىم:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇ يەرگە مېنى باشلاپ كەلگەن ئۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئالىم بىلەن نېمىشقا كېچىچە يوقاپ كەتكۈدەك، مەست بولۇپ قاپسىز، مەست بولۇپ قالدىم دەپلا ئېغىزىڭىزغا كەلگەننى بىلجىرلىمىسىڭىز قانداق؟

— مەن راست دېدىم، پەزىلەت.

تېرىكىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم، بىراق ئۇ شۇنداق تېزلىك بىلەن ئالدىمغا ئۆتۈپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم.

— ھېچنېمە، كۆڭلۈمدىكى كىشىمگە يۈرىكىمنى كۆرسەتمەكچىمەن.

— كىم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىزكەن، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ!

مەن ئۇنىڭ ئامبۇردەك چىڭ سىققان قوللىرىدىن قولۇمنى بوشىتىش ئۈچۈن كۈچەپ قولۇمنى تارتىپ سىلكىشتۇردۇم.

— نېمانچە قىلىسىز، سىز تېخى گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىزغۇ؟

— ئاڭلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق!

ــ ئاڭلىماي تۇرۇپ ھاجىتى يوقلۇقىنى قانداق بىلىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ سورۇندىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئىككىمىزنى بىر جۈپ دەپ تونۇپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەتلەشمەيلى!

ــ كىمنىڭ سەتلىشىۋاتقىنى ئېنىققۇ، سىزنى ھۆرمەت قىلمىغان بولسام باياتىن بېرى يېقىنچىلىق قىلىپ ئەتتەي بىر جۈپتەك تەسىرات پەيدا قىلىشلىرىڭىزغا ۋاقتىدا جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

ــ جاۋابىنى ھازىر بەرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، جېنىم، سىز بەك چىرايلىق، ئاھ... مەن بۇ دۇنيادا سىزدەك چىرايلىق يەنە بىر قىز بار دېسە ئىشەنمەيمەن. بىلەمسىز، مەكتەپتىكى ۋاقتىمدىن باشلاپلا سىزنى باشقىلاردىن ئۆلگۈدەك قىزغىناتتىم. سىنىپىمىزدىكى ھەممە بالىلار دېگۈدەك سىزگە ئاشىق ئىدى. ئۇلار سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىزغا ئاشىق بولسا، مەن چىن يۈرىكىمدىن سىزنىڭ قەلبىڭىزگە، مۇشۇ ئېسىل تۇرقىڭىزغا ئاشىق.

ئۇنىڭ شائىرانە دەبدەبىلىك ھېسلىرى ھېچ تۈگەي دېمەيتتى. ئېچىم شۇنچىلىك سىقىلدى. قولۇمنى كۆچەپ تارتىپ بوشىتىۋالدىم ــ دە، بۇرۇلۇپلا ماڭدىم.

ــ پەزىلەت، خام خىيال قىلماڭ! بۈگۈن جاۋابىڭىزنى ئالمىسام بۇ يەردىن كېتەلمەيسىز!

ئۇ ئالدىمدا توغرا تۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا غەزىپىم شۇنچىلىك تېشىپ كېتىۋاتاتتىكىن، ئالدىمدىكى ئۆزىنى شائىر دەپ قايسى كۈنى چىققان شېئىرلار توپلىمى سەۋەبلىك ھۆرمىتىمگە نائىل بولغان مۇنۇ بۇدۇشقاق بىزەڭ كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— نېرى تۇرۇڭ!

ئاۋازىم ئۆزۈمگە جاھاننى ئۆرۈۋەتكۇدەك ئاڭلانغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا پاشا غىڭشىغانچىلىكمۇ تەسىر قىلالمىغانىدى.

شۇ تاپتا غال - غال تىترىگىنىمچە قاراقلىرىمدا غەمكىن تىكىلىپ تۇرغان قويۇق كىرپىكلىك كۆزلەرنىڭ ئاستىرتىن مەندىن كۈتۈۋاتقان ئەقىدىسىگە قانچىلىك بەدەل كەتسىمۇ چوقۇم يۈز كېلىشكە تەييارلانغانىدىم.

— پەزىلەت،— ئۇ تۇيۇقسىزلا ماڭا تاشلاندى. رومانتىك تۇيغۇلارغا يەم بولغان مۇنۇ ئەبلەخنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئارىسىدا تېپىرلاپ تۇرۇپ شۇنچىلىك قەھرىم بىلەن ھاياسىزلارچە ماڭا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان يۈزىگە بىر كاچات سالدىم.

«چاك!» قىلغان كاچات زەربىسىدىن ئۇنىڭ ماڭا يېقىنلاشقان يۈزلىرىدە بەش بارمىقىمنىڭ ئىزى قالدى. ئۇ ئارقىسىغا سەنتۈرۈلگىنىچە يۈزىنى تۇتۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەتتىن بۇ قەدەر كۈچلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن تەنتەنە قىلغان ھەمدە ئاچچىق ۋە خورلۇقتىن كېسىلگەن ھالدا يۈگۈرگىنىمچە باغدىن چىقىپ كەتتىم.

※ ※ ※

تەتىل توشۇپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى خاتىرەمگە قالدۇرغۇم يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسلىگۈممۇ يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئاشۇ كۈننى ئويلىسىلا ئىچ - ئىچىمدىن تىترەپ ئاچچىقتىن كېسىلىپ قالايلا دەيمەن. گۈلزار بىلەن دوستلۇقىمىزمۇ

شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇنچىۋالا بەك باغرى تاشلاردىنمۇ ئەمەسمەن. ئۇنى كەچۈرۈۋەتكەنمۇ بولاتتىم، بىراق...

شۇ كۈنى يۈگۈرگىنىمچە باغدىن چىقىپ كەتتىم. ئىلگىرى جېلىلىيۈزىگە پەقەتلا كېلىپ باقمىغان بولغاچ نەگە مېڭىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيە مەركىزى بىلەن باغنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلىلا يىراق ئىدى. كۆز باغلىنىپ قالغان ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ قورقماي ناھىيە بازىرى ئىچىگە كىرىپ شەھەرگە بىرەر ماشىنا كىرا قىلىپ كېتەلىشىمگىمۇ ئىشەنمەيتتىم. بىراق، قورقۇشنى دەپ باغقا قايتىپ كىرىشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم. كىچىكىمدىن غەزەپلەنسەم ئاچچىق دەستىدىن ياشلىرىم پارغا ئايلىنىپ كېتەمدۇ ئەيتاۋۇر، كۆزۈمدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقمايدۇ. بىر ئىشلارغا خۇشال بولسام ئاسان يىغلايتتىم. ئۇ كۈنكى ئىرپاننىڭ قىلغان ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن بەك غەزەپلىنىپ شۇ ۋاقىتتا كۆزۈمدىن ياش چىقمىغان بولسىمۇ، بىراق تەنھا ھالەتتە ئۇچقاندەك باغدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا خورلۇقتىن ياشلىرىم خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك توختىماي تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىچ - ئىچىمدىن ئېسەدەپ خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە ئەسەبىي ھالەتتە ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. مېڭىپ كېتىۋاتقان يولۇمنىڭ ناھىيە بازىرىغا ياكى ناھىيە بازىرىدىن يىراق سەھرا يوللىرىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. كۆزلىرىم ياش، ئېسەدىگەن ھالەتتە بىر كىشىدىن يول سورىشىممۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى بىر توپ لۈكچەكلەر ئارىسىدا قالغاندەك، مېنى كۆرۈپلا قالغان

ھەرقانداق كىشى چوقۇم يامان نىيەتتە بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ تېخىمۇ بەك جىددىيلىشىپ سەرسان تۇيغۇلارغا مەھكۇم بولغان ھالدا مېڭىۋەردىم. بىر چاغ ئارقامدىن «پەزىلەت» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق ئېتىشكە رەغدىم يوق ئىدى. خۇددى ئېرپان باغدىن چىقىپ مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئۇ مېنى تۇتۇپلىۋالسا بۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ قول سوزغان گۇگۇم ھەم تىمتاس خىلۋەت يولدا مېنى بىر نېمە قىلىدىغاندەك قورقۇنچ ئۇراپ تېخىمۇ بەك كۆچمىگەن ھالدا ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم. دېمىم كېسىلىۋاتىدۇ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ... بۇنداق يۈگۈرۈشنى، كۆچەشنى ئەزەلدىن ئاجىز بولغان بەدىنىمنىڭ كۆتۈرەلمەسلىكى ئېنىق بولسىمۇ چوقۇم يۈگۈرۈشۈم كېرەك، توختاپ قالساملا ئاشۇ بىر جۈپ كۆزگە يۈز كېلەلمەيتتىم. ياق... پەزىلەت، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ چوقۇم بۇ لەنىتى جايدا قالمىغىن، يۈگۈر، يۈگۈرگىن، توختىمىغىن، توختاپلا قالساڭ ئاۋۇ ھايا - نومۇسنى بىلمەي بىر - بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى قانداقتۇر ئىشرەتلىك كۆرۈنۈشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسەن. چوقۇم غەيرەت قىلغىن... بارا - بارا ئۆزۈمنى مۇئەللەقتە ئۇچۇۋاتقاندەك، لەيلەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، نەگە قاراپ كېتىپ بارغانلىقىمنى ئۇقالمايلا قالدىم.

......

بىرنەرسە مەھكەم ئورۇنلىشۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىمنى تەستە ئاچقىنىمدا ئاپپاق تام، ئاپپاق كىرلىك، ئاپپاق ئۆيدە ياتاتتىم. قولۇمغا سېلىنغان

ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىدىن سۈس سارغۇچ رەڭلىك سۇيۇقلۇق چۈشمەكتە ئىدى. ھەم ھەيرانلىق، ھەم ھالسىزلىق بىلەن ئەتراپقا باققان كۆزلىرىمگە بىرىنچى بولۇپ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن گۇلزارنىڭ بىر جۈپ كۆزى كۆرۈندى. ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم.

— جېنىم ئاداش، ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ؟ مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭ...— يىغلامسىراپ ماڭا ئېگىلىشكەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىشكە ھالىم يوق بولغاچقا ئۇنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

— ھەرنېمە بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ، خۇداغا شۈكۈر...— ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ مېنى قۇچاقلاپ ھەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— گۇلزار، ئۇنداق قىلماڭ، پەزىلەت يېڭىلا ھوشىغا كەلدى، ئۇنىڭغا يەنە بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن!— بۇ ئالىمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— چىقىپ كەت، مېنى يالغۇز قويغىن!

— ئاداش، مەن...

— چىقىپ كەت!

— گۇلزار، پەزىلەت تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىدى. دوختۇر پەزىلەتنى بەك ماغدۇر كەم، قۇۋۋەت يوقكەن، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشلاردىن ساقلانسۇن دېدىغۇ... بوپتۇ، ھېلى ئازراق ئەسلىگە كەلگەندە كىرەرسىز، چىقىپ تۇرۇڭ كارىدورغا...— مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەۋاتقان ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

چۆچۈگىنىمچە كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ قارىدىم. ئەنۋەر گۇلزار ۋە ئالىمنى يېنىككىنە ئىتتىرىپ كارىدورغا چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا قېشىمغا

كەلدى. بۇ ئەپتىم بىلەن ئەنۋەرگە كۆرۈنگۈم يوق ئىدى. ئاخشامقى ئىشلار تۈپەيلى ئەنۋەرنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقى يەتمىگەندەك بۇ قەدەر ئاجىزانە ھالەتتە ئۇنىڭ مېنى كۆرۈشى بەكلا سەت ئىش ئەمەسمۇ. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئەزىمەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى تۇرسا... مەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟مېنى كىم بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىكىنە؟

ــ ھېچنېمىنى ئويلىماڭ، ئوبدان ئارام ئېلىڭ، ھېچقىسى يوق، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى.

ئەنۋەر مېھرىبانلىق بىلەن كارىۋات قېشىغا ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇرغاچ شۇنداق دېدى.

ــ مەن...ــ ئۇنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان ئاۋازىدىن كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى.

ــ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇنداق قىلىش سالامەتلىكىڭىزگە زىيانلىق،ــ ئۇ يېنىمدىن قول ياغلىق چىقىرىپ ئەمدى ئىختىيارىمغا بويسۇنماي كۆزلىرىمدىن تاراملاۋاتقان ياشلىرىمنى ئېرتېشكە باشلىدى.

ــ مەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟

ــ بۇ يەرگە مەن ئەكەلدىم.

ــ سىز؟

ــ ھەئە، سىزنىڭ باغدىن چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن. مەن خېلى بۇرۇنلا باغدىن چىقىپ بازار تەرەپتىن كېلىۋاتاتتىم. كىرسەم سىز يوق، ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سورىسام بىلمەيدىغانلىقىنى، خېلىدىن بېرى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. دەرۋازا قېشىغا چىقىپ دەرۋازا ئالدىدىكى دۇكانداردىن سورىسام بىر قىزنىڭ باغدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ قارشى تەرەپتىكى يولغا كەتكەنلىكىنى، ۋارقىراي دەپ بولغۇچە كېتىپ

قالغانلىقىنى، باغقا كەلگەن بىر جۈپلەرنىڭ رەنجىشىپ قېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان قىزى بولسا ئارقىسىدىن يىگىتى چىقىپ ئىزدەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئېرەن قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يول ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يول ئەمەس. بۇ جەزمەن سىز، دەپ پەرەز قىلدىم ـ دە، كەينىڭىزدىن قوغلاپ ماڭدىم، يىراقتىن سىزنى كۆردۈم، ۋارقىرىسام تېخىمۇ تېز يۈگۈردىڭىز، ۋايتوۋا ئۇچقۇر! كېيىكتەكلا تېز يۈگۈرەيسىزكىنا... زادىلا يېتىشەلمىدىم. ئاخىرى ئارقامغا قايتىپ بىرەر نېمە تېپىپ كېلەي، دەپ ماڭسام باغقا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرىنى ئەكەلگەن شوپۇر ئاغىنەم ئۇچراپ قالدى. ئۇ باشلىقلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. شۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن سىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ چاپتۇق. ھېچ كۆرۈنمىدىڭىز، قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى. بىرچاغدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قالغان ھالەتتە ئۇچرىدىڭىز، ماشىنىغا سېلىپ دەرھال دوختۇرخانىغا ئەكەلدۇق. كېچىچە يېرىم ھوشسىز ياتتىڭىز. دوختۇر بەك كەم ماغدۇر، قان ئاز ئىكەن دەيدۇ. كەيپىياتمۇ بەك مۇھىم. سىز ھېچنېمىنى ئويلىماي ياخشى دەم ئېلىڭ، گۈلزار ئارقىلىق ئۆيىڭىزدىكىلەرگە: «ھۆرۈنلۈق قىلىپ تېلېفون بېرىشقا ئېرىنچەكلىك قىلىۋاتىدۇ، سىلەرنى ئەنسىرىمىسۇن» دەپ مەن تېلېفون بەرگۈزدۈم.

ھەممە ئىشلارنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان، مېنى بۇ تونۇمايدىغان يات يەردە كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلاپ قالغان ئەنۋەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتىم. شۇنداقلا تونۇگۈنكى باغدىن نېمىشقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈشكە

ئامالسىز ئىدىم، چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە ئازابلىنىۋاتاتتىم.

ــ ئوقۇلىغىز تۈگىسە شەھەرگە ئۆزۈم ئەكىرىپ قويىمەن، ھېچنېمىنى ئويلىماڭ، بولامدۇ؟

خىياللىرىمنىڭ ئايىغىنى ئۈزگەن بۇ سەمىمىي بالىنىڭ چىرايىغا قاراشتىن ئۇيىلىپ كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىۋالدىم. كۆز جىيەكلىرىمگە پاتماي ئېقىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىمدىن ئۇنىڭ قول ياغلىقى مىچچىدە سۇ بولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئوقۇلۇم تۈگىگەندىن كېيىن ئەنۋەر ماشىنا كىرا قىلىپ مېنى ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ قويدى. گۈلزار بىلەن قايتا كۆرۈشمەي، ئۇنىڭ يېلىنىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلدىم. ئۇ ئالىم بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ. ھېلىقى شەرمەندە ئەبلەخ بولسا شۇ كېچىدىن كېيىن قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ. كۆچەپ ئۇرغان شاپىلاق ئۇنى باشقىلار بىلەن ئۇچراشقۇسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدىمۇ ياكى مېنىڭ ۋىجدانىمنى بوش مۆلچەرلەپ قېلىپ قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن پۇشايمان قىلدىمۇ، بىلمىدىم.

ئۆيگە كەلسەم ئاپام رەڭگىمگە قاراپ ئاللا ــ تۇۋا سىلىپ پەرۋانە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ ئۆزۈمنى ئالالماي شۇ ياتقىنىمچە ئوكۇل ــ دورا بىلەن بىر ھەپتە يېتىپ كەتتىم. شۇ چاغدىلا ئاجىزلىقىمغا تەن بەردىم. بۇ ئاجىزلىقمۇ بىر كېسەل ئىدى... شۇنچە يىگەن ــ ئىچكەنلىرىمنى ئىچىمدە قايسى يوھاننىڭ يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم، بىلىشكە ئامالسىز ئىدىم، ئاپامنىڭ پەرۋانە بولۇپ ماڭا قۇۋۋەت

يېمەكلىكلىرىنى تەييارلىشى، شۇنداقلا دورا ـ ئوكۇلدىن ئۆزۈلمەي ئۆتۈشلىرىم دەماللىققا ماغدۇر بېغىشلىغان بولسىمۇ كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئازراقلا ھاياجانلانسام مۇشۇنداق بوشىشىپ كېتىپ قىلغان بارلىق قۇۋۋەتلەر يەنىلا يوق بولاتتى. مەندىكى زادى قانداق كېسەلدۇ؟

※ ※ ※

گۈلزار بىرنەچچە نۆۋەت كەلدى، ئەپلىشىپمۇ قالدۇق. كېيىن ئۇنىڭ توپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ھە دېسىلا ئويۇن ـ تاماشا، ياسىنىپ ـ تارىنىش، كۆلكە ـ چاقچاقلارغا بەكلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنى توسۇپ قېلىشقا، ئەسلىدىكى ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم، ئەخلاقلىق گۈلزار ھالىتىگە ئەكېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولساممۇ بىراق پايدىسى بولمىدى. ئۇ ئالىم ئۈچۈن شۇنداق سەۋدايى بولغانىدىكى، بۇ يولدىن قايتۇرۇشتا پەقەتلا ئالىم ئۇنىڭغا گەپ قىلسا ئاڭلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، قارىسام ئۇنى مۇشۇنداق يولغا باشلىغان دەل ئالىم ئىدى. تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئالىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلار ئالدى بىلەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشى، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگەندە شېرىن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولۇپ بەختلىك ئائىلىنىڭ تەمىنى تېتىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس... ئالىمدىن ئاڭلىغىنىم: «مەن 50 ـ يىللارغا لايىق مۇتەئەسسىپ ئىكەنمەن. قەلبىمدە پەقەت مەغرۇرلۇقلا، يەنى چىرايىمغا ئىشىنىش مەغرۇرلۇقى مەۋجۇتمىش. بۇ

مەغرۇرلۇقا مۇتەئەسسىپ ئىدىيەم قوشۇلۇپ شۇ قەدەر قاتمال ئىكەنمەنكىن، بۇ ئىدىيە قاتماللىقىمنى ئىلى دەرياسىغا ئوتتۇز يىل چىلاپ قويسا ئاندىن يۇمشىغۇدەك. بۇلار زىممىسىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش دېگەن مەجبۇرىيەتنى تاماملاپ بوپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى كۈنلىرىنى ئويناپ ـ كۈلۈش، شېرىن مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزەرمىش. بولمىسا ياشلىق پەيتى قولدىن كېتىپ قالارمىش. ياشلىقىدا ئوينىمىغان ھەرقانداق ئويۇننىڭ مەززىسى، لەززىتى بولمايمىش، شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەندەك كۆپ ماقال ـ تەمسىللەرنى قالدۇرغانمىش. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئاز ئارىلىشىشىم، گۈلزارغا ئاز تەربىيە قىلىشىم كېرەكمىش، گۈلزار بۇ تەربىيەلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئالىمغا يەتكۈزۈپ بەك نارازى بولارمىش. مېنىڭمۇ بولسا كاللامنى سىلكىۋېتىپ، ئېرىپاننىڭ ئانچىكى قىلىپ قويغان ئىشىغا قوپاللىق قىلغىنىمغا كەچۈرۈم سوراپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشۈم، ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتسە پۇررىدە توزۇپ كېتىدىغان بۇ گۈل چىرايىمنىڭ قەدرىنى قىلىشىم كېرەكمىش.

غال ـ غال تىترىگىنىمچە بۇ سۆزمەن، شۇنداقلا ھەر بىر گېپىدە بويۇنلىرىمغا ۋە ئاللىقانداق يەرلىرىمگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدىغان لەنىتىگە پەقەت بىرلا ئېغىز گەپ قىلدىم: «يوقال!»

......

گۈلزار تەبئىي ھالدىلا مەندىن ئۆزىنى تارتتى. ئۇنىڭ نېمىشقا مەندىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى، ئىزدىمىگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ جەزمەن مېنىڭ ئالىم

بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمنى ئالىمدىن ئۇققان. ئالىمنىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن گەپلىرى بويىچە مەندەك ئىدىيەسى قاتمال «موماي»نىڭ ئەمدى ئۆزى بىلەن بىر يولدا مېڭىپ دوست بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندى.

مانا شۇنداق قىلىپ قەدىردان دوستۇم گۈلزار بىلەن خوشلاشتىم.

## توققۇزىنچى باب

# قىز كۆڭلى

ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلى تېببىي خەنزۇ تىلى قوشۇمچە قىلىنغان ھالدا ئاساسىي تېببىي ساۋات دەرسلىكلىرى ئۆتۈلەتتى. دەرسلەرنىڭ سالمىقىمۇ ئەلۋەتتە ئېغىر ئىدى. مەكتەپكە كېلىپلا ئەتىسى دەرس باشلاپ كەتتى. چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق، كارىدور ئىشىكىدە ئۇنى كۆردۈم. ئالدىنقى قېتىم تەتىل بولۇپ قايتقاندىن كېيىن مەھبۇبەنىڭ ئەۋەتكەن لىنتىسىنى ئاڭلىغان بولسامىمۇ، ئىراق ۋىجدان بىلەن مۇھەببەت ئۇقۇملىرىدا قىينىلىپ، ئۇنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن بەرگەن تېلېفونلىرىنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇمۇ جىممىدە بولۇپ كەتكەنىدى. مەكتەپكە ماڭغىنىمىزدا دادام ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كېلىدىغان بولۇپ قېلىپ دادامنىڭ ماشىنىسى بىلەنلا كەلگەچكە يەنىلا ئالاقىلاشمىغاندۇق ھەمدە جېنىلىيۇزىگە بارغان ئىش تۇيەيلى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئالدىدا ئۆزۈمنى قاتتىق گۇناھكار چاغلايتتىم، ئۇنىڭغا خىيالەن يۈز كېلەلمەيتتىم. شۇڭا ئۇنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئىسمىنى ئاڭلاشتىنمۇ قورقاتتىم. مەكتەپكە كەلگەن كۈنىمىز زۇمرەت ئۇنى سورىغاندا مەن ئۇنى كۆرمىگەنلىكىمنى ئېيتسام شۇنچىلىك ھەيران

قالدىكى، كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ: «تـوۋا! مۇنداقمۇ ئادەملـەر بولىـدىكـەن، ئـەزىـمـەت زادى نېـمـىـنـى ئويلايدىغاندۇ؟ مەكتەپكە كەلسـە كۆيۈپ هالـى قالمايـدۇ، يۇرتقا بارغاندا بولسا ئىزدەپ كۆرۈشـۈشنى ئويـلىمايـدۇ» دەپ كـەتتى. «ئـۇنىڭ كۆرۈشـۈش تەكلـىپىنى ئـۆزۈم رەت قىلدىمغۇ» دەپ ئۇنى ئاقلىسام ئۇ ۋايسىغان هالدا:

ــ جېنىـم ئادىشـىم، سەن نېـمانچە ساددا، هەرقانچـە بولسـىمۇ قىـز بالا دېگەنـنىڭ ئۇنـچىلـىك نازى بولـىدۇ، كۆرۈشمەيمـەن دەپ رەت قىلسـىلا كۆرۈشمـەي شۇنداقمـۇ كارى يوق يۈرەمدۇ؟ قېنى ئۇنىڭ ئاشىقلىقى،ــ دېدى.

ــ كۆرۈشەيلى دەپ يـېپـىشـىۋالسا، كـەچكـىچـە بىللـە يۈرسىلا مۇهـەببـەتلـەشكـەن بـولامـتى؟ مـەن ئـۇنـداق قىلىشتىن خىجىل بولىمەن،ــ دېدىم.

ــ دېگىنىڭغۇ توغرا، بىراق هازىرقى بۇ جەمئىيەتتـە ئـۇنداق قىلـىپ ئۆتىـدىغان مـۇناسىۋەتلـەرنىڭ ۋاقـتـى ئۆتتى، هەي نېمانچە ساددا سەن،ــ دەپ جىملەپلا كەتتى.

شـۇ كـۈنى كـەچـتـە يېتـىـپ ئۇنـىڭ دېگەنـلـىرى ۋە ئـالىمـنـىڭ دېگـەنلىرىـنـى، گۈلزارنـىڭ ئۆزگـىرىـپ كـەتكەنلـىكلـىرىنى ئويلاپ ئۇزاققـىچە ئۇخـلـىيالـماي قىينالدىم. قانچە قىلسامۇ خۇددى دۇكاندا سېتىلماي ئۇزاق تۇرۇپ قالغان مالنىـڭ ۋاقتى ئۆتـكەندەك، هايا ـ نومۇس ئـىدىيەسىنىڭ ۋاقـتى ئۆتـكـەنلـىكـىنى قـوبۇل قـىلالـمـىدىـم هـەم ئـۇنـداق بـولـۇشـىغا ئـۆزۈمـنـى ئىشـەندۈرەلمـىدىم. ئەگەردە راسـتتىنـلا هايا ـ نومـۇس، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتتى دېيىلسـە بۇ دۇنيا نېمىگە ئايلىنىپ كەتتى؟

ئۇنى كـارىدوردا كۆرۈشۈم بىلەنلا هېلىقى غەلـتـە سېـزىـم مېـنـى ئـۆز ئـىسـكـەنجـىسـىگـە ئېلـىـپ

ماغدۇرسىزلانغانىدەك بولۇپ زۇمرەتنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ يالۋۇردۇم:

— جېنىم زۇمرەت، مېنى تاشلاپ كەتمىگىن بولامدۇ؟

— نېمىشقا، مەن ئاراڭلاردا 250 ۋاتلىق قارا لامپوچكا بولۇپ تۇرامدىم!

— ياق، جېنىم، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن قورقىمەن.

— قورقىمەن؟!— ئۇنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى،— كۈپكۈندۈزدە ئۇ سېنى يەمتى؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئىشقىلىپ قورقۇۋاتىمەن...

— ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، قىزچاقلار؟

سۆزۈمنىڭ ئاخىرى ئېغىزىمدىلا قالدى. ئۇ قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆككەن ھالدا قېشىمىزغا كېلىپ بولغانىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئەزىمەتجان، ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇپسىزمۇ؟ پەزىلەتتىن ئاڭلىسام تەتىلدە كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرغاچ سىزمۇ، ئۇمۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇپسىلەرمىشقۇ...

ئۇنىڭ ئويلىمىغان يەردىن تۇنۇگۈنكى سۆھبەتتىكى ئاچچىقىنى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ دېگەن بۇ سۆزلىرىدىن چۆچۈپ كەتتىم. نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئىتتىك ئەزىمەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، لەۋلىرى نېمىندۇر دېيىشتىن قىينالغانىدەك تارتىشىپ كەتتى. زۇمرەت ئۇنىڭ بۇ ئوڭايسىز ھالىتىنى تازا تاماشا قىلىپ تۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرمۇنچە گەپلەرنى دەۋېتىپ، قولىنى قولۇمدىن سىلكىپ ئاجرىتىپ:

— ئەزىمەتجان، مېنىڭ ماۋۇ نازۇك ئاق ئەتىرگۈلۈم ماڭا ئوخشاش جۇدۇنغا بەرداشلىق بېرىدىغان قارا گۈلگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنى بەك سىلىق، بەك قۇۋۋەتلىك پەرۋىش قىلىش كېرەك. ئەمىسە چۈشتىن كېيىن دەرس يوق... بۇ گۈلۈمنى سىزگە تاپشۇردۇم ، بىر چۈشتىن كېيىنلىك پەرۋىشتىن كېيىن ۋاقتى - قەرەلىدە، زەخىم يەتمىگەن ھالدا سىزدىن تاپشۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەرھەمەت!— دەپ شوخلۇق بىلەن ئەزىمەتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئاسىي مېنىڭ شۇ تاپتا ئەزىمەتنى كۆرۈش بىلەن ماغدۇرسىزلانغان جىسمىمنىڭ ئۇنىڭغا مەجبۇرىي يېپىشىۋالغۇدەك قۇدرىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچ، مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويماي بەخىرامان كېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلغان قوللىرىمنى ئەزىمەتنىڭ قوللىرى ئارىسىدا كۆردۈم. ئۇ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ كۆزلىرىمگە ئاپەت تېرىغۇچى كۆزلىرىنى تىكىپ بوش ئاۋازدا:

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ، پەزىلەت؟— دەپ سورىدى. ھودۇقۇپ تۇرۇپ «ياخشى» دېگەن باش ئىشارىسىنى ئارانلا قىلدىم. يەنىلا بۇرۇنقىدەك شەرتسىز ھالدا قەدەملىرىم ئۇنىڭغا ياندىشىپ گەپ قىلىشماي مېڭىپ مەكتەپ قورۇسىدىن چىقتۇق.

— ئالدى بىلەن چوڭكۆۋرۈك تەرەپكە بېرىپ تاماق يەيلى. شۇ يەردە بىر داڭلىق توخۇ قورداقخانىسى بار. ئاندىن سۇ ئۈستى باغچىسىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، قانداق؟

ئەزىمەت مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى كۈتمەيلا تاكسى توسۇپ كەينى ئىشىكىنى ئېچىپ مېنى چىقىرىپ، ئۆزى مېنىڭ

يېنىمغا چىقىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان ئاشۇ دەقىقىلەردە قانچىلىك تاتلىق بىر سېزىمنىڭ يۈرەكلىرىمگە تاراپ كەتكەنلىكىنى، كالتە يەڭ كۆڭلىكىمدىن چىقىپ تۇرغان بىلەكلىرىمگە ئۇنىڭ قارا كۆك مايكا كىيىۋالغان يالىڭاچ بىلەكلىرىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن يۈرىكىمنىڭ شىددەت بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچ ئۇيالمايلا يېزىپ ئولتۇرماقتىمەن. شېرىن ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىمغا تاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇمۇ گەپ قىلماستىن ئولتۇرغان بولسىمۇ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكرەكلىرىدىن قانچىلىك ئىزتىراپلىق ھېسلارنىڭ شېرىن ئەللەيلىشىگە مەھكۇم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، ۋاقتىمىزنىڭ كۆپرەكىنى سۆكۈتكە ئىئانە قىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتۇق. ئىككىلىمىز مەھبۇبەنىڭ ئىشىنى تىلغا ئالمىدۇق. ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىز بىلەن بىللە بولغاندا ھەرقانچە يوشۇرساقمۇ چىرايىمىزغا تېپىپ چىقىدىغان خۇشاللىقلىرىمىز ئۇستىدە سۆزلەشمىدۇق. پەقەت تاماق يەپ بولۇپ قوزغىلىشقا يېقىن ئۇ ماڭا بېشىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ:

— ئۇھ... نېمانچە... نېمانچە سۆيۈملۈكسىز، پەزىلەت، — دېدى.

ئۇيالغىنىمدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ ئاستا يەرگە باقتىم. ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاشماقچىدەك سەل ئېگىلدى - يۇ، ئىتتىك ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

ــ ئەمدى باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى ـ ھە!ــ دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

شۇنداق كۆڭۈللۈك ئويىنىدۇق. بىراق، تېز پىرقىرايدىغان، ئاسمانغا شىددەت بىلەن چىقىپ چۈشىدىغان ئويۇنلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئوينىيالمىدۇق. ئۆزۈمنىڭ ئۇ ئويۇنلارنى ئوينىيالىشىمغا كۆزۈم يەتمىگەننى ئازدەك، تەۋەككۇل قىلىپ بىلەت ئېلىشقا بارغىنىمىزدا بىلەت ساتقۇچى مېنى كۆرۈپلا «چىرايىدا قان دىدارى يوق، بەك ئورۇقكەن. مەن كېپىل بولالمايمەن. بۇنىڭغا قان بېسىملار، قان ئازلار چىقسا بولمايدۇ» دەپ بىلەت بەرمىدى. ئىچىمدە «خۇداغا شۈكۈر» دېسەممۇ تېشىمدا يالغاندىن خاپا بولۇپ، ئۈششۈقلۇق قىلىپ سوقۇشتۇم تېخى...

بىر قاتار ئويۇنلاردىن كېيىن ئىككىمىز پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ چىقىپ باغچىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسى بولغان كۆپكۆك كۆل ئەتراپىدىكى خالىي يەرگە قويۇلغان ئورۇندۇقنى تاللاپ ئولتۇردۇق. يىراقتىن كۆلدىكى كاتېرغا چۈشۈپ ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىيقاس ـ سۈرەنلىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ھېرىپ قالغانىدىم. ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ ئۇزاتقان ئىچىملىكنى ئىچكەچ ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى ئارقىغا تاشلىدىم، تاشلىدىم ـ يۇ، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ قولىنى ئورۇندۇققا كەڭ يېيىپ ئولتۇرغاچقا ئۇنىڭ قولىغىلا ئۆزۈمنى تاشلىغانىكەنمەن.

ــ ھاردىڭىزمۇ؟

ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ سورىغاچ بىلىكىگە تاشلانغان گەۋدەمنى قوروپ تۇتۇپ ئۆزىگە يۆلىدى.

ــ ھەئە،ــ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدا

ھارغانلىقىمنى ئاشكارا قىلغاچ چۆچۈشتىن تىكلەنگەن گەۋدەمنى ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىدىم.

ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازى بىلەن قۇلىقىمغا پىچىرلاپ سورىدى:

— پەرىلەت، بۇ راستمۇ؟ باياتىن زۇمرەتنىڭ دېگەن گەپلىرى، يەنى مېنى تەتىلدە ئىزدىمىدى، دەپ قېيىدىغىنىڭىز راستمۇ؟ مەن زۇمرەتنىڭ گېپىدىن سىزنىڭ ئۇنىڭغا قېيىداپ بەرگىنىڭىزنى سەزگەندەك قىلىمەنغۇ...

مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ پۈتۈن ئىختىيارىم بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— سىز بەك ئوماق جۇمۇ، — ئۇ قوللىرىنى تېخىمۇ يىغىپ تۇرۇپ مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — مەن تىترىگەن ھالدا مىدىرلىدىم.

— سىزنى ھېچنېمە قىلمايمەن. سىزنىڭ ھار ئالدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، پەقەت بىر مىنۇت، بىر مىنۇتلا سىزنى باغرىمغا بېسىپ تۇراي!

ئۇنىڭ چەكسىز سەمىمىيلىك تۆكۈلگەن سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىشقا ھەم يەنە قارشىلىق قىلىشقا نېمە ھەددىم بولسۇن، يېلىنغان ھالدا ئۇنىڭغا ئاجىزلارچە باش ئەگدىم. ئۇ ئىككى قولى بىلەن مېنى سىلىققىنە باغرىغا تارتتى. مەن ئۆزۈممۇ بىلمىگەن بىر خىل مەستخۇشلۇق، خىجىل بولۇش، زارىقىش ئارىلىشىپ يۇغۇرۇلغان ھېسلىرىمغا ئەل بولغىنىمچە گەۋدەمنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېشىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدۇم.

— پەرىلەت، مەن بۈگۈن نېمانچە بەختلىك...

بىلەمسىز، بۈگۈن ماڭا پۈتۈن دۇنيا كۈلۈپ قاراۋاتىدۇ، رەھمەت، گۈلۈم. بۈگۈنكى مۇشۇ ئىلتىپات بىلەن بىر ئۆمۈرلۈك بەخت تۇيغۇسى بەرگىنىڭىزگە رەھمەت!

خىجىللىق بىلەن بېشىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە يوشۇرغاچ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم...

مۇھەببەت سېھىرلىك سۆيگۈ ناخشىسى بىلەن بىزنى يېقىملىق پەپىلەپ ئەللەيلەۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ چىققىنىمدا يۈزلىرىم ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ياش بىلەن يۇيۇلغان، ياشتىن جۇپلەشكەن كىرپىكلىرىم ئاستىدىكى كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىشتىن تېخىمۇ خىجىل بولۇپ ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يېپىۋېلىپ ئۇششۇقلۇق قىلىشقا باشلىدىم:

— كېتەيلى، كېتەيلى... ۋاي ئۆلەي... ئەمدى سىزگە قانداق قارايمەن... ئەمدى سىز بىلەن كۆرۈشمەيمەن... ياق - ياق، ئەمدى سىزگە قاراشتىن ئىزا تارتىمەن.

مۇشۇ كۈنلەردە شۇ قەدەر بەختلىكمەن.

ئادەم بىرىگە بەختلىك مىنۇتلاردا، بىرىگە نەپرەتلىك مىنۇتلاردا خاتىرە يېزىشقا ئېرىنىپمۇ قالىدىغان ئوخشايدۇ. خېلى ئۇزاق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ خاتىرەمگە بىرنېمىلەرنى قالدۇرماپتىمەن.

ھېلىقى كۈنى باغچىدا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ باغرىغا باش قويۇپ كۆڭۈل تىۋىشىمنى بىلدۈرۈپ قويغىنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كېيىنكى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولۇپ كەتمىدى. مەن يەنىلا بۇرۇنقى ئۇنى كۆرۈشنى خالايدىغان تۇيغۇلىرىم بىلەن تىنىماي كۈرەش قىلىدىغان، ئۇنى يىراقتىن كۆرۈشۈم بىلەنلا

تەمتىرەپ ـ ھودۇقۇپ تۇرۇپ ئامال بار باشقا يوللار بىلەن قېچىپ كېتىدىغان پەزىلەت؛ ئۇ بولسا مېنىڭ بۇ قىلىقلىرىم ۋە مىجەزىمگە تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ناگاندا بىر كۆرۈشكەنلەردە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى پەقەت قارا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئامراقلىق، سۆيۈنچ، ئاسراش نۇرلىرى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەزىمەت ئىدى. بۇ زاماندىكى ياشلار ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالماس بولۇپ كەتكەن مېنىڭ بۇ مىجەزىمگە ئۇ ئاجايىپ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

بۇگۈنمۇ كەچلىك تەكراردىن چىقىپ ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۇقۇتۇش بىناسىنىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا زۇمرەت مېنى ئۇنىڭ بىلەن تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەكتەپ باغچىسى تەرەپتىكى دەرەخ ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

ــ ئۇرۇمچىدە ياز كېچىكىپ كېلىدۇ، قىش بالدۇر كىرىدۇ ـ ھە....ــ دېدى ئۇ مېنىڭ ئىزغىرىن شامالنىڭ يەلكەمنى قورۇپ، يېنىك تىترىشىمنى بايقاپ.

ــ ھەئە.

ــ مۇزلىدىڭىزمۇ؟

ــ ياق.

ــ ياق دەيسىز يەنە تىترەۋاتىسىزغۇ؟

ئۇ قېشىمغا سۇرۇلۇپ ئولتۇرۇپ قولۇمنى ئالىقىنىغا ئېلىپ مەھكەم قىستى.

ــ ئاغرىدىمۇ؟

ــ ئاغرىماتتى،ــ راستتىنلا قولۇم ئاغرىغانىدى. ئۇ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— پەزىلەت، نېمانچە ئىنچىكە قولـلار بۇ؟ بۇ قولـلار پەقەتلا ئىش قىلىپ باقمىغان مەلىكىنىڭ قوللىرىغۇ...— دېدى.

— كىم دەيدۇ مېنى ئىش قىلالمايدۇ دەپ.

— سىز ئىش قىلالامسىز؟

— مېنى ئىش قىلالمايدىغان تەييارتاپىمىكىن، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟

— ياقەي، تۇرقىڭىزغا قارىسا سىزنى مەخسۇس بىر كۈتكۈچى تامىقىڭىزنى ئېتىپ، كىرىڭىزنى يۇيۇپ بېرىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ئادەمگە، سىز بەكلا نازۇك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تال قىز دېگەن بەك ئەتىۋارلىق بولىدۇ. سىز ئىككى ئوغۇل ئىچىدىكى ئەتىۋارلىق بىر گۈل تۇرسىڭىز.

ئەزىمەتنىڭ پەرەزلىرى بىزنىڭ ئۆينىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە قارىمۇقارشى ئىدى. ئىككى ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىز بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئاتا - ئانامنىڭ ئالاھىدىرەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى راست. بىراق، بىر تال قىز دەپ ھازىر ئەركىلىتىپ ھېچ ئىش قىلدۇرماي چوڭ قىلغىنى بىلەن، كېيىن تالالىق بولغان چاغدا بىراۋلارنىڭ ئۆيىدە ھەرەج تارتىپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەردە بەلگىلىك ئالاھىدىلىك ۋە ساپا يېتىلدۇرگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئاياللىق ئوبرازىنى جۇلالاندۇرۇپ ئەڭ خۇش پۇراق گۈل نامىغا ماس كېلىدىغان «دۇنيا ئانىسى بولالايدۇ» دېگەن قاراشلارغا مەھكەم باغلانغان ئاپام ماڭا بولغان بارلىق مېھرىنى مېنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيەلەشكە بېغىشلىۋەتكەن.

— نېمە بولدى؟ جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، پەزىلەت؟—

ئەزىمەت مۇرەمەدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.
مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراش ئۈچۈن ئۆزۈمنى كەينىگە تارتىپ تۇرۇپ بوشقىنە:
ــ ئاپامنى سېغىنىپ قالدىم،ــ دېدىم.
ــ تېلېفون قىلالىمۇ؟
ــ ياق، بولدى، ئەتىگەنلا سۆزلەشكەنىدىم.
ــ قېيىنئاپام، قېيىنئاتام، قېيىنئىنىملار ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟
ــ نېمە؟
ئەزىمەت مېنىڭ چۆچۈپ كەتكەن تۇرقۇمغا قاراپ كۈلۈۋەتتى ـ يۇ، ئارقىدىنلا جىددىي ھالدا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ:
ــ نېمە، ئۇنداق دېسەم بولمامدىكەن، بۇ ھامان بىر كۈنى ئاتىلىدىغان گەپقۇ...
ــ قېلىن، ھازىر دېيىشكە بالدۇرغۇ،ــ بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم.
ــ يەنە تېخى بىر گەپمۇ بار. دېيىشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، دەيمۇ يا؟
ــ نېمە گەپ؟
ــ دېسەم رەنجىمەيسىز ـ ھە!
ــ رەنجىتىدىغان گەپ بولسا دېمەڭ!
ــ پەقەت رەنجىتمەيدۇ، خۇش قىلىدۇ.
بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئىشەنمەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم.
ــ ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ــ ئۇ كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆككەن ھالدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ بېشىمنى ئاستا يېقىنلاشتۇردى ـ دە، پىچىرلاپ تۇرۇپ:
ــ كەلگۈسىدىكى بالىمىز شۇ قېيىنئاپام،

قىيىنىئاتاملارنى بەك سېغىنىپتۇ، — دېدى.

— ۋاي خۇدايىم، — ئىتتىك قولۇم بىلەن ئوت ئېلىپ كەتكەن يۈزلىرىمنى توسۇۋالدىم، — قىلمىسۇن... قىلمىسۇن... سىز نېمانچە قىلىسىز...

— مەن قىلىمىما؟ — ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەلدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. گەرچە قوللىرىمنى يۈزۈمدىن ئاجراتمىغان بولسامۇ ئۇنىڭ ئىتتىكلەشكەن تىنىقلىرىنىڭ يۈزۈمگە ئۇرۇلغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تىترەپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم:

— ئۇنداق قىلماڭ، سەت بولىدۇ...

— نېمىشقا سەت بولىدۇ، سىزنىڭ مۇشۇنداق تارتىنىشلىرىڭىزمۇ نېمانچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سۆيۈندۈرىدىغاندۇ...

— ياق، ياق... مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن قوبۇل قىلالمايمەن، — ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ تۇرۇپ چىقىۋاتقان ئاۋازلىرىم ھەقىقەتەن شۇ تاپتا ئۆزۈمدىكى نومۇس - ھايا تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان يۈرىكىمدىن قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى ئىسپاتلايتتى.

— پەزىلەت، سىز بەك سۆيۈملۈك قىز، — ئۇ بىردىنلا مېنى قۇچاقلىدى. جالاقلاپ تۇرۇپ تىترىگىنىمچە يېنىككىدە قارشىلىق قىلدىم. ئۇ كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزۈمنى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ، — تارتىنىشلىرىڭىز، ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشلىرىڭىز، ھازىرقى مۇھەببەتلەشكەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقلارنى قوبۇل قىلالماسلىقلىرىڭىز مېنىڭ ھەقىقەتەن سىزنى خاتا تاللىمىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى سىزدە ياسالمىلىق

يوق، سىزدەك ئېسىل قىز بىلەن ئۇچراشتۇرغان ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر... سىزگە كۆپ رەھمەت، جېنىم، مەن سىز بىلەن بەكلا بەختلىك...

ھاياجاندىن ئۈنىڭمۇ ئاۋازى تىترەيتتى ، مېنى باغرىغا سىڭدۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك مەھكەم قۇچاقلايتتى.

ئۇنىڭ مەيدىسىنى ھۆللىۋەتكەن ياشلىرىم چۈشۈشتىن توختىغان بىرچاغدا مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ چىقتىم ـ دە، بىزدىن ئازراقلا نېرىدىكى ئورۇندۇقتا بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم گىرەلىشىپ كەتكەن قىز ـ يىگىتنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرىدىن ئۇيالغان ھالدا بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمەي:

ــ كىرىپ كېتەيلىچۇ!ــ دەپ ئۆتۈندۈم.

ــ مەيلى،ــ ئەزىمەت قىيماسلىق بىلەن قولۇمنى مەھكەم سىقىپ قويۇپ بىز يېنىدىن ئۆتۈۋاتساقمۇ قىلچە كارى يوق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان قىز ـ يىگىتكە شۇنداقلا نەزەر تاشلاپ قويۇپ ئىلدام ھالدا ماڭدى. مەن بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم، ياتاققا كىرىپ كەتتىم.

※ ※ ※

«مۇھەببەت ئۇ تىترەپ تۇرغان بەختتۇر.» بۇ سۆزنى جىبران خېلىل جىبراننىڭ نەسرلەر توپلىمىدىن ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بۇ كۈنلەردە بۇ گەپكە تولىمۇ قول قويدۇم. يۈرىكىمدىن تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىنتىلەتتىم، يەنە تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قاچاتتىم. لېكىن، بۇرۇنقىغا قارىغاندا شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئىككىمىزنىڭ بىللە چىقىپ بازار چۆرگىلەيدىغان،

كىتابخانىلارغا بارىدىغان، بىللە تاماق يەيدىغان ۋاقىتلىرىمىز كۆپىيىپ قالدى. شەنبە كۈنى ئىككىمىز بىللە چىقىپ كېتىۋېتىپ مەھبۇبە بىلەن دەرۋازا تۇۋىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىزنى كۆرۈپلا چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن مەھبۇبە شۇ قەدەر ئازاب بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىكىن، لەۋلىرى تارتىشىپ خۇددى ئامراق ئويۇنچۇقىنى باشقىلار بۇلىۋالغان كىچىك بالىدەك ئۇمچەيگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتى كۆز قارىچۇقلىرىمدا ئۆيۈپ قېلىپ بەكلا بىئارام بولدۇم. ئۆزۈمنى خۇددى ئۇنىڭ بەختىنى بۇلىۋالغان بۇلاڭچىدەك ھېس قىلدىم، خۇشالمۇ بولالمىدىم. ئەزىمەت ماڭا كايىپلا كەتتى، بىراق مەن يەنىلا بىئاراملىق تۇيغۇلاردىن قۇتۇلالمىدىم.

※ ※ ※

سىنىپىمىزدىكى بىر قىز قوغلاندى بولۇپ كەتتى. توۋا... كىممۇ بۇ قىزنى ئۇنداق يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان؟ كەلگەندە شۇنداق ياۋاش كۆرۈنگەن بۇ قىز جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئىشلەۋاتقان بىر مەھەللىلىك قىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپ، قالايمىقان باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا قورسىقىدا قاپتۇ. نېمىسىنى دەيسىز... كۆڭلى ئېلىشىپ تاماق يېگۈسى كەلمەي سىنىپقا چىقماي يېتىپتىكەن، سىنىپ تەربىيەچىسى كىرىپ مېھرىبانلىق بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپتۇ، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاشكارىلىنىپ

قاپتۇ. پاختىنى چوغ ئىچىدە ساقلىغىلى بولمىغاندەك، بۇ ئىش ياتاقداشلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ ئېلان قىلىندى. بىچارە قىزنىڭ ئاپىسى شۇ جايىدىلا ھوشىدىن كەتتى (دادىسى يوق ئىكەن تېخى). باللارنى بېقىپ شۇ ياشقا كىرگۈزۈش ئاسانمۇ؟ئاشۇ ئانا قىزىنى بېقىپ قاتارغا قوشقىچە، شۇنداقلا بۇ مەكتەپكە ئەۋەتكىچە قانچە جاپالارنى تارتقان بولغىيتتى ـ ھە؟...

كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئەزىمەت بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا شۇ گەپلەرنى دەپ ئۆزۈمچە يىغلاپ كېتىپتىمەن. ئۇ مېنى ھەر خىل ئوخشىتىشلار بىلەن ھەزىل قىلدى، لېكىن قارىسام ئۇنىڭمۇ كۆزقاراشلىرى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

※ ※ ※

«ياش بىلەن يۇيۇلغان مۇھەببەت ساپ ۋە مەڭگۈلۈك بولىدۇ.» ئۇنىڭ بىلەن قېيىدىشىپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە قېيىدىشىپ ئۆتۈۋاتقىنىمىغا خېلى ئۇزاق بولدى. سەۋەبى مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر خۇي كىردى، يەنى مېنى بەكلا كۆزىتىدۇ. ئوغۇللار بىلەن پاراڭلاشقىنىمنى كۆرسە، سىنىپىمىزدىكى باللار بىلەن بىللە مېڭىپ سىنىپتىن چىقىۋاتقىنىمنى كۆرسە رەنجىپ قالىدۇ، «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دېگىنى بىلەن بىراق جىمىمىدە بولۇپ كېتىشلىرى ۋە قىياپەتلىرىدىن ئىپادىلىنىپلا قالىدۇ. ماڭا ئىشەنمەمدىكىنە؟ ئىشىنىش بولمىغان

مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەڭگۈلۈك بولماسلىق دېگەننى ئويلىسام قورقىمەن.

※ ※ ※

ئەتىگەندە سىنىپقا چىقىپ كېتىۋېتىپ بىزنىڭ مەكتەپ بىناسى ئالدىدا ئۇنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار شۇنچە كۆپ تۇرسا ئەتىگەندىلا بۇ يەردە نېمىگە تۇرىدىكىنە...

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى.

— مەن بىلەن بېكەتكە بىللە بېرىڭە!

— نېمىشقا؟— ھەيران بولدۇم،— دەرس تۇرسا...

— رۇخسەت سورىىامسىز، بىر ئىش بار ئىدى.

— ئېنىقراق دەڭچۇ!

— ئاپام كەلمەكچى ئىدى.

— ئاپىڭىز؟

— ھەئە، شۇڭا ئالدىغا بىللە چىقايلى دېگەنىدىم.

— بۇ... ئەزىمەت... مەن خىجىل بولىمەن.

— نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ مەن ئاپامغا دېگەن. ئاپامنىڭ سىزنى شۇنداق كۆرگۈسى بار، ئوغلۇمنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان قانداق پەرىكىن، بىر كۆرەي دەيدۇ.

— مېنى قىستىماڭ، مەن راستىنىلا خىجىل بولىمەن،— خۇددى ھازىرلا ئۇنىڭ ئاپىسى ئىككىمىز تۇرغان يەرگە كېلىپ مېنى كۆرىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم.

ــ مەن يېنىڭىزدا تۇرسام... سىزنى يالغۇز كۆرۈشۈڭ دېمىسەم... نېمىگە بۇنچىلا ئەمدى...
ــ ياق، ئەزىمەت، مەن بۇنداق بالدۇر كۆرۈشۈپ يۈرۈشنى ياقتۇرمايمەن ھەم ئۇنداق قىلالمايمەن.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق بىمەنە خىيالغا كېلىپ مېنى ئەتىگەندىلا ئاپىسى بىلەن كۆرۈشتۈرگۈسى كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ رەنجىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسامىمۇ ئامال يوق، مەن ئۇنداق ئوچۇق ئىدىيەلىك ئەمەس ئىدىم. تېخى توي قىلماي تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ يۈز ئېچىشىپ ئۆتۈشلەرگە قارشى ئىدىم. «مۇتەئەسسىپ» ئىدىيەمنى قانچە قىلسامىمۇ ئۆزگەرتەلمەيتتىم.
ئۇ كېتىپ قالدى. مەن كۆڭلۈم غەش ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەتتىم. كەچكىچە ئۇنى كۆرمىدىم. كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا يېتىش ئالدىدا خاتىرە يازماقتىمەن.

※ ※ ※

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدە مەكتەپكە بارغىنىمغىمۇ مانا ئۈچ يىل بولدى. ئۇ كام مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەتتى. ئۇ كەچكىچە: «ئۈرۈمچىدە سېنىڭ قېشىڭدا ئوقۇيمەن. ساڭا ھەمراھ بولىمەن، سېنى كۆزى يامانلاردىن ساقلايمەن» دەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئارزۇيىنىڭ ئەكسىچە ئۇ مەندىن تولىمۇ يىراق مەركىزىي شەھەر بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەتتى. ھەپتىدە ئىككى قېتىم دېگۈدەك تېلېفون قىلىدۇ. ئۇنىڭغا تەسەللى، چىدام توغرۇلۇق گەپ قىلىپ

سۆزلىسەم ھە دەپ: «چىڭراق گەپ قىلە! گېپىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا كۆچەپ يېقىپ يارا قىلىۋېتەي دېدىم، نان يېمەس» دەپ مېنى تېرىكتۈرىدۇ. كەچلىرى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ شۇ مەن بىلەن چېقىشىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، ئۇششۇق، ئوماق قىلىقلىرىنى ئويلاپ چەكسىز سېغىنىپ كېتىمەن، كۈلۈپ كېتىمەن.

بىر كۈنى ئەزىمەت ئىككىمىز كۈتۈپخانىغا كىرىپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈم ئوقۇۋاتقان كىتابتىكى بىر پېرسوناژنىڭ قىلىقلىرى بەكلا ئۈكامغا ئوخشىغاچ كۈلۈپ كەتتىم ـ دە، ئەزىمەتكە ئوقۇپ بەردىم.

ــ ئۈكىڭىز سىزگە بەكلا ئامراق ـ ھە!

ــ ھەئە، مەنمۇ شۇنداق ئامراق دەڭا!

ــ ئاكىڭىزغىچۇ؟

ــ ئاكامغا؟!ــ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. راست گەپنى قىلسام مەندە ئاكامغا نىسبەتەن ئۇنچە چوڭقۇر تەسىرات يوق ئىدى. ئاكامدىن بەك تەپ تارتاتتىم. ئاكام ئالدىنقى يازلىق تەتىلىمىزدە توي قىلدى. يەڭگەم ئۆزى بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ئاسىيە ئىسىملىك قارىقۇمچاق، مېھرى ئىسسىق قىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ توينىڭ چىقىملىرىنى ئاپاملار چىقىرىپ تويدىن كېيىن كېلىنىنى موماملارنىڭ ئۆيىگە ئەكىردۇق. ئاكام موماملارنىڭ ئۆز بالىسىلا، ئاكامنىڭ ئاپاملارغا قارىغاندا موماملارغا مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر، بىراق مىجەز ـ خۇلقى بەئەينى ئاپامنىڭ ئۆزى. شۇنداق مېھرىبان بولسىمۇ مېھرىبانلىقىنى ئارتۇقچە گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلماي، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. شۇ سەۋەبمۇ ياكى

مومامنىڭ قېشىدىلا چوڭ بولۇپ بىزنىڭ يېنىمىزدا كەچكىچە بىللە بولمىغاچقىمۇ ئاكامدىن ئۆكاممۇ ئەيمىنەتتى. ئۇ ئۆيىمىزگە كەلگەندە ئۆكاممۇ ئالدىراپلا شىپىلىلىنىك قىلىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشەلمەيتتى. ئاكامنىڭ ھەربىر گەپلىرىنى خۇددى مۇقەددەس ۋەزىپىدەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاڭلايتتى. مەنمۇ شۇنداق، ئاكامغا خۇددى چوڭ كىشىلەردەك بىر خىل تارتىنچاقلىق، ئەيمىنىش، ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن.

ئەزىمەت چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىچە قاتتىق ئۇھ تارتىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاستا پىچىرلاپ:

ــ مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش ئاكام ياكى ئۆكام بولغان بولسىچۇ!ــ دېدى.

ــ نېمىشقا سىز بىر تاللا بالا بولۇپ قالغان؟

ــ...

بىز ئاستا كۇتۇپخانىدىن چىقتۇق. ئۇ جىمىمىدە ماڭغاچ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ قويىاتتى. ئىچىمدە ئۇنىڭدىن ئۇ سوئالنى سورىمىسامىمۇ بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. كىچىك تار يولنى بويلاپ مېڭىپ ئەگىم سالاسۇنلۇق گۈللۈك قېشىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

ــ دادام بىلەن ئاپام ئىككىلىسى مۇشۇ مەكتەپنىڭ شۇ يىللاردىكى تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. بىر سىنىپتا ئوقۇش جەريانىدا بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتىكەن. دادام خوتەننىڭ يىراق بىر يېزىسىدىن. دادام كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ھاممىسىنىڭ قولىدا ئىنتايىن نامراتلىق ئىچىدە چوڭ

بوپتۇ. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ھاممىسىمۇ تۇگەپ كېتىپتۇ. ھازىر دادامنىڭ بىرمۇ قېرىندىشى يوق دېيەرلىك. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئاپاملارنىڭ ئىقتىسادى يېتەرلىك بولغاچقا ياردەم قىلىپ تۇرۇپتىكەن. ھەتتا تەتىللەردە دادامنى ئاپامنىڭ ئىچى ئاغرىپ غۇلجىغا ياندۇرۇپ ئەكېلەتتىكەن. بوۋام ـ موماملار ئاپامدىن دادامنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بەك ھېسداشلىق قىلىپ مېھرىنى بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن دادام مەكتەپنىڭ ئېلىپ قالغىنىغا قوشۇلماي ئاپام بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېتىپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى توي قىلىپ بىرنەچچە يىلغىچە پەرزەنتلىك بولالماپتۇ. موماملارنىڭ تۇركىيەگە چىقىپ كېتىش رەسمىيەتلىرى پۈتۈپ ئىككىسىنى ئاچىقىپ كېتىمىز دېگەندە ئاپام ماڭا ھامىلدار بولۇپ قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ماڭالماي قېلىپ قاپتۇ، كېيىن بولسا چىقىش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. موماملارنىڭ چەت ئەلدە بولۇشى سەۋەبىدىن دادام ـ ئاپاملار بەك كۆپ ھەرەج تارتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قالايمىقان يىللاردا ئاپامنىڭ روھىغا كۆپ ئىشلار بەك قاتتىق تەسىر قىلىپ كەتكەنلىكتىن ھەم تۇغۇتى قىيىن بولۇش سەۋەبى بىلەن ئىككىنچى قېتىم قورساق كۆتۈرمەپتۇ.

ــ تۇركىيەدىكى موملىرىڭىزنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

ــ كىچىك چاغلىرىمدا كۆرگەن، ئۇلار كەلگەن. كېلىپ بىزنى ئاچىقىپ كېتىمىز، دەپ بەك قاتتىق تىركەشتى. نىمە سەۋەبتىنكىن، ئۇ چاغدا دادام ـ

ئاپاملارمۇ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلمىدى، ھەتتا كىچىك بولساممۇ مەنمۇ يىغلاپ زادىلا ئۇنىمىدىم. ئۇرۇمچىدىكى ئاپامنىڭ ھەدىسى ئاپام بىلەن دادا باشقا بىر تۇغقان. بۇ يەردە ئاپامنىڭ نەۋرە قېرىنداشلىرىدىن باشقا پەقەت شۇ بىرلا قېرىندىشى بار. بىراق ئاپام غۇلجىدا، چوڭ ئاپام بولسا ئۇرۇمچىدە. ئاپام بىلەن دادام بارلىق مېھرىنى ماڭا ۋە دوختۇرخانىدىكى كېسەللەرگە بېغىشلاپ ئۆتتى. دادام ـ ئاپامدىن بەك پەخىرلىنىمەن. دوختۇرخانا بويىچە ئۇلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا ھاياجانلانمايدىغان، ماختىمايدىغان بىرمۇ كىشى يوق دېيەرلىك. نامرات كېسەل كىشىلەرنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ داۋالىغانلىقى، قارىغۇچىسى يوق كېسەللەرگە ئۆز قېرىندىشىدەك قارىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلىرى بەك كۆپ. پېنسىيەگە چىققاندا ئاچقان دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسي كىرىمىنىمۇ ئۇلار ئاساسەن يېتىم ـ يېسىر، ئوقۇشسىز قالغان باللار ۋە نامرات كىشىلەرگە ئىشلىتىدۇ.

ــ ئۇلار ھامان تۈركىيەگە چىقىپ كېتىشى مۇمكىنكەنغۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

ــ ئەركىن شۇنداق دېگەنتى.

ــ ھەئە،ــ ئۇ غەمكىنگىنە بېشىنى لىڭشىتتى،ــ تۈركىيەدىكى مومام ھېلىمۇ ھايات. كۆزى يۇمۇلغىچە ئاپامنى قېشىغا ئاپىرىۋېلىش، بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا، شۇڭا ئاپام كېيىن ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن.

ــ ئۇرۇمچىدىكى چوڭ ئاپىڭىزچۇ؟

ــ چوڭ ئاپام ئاپام بىلەن ئىزدەشكىنى بىلەن،

مومامنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن دەپ بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ تەرەپلەردىن قەتئىي ئېغىز ئاچمايدۇ.

— ئەمىسە...— تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان «كېيىن سىزمۇ چىقىپ كېتەمسىز؟» دېگەن گەپنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. ئەزىمەت چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاچقا گېپىمگە دىققەت قىلمىدى.

يۈرىكىمگە ئېغىر بىر تاشنى باستۇرۇپ قويغاندەك بىر تۇيغۇ... راستىنلا بىر كۈنلىرى ئەزىمەتتىن مۇشۇ سەۋەبلىك ئايرىلىپمۇ قالارمەنمۇ...

— نېمە بولدىڭىز، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟

ئەزىمەت چۆچۈگىنىچە ئىچىمگە ماڭا قارىدى.

— ھېچ... ھېچنېمە...— كاللامدىكى ۋەھىملىك خىيال تۇپەيلى كۆزلىرىمدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. ئۇنى قانداقمۇ ئەزىمەتكە دېگىلى بولسۇن. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن دەپ قانداقمۇ دېيەلەيمەن؟

## ئونىنچى باب

# ھەر تەتىلدە بىر تۇيغۇ

تەتىل بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۇكاممۇ كەلدى. ئۆيىمىز يەنىلا بايرام شادلىقىغا چۆمدى. ئاپام بىلەن دادام ئالدىراش خىزمەت بىلەن يۈرۈپ بەكلا چارچاپ كەتكەنىدى. بىزنى كۆرۈپ خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەكلا ئەركىلىتىپ، سۆيۈپ قۇچاقلاپ كېتىشتى. مەن ئۇكامنى ئۈرۈمچىدە ساقلاپ تۇرۇپ بىللە كەلگەنىدۇق.

ئەزىمەتلەر ئاخىرقى يىلى بولغاچ پىراكتىكىغا چىقىپ كەتتى. دادىسى بىلەن ئاپىسى ئۇنى غۇلجىغا يېنىپ كېلىپ ئۆزلىرى بۇرۇن ئىشلىگەن ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدا پىراكتىكا قىلىشقا قانچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ماڭا قىيالماسلىق سەۋەبى بىلەن قايتىپ كەتمەي ئۈرۈمچىدە پىراكتىكا قىلىشقا قالدى. مېنىمۇ تەتىلدە كەتمەسلىككە شۇنداق يالۋۇردى. بىراق مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە ئەتىگەندە نېپىز كىيىنىپ چىقىپلا مەيداندا دەرس ئوقۇغانلىق سەۋەبى بىلەن سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان بولسام كېرەك، شۇ كۈنى كېچىچە قىزىپ توختىماي جۆيلۈپ چىقىپتىمەن. ئەتىسى قوپسام بەكلا ھالسىز، بېشىم قېيىپلا تۇراتتى. كېسەلىمنىڭ قوزغالغانلىقىنى بىلىپ بەكلا ئازابلاندىم، بىراق ئامال قانچە... مەن كېسەل

بولىمەن دەپ ئۆزۈم بولۇۋالمايمەن ياكى ساقىيىمەن دەپلا ساقىيىپ كېتەلمەيمەن. دوختۇرخانىغا چىقىپ ئوكۇل ئاستۇرۇش، دورا يېيىش ئىشلىرىدا ئەزىمەت ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ماڭا ھەمراھ بولدى. مەكتەپ سىرتىدىكى ئاشخانىدىن شورپا قايناتقۇزۇپ كىرىپ، نېمىز يېيىلغان قۇۋۋەت ئىشى ئەكىرىپ بېرىپ يېيىشنى خالىمىسام بېشىمدا مىختەك قاراپ تۇرۇپ يېگۈزۈپ يۈرۈپ ھەرھالدا بۇ قېتىم خېلىلا تېز ئەسلىمگە كەلدىم. ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردىكى مەن ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈپ كۆيۈنۈشلىرىگە قاراپ ئۇنىڭدىن بەكلا مىننەتدار بولدۇم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر تال ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، ھەر قېتىم ئۆيىگە تېلېفون بەرگەندە قارشى تەرەپتىن ئاپىسىنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان «قوزام» دېيىشلىرىنى، ئۇنىڭمۇ ئاپىسىغا خۇددى كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىساملا بىر خىل ئەندىشىدە قالىدىغانلىقىمنى يوشۇرمايمەن. چۈنكى، ئۆيىدىكىلىرى بەكلا ئەركىلىتىپ سېنىڭ راست دېگەن باللىرىنىڭ ئۆز گېپىنى راست دەيدىغان، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ھەم ئەركە، نازۇك بولىدىغانلىقىغا چىنپۈتەتتىم. شۇڭلاشقىمىكىن، ئەزىمەت زوق ـ شوخ بىلەن كېيىنكى كۈنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كەتسە كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ ماڭىمۇ ئەركىلەپ، قېيىداپ، دومسىيىپ يۈرگەن ھالىتىلا كېلەتتى. بىر قېتىم شۇنداق دېسەم ئۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــ ھا ـ ھا... پەرىلەت، سىز بۇ قەدەر ئاجىز ۋە نازۇك تۇرسىڭىز، سىزنىڭ تۇرقىڭىزغا قارىغان ئادەمنىڭمۇ سىزگە ئامراقلىقى كېلىپ سىزنى ئەركىلەتكۈسى كېلىدۇ، ئۇنداق تۇرسا قانداقمۇ سىزنى ئەركىلەتمەي

ئۆزۈم سىزگە ئەركىلەي، قىزىق خىياللارنى قىلىسىز، — دەپ كەتتى.

ئۇ ھەممە تەرەپتىن بولىدۇ. بىرلا يېرى شۇ مېنىڭ باشقا باللارغا پاراڭ قىلىشىمنى، باشقا باللار بىلەن بىللە مېڭىپ قېلىشىمنى خالىمايدۇ.

ئەسلىدە تەتىللىك دەم ئېلىشقا كەلگەن تۇنجى كۈندىكى بۇ خاتىرەمگە بۇگۈن ئۆيدىكى ئىشلارنى يېزىپ بېزىمەكچى ئىدىم، بىراق يەنىلا شۇ ئەزىمەت توغرۇلۇق يېزىپ كەتكىنىمنى...

ئۇكام ئاستا كىرىپ كەلدى.

— ھەدە، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— چارچاپ كېتىپتىمەن، ئارام ئالاي دەپ، — دېدىم يېزىۋاتقان خاتىرەمنى ئىتتىك يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— بولدىلا، ئارامنى كېيىن ئاله، ماڭا مەكتەپ ھاياتىڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنە.

— نېمىنى سۆزلەيمەن. ھەممىسى شۇ دېيىلىپ بولغان بۇرۇنقى گەپلەر بىلەن ئوخشاش.

— ھەدە، دېگىنە... دېگىنە...

— نېمىنى دەيمەن، ساراڭ.

— يېزنەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىچۇ؟

— نېمە؟ — ۋىللىدە قىزىرىپ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇردۇم.

— قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى بۇنىڭ... مەنمۇ ھازىر كىچىك بالا ئەمەسمەن. سەندىن شۇ ئىككىلا ياش كىچىك. مەن سېنىڭ مۇشۇنداق نازۇك، ئاجىزلىقىڭغا كەلگۈسى يېزنەمنىڭ ساڭا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان، سېنى ھەقىقىي بەختلىك قىلىدىغان بىرسى بولۇشىنى خالايمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە...

— ھە، مانا... دېمىدىممۇ... دەپ بىرە، ئاپپاق ھەدە.
— شۇ گەپنىمۇ سورامدۇ، نېمىدېگەن پەردىشەپنى بىلمەيسەن؟ — مەن رەنجىگەندەك قىلىپ چىرايىمنى سۇزدۇم.
— ۋاي - ۋۇي، ھەدە، قىرىنداشلار بىر - بىرىگە ھەقىقىي كۆيۈنۈش ۋە بىر - بىرىنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق شەخسىي مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلىشكە ھوقۇقلۇق. بۇ يەردە سەتلىشىش ۋە پەردىشەپ مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.
— ساڭا ئاپامنىڭ قىلغان تەربىيەلىرى پەقەتلا يۇقمايدۇ - ھە؟
— ھى - ھى... ئاپامچۇ سېنى قىز بالا دەپ شۇنداق تەربىيەلىگەن بىلەن مېنى ئوغۇل بالا دەپ دادىل، ئەركىن، سۆزمەن تەربىيەلىگەن.
— قىلىۋاتقان گېپىنى... چىقە ماڭ، مەن ھېرىپ كەتتىم، ئۇخلايمەن.
ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ: «خەپ، پەزىلەت، مەن ساڭا كۆيۈنۈپ سېنى ئاسراپ پاراڭ قىلىۋاتىمەن» دەپ تاكى ئاپام چىقىپ ئۇنى جىملەپ ھۇجىرىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەنگە قەدەر تۇردى.
ئۇكامنىڭ قېرىنداشلىق مۇھەببىتىدىن شۇنداق سۆيۈنىمەن. ئاللا يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن!
ئەتىگەن بۆلەكچە يېنىك قوپتۇم. ئۆي نېمىدېگەن مېھرى ئىسسىق جاي - ھە! بەلكىم ئۆينىڭ مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئىچىلغان چەكسىز مېھىر قۇچاقلىرىنىڭ تەپتى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، تۈنۈگۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەلدى، دەپ

ئازراقمۇ تىنۇش چىقارماي ئورنىدىن قوپقان ئاپام ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئاچچىق - چۈچۈك سەي قورۇپ، قايماقلىق ئەتكەنچاي ئېتىپ مەززىلىك توقاچلارنى قويۇپ ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— سەت بوپتۇ، ئاپا، ئويغىتىۋەتسىڭىز بولمامدۇ... ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— ياقەي، بالام، تۈنۈگۈن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتتىڭلار، قېنىپقىنا ئۇخلىۋالسۇن دېگەنىدۇق.

— ئاپىڭىزغا قويۇپ بەرسەم ئاللىبۇرۇن سىزنى ئويغىتىپ ماۋۇ سەينى قورۇغىلى سالاتتى، قىزىم، مەن ئۇنىماي «ئوماق پەرىشتەم ئۇخلىۋالسۇن» دەپ يول قويمىدىم، «قىز بالا دېگەن ئىشچان، چېۋەر بولۇشى كېرەك، ئەتىگەن تۇرۇشى كېرەك» دەپ تۇزۇك دەم ئالغىلى قويماي ئىشقا سالغىلى ئارانلا تۇرىدۇ بۇ زۆھرەخان،— دېدى دادام تازىلىق ئۆيىدىن چىققاچ ئەتتەي ئاپامنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— مەن قىلسام يامان قىلمايمەن، كېيىنلىكى ياخشى بولسۇن دەپ قىلىمەن... بالىنى ئەركە - نايناق چوڭ قىلىۋەتكەن بىلەن قىز بالىنىڭ ئىش قىلالماسلىقى ھېچكىمنىڭ دىتىغا سىغمايدۇ،— دېدى ئاپام قارشى چىقىپ.

— ئاپا، دادام ئەتتەي سىزنىڭ چىشىڭىزغا تېگىۋاتىدۇ،— دەپ كۈلگىنىمچە ئاپامنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم.

— كېلىڭە، قىزىم، سىزنى بىر كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىۋېتەي... ئوماق گۈلۈمنى خويمۇ سېغىنىدىمغۇ زادى...

— دادا، مەن بەش ياشلىق بالا بولمىسام كۆتۈرىدىغان...

— يىگىرمە ياش بولسىڭىزمۇ بەش ياشلىق بالىدەكمۇ

ئېغىر لىقىڭىز يوق... قاراڭ، ئاپىڭىزنىڭ ئىچى ئاداپ چەكچىيىپ كېتىۋاتقىنىنى... شۇ قىلغىنىڭىزغا كېلىڭە، بالام...

بىز كۇلۇشۇپ تۇراتتۇق، ھۇجرا ئۆيدىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ «ئەتىگەندە نېمىشقا ئۇخلاتقىلى قويمايسىلەر» دەپ غودۇڭشىغىنىچە چىققان ئۇكام لىككىدە قىلىپ دادامنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى:

— مېنىلا كۆتۈرە، دادا، پەزىلەتنى كۆتۈرسەڭ ياراشمايدۇ، مەن ئۇنىڭدىن كىچىك بولغاندىن كېيىن مېنى كۆتۈرسەڭ توغرا بولىدۇ.

— كۆتەكتەك ئېغىر تۇرساڭ سېنى قانداق كۆتۈرەلەيمەن؟ چوپچوڭ يىگىت بولغاندىمۇ ئىزا تارتماي ئەركىلىشىنى بۇنىڭ...

— ئەمىسە ھەدەمنى ئەجەب ئەركىلىتىسەنغۇ... بولمىسا بۇنچە بالدۇر قويۇپ ساراڭمۇ مەن... سېنى راستتىنلا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىۋاتامدۇ دەپ ئىچىم ئاداپ ياتالماي قويۇپ كەتتىم، ئۇيقۇمنى بۇزغىنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ كۆتۈرسەن، بولمىسا قويمايمەن.

— ئىچى يامان، قانچە قىلساڭمۇ دادام سېنى كۆتۈرمەيدۇ، — ئۇنىڭ چېشىغا تەگدىم.

— ھەدەڭ دېگەن سەندىن چوڭ بولغان بىلەن سېنىڭ بەستىڭنىڭ ئالدىدا كىچىككىنەملا تۇرسا... ئاۋۇ ئوماقلىقىغا قاراپمۇ ئەركىلەتكۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ...

— ئەمىسە مەن ئوماق ئەمەسما... پەزىلەت ھەدەم ئاپامنى تارتقان، مەن سېنى تارتقان... قارا ماۋۇ توم قاشلىرىم، دۇگىلەك كۆزلىرىمنىڭ سېنىڭكىگە ئوخشاش ئوماقلىقىنى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن پاراقلاپ كۇلۇشۇپ

كەتتۇق. دادامۇ كۈلۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭ بەزلىك قىلىپ يېپىشتۇرىلىشىدىن قۇتۇلالماي ئۇنى يېنىككىدە بىر كۆتۈرۈپ قويۇپ ئاران قۇتۇلدى.

شۇنداق خۇشال - خورام ئولتۇرۇپ قىلغان ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن دادام ئىدارىسىغا ماڭدى. جۈرئەت بولسا ياسىنىپ - تارىنىپ، «ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە ئاپام ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. تەلىيىمگە ئاپاملار تەتىل بولسىمۇ يەنىلا تۈگىمەس يىغىنۇپلىش دېگەنلەردىن خېلىلا خالىي بولۇپ قاپتۇ. ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدىكى سافادا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتۇق.

— قىزىم، يەنە ياداپ قاپسىز، — دېدى ئاپام مېھرى بىلەن چىرايىمغا قاراپ، چاچلىرىمنى قولى بىلەن تاراپ تۇرۇپ.

— بۇرۇندىنلا شۇنداققۇ مەن، ئاپا، ئارتۇقچە ئەنسىرىمەڭچۇ!

— نېمىشقا ئەنسىرىمىگۈدەكمەن، ئاكىڭىزنىڭغۇ توينى قىلىپ خاتىرجەم بولدۇم، كېلىنىمىزمۇ شۇنداق ئوچۇق، مېھرى ئىسسىق بالا. مومىڭىزغىمۇ شۇنداق ياخشى قاراۋاتىدۇ. سىزنىڭ مۇشۇ ئاجىز تۇرقىڭىز يادىمغا يەتسە يۈرەكلىرىم ئېغىپ كېتىدۇ، قىزىم، سىزنى ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا يۈرسە دەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپا، مەن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەردىن ئايرىلماي بىرگە ياشايمەن.

— ئەخمەق قىز، قىز بالا قانداقمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە ياشىيالىسۇن. قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ

ئادىمى. دېمەكچى بولغىنىم دائىم كۆرۈپ تۇرالايدىغان مۇشۇ شەھەردە بولسا دېمەكچىمەن. تەقدىر دىگەننىڭغۇ بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، بىراق بەزى ۋاقىتلاردا كىشى قەدىمىنىڭ تەقدىرگە يولباشچى بولۇپ قالىدىغانلىقىغىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ...

ئاپامنىڭ گېپىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى چۈشەندىم. بىچارە ئاپام ئېنىق دېيەلمىگىنى بىلەن مېنىڭ مەكتەپتە باشقا يۇرتلۇق بىرەرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېلىپ يىراقتا كېتىپ قالسام، بۇ ئاجىزلىقىمدىن دائىم ئەندىشە قىلىپ ئۆتۈشىدىن ۋايىم يەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاپا، — ئاۋازىمنى سوزۇپ تۇرۇپ ئەركىلىگىنىمچە بېشىمنى مەيدىسىگە قويدۇم. ئاپامنىڭ چاچلىرىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىدىن دەۋرەپ كەلگەن ياشلارنى يوشۇرالماي قىينالغانلىقلىرىنى ھازىرغا قەدەر ئۇنتۇمايمەن

※ ※ ※

كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىرپاننى ئۇچرىتىپ قالدىم. يېنىدا ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قارا چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، قىزىل كوپتا، قارا يوپكا كىيىۋالغان بىر قىز تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا تېنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. مەن كۆرمىگەنگە سېلىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇ شاپىدە توختاپ ئالدىمنى توراپ تۇرۇپ:

— ۋوي، ئۇزاق بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، ۋاقىت ئۇزارسىلا تونۇماس بولۇپ قالدىڭىزمۇ قانداق؟ — دېدى.

نەپرەت بىلەن كۆزلىرىمنى ئالايتىپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ ماڭدىم. ئارقامدىن قىزنىڭ «ئۇ كىم؟» دەپ سورىغان سوئالىغا «مېنىڭ شېئىرلىرىمغا چوقۇنۇپ مېنىڭ ئۈچۈن سەۋدايى بولۇپ رەت قىلىشىمدىن قېيىدىغان بىر قىز. مەن قوبۇل قىلمىغان» دېگىنىنى، ئارقىدىن ئۇ قىزنىڭ «شۇنچە چىرايلىق قىزغا چۈشمىگەن كۆڭلىڭىز ماڭا چۈشۈپتۇ ـ ھە» دەپ باشقىچە ئەركىلەپ پاراڭ قىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە كۈلۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىراق، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ رەددىيە بەرگۈمۇ كەلمىدى. نېمە دەپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلسا قىلمامدۇ...

※ ※ ※

ئەزىمەتتىن كۈن ئارىلاپلا تېلېفون كېلىدۇ. قايسى كۈنىمۇ ئۆيدە ئاپاملار بار چاغدا تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ تۇرۇپكىنى قولۇمغا مەھكەم تۇتۇۋالغىنىمچە «ھە، ماقۇل» دېيىشتىن باشقىنى بىلمىدىم. تېلېفوننى ئالغاندىكى ھالىتىم ۋە تۇزۇك پاراڭلاشمايلا تېز قويۇۋېتىشىم ئاپامنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن. ئاپام سوراپ قالسا نېمىمۇ دەرمەن؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ چاغدا ئۇكام يوق بولۇپ قالدى، بولمىسا ئۇكام كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ مېنى بىرمۇنچە قىيىنىغان بولاتتى.

ئەتىلىمىز قىسقا ئىدى. بىزمۇ كېلەر يىلىلا پىراكتىكىغا چىقىدىغان بولغاچقا كۆرۈش پىراكتىكىسى

قىلىشىمىز زوْرۇر ئىدى. شۇڭا باشقا يىللارغا قارىغاندا تەتىلىمىز يىگىرمە كۈن ئەتراپىدا قىسقا ئىدى. شۇڭا ئۈكامىنىڭ مېڭىشىنى كۈتمەيلا ماڭماقچى بولدۇم.

※ ※ ※

«ئەتە ماڭىمەن» دەپ تازا ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىزلا ئۆيگە گۈلزار كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئىككى يىلچە بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلاردىن كېيىن ئۇ خۇددى يەر يۇتقاندەك پەقەتلا كۆرۈنمىدى. مەنمۇ ئۇنى ئىزدەش خىيالىدا بولمىدىم. دائىم ئۇنى ئەسلەپ قالىدىغانلىقىم، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېچىنىدىغانلىقىم راست ئىدى. ئىككىمىز ياخشى ئۆتكەن دوستلار ئىدۇق. قەلبىمدە ھېلىمۇ ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇق مېھرى مەۋجۇت، بىراق ئۇ بۇنداق دوستلۇققا موھتاج ئەمەس. ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتكەن، ئاشۇ ئويۇن - تاماشىغا قول بولغان ياشلىق ھېسلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەنىدى. ئىمكان بولسا ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ كەلگۈم بار ئىدى، بىراق ئۇ بۇنى قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى يىگىتنىڭ قوينىغا ئېتىپ پەقەت يىگىتنىڭ ھەربىر سۆزىنىلا مۇقەددەس ۋەزىپىدەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى، قارىشى ئۇچۇن جان تەسەددۇق قىلىدىغان يەرگە يەتكەنىدى. شۇ سەۋەب، ئۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىمغا قىلغان نەسىھەتلىرىمنى خاتا چۈشەنگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەندىن يىراقلاپ كەتكەنىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تاسادىپىي ھالدا ئۆيگە كىرىپ

كېلىشى مېنى چۆچۈتتى ھەم ھەيران قالدۇردى. ئاپام: «ۋاي قىزىم، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭلارمۇ قانداق، پەرىلەت بىلەن كۆرۈشمەسلا بولۇپ كەتتىڭلارغۇ» دەپ يۈزلىرىدىن سۆيۈپ قارشى ئالدى. ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدە بىر دەم بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

ئۇ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن؟!— ئۇنىڭ دۇگىلەك كۆزلىرى بىردىنلا مۆڭلاندى - دە، كۆزلىرىنى ئاستا يەرگە تىكىپ تۇرۇپ،— ياخشى،— دېدى بوشقىنە.

— ۋاي - ۋۇي، ئىككىڭلار خۇددى بىر - بىرىڭلار بىلەن ئەمدى تونۇشقاندەك قارىشىپلا تۇرۇپسىلەرغۇ، سىزگە نېمە بولدى، پەرىلەت، دوستىڭىزنى ئۇلتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماپسىزغۇ؟— ئاشخانا ئۆيدىن چاي دەملەپ چىققان ئاپام ئىككىمىزنىڭ قولاشمىغان ھالدا بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرغانلىقىمىزغا قاراپ ماڭا كايىپلا كەتتى.

— ۋوي راست، ئولتۇرە!— شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئۇنى سافاغا تەكلىپ قىلىپ ئاپامنىڭ قولىدىن چەينەكنى ئالدىم - دە، ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ ئۇستەل ئۈستىدىكى تىزىقلىق تۇرغان تاتلىق - تۈرۈملاردىن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدىم.

قانچە قىلساقمۇ گەپلىرىمىز قولاشمايتتى. ئىككىمىز شۇ قەدەر يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدۇقكى، بۇرۇنقىدەك ئەركىن - ئازادە ھالدا دۇنيانىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىدىغان ئەلپازىمىز يوق ئىدى. ئىككىمىز

كۆزلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن ئەپقاچاتتۇق، بىزنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇ قەدەر يات قىلىۋەتكەن زادى قانداق كۈچ؟ ئەلۋەتتە ئىككى خىل كۆزقاراش، ئىككى ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان ياشاش ئۇسۇلى.

مانا شۇ چاغدىلا كىشى قەلبىدىكى ئېتىقادنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەربىر نۇقتىغا قانچىلىك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. قاراڭ، ئوخشاشمىغان ئىككى يولدا ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىن تارتىپ يېقىن دوست بولۇشۇپ ئۆتۈشكەن ئىككىمىز مانا ئەمدى يېڭى تونۇشقان، تونۇشۇپلا چىقىشالمىغانلاردەك گەپلىرىمىزنى قولاشتۇرالماي ئولتۇراتتۇق. ئاپامنىڭ زورى بىلەن ئىككى پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن ئۇ قوزغالدى. چىقىش ئالدىدا بوش ئاۋازدا:

ــ پەزىلەت، ماقۇل كۆرسەڭ بىردەم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەك بوپتىكەن،ــ دېدى.

ئىككىمىز سىرتقا چىققاندا بايىلا ئوچۇق تۇرغان ھاۋا رايىنىڭ بىردەمدىلا تەرى تۇرۇلۇپ، غەرب تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇتلار تاغ ياقىلاپ ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامالنىڭ خېلىلا كۈچى بار بولۇپ، سىرتتىكى ھاۋادىن بىخەۋەر كىيىۋالغان يېلىڭ كىيىمىمىدىن سوغۇق ئۆتۈپ تېنىمنى قورۇدى.

ــ بىردەمدىلا ھاۋا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ـ ھە؟!

ــ شۇنى دېگىنە، مەن سىلەرنىڭكىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندىمۇ ئوچۇقلا تۇراتتى بۇ ھاۋا...ــ دېدى گۈلزار مەيۈس ھالدا ئاسمانغا قاراپ.

— نەگە بارىمىز؟

— نەگە بولسا مەيلى.

ئىككىمىز ئىختىيارسىز ھالدا تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئالدىنى بويلاپ بۆككىدە دەرەخلىك پىيادىلەر يولىغا چۈشتۇق. بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ:

— مەكتەپتىكى كۈنلىرىڭ ياخشىمۇ؟ ئاغرىمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ياخشى. كېلىدىغانغا ئاز قالغاندا شۇ ئازراق سوغۇق ئۆتۈپ قېلىپ ئاغرىدىم. ئوكۇل - دورىنى ۋاقتىدا ئىشلىتىپ، قوۋۋەتلىك يەپ بەرگەچكە تېزلا ئەسلىگە كېلەلىدىم.

— ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن، سەن بەكلا نازۇك.

ئۇنىڭ كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن يۈرىكىم ئېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا دىمەكچى بولۇۋاتقان قانداقتۇر گەپلىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم، بىراق سوراش ياكى سورىماسلىقنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئۇ ئۆيىمىزگە كىرگەندىلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، ئورۇقلاپ كەتكەن گەۋدىسى ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى.

— مەندىن ئۆزۈڭنىڭ كۈنلىرى قانداق دەپ سورىغۇڭ يوقمۇ؟ — ئۇ مېڭىشتىن توختاپ ماڭا قايرىلدى.

— سورىغۇم بار، بىراق...

— ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىساملا گەپ قىلغۇڭمۇ يوق، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇنداق دىمەكچى ئەمەسمەن.

— بولدى، يوشۇرمىغىن، ئىككىمىز بايا ئۆيۈڭدە

كۆرۈشكەندىلا ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنىڭ نەقەدەر يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدىم. ئامال قانچە، ئۆزۈمنىڭ شورى. نەدىكى بىر مۇھەببەتنى دەپ ماڭا ئەگ كۆيۈنگەن، مېنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۆزۈمۇ بەكلا ياخشى كۆرىدىغان دوستۇمغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ بىلەن بىر يول بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم بىلگەن يولغا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن بىر ئەخمەق تۇرسام.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، سەن ئالىم بىلەن؟

— ئالىم؟ — ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.

شۇ تاپتا ئالدىمدا تۇرغىنى بىر چاغلاردىكى ساددا گۇلزار ئەمەس، مۇھەببەتلىك يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسلىرىنى ئويناق بىر جۈپ كۆزىگە يىغىپ، پۈتۈن دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، مۇھەببەت بىلەن كۈلىدىغان، مۇھەببەت بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان گۈلزارمۇ ئەمەس ئىدى. مەن چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن باياتىن ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكتىم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنىڭ تۆۋەنرەك تەرىپىدىن ئېڭەك تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان سۇس قوڭۇر داغلارنى، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلەردىكى ياشلارنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن چىشلىرى ئارقىلىق چىشلەپ چىدام ۋە سۈكۈت تىلەۋاتقان قانسىز لەۋلىرىنى ئېنىق كۆردۈم.

تۇيۇقسىز گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن كۈچلۈك چاقماق چاقتى. چاقماق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن گۈلزار ئىتتىك ماڭا يۈزلىنىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى - دە، چاقماق

بىلەن بىللە تۆكۈلۈشكە باشلىغان يامغۇرغا قوشۇلۇپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىغان هالدا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ياتاق دېرىزىسىدىن سىرتتا تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قارىغىنىمچە تۇرماقتىمەن. شۇ تاپتا قەلبىممۇ خۇددى ئۇرۇمچى ئاسمىنىدەكلا تۇتۇق ۋە سوغۇق. ئاشۇ كۈندىكى يامغۇردىن كېيىن هەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا گۈلزارنى ئەسلەپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇر تامچىلىرىدەك توختىماي تۆكۈلگەن ياشلار شۇ كۈنى ئاسماندىن ياغقان يامغۇردىنمۇ بەكرەك يۈرىكىمنى مۇزلاتقانىدى. تامچىلار بىلەن بىللە مۆكۈلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ئالىم بىلەن بولغان قىزغىن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقى مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن سۇزۇك قەترىلەرنى تۆككۈزگەنىدى... بىراق شۇ كۈنى قايتىپ كىرىپ كېچىچە قىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكىم — شۇ كۈندىكى يامغۇردا قالغانلىقىم تۈپەيلى سوغۇق ئۆتۈپ قېلىپ مېڭىش ۋاقتىمنى بىر هەپتە ئارقىغا سۈرۈۋەتكەنلىكى، جۆيلۈپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز ئېسەدەپ يىغلىغانلىقىم، يەنە تېخى «ئەزىمەت، سىز دەڭە، زادى كىم گۇناهكار، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دەپ جۆيلۈگىنىم، كېيىن ياخشى بولۇپ قالغان كۈنى ئاپامنىڭ مەندىن ئاستاغىنا: «قىزىم، ئەزىمەت دەپ ساۋاقدىشىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا بولسا بەك

ھودۇقۇپ ئىغىزىمنىڭ گەپكە كەلمەي قالغانلىقى، شەلپەردەك قىزارغىنىمچە ئەزىمەتنىڭ مەكتەپتىكى غۇلجىلىق بالا ئىكەنلىكى، ماڭا كۆپ ئىشلاردا ياردەم قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمنى دېگىنىمدە ئاپامنىڭ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە خۇددى سىرىمنى بىلىپ قالغاندەك تىكىلگەنلىكلىرى...

بۇلار توغرىسىدا ھېچنېمە يازغۇم يوق. مانا بۈگۈنكىدەك يامغۇر ياغقان كۈنلىرىلا ئىختىيارسىز گۈلزارنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىنى ئەسلەش بىلەن بىللە شۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتىدۇ.

ئىككىمىز بىردەمدىلا يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتتۇق. ئۇنى بەزلىگەچ ھەم ئۆزۈمنىڭ تىترىكىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھالدا يول بويىدىكى چايخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ــ پەزىلەت، ئۆزۈمدىن ئۆتتى، كىم مېنى شۇ قەدەر ئۆزگىرىپ مۇھەببەتكە ھەممە نېمىنى تېگىشىۋېتىدۇ دېگەن، كىم مېنى بۇ قەدەر مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي ياشايدۇ دېگەن؟ مەن شۇ قەدەر مەپتۇن بوپتىمەنكى، ئۇنىڭ «زىممىمىزدىكى يۈكنى تۈگەتتۇق، يەنى نىشانىمىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئىدى، مانا ئۆتتۇق. ئەمدى ئوينايمىز، كۈلىمىز، بولمىسا قېرىغاندا ياشلىقىمىزدىن نېمە ئەسلەيمىز» دېگەن گەپلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ كېتىپتىمەن. سېنىڭ قىلغان گەپلىرىڭ، نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلىماي سېنى

تازىمۇ بىر مۇتەئەسسىپ دەپ قاراپ، سەن بىلەن بولغان ئالاقەمنىمۇ ئۈزگەنىدىم. بىراق... مانا ئەمدى، ئاداش... مەن... مەن...— ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توراپ ئېسەدەپ يىغلىدى.

— قانداق بولۇپ ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟— دەپ سورىدىم قەغەز قۇتىسىدىن ئۇنىڭغا قەغەز ئېلىپ سۇنۇپ تۇرۇپ.

— دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن. قىسقىسى، ئۆز قەدىر - قىممىتىمنى ساقلىمىغانلىقىم سەۋەبى بىلەن تاشلىۋېتىلدىم.

— ئەبلەخ!— چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى.

......

ئۇ چاغدا بۇنى پەقەت ئالىمنىڭ گۈلدىن گۈلگە قونۇش ئۇچۇن چىرايلىق گۈلنىڭ بەرگىلىرىنى توزۇتقانلىقى، يەنى مۇھەببەتلەرنىڭ كېلىشەلمەي ئايرىلىپ كېتىشى دەپ چۈشەنگەنىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ ئۆزىنى ئالىمنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن قانداق دەپسەندە قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قورقۇپ تېخىمۇ بەك ئالىمنىڭ گېپىدىن چىقالماس بولۇپ كەتكەنلىكى، ئارقا - ئارقىدىن ئالىم بىلەن بىللە بولۇپ، قورسىقىدا قالغانلىقى، بىراق بۇ خەۋەردىن كېيىن ئالىمنىڭ ئۇنى زورلۇق بىلەن بالىسىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپلا ئاندىن پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گۈلزارنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى، يامغۇردەك ياش تۆكۈشلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ئۇنىڭغا خۇددى ئىتقا مۇئامىلە قىلغاندەك بىزارلىق بىلەن مۇئامىلە

قىلغانلىقى ۋە كېيىن ئۇنى باشقا قىز بىلەن كۆرگىنىدە بولسا قىزنىڭ ئالدىدا ئۇنى سىلكىشلەپ: «ئىتتىنمۇ چاغ دېسە كېتىدۇ، ئىتتىنمۇ بەك ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان قانداق نېمە سەن» دەپ سەتلەشتۈرگەنلىكى... نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاپىسىنى ئويلاپ ئامالسىز بۇ نىيىتىدىن يېنىپ ئەلەمزەدە بولۇپ ئۆتكەنلىكى، ئۇنى ئاز دېگەندەك بىر كۈنى ئېرىپانىڭ مەست هالدا ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ قىلىقسىزلىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا قارشى چىقسا، «ئالىمنىڭ ئاشقان يالىقى دېمەي مۇشۇ سالاهىيىتىم بىلەن كۆزگە ئىلىپ قويسام ئۆزۈڭچە نېمەڭگە يوغانچىلىق قىلاتتىڭ، رەسۋا» دەپ تىللاپ كەتكەنلىكى...

مانا بۇلارنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئوغۇللاردىن شۇ قەدەر نەپرەتلىنىپ كەتتىم.

## ئون بىرىنچى باب

# ئاھ، ئەزىمەت

مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئالدىمغا چىققان ئەزىمەتكىمۇ ئوچۇق مۇئامىلە قىلماي، ئۇنىڭ بارلىق كۆيۈنۈشلىرىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ ئۇنىمۇ كۆپ چارچىتىپ قويدۇم. ئەزىمەتنىڭ مەن ئۈچۈن پەرۋانە بولۇشلىرىنىمۇ مەقسەتلىك، ۋاستىلىك ھالەتتىكى ھىيلە ـ مىكىردەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەردە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنىڭ قاراشلىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى...

شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا دەسلەپكى قەدەملىك كۆرۈش پىراكتىكىسى ئۈچۈن بۆلۈنۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە زۇمرەت ئىككىمىز يىمەكلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە بۆلۈنگەنىدۇق. چۈشتىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئاساسەن يوق. مەن بۇ بۆلۈمدىكى سائادەت ئىسىملىك ئايال بىلەن يىمەكلىك بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتىم، سىرتتىن زۇمرەت ئۆڭسۈلى يوق ھالدا كىرىپ كەلدى:

ــ پەزىلەت، تېز بوله ئاداش، ئوقۇتقۇچىڭدىن رۇخسەت سورا، بىز مەكتەپكە قايتايلى!

— نېمە بولدى؟ تېخى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولمىدىغۇ؟

— بولە چاققان، ئۆلگۈرەلمەيمىز. ئەزىمەت ئۇ...

يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى:

— ئەزىمەتكە نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ... ئازراق كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ، ۋاي - ۋۇي، بولساڭچۇ مىسلىدىماي...

ئۇنىڭ بۇ قەدەر جىددىيلىشىپ كەتكەن ھالىتىنىڭ ئۆزىدىنلا ئەھۋالنىڭ ۋەزنىنى مۆلچەرلەپ تېخىمۇ بەك قورقۇپ كەتتىم. كاللام توختاپ قالغاندەك، سەزگۈلىرىم قامال قىلىنىۋېلىنغاندەك بولۇپ كىملەرنى كۆرۈپ، كىملەرگە گەپ قىلغىنىم يادىمدا يوق، پەقەت تۇنۇگۈن ئاخشام كەچتە مەكتەپكە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئەزىمەتنىڭ سائەت ئوندىن باشلاپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا بىردەم بولسىمۇ سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشىپ كىرىش ئۈمىدى بارلىقىنى ئېيتقاندا توڭلۇق بىلەن رەت قىلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىم ۋە كېچىدە كۆرگەن بىرەرىگە دېيىشكە پېتىنالمىغان يامان چۈشۈم...

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە ئۇنى ئوپېراتسىيەگە ئەكىرىپ كەتكەنىكەن. كارىدوردا ئۇنىڭ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى يىغىلىشىپ كېتىپتۇ. بىزنى كۆرۈپ دۈررىدە بولۇشۇپ كەتكەن قىز - ئوغۇللار ئارىسىدىكى تونۇش بىر جۈپ كۆزگە كۆزۈم چۈشتى. يىغىدىن قاپاقلىرى ئىششىغان ، قىزىرىپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ كۆز ماڭا نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقىنىچە مىختەك تىكىلگەنىدى. شۇ تاپتا بۇ كۆزلەردىن ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەسەبىيلىكتىن، چۆچۈشتىنمۇ بەك ئەزىمەتنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنچىلىك

دەرىجىدە ناچار ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمەي ئاۋارە ئىدىم. ئۇنىڭ ھەربىر ساۋاقدىشىدىن جاۋاب كۈتۈپ مەدەت تىلەپ تەلمۈرەتتىم. بىراق، بۇ ساراسىمە ئىچىدە تۇرغانلاردىن بىرەرىدىنمۇ يۈرىكىمگە مەلھەم بولغۇدەك سادا يوق ئىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى تەشۋىش بىلەن خۇددى ھېلىلا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ دوختۇرلار باشلىرىنى چايقىشىپ چىقىدىغاندەك... شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتە تۇرغانلار ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى ۋە بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا بىرنېمە دېگەنلىكى ئاڭلاندى.

— مەن بېرەي... مېنىڭ O تىپلىق.

— مۇئەللىم، مېنىڭمۇ قېنىم شۇنداق، مەن بېرەي...

— مۇئەللىم، مەن بەك ساغلام، مەن بېرەي...

قىز - ئوغۇللار بەس - بەس بىلەن تالىشىپ بىلەكلىرىنى تەڭلىشەتتى.

قان كېرەك ئىكەن... ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، دەل ۋاقتىدا قان بېرىلمىسە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قان تىپى ئالاھىدە قان تىپى بولمىشRH قان تىپى بولغاچقا بەكمۇ كەمدىن — كەم تېپىلىدىكەن. شۇنچە چوڭ دوختۇرخانا بولغان بۇ مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ قان ئىسكىلاتىدىمۇ بۇ خىل قان تىپى بەكلا كەم ئىكەن. بۈگۈن تېخى ئىككى سائەت بۇرۇن بار بولغان ئۇ خىل قان تىپىمۇ بىر جىددىي بىمارغا سېلىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە كارامەت... ئۇنىڭغا جىددىي قان لازىم، ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك قان تىپى چوقۇم تېپىلىشى كېرەك... ياق، مەنمۇ قان بېرىمەن. ئۆز قېنىم بىلەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن.

سىلكىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ زۇمرەتنىڭ توسۇۋېلىشلىرىغا قارىماي بالىلار بىلەن بىللە قان تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە ماڭدىم.

نۆۋەت ماڭا كەلگەندە قان ئالغۇچى لابوراتورىيە خادىمى ئەپتىمگە قاراپ تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالغاندەك قىلدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ئەزىمەتنىڭ باش - كۆزى ئاپپاق داكىدا تېڭىۋېتىلگەن ھالدا ئاپپاق كىرلىك ئۈچىدە ياتىرىپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان بىلەكلىرىنى سۇنۇپ «قان» دەپ ئىڭراپ ياتقان ھالىتىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى؟ مەنمۇ قان بېرىمەن!

— سىز كېسەلچاندەك تۇرىسىز، بۇ بەلگىلىمىزگە خىلاپ.

— سىزنىڭ بەلگىلىمىڭىز مۇھىممۇ، ئادەم قۇتقۇزۇشمۇ؟ — ئۆزۈمگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن باش لابورانتنى چاقىراي!

— سىز...

گېپىمنىڭ ئايىغى تۈگىمەيلا ئۇ ئىچكىرىدىكى ئەينەكلىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

سېكۇنت ۋاقىتتىن كېيىن ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئوتتۇرا ياش كەلگەن، كۆزئەينەك تاقىۋالغان بولارنىڭ مەسئۇل لابورانت چىقىپ مېنىڭ باش - ئايىغىمغىچە بىر قاراپ چىقىپ بېشىنى چايقىدى.

— مەن ئىنتايىن ساغلام، مەندە قان بار، ئۆتۈنۈپ قالاي!

مۇرەمگە تەگكەن بىر قول مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. ياش بىلەن يۇيۇلغان كىرپىكلىرىمنى قېقىپ تۇرۇپ ئاجىزانە تەلمۈرۈپ بېشىمنى كۆتۈردۇم. ئوخشاشلا

ياشتىن كىرپىكلىرى جۇپلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆز... تىترەپ تۇرغان لەۋلەر...

ــ پەزىلەت،ــ دېدى ئۇ تۇنجى قېتىم ئىسمىمنى ئاتاپ روبىرو تۇرۇپ،ــ دوختۇر توغرا دەيدۇ، ھەممىمىز ئەزىمەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىزنىمۇ تەقدىم قېلىشنى چىن قەلبىمىزدىن خالايمىز. كۆردىڭىزمۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىمىزمۇ ئۆز قېنىنىڭ ئۇنىڭغا ماس چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قېنىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن قان ئالغۇزدى. بىراق، سىز ئوخشىمايسىز. سىزنىڭمۇ ئەزىمەتنى دەپ ئۆز ھاياتىڭىزدىنمۇ كېچىشكە رازى ئىكەنلىكىڭىز ھەممىمىزگە ئېنىق، ئەزىمەت سىزنىڭ قېنىڭىزغا ئېرىشىپ كۆزىنى ئاچقان چاغدا بىرىنچى بولۇپ بېشىدا سىزنىڭ تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈشنى خالايدۇ. ئۇ ھەممەيلەندىن بەك يەنىلا سىزنىڭ سىيمايىڭىزنى كۆرۈشنى ئەلا بىلىدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا ئاغرىپ قالماي ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرىشىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مەدەت، ئەڭ چوڭ ھاياتىي كۈچ. سىزنىڭ تېنىڭىز ئاجىز، بولدى قىلىڭ! سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن تەكشۈرتەي، مېنىڭ قېنىم ماس كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. كىچىك چېغىمدا قان تەكشۈرتكەندە دوختۇرنىڭ ئانامغا بۇ بىر مۆرەككەپ قان تىپى دېگەنلىكى ئېسىمدە،ــ دېدى ـ دە، بىلىكىنى ئېچىپ قان ئېلىش كۆزنىكىگە قولىنى سۇندى...

مۆجىزە تۇغۇلدى.

شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئىچىدىن پەقەت مەھبۇبەنىڭلا قان تىپى ئۇنىڭغا بىردىنبىر ماس كېلىدىغان قان تىپى ئىدى. بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللانغان قىز ـ ئوغۇل

ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنداقلا دوختۇر ـ سېستىرالار ئارىسىدا مەھبۇبە خۇددى قەھرىمان سۈپىتىدە مەدھىيەلىنىۋاتاتتى. مەھبۇبەنىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئاجايىپ بىر بەخت بىلەن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى...

ئەزىمەت مەھبۇبەنىڭ قېنى ئارقىلىق قايتا هاياتلىققا ئېرىشتى، ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ئالاھىدە قان تىپىنىڭ شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا ئىككىسىنىڭ ئوخشاش چىقىشى مەھبۇبە ئۈچۈن بەخت بولۇپ تۇيۇلسا، ئەزىمەت ئۈچۈن ئابىهايات شەربىتى رولىنى ئوينىغانىدى.

ئۇنىڭ قان بېرىش ئۈچۈن ماڭغان ۋاقىتتىكى ماڭا تىكىلگەن مەغرۇر ھەم چوڭقۇر بەخت پارلاپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايمەن.

ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگىنىمدىن تارتىپ تاكى ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتا ـ ئانىسى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ئېغىزىمغا گىياھ سالماي، كۆزۈمنى بىر دەممۇ يۇمماي كۆزىتىش ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى بۇنچىلا چىدامسىز، غەيرەتلىك دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. بىراق، كىشىنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە مۇھەببەت ئاتا قىلغان كۈچنىڭ ئۇنىڭغا ھەر دائىم يۆلەك بولىدىغانلىقىغا مانا شۇ ۋاقىتتا چىنپۈتتۈم.

ئەزىمەتنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە قارىغاندا، هازىرقى تۇرقى بەكلا ياش كۆرۈنىدىغان ئاتا ـ ئانىسى جىددىي كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش بۆلۈمىنىڭ كارىدورىغا كىرىپ كەلگەندە، «ئارام ئېلىڭ» دېسەك ئۇنىماي بىز بىلەن كارىدوردا تۇرغان ئەزىمەتنىڭ سىنىپ تەربىيەچىسى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ماڭا

ھەمراھ بولۇۋاتقان زۇمرەت ئىككىمىزمۇ ئورنىمىزدىن قوپتۇق.

— بالام، مېنىڭ بالام قېنى؟

سالاپەتلىك كېيىنگەن ئانىنىڭ قوي كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. قاپقارا قاش - كۆزلىرى ئەزىمەتنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايدىغان دادىسى ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئايالىنى يۆلەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى. مېنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولغان ئاتا - ئانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، يۈرىكىنى كىچىككىنە بولسىمۇ توختىتىدىغان سۆزلەرنى قىلغۇم بولسىمۇ، بىراق قېنىمدىكى نومۇس - ھايا يۇغۇرۇلغان تارتىنچاقلىق قەدەملىرىمگە چۇشەك سېلىپ زۇمرەت ۋە سىنىپ تەربىيەچىسىنىڭ ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىشلىرىنى تىڭشاشقا مەجبۇر بولدۇم.

— نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ... نېمىشقا...— دەپ توختىماي زارلايتتى بىچارە ئانا.

— ئۇ قىز قېنى؟— دەپ سورىدى ئۆزىنى ئاپىسىغا قارىغاندا خېلىلا تەمكىن تۇتۇۋالغان دادىسى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— يېرىم كېچە بولغاندا قىزلار ياتىقىغا ئەكىرىپ قويدۇق. ئۆزىمۇ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئېسىنى ئارانلا بىلىدۇ. مىنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى، دەپ توختىماي يىغلاپلا تۇرىدۇ...

ئەسلىدە ئەزىمەت شۇ كۈنى ماڭا ئېيتقىنىدەك كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەپتۇ. كېچىچە ئىشلەپ ئەتىگەندە قايتقاندا مەكتەپ سىرتىدىكى ئاشخانىدىن ئەتىگەنلىك ناشتا يەپلا ياتاققا كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەربىيەلەۋاتقان مەسئۇل دوختۇرى بىلەن بىللە

دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇلار چوڭ يول دوقمۇشىنى بويلاپ تار كوچا ئېغىزىدىكى ئەتىگەنلىك ناشتىلىقلىرى ئوخشايدىغان تاماقخانىغا ناشتا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا بىر نەچچە ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر قىزنى بىر بالىنىڭ دەسسەپ ـ تېپىپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىدىكى بالىلارنىڭ ھاياسىزلارچە «ئۇره، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ، نېمىسىگە ساڭا يوغانچىلىق قىلىدۇ...» دېيىشكىنىچە كۈلۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ زارىدىن ئىچى ئېچىشقان ئەزىمەت ئۇلارنى كىرىپ ئاجرىتىپتىكەن، قىزنى ئۇرۇۋاتقان بالا بىلەن ئىككىسى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا كىچىككىنە كەيپ قىلىشىپ ئولتۇرۇپ كاللىسى توختاپ قالغان بۇ بىر توپ تەلۋىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا قول سېپتۇ. يېتەكچى دوختۇر ئۇلارنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ ئادەم توپلاپ، ئادەم يىغىپ كەلگۈچە ئۇ قانخور ئەبلەخلەر ئەزىمەتنىڭ بىقىنىغا پىچاق تىقىپ بېشىنى قاتتىق سېمونتقا ئۇستۇرۇۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كەلگەندە قىز جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئېچىنىشلىق داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ئەتراپقا يېيىلىپ كەتكەن قان ئىچىدە ئەزىمەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەزىمەت جىددىي ھالدا دوختۇرخانىغا ئەكېلىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقا مېڭە باش سۆڭىكى يېرىلغانلىقى، بىقىنىغا كىرگەن پىچاقنىڭ خېلى چوڭقۇر سانجىلغانلىقى، ئەھۋالىنىڭ شۇ قەدەر جىددىي ئىكەنلىكى، ئەگەر ئازراقلا كېچىككەن بولسا ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، جىددىي ھالدا ئوپېراتسىيەگە

ئەكىرىلگەنىدى. ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن قىزنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى ئاستىدا ئەزىمەت ئوپپېراتسىيەدىن چىققان چاغدىلا كېچىلىك ئولتۇرۇشتىن كاللىسى توختاپ قالغان ئۇ بىر توپ تەلۋىلەر ئالللىقاچان قانۇن تورىغا چۈشكەنىدى.

※ ※ ※

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۈگۈن ياتاقتا قىزلارمۇ يوق ئىدى. زۇمرەت بىلەن مەردان قىزىلتاغ باغچىسىنىڭ ئاخىرقى كۈزلۈك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېلىمىز دەپ كېتىپ قالغانىدى. ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ خاتىرەمنى قولۇمغا ئالدىم. كۆزلىرىم خاتىرەمدىكى ئەزىمەتنىڭ يارىلانغان، دوختۇرخانىغا كىرگەن ۋاقىتلىرىدىكى ئاۋۇ بايانلارغا چۈشۈشى بىلەن كۆڭلۈم بۇزۇلدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتىم. شۇندىلا قەلبىمدىكى بۇ تىتىلداش، ھېچنېمىگە قىزىقماسلىقتەك تۇيغۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسىنىڭ ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئەزىمەت يېنىمدىكى ۋاقىتلاردا مەيلى ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرەي، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىشتىن قورقاي، مەيلى قانچىلىك ئىزتىراپلىق تۇيغۇلارغا يەم بولاي، يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ شۇ قەدەر خۇشاللىق تۇيغۇسىدا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ئەزىمەت ئەسلىدە قەلبىمدىكى مەنىۋى تۈۋرۈك، ھاياتىمدىكى ئاتا ـ ئانامدىن قالسا تايىنىدىغان تىرىكىم ئورنىدا ماڭا ھەر جەھەتتىن يوشۇرۇن ئوزۇق

بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. مانا ئۇ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئائىلىسىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىش سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىسى ئۇنى غۇلجىغا ئەكېتىۋىدى، ماڭا مەكتەپ ئىچىدە ھەممە نەرسە قۇرۇپ كەتكەندەك، قىسقىسى ئۇرۇمچىدە ھېچقانداق ئىللىقلىق قالمىغاندەك بولۇپ ئۇ كەتكەن كۈندىن باشلاپ شۇ قەدەر مۇزلاپ، قەلبىم شۇ قەدەر غېرىبسىنىپ كەتتى.

مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى كۆپ ھاللاردا ھېس قىلالمايمىز. مۇھەببەت كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغان ۋاقىتلاردا بىزنىڭ قەلبىمىز لىققىدە خۇشاللىق سېزىملىرىغا تويۇنغاچقا، شۇ خۇشاللىق تۇيغۇسىنىڭ دەل شۇ مۇھەببەت كۈچىدىن تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئېتىراپ قىلمايمىز ھەم سەزمەيمىز، ئۇ بىزدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئاندىن مۇزلاپ كەتكەن باغرىمىزنى تەنھا قۇچاقلاپ، ئەتراپقا ئىنتىزارلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۆتكەن كۈنلەردىكى خۇشال كۈنلەرنى ئەسلەپ بىردىنلا قەلبىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسسىق تۇيغۇلار ئىچىدە ئارامبەخش سېزىملارغا تولۇپ جانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز - دە، بۇ سېھىرنىڭ دەل شۇ مۇھەببەتلىك كۈنلەر كارتىنىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا بىلىپ يېتىمىز، ئېتىراپ قىلىمىز. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا «مۇھەببەت ـــ ئازابتىن تۇغۇلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەلۇم مەنىدىن توغرا ئىكەنلىكىگە چىنپۈتىمىز.

ئەزىمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەزىمەتنىڭ ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشقاندىن كېيىن ئۇنى ئادەتتىكى بالىنىستقا يۆتكىدى. ئۇنىڭ قېشىدا يالغۇز قېلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ ۋە ئورۇمچىدىكى چوڭ ئاپىسىنىڭ قىزلىرىنىڭ «ئارام ئېلىۋېلىڭ، بىز قارايلى» دېگىنىگە زىنهار ئۇنىمايتتى. مەنمۇ ساۋاقداشلىرى قاتارىدا ئۇنى يوقلاپ كۆرۈپ چىققانمۇ بولدۇم. بىراق، ئارزۇيۇمدىكىدەك ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىمكان بولمىدى. بىر قېتىم زۇمرەت ۋە ئۇنىڭ سىنىپىدىكى بىر قىز بىلەن بىللە كىرسەم مەھبۇبە ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ مېۋە ئاقلاۋېتىپتۇ. كارىۋات قىرىدا ئاپىسى مەھبۇبەگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. گەرچە بۇ ھالەت يۈرىكىمنى قوقاسقا سالغاندەك قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، مەھبۇبە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى بىلەن بىر ئۆمۈر قەدىرلىنىشكە، رەھمەت ئېيتىپ ئۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن بېشىمىزدا كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك كىشى ئىدى. شۇ قان بېرىشتىن كېيىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مەھبۇبە مۇھەببەت ئۈچۈن جېنىدىنمۇ كېچەلەيدىغان شەخسكە ئايلىنىپ، ھەممىنىڭ بىردەك ھۆرمىتىنى قوزغىغانىدى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ قان بېرىپ ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەزىمەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن چاقىرىپ مۇڭدىشىپ تۇرىدىغان يېقىن كىشىسىگە ئايلانغانىدى. ئەكسىچە مەن ئۇنىڭدىن بىر قەدەم يىراقلىشىپ قالغان بىر ئاجىز كېسەلمەن، ھالقىلىق پەيتتە ھېچقانداق نىمىگىمۇ ئەسقاتالمايدىغان، ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ كۆتۈشى، ئاسرىشىغا موھتاج بولۇپلا ئۆتىدىغان نىمجان «قۇرت» ئىدىم.

ئىشكتىن كىرىشىمىز بىلەنلا ئەزىمەتنىڭ ماڭىا

چۈشكەن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئىگىز قويۇلغان ياستۇققا يۆلىنىپ تۇرۇپ:
— ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، ئەجەبمۇ ياخشى كىردىڭلار، سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ تۇراتتى، — دېدى. مەھبۇبە بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆرۈپ قاپىقى تۈرۈلدى - يۇ، چاندۇرماي ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ياخشىمۇسىلەر! كېلىڭلار بۇياققا! — دېدى.
مەن ئەزىمەتنىڭ ئاپىسىنىڭ سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىدىن قورۇنغان هالدا تىنچلىق سورىدىم.
— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئەزىمەت؟ كۆرۈنۈشكىمۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپسىز، چىرايلىرىڭىزغىمۇ قان يۈگۈرۈپ قاپتۇ، — دېدى زۆمرەت ئەزىمەتكە قاراپ.
يەر بېقىپ تۇرۇپ ئەزىمەتكە تاشلانغان كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئىھ... قويۇق كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان ئاشۇ قارا كۆزلەر يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك، ياق، بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە مېھىر بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلگەنىدى. بۇ كۆزلەردىن ئوت پۈركۈلۈپ جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكۈدەك ئىدى. قىسقىغىنا بىر - بىرىمىزگە قاراشقان ئاشۇ دەقىقىلەردە كۆزلىرىمىز ئارقىلىق بىر - بىرىمىز بىلەن يۈرەك تىۋىشلىرىمىزنى يەتكۈزۈۋاتاتتۇق.
«پەزىلەت، سىزنى بەك سېغىندىم، بەكلا سېغىندىم...» دەيتتى ئۇ.
«مەنمۇ شۇ» قىزىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مېھىر تەپچىگەن نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئاستاغىنا ئۈيلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دەپ پىچىرلايتتىم.
«راستىمۇ؟ توۋا... بۇ گەپلەرنى سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن

ئاڭلاشقىمۇ ئىمكان بولىدىكەن ـ ھە» دەيتتى ئۇ.

«بۇنى مەنمۇ سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قىل قالغان دەقىقىلەردە بەكرەك ھېس قىلدىم. چىش يېرىپ بۇ ئۆمرۈمدە قىزلىق قەلبىمدىن سۆيۈپ قالغان ئادىمىم سىز ئەزىمەت. مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام ھەرگىزمۇ ياشىيالمىغۇدەكمەن.»

«مەنمۇ شۇ جېنىم...»

كۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تەلۋىلەرچە ئاشىقلىق بىلەن يۈرەك تىۋىشلىرىنى دېيىشلىرى ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

ــ ھەممىڭلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئاللاغا مىڭ قەترە شۈكۈر، ئەزىمەت بالام مۇشۇنچىلىك بولۇپ قالدى. سىلەر بەك كۆيۈمچان، بىر ـ بىرىڭلارغا ئېچىل ساۋاقداشلاردىن ئىكەنسىلەر، مەن بەك تەسىرلەندىم. كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت سىلەرگە!

ــ ئۇنداق دېمەڭ، ئاچا،ــ دېدى زۇمرەت ئىتتىكلا،ــ ئەزىمەتتەك ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە باشقا جەھەتلەردە كەم ــ كوتىسىز بالىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن سىزدەك ئانىغا رەھمەت دېسەك بولىدۇ... ئەزىمەتنىڭ لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن ئاجىز بىر قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ ئۆزىنىڭ يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقى ھەممىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ھەرقاچان ھەرقايسى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ سىلەرنى ئولتۇرغۇزمىغاندۇ؟

ــ شۇنداق، قىزىم. ئالدىنقى كۈنىمۇ قايسىبىر گېزىتنىڭ مۇخبىرلىرى كېلىپ بىرمۇنچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ قولىدا تاياق يېگەن بىچارە قىزچاق ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ كۈندە

دېگۈدەكلا كېلىپ مەن قاراپ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بىچارە قىزنىڭ، دادىسى يوق، ئاپىسى ئاغرىقچان تۇرسا، ئۆيدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن كەچلىك كۇلۇبتا كېچىلىك مۇلازىم بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. يۇم - يۇم يىغلايدۇ. قارىغاندا ئۇ يىگىتكە مەجبۇرىي ئىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئاپىسى ئاغرىپ قالغاچ ئالدىراپ ئەتىگەندە ئۆيىگە قايتسا يىگىت توسۇۋېلىپ قايتقىلى قويماپتىكەن، بىر - ئىككى ئېغىز قارشىلاشسا شۇنداق ئۇرۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ...

سىلىق تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتقان ئانىغا ھۆرمەت بىلەن قىيا نەزەر سالدىم. بۇ ئوقۇمۇشلۇق، سالاپەتلىك ئايال ئوغلى شۇنچە ئېغىر يارىلىنىپ گۆر ئېغىزىدىن قايتىپ كەلگەن تۇرۇپمۇ شۇ ئىشقا سەۋەبچى بولمىش ئۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ھېلىمۇ ئاللاغا شۈكۈر، بىرىنچىدىن ئاللا، ئىككىنچىدىن دوختۇرلار ۋە مەھبۇبە قىزىم بالامنىڭ ھاياتىنى قايتۇرۇپ بەردى. مەھبۇبە قىزىمغا قانچىلىك قىلسامۇ ئەرزىيدۇ، — ئەمدىلىكتە بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان ئانا بىلەن مەھبۇبەنىڭ قوللىرى چىڭ تۇتۇلغانىدى. بۇ ھالەت ماڭا «ئەمدى ساڭا بۇ يەردە ئورۇن يوق، سەن چىقىپ كەتكىن» دەۋاتقاندەك بىلىندى.

— پەزىلەت، مەن دېگەن ھېلىقى كىتابنى ئەكىرىپ بېرىڭ - ھە!

ئەزىمەت گەپنى ئۇزۇپ مېنى ئوڭايسىز كەيپىياتتىن قۇتۇلدۇردى. ئېنىقكى، ئۇ گەپنىڭ مەھبۇبەگە كۆچۈشى بىلەن ئۆزى خالىمايدىغان ھەم مېنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدىغان بىرەر گەپنىڭ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتاتتى.

— بالام، دوختۇر سىنى پات ئارىدا كىتاب كۆرۈشكە زورۇقمىسۇن، بىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە چارچاش توسالغۇلۇق قىلىدۇ دېگەن تۇرسا،— دېدى ئاپىسى دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

بىز خوشلىشىپ قايتىپ چىقتۇق. مەھبۇبەنى ئەزىمەتنىڭ ئاپىسى يەنە بىردەم ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، دەپ ئېلىپ قالدى.

— پەزىلەت، بۇ ھەممە ئادەم بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان مىنىنەتدارلىقتىن باشقا نېمە ئەمەس، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن!— دېدى زۇمرەت جىمىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ ماڭا تەسەللى بەرگەن ھالدا.

— ياقەي، ئۆزۈمنىڭ شۇنداق ئاجىز، يارىماس ئىكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان تۇرسا، باشقىلاردىن رەنجىشىمنىڭ ئاساسى بارمۇ...— دېدىم مەيۈسلەنگەنلىكىمنى تىترىگەن ئاۋازلىرىم بىلەن يوشۇرۇپ بولالماي.

......

مەن كۆندە ئەزىمەتنىڭ قېشىغا كىرىشنى ئارمان قىلساممۇ، ھەتتا كېچىلىرىمۇ ئەزىمەتنى ئويلاپ يېتىپ كېچىچە چۈشلىرىمدە كېسەلخانىدا ئۇنىڭ يېنىدا يۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تاڭ ئاتقۇزساممۇ، لېكىن يېنىدا تۇرۇپ ئەركىن - ئازادە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالمىدىم. ئۇ ياخشى بولۇپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ بىر مەزگىللىك ئۆيىدە دەم ئېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا كەتتى. ئۇ غۇلجىغا ماڭىدىغان كۈنى قانداق قىلىدىكىن، ئىشقىلىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مېنى چاقىرتىپتۇ. يۈگۈرۈپ چۈشسەم بۇرۇنقىدەكلا يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ خېلىلا روھلۇق ھالەتتە بىنا ئالدىدا مېنى ساقلاپ

تۇرۇپتۇ. شۇنداق خۇش بولدۇم، بىراق خۇشلۇقۇمنى يەنىلا تارتىنىش بىلەن قىزىرىپ تۇرۇپ:
— ياخشى بولۇپ قاپسىز مانا، خۇداغا شۈكۈر،— دەپ ئىپادىلىدىم.
— پەزىلەت،— ئەزىمەت ئوتتەك زارىقىش، سېغىنىش بىلەن ئالدىمغا كەلدى ـ دە، قولىنى ئۇزىتىپلا قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى،— ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەن ـ ھە، نېمىشقا قېشىمغا كۈندە كىرمەيسىز؟
— مەن؟!...— ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە مەيۈسلۈك بىلەن يەرگە قارىدىم،— كىرەي دېسەم ئاپىڭىز كۈندە قېشىڭىزدا بولغاندىن كېيىن خىجىل بولىدىكەنمەن.
— نېمىشقا خىجىل بولىسىز؟ ئاپام گەرچە سىزنى تونۇسىمۇ چاندۇرمايتتى ئەمەسمۇ؟
— نېمە، مېنى تونۇيدۇ دېدىڭىزما؟— كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى.
— باشتا سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيتتى. ھېلىقى ۋاقىتتا ئاپام ھە دەپ مەھبۇبەنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قارىسام سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەلگەندەك بىلىندى، چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا ئۇمچىيىپلا كەتتىڭىز. شۇڭا مەھبۇبە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاپامغا ئۆزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان كېلىننىڭ دەل سىز ئىكەنلىكىڭىزنى، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا باشقا قىزلارنىڭ گېپىنى قىلماسلىقىنى ئېيتتىم، ئاپامۇ سىزگە باشقىچە دىققەت قىلىپتۇ. مەن ئاپامغا سىزنى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدىم، شۇڭا سەل گۇمانمۇ قىپتۇ سىزنى شۇمىكىن دەپ. بىراق، سىزنى بۇ قەدەر تارتىنچاق دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغاچقا يەنە

ئىشىنەلمەيتىكەن. ئاپام مەھبۇبە ماڭا قان بېرىپ ھاياتىمنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئادەمگەرچىلىك قەرزىمىز بار دەپ بەكرەك يېقىنچىلىق قىلدى، خالاس.

— شۇڭا كېيىن كۆرگەندە ماڭا بەكلا قاراپ كېتىپتىكەندە...— دېدىم قىزىرىپ تۇرۇپ.

ئىككىمىز ياندىشىپ مېڭىپ يول بويىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

— قېيىنئانىڭىز سىزنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى جۇمۇ.

— قانداقچە...

— سىزنى بەك سىلىق - سىپايە، جەلپكار، نازاكەتلىك، بەك چىرايلىقكەن دەپ... يەنە... يەنە...

— يەنە نېمە دېدى؟

— يەنە بىر ئېغىز گەپنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا ئاران دەپ بولىدىكەن... مىجىما... ھا - ھا - ھا!

— سارالى،— ئۇنىڭ ئەتتەي مېنىڭ ھەرىكىتىمنىڭ ئاستىلىقىنى تىلغا ئېلىپ چىشىمغا تېگىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ مۇرىسىگە مۇشتلىدىم.

— ھاي - ھاي... مەن تېخى يېڭىلا دوختۇرخانىدىن چىققىنىم - ھە... بۇ چوكىدەك قوللىرىڭىزنىڭ ئۇرۇشىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

ئۇ كۈلگىنىچە قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئاستا مەيدىسىگە ئاپىرىپ چىڭ باستى.

— پەزىلەت، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلا!— ئىككىلىمىزلا جىمىپ قالدۇق. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەن شۇنداق كۈچلۈك سوقۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دۈپۈلدىگەن تىۋىشلارغا قوشۇلۇپ قولۇمنى

چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدىن تارتقان سېھىرلىك گۈچى بىر شېرىن سېزىم مېنىڭ يۈرىكىمگىمۇ بۆسۈپ كىرمەكتە ئىدى. يېنىڭ تىترەيتتىم، ئۇنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تېخىمۇ بەك تىترەۋاتاتتى. زارىقىش، تەشنالىق مۇجەسسەملەنگەن لەۋلىرى مەندىن قانداقتۇر بىرنېمە تەمە قىلغاندەك تەلمۈرمەكتە ئىدى. بىراق... مەن ئۈيىلىپ تۇرۇپ قولۇمنى ئاستا تارتىۋالدىم.

— ئاپام ھېلىغىچە ئىزدەپ ساراڭ بولۇپ كەتمىسۇن، مەن قايتاي، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!...

ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. ئۇمۇ مەنمۇ قىيالماسلىق بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە تەلمۈرگىنىمىزچە خوشلاشتۇق. ئۇنى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇرۇمچىدىكى تۇغقانلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىسى، سىنىپ تەربىيەچىسىمۇ بار ئىدى.

※ ※ ※

ئەزىمەت قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ قالغانىدى. قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتتا ئاپىسى: «كۆز ئالدىمدا تۇرغىن، مەن ئەنسىرەپ قالدىم، پىراكتىكىنى مۇشۇ يەردە قىلساڭمۇ بولىدىغۇ!» دەپ بەك قاتتىق تۇرۇۋېتۇ. بىراق، ئۇ غۇلجىدا تۇرسا مەندىن ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ زادىلا ئۇنىماپتۇ.

— ئاپىڭىز رەنجىپ قالغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆيۈپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ.

— ھەئە، رەنجىدى.

— بىكارلا رەنجىتىپسىز، ئەسلىدە غوللجىدا پىراكتىكىنى داۋاملاشتۇرسىڭىزمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ غوللجىدا پىراكتىكا قىلىشىمنى راستتىنلا خالامسىز؟

— مەن...

— دەڭە، سىز خالىسىڭىز مەن گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. رەسمىيەتلىرىمنى يۆتكەپ غوللجىدا قىلسامىمۇ بولىدۇ.

تەڭقىسلىقتا قالدىم. ئۇنىڭ مېنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپىمگە ئېسىلىۋېلىپ بۇ ئىشتا ئەستايىدىللىق كېتىشىنى نەدىن بىلەي؟

— شۇ، مەنمۇ ئاپىڭىزنىڭ دىلى ئاغرىمىسۇن دېمەكچىمەنغۇ...

— ئەمىسە مەن راستتىنلا خاتا قىپتىمەن، بۇنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئەتىلا رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ غوللجىدا پىراكتىكا قىلىشقا قايتسام بولغۇدەك.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، سىزدىن رەنجىمىدىم. سىز ئاپامنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ... سىزچىلىك بولالماپتىمەن. ئاپام شۇنچە قاقشىسا سەۋەب كۆرستىپ قايتىپ كەلگەنىدىم، بىراق سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ خاتا قىپتىمەن، دەپ قالدىم، ئەتىلا رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەي جۇمۇ...

— ئەتىلا...

— ھەئە

— ۋاي خۇدا، نېمانچە تېز؟ — ئىختىيارسىز ئېغىزىمدىن شۇ گەپ چىقىپ كەتتى. دېمىسىمۇ

ئەزىمەتنىڭ بۇ گېپىمگە بۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئەتىلا كېتىش قارارىغا كېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى. كەتسىمۇ مەيلى، بىراق تېخى بۈگۈن كېلىپ ئەتىلا كېتىمەن دېيىشى بەكلا ئېغىر كەلدى. ئۇ ئەستايىدىل ھالەتتە چىرايىمغا قاراپ كەتتى، ئىچكى ھېسسىيات كۆرۈنۈپ تۇرغان... [illegible]

كۆرۈنشىدە يىغلاڭغۇ كۆزلىرىمگە كەلگەن ياشلىرىمنى بېسىقتۇرالماي ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— پەرىلەت، — ئۇ شۇنداق دەپلا قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىگە تارتىپلا قۇچاقلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ دەقىقە ئىچىدە قىلغان قارام ھەرىكىتىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغۇدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلاشلىرىغا قارشىلىقمۇ قىلالماي قالدىم.

— ئەخمەق قىز، نېمىشقا يىغلايسىز؟ مەن غۇلجىغا كەتكەن كۈنۈمدىن باشلاپ سىزنى ئويلىمىغان بىرمۇ دەقىقە، سىزنى چۈشىمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق تۇرسا... سىزنى كۈندە كۆرۈپ تۇرمىساممۇ ئىككىمىزنىڭ بىر شەھەردە ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىلا ماڭا زور روھىي تەسەللىكەن ئەمەسمۇ. سىزنى بار دېسەملا شۇ قەدەر خۇشاللىقتا چۆمىدىكەنمەن. ئەكسىچە سىز يوق بولسىڭىز پۈتۈن دۇنيادىن بارچە خۇشاللىق قۇرۇپ كەتكەندەك قەلبىم مۇڭلىنىپ، يۈرىكىم مۇزلاپلا تۇرىدىكەن. بۇ دېگەن مۇھەببەت، پەرىلەت، بۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى...

ئاھ... بۇ گەپلەر ئەسلىدىنلا مەن ھېس قىلىپ چۈشىنىپ يېتىپ خاتىرەمگە يازغان سۆزلەرنىڭ ئۆزى

ئەمەسمۇ... مەن ھېس قىلغان تۇيغۇلارنى ئۇمۇ ھېس قىلىپ بىرمۇبىر قايتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى.

ــ سىزنى قانداق قىلىدىكىن، ماڭا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەمدۇ، ئىپادىلىمەمدۇ؟ دەپ ئەتتەي شۇنداق دېگەنىدىم،ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى،ــ مېنى بەك بەختلىك قىلدىڭىز، شۇ تاپتا سىزنىڭ كېتىش قارارىڭىزدىن مەيۇسلەنگەن تۇرقىڭىزنىڭ ئۆزىلا مەن ئۇچۇن جاۋاب. سىز نېمانچە سۆيۈملۈك، نېمانچە يېقىشلىق قىز. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا قىزلارمۇ مۇشۇنداق نومۇسچان، تارتىنچاق بولغان بولسا شۇنداق يېقىشلىق بولارمۇ دەيمەن. توغرا، بۇ دېگەن قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ نامايەندىسى... شۇنىڭ ئۇچۇن سىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن، پەزىلەت.

ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاران بوشىنىپ چىققىنىمدا يۈزلىرىم تامام ياش بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈزۈمنى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

ــ قاتتىق قىلىپ قويدۇم ـ ھە يىغلاڭغۇ، ئۇششۇق...ــ دېدى ـ دە، مېھرى بىلەن پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى.

※ ※ ※

تۈنۈگۈن ئاخىرقى ئىمتىھاندىن چىقىپ ئەزىمەتنىڭ نەچچە كۈندىكى مېنىڭ ئىمتىھانىم تۈگىسە قىزىلتاغ باغچىسىغا بېرىپ تاغقا يامىشىپ مەنزىرە تاماشا قىلىپ كېلىش تەلىپىگە ماقۇل بولغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى ئۇنىمىسام ئۇنىماي مېنى زورلاپ

بازارغا ئاچىقىپ ماڭا ئوچۇق قىزىل رەڭلىك تەنھەرىكەت كىيىمى، ئۆزىگە بولسا قارا رەڭلىك تەنھەرىكەت كىيىمى ۋە ئەرەنچە ـ ئايالچە بىر جۈپ تەنھەرىكەت ئايىغى ئالغانىدۇق. ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىنى بېرىپ بولغىلى خېلى بولدى. مەن ئىمتىھانلىرىمنى بېرىپ، بولغاندىن كېيىن پىراكتىكىنى غۇلجىدا قىلىشقا رەسمىيەت ئۆتەپ بىللە ئەكەتمەكچى بولۇپ ساقلاپ يۈرەتتى. سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ئۈرۈمچىدە پىراكتىكا قىلىشقا قىلىپ قالدى. مەن بىلەن بىر قەشقەرلىك ئوغۇل، ئاقسۇلۇق قىزلا يۇرتىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق. مېنىڭ كېتىدىغانلىقىمغا ئوقۇتقۇچىم سەل نارازى بولدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەندەك ئىزچىل ئۆگىنىشتە ياخشى قىزنىڭ ياخشى بولغان ئورۇنلاردا تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشى ھەمدە ئۆرلەپ ئوقۇپ ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدىنلا مېنىڭمۇ تولۇق كۇرستا ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىراق، قېرىنداشقاندەك بىز مەكتەپكە كەلگەن ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپلا تېببىي ساھەنىڭ ئىشتىن سىرت يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىنىشى بىكار بولۇپ، ئۆرلەپ چوقۇم مۇنتىزىم ھالەتتە ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى. مېنىڭ ئوقۇش ئارزۇيۇمنى ئاڭلاپلا ئەزىمەت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ قارشى چىقىشنىمۇ خالىمايتتى، بىراق بۇ يەردە يەنە بىرنەچچە يىل ئوقۇشۇمغىمۇ چىدىمايتتى. تەڭقىسلىقتا قىسىلغىنىچە:

«ئۆزىڭىز بىلىڭ، سىزنىڭ قارارىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن، بىراق سىزنى بۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتەلمەيمەن، ئوقۇسىڭىز مەنمۇ خىزمەت قىلماي

ئۇرۇمچىدە ئوقۇشىڭىز پۈتكىچە بىرەر ئىش قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن بىللە كېتىشىم مۇمكىن» دېدى. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان سادىق قەلبى مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتى، شۇنداقلا مۇھەببەتكە خاس قىزغىنلىق مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىمغا يول قويالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ماڭا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىپ پاراڭ سېلىپ كەتكەن ئوغۇللارغا قارىتا خۇيلىنىپ قالىدىغان مىجەزى ھېلىمۇ بار ئىدى.

ئۇزاق ئويلاندىم. جاھىللىق بىلەن ئۆرلەپ ئوقۇش بەلكىم ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزمىسىمۇ، بىراق مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلىقىمىزنى يىراقلاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم چىقارغان قارارىدىن ۋاز كەچتىم، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشنى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنى تاللىدىم، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ توق، پۈتۈن بولۇشىنىڭ كېيىنكى بەختلىك كۈنلەرنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈردۈم.

ئۇ قارارىمنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىشقا ئۆزىنى سەۋەبچى ھېسابلاپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. كېيىن چوقۇم ئۆرلەپ ئوقۇتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

شۇ كۈندىكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پارلىغان ئەرلىك مەغرۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن ماڭا بولغان خىجىللىق ئارىلاش سۆيۈنچ تۇيغۇلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

......

ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرغانىدى. مەنمۇ ياتاققا كىرىپ

قايسى كۈنى ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە قىزىل تەنھەرىكەت كىيىمى بىلەن تەنھەرىكەت ئايىغىنى كىيىپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى قارا تەنھەرىكەت كىيىمى شۇنچىلىك ياراشقانىدى. مەن چۈشۈشۈم بىلەن ئالدىمىغا ئۇچراپ قالغان بىزنىڭ ياتاقتىكى قىزلار چۇرقىراشقىنىچە مېنى ئورىۋالدى:

— ۋاھ، پەزىلەت... بۇ قىزىل رەڭ ساڭا نېمانچە ياراشتى...

— ۋاھ... بۈگۈن تاغقا يامىشىش ماھىرلىرىدەك كىيىنىپ ئىككىڭلارغا نېمە كەپتۇ ئەمدى...

— ھەي، ھەي... كۆزمونچاق ئېسىۋېلىڭلار جۇمۇ... كۆز تەگمىسۇن يەنە...

— ئەزىمەت ئەجەب رومانتىككىنا... بىر ئويناپ كېلىشكىمۇ شۇنچە ئېتىبار بېرىپ ئوخشاش كىيىملەرنى ئالغىنىنى... تەلىيىڭ بار جۇمۇ سەن مىس ـ مىسنىڭ...

ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا كۆمۈلۈپ تۇرۇپ بىزدىن سەل نېرىدا ساقلاپ تۇرغان ئەزىمەتنىڭ قېشىغا باردىم. شۇ تاپتا يۈزلىرىم قىزىرىپ ئۈچامدىكى قىزىل كىيىم بىلەن رەڭ تالىشىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەزىمەت مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىغىنىچە:

— پاھ... راستتىنلا كۆزمونچاق ئېسىپ قويغۇدەك بولۇپ كېتىپسىز،— دېدى.

ئىككىمىز بىللە تاماق يېدۇق، ئاندىن قىزىلتاغ باغچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئەسلىدە كىيىنىشمۇ كىشىگە بىر خىل روھىي ئازادىلىك ئاتا قىلىدىكەن. بۇ تەنھەرىكەت كىيىملىرى ئىچىدە خۇددى ئۆزۈمنى خۇددى كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەردەك روھلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ

تاغنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىشنى ئويلىدىم، باشقا ۋاقىت بولسا ئېھتىمال تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. بىراق مەن ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەردىم. ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇھ دەپلا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. بىرھازا دەم ئېلىپ ئەزىمەتنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋىتى بىلەن ئورنۇمدىن قوپۇپ تۆۋەنگە — قارامتۇل تۇتۇنلەرگە ئورىلىپ تۇتۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈرۈمچىنىڭ قايناق كوچىلىرىغا، ئېگىز — ئېگىز بىنالىرىغا كۆز تاشلىدىم.

— قاراڭ، پەزىلەت، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزۈم سۆيگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرگەن ئۈرۈمچى بىلەن خوشلىشىمىز. سىزنى قىيناپ بۇ ئېگىزلىككە ئاچىقىشىم نېمە سەۋەبتىن بىلەمسىز؟

«ياق» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم.

— مەن پايانسىز ئاسمانغا، ئاپپاق بۇلۇتلارغا، تۆۋەندىكى مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر توپىغا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا قىزنى، يەنى پەزىلەت ئىسىملىك قىزنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتماقچى. ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە مۇشۇ ئاسمان، يەر ـ زېمىن، يەنە مۇشۇ قىزىلتاغ گۇۋاھ بولۇپ قالسۇن. سىزنىڭ قىزىل كىيىمىڭىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن قىپقىزىل يۈرىكىمىزگە، مېنىڭ قارا كىيىمىم ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولغان قارا تۇپراققا ۋەكىل بولسۇن!

نېمىشقىدۇر يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. چەكسىز ياخشى كۆرۈش ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئەسلىدە دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنىمۇ

چىقمىرىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ مەندەك مۇشۇنداق ئاجىز قىزنى شۇنچىلىك ساپ مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بۇ يىگىتنى ئاتا قىلغان ئاللاغا شۈكۈر ئېيتتىم.

- مەن پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن، مەن پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن...

ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەڭرى زېمىنغا تارقاپ ئەكس سادا بولۇپ قۇلىقىمغا مەھكەم ئورناپ كەتتى. كۆزلىرىمدىن ھاياجان، مۇھەببەت، سۆيۈنچ ياشلىرى تۆكۈلمەكتە. شۇ كەمگىچە مېنىڭ تاللىشىمغا، مېنىڭ رايىمغا ھۆرمەت قىلىپ ماڭا ئەسەبىي ئىستەكلەر بىلەن يېقىنلاشماي، پەقەت باغرىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلاپ قويۇش ۋە پېشانەمگە ئىللىققىنا سۆيۈپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ كەلگەن ئەزىمەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن ئاپامنىڭ مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا قۇيۇپ كەلگەن تەربىيەلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ كېلەلىدىم، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىمگە ۋە ئېتىقادىمغا يۈز كېلەلىدىم، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، مۇھەببەت شۇ قەدەر تەلۋە ئىدىكى، بىرەيلەننى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋاقتىڭىزدا قارىغۇلارچە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈڭىز، ئۇنىڭ سىزىپ قويغان سىزىقىدىن چىقماي ياشىغۇڭىز كېلىدۇ. ئەگەردە ئەزىمەت ماڭا مەن ھار ئالىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرۈش ھېسلىرىم ئالدىدا ئەل بولۇپ ئاپامنىڭ تەربىيەسىگە، ئەخلاقىمغا، ئېتىقادىمغا ئاسىيلىق قىلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۆز قارارىم يولىدا ئۇنىڭ بىلەن رەنجىشىپ يا ئەخلاق - پەزىلەتتىن، يا مۇھەببەتتىن بىرنى تاللا دېسە يەتكۈچە ئازاب تارتقان

بولاتتىم. شۇ تاپتا قىزلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۇچۇن ئوغۇللارنىڭ ئوينايدىغان رولىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدىنىلا قىزلارنىڭ هايا ـ نومۇس قارىشى ۋە ئىپتىقادىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاسراشتا، كۈچلەندۈرۈشتە ئوغۇللارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تېخىمۇ بەك هېس قىلىپ يېتىۋاتاتتىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىرىپ تۇرۇپ، خىجىللىقتا يەرگە بېقىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىمنى خىيالىي يۇمۇپ تۇرۇپ ئەزىمەتكە ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن، بىراق مېنىڭ ئېغىزىمدىن ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بىر ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى قىلدىم:

ــ ئەزىمەت، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن.

گەرچە ئاۋازىم ئۆزۈمدىن هالقىپ ئەزىمەتكىلا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن جاهاننى تىترىتىپ دۇنياغا تاراۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئون ئىككىنچى باب

# قىينالغان كۆڭۈللەر

قايتىپ كېلىپ پىراكتىكىغا چۈشكىنىمگىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. ئەزىمەتمۇ دوختۇرخانىغا تەقسىم بولۇشنى ساقلاپ تۇرماستىن شەھەرلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزى كۆڭۈلرى بالدۇر ئىشتىن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئىشتىن چۈشۈشۈمنى ساقلايتتى. ئىككىمىز بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن قايتاتتۇق. ئاپام مەندىن بىرنەچچە قېتىم تۇرمۇش ئىشىم توغرۇلۇق ئاسماقچىلاپ گەپ سوراپ باققان بولسىمۇ، ئەزىمەتنى ئاپامغا دېيىشتىن يەنىلا خىجىل بولدۇم. «پەقەت، ئاپا ئەنسىرىمەڭچۇ، كۆڭلۈمدە سان بار»دەپلا تۇرۇۋالدىم.

ئەزىمەتنىڭ ئاپىسى مېنى بىرنەچچە قېتىم كەلسۇن، ھېچنىمە بولمايدۇ، دەپتۇ. بىراق، مەن ھەرگىز بۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا بېرىپ كۆرۈشۈپ يۈرۈشنى خالىمايتتىم ھەم خىجىل بولاتتىم.

گۈلزار بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئالاقىلاشتىم، بىراق ئۇ يەنىلا مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشۈشنى خالىمىدى. قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن بەكلا پۇشايمان قىلغان ھەم نومۇس ئوتىدا ئۆرتەنسە كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇنى بۇ ئەھۋالدا

تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئۇ خاتالاشتى، بىراق ئۇنى خاتالاشتى دەپلا ئۇنىڭدىن قولىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىۋېتىش ئۇنى تېخىمۇ دۇنيادىن بىزار بولۇش دەرىجىسىگە ئاپىرىپ ھالاكەت يولىغا قىستايتتى.

بۈگۈن ئىشقا كېتىۋېتىپ ئالىمنى كۆرۈپ قالدىم. پۈرۈر كىيىنىۋاپتۇ، يېنىدا گىرىم دېگەننى تازىمۇ قىلىۋالغان، كۆرۈنۈشىدىن جاھاننى تاسقايدىغان تەلۋە بىر قىز بار. ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە قارىسى يىتكىچە تۇرۇپ كەتتىم. بۇنداق ئادەملەرگە قانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ، ئاچچىقلانغان بىلەنمۇ بەرىبىر، ئۇلارغا قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك تەسىر قىلىپمۇ قويمايدىغانلىقى ئېنىق. لەنەت دۇنيانى بۇلغاۋاتقانلارغا، لەنەت ئۆز ھەدە ـ سىڭىل ۋە ئائىلىرى بىلەن جىنسداش بولمىش قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلارغا!...

※ ※ ※

بۈگۈن يەكشەنبە، ئۇكامنىڭ بىرنەچچە ئەل ـ ئاغىنە، ساۋاقداشلىرى كېلىدىكەن. ئاپام ئىككىمىز جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق، ماڭا تېلېفون كەلدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن ئەزىمەت.

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ــ ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

ــ ياخشى، ــ مەن ئۇستەلگە يەل ـ يېمىشلەرنى تىزىۋاتقان ئاپامغا قاراپ قويۇپ ئاۋازىمنى پەسلەتكەن ھالدا سورىدىم،ــ بىرەر ئىش بارمۇ؟

— ھەئە، تۇنۇگۇن كەچتە ئۇرۇمچىدىن ساۋاقداشلىرىم ئىلھام بىلەن ئادىل ئىككىسى قىز دوستلىرىنى بىللە ئەكەپتۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى ئاغىنىلىرىم بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولغان. سىزمۇ تەييارلىق قىلىسىڭىز، بىللە بارىمىز.

— مەن؟!— ئوڭايسىز ھالدا نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم.

— سىز بارمىسىڭىز بولمايدۇ، پەزىلەت، ھېلىمۇ بۇ يەردىكى ئاغىنىلىرىم مېنى «سېنىڭ راست قىز دوستۇڭ بارمۇ، يوق؟ بارلا دەيسەن، بىرەر قېتىم سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدىڭ» دەپ ماڭا چاقچاق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاۋۇلار قىز دوستلىرىنى ئەكەلمىگەن بولسىغۇ مەيلىتى، شۇڭا ئۇ قىزلار بىلەن ھەمراھ بولۇشقا مەن باشقا قىزلارنى تەكلىپ قىلىپ يۈرسەم قاملاشماس.

— مەن...— گەپ قىلىشىم ئەپسىز ئىدى. مەندىن سەللا نېرىدا ئاپام ئۇستەلگە بىرنېمىلەرنى تىزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— بارمىسىڭىز مەن راستتىنلا رەنجىيمەن.

— بۇ...— قىينىلىپ كەتتىم،— ئەستا... قانداق قىلسام بولار؟

— گەپ قىلىڭە!

— بۇگۇن ئۆيدە ئۇكامنىڭ مېھمانلىرى بار، بىز شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقان، مەن ئاپامغا ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ.

— ئەمىسە ئۆزىڭىز بىلىڭ!

بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي، شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويىۋەتتى. تېلېفوننى تۇتقىنىمچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم.

ــ كىمدىن كەلگەن تېلېفونكەن، قىزىم؟

ــ بىر ساۋاقدىشىمدىن،ــ شۇنداق دەپ قويۇپلا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. قوللىرىم تىترەپ، ئىشلىرىم قولاشمايۋاتاتتى. ئۆزگەرگەن كەيپىياتىم ۋە چىرايىم ئاپامنىڭ دىققىتىنى تارتقان چېغى، ماڭا نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلەتتى ـ يۇ، گېپىنى يۇتۇۋېتەتتى. تېلېفون جىرىڭلىسىلا باشقىچە تېزلىك بىلەن مەن تېلېفونغا يۈگۈردۈم، بىراق كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە ئەزىمەت قايتا تېلېفون بەرمىدى.

ئۇكامنىڭ مېھمانلىرىمۇ كەلدى.

ھەممە تاماقلارنى چىقىرىپ ئىشلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ قالغانىدى. ئاستا ياتاق ئۆيۈمگە قايتىپ كىردىم ـ دە، ھارغىن ھالدا كارىۋىتىمدا ئولتۇردۇم. نېمىشقىدۇر تىتىلدايتتىم. ئەزىمەتنىڭ مەندىن رەنجىپ قالغانلىقىنى ئويلىسام‌لا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتىم. ئويلاپ باقسام، ئەزىمەت دائىملا مېنىڭ رايىمغا قاراپ ھۆرمىتىمنى قىلىپ كەلگەنىدى، تاكى مەكتەپتىكى ۋاقىتتىن باشلاپ بىرەر قېتىممۇ مەن ھار ئالدىغان ئىشلارغا قارىتا مېنى زورلاش نىيىتىدە بولۇپ باقمىغان، ئەنۋەر جېلىلىيۈزىگە بارغاندىكى ئىشلارنى ئەزىمەت ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ دېمىدىمۇ، بىلمىدىم، ماڭا ئۇ توغرىسىدا پەقەتلا ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. مەنمۇ نەچچە رەت ئېيتىشنى ئويلىدىم ـ يۇ، ئېغىزىمدىن چىقىرىشتىن ئۇيىلىپ دېمىگەنىدىم. بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى قىز دوستلىرى بىلەن بىر يەرلەرگە بارىمىز، دەپ چاقىرغاندا مەن ئاپامغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بارمىغانىدىم. شۇ چاغلاردىمۇ ئەزىمەت مېنى توغرا چۈشەنگەن. بىراق، بۇ

قېتىم ئوخشىمايدۇ، شۇنچە يىراقتىن، ئۈرۈمچىدىن ساۋاقداشلىرى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قىز دوستلىرىنى ئەكەپتۇ. شۇنداق تۇرسا مەنمۇ تازا قاملاشمىغان ئىش قىلدىم. بىراق، مەندە نېمە گۇناھ، بەكلا تۇيۇقسىز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى ئۇكامنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈش تەييارلىقىنى ئاپامغىلا تاشلاپ قويۇپ ئويۇن ئۈچۈن چىقىپ كەتسەم بىچارە ئاپام قانداق يېتىشەلەيدۇ ھەم ئۇكاممۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ ئاران بىر مېھمان چاقىرغاندا ھەدىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇبدان كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلماي ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن چىقىپ كەتسەم ئۇمۇ چوقۇم رەنجىپ قالاتتى، ئەستا... بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى!

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئاپام كىرىپ كەلدى.

ــ قىزىم، نېمە بولدى، بەكلا بىئارام كۆرۈنىسىزغۇ؟

ــ ياقەي... سەل ھېرىپ قالغان بولسام كېرەك.

ــ ياق، بالام، ھېرىپ قالغانلىقتىن ئەمەس... بايىقىشىمچە چوقۇم چۈشتە كەلگەن تېلېفون بىلەن مۇناسىۋەتلىكقۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ــ ئاپا،ــ ئاپامنىڭ بۇنچە تۇيغۇنلۇقىدىن خىجىل بولۇپ قىزىرىپ يەرگە قارىدىم.

ــ كىمدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى، بالام؟

ــ بىر ساۋاقدىشىمدىن.

ــ ئوغۇل ساۋاقدىشىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ بىرەر مۇھىم گەپ قىلغانمىتى؟

ــ ئۈرۈمچىدىن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان مەكتەپداشلىرىمىز كەپتىكەن، شۇلارنى ئوينىتىپ دەريا

بويىغا بارماقچىكەن، شۇڭا مېنىمۇ بىللە بارسىڭىز دەپ تېلېفون قىپتىكەن. كەلگەنلەردىن ئوغۇللارمۇ ھەم قىزلارمۇ بار ئىكەن.

ــ نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭىز، قىزىم؟

ــ مەن...ــ ئوڭايسىزلىق بىلەن يەرگە قارىدىم.

ــ بالام، مەن دېگەن سىزنىڭ ئاپىڭىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا سىزنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىڭىزنى ئېيتىپ مەسلىھەتلەشىسىڭىز تامامەن بولىدىغان دوستىڭىز دېسەممۇ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بەلگىلىك ئورۇن، پەردىشەپ ساقلاش تەربىيەسىنى ئۆزۈم سىزگە بەرگەن، بىراق پەردىشەپ ساقلىدۇق دەپ يوللۇق يوسۇندا قىلىنىدىغان تەربىيە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشلاردىن قاچساق بولمايدۇ، بالام. سىزنىڭ شۇ قەدەر يۈزى تۆۋەن، ساددا، ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل. بىراق ھازىر جەمئىيەتتە مۇرەككەپ ئىشلار كۆپ. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ يەنىلا بەزىبىر ئىشلارنى ماڭا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن پىكىرلىشىشىڭىز ھەرگىزمۇ پەردىشەپنى بۇزۇپ ھاياسىزلىق قىلغانغا كىرمەيدۇ... مۆرىتى كەلگەندە مەن سىزنىڭ ھەقلىق يوسۇندىكى دىلكەش دوستىڭىز، شۇنداقلا ھەدىڭىز ئورنىدا سىزگە يول كۆرسىتىپ، كۆڭۈل سىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ پىكىرلىشىش مەجبۇرىيىتىممۇ بار، بۇ كەلگۈسى ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

ئاپامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يورۇپ قالدى ـ دە، ئاستاغىنا بۇ يەردىكى ساۋاقدىشىمنىڭ مېنى چىقىمدى دەپ رەنجىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. ئاپام ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقماي ئۆزۈمنى قاچۇرغىنىمنىڭ

خاتا بولغانلىقىنى، ئەتە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بىقىشىم كېرەكلىكىنى، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى ئۆيگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ قويۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يەلكەمدىن ئېغىر بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئاپام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەتىكى پىلان ئۈستىدە ئويلىنىپ يېتىپ مۈشۈنداق بىر ئوچۇق پىكىرلىك، ئىلغار قاراشقا ۋە تەربىيەلەش سەنئىتىگە ئىگە ئاپامنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلەندىم.

ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىغىنىمغا قارىماي ئەتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇكامنىڭ مېھمانلىرى ئاخشام خېلىلا كەچ كەتكەچكە ئۆيلەرنى تازىلاشقا ئۈلگۈرمىگەندۇق. ئاپام ئەتىگەنلىك ناشتىلىق تەييارلىغۇچە ئۆيلەرنى پاكىز تازىلاپ رەتلەپ چىقتىم. ناشتىدىن كېيىن ئاپامنىڭ دەۋتى بىلەن ئۇلارنى بۈگۈن مېھمانغا چاقىرىپ قويۇش ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردىم. بىراق، يۈرەك سوقۇشلىرىم ئۆزۈمگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ تۇرۇپ ئۇرغان تېلېفونۇمغا ئۆيدە ئەزىمەت يوق ئىكەن. ئاپىسىنىڭ قايتا - قايتىلاپ كىم ئىكەنلىكىمنى سورىشىغا «مەكتەپدىشىڭىز تېلېفون قىپتۇ» دەپ قويارسىز دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. كەچكىچە تېلېفون ساقلىغان بولسامۇ ئەزىمەتتىن تېلېفون كەلمىدى. ئىچىم بەك تىتىلدىدى ھەم سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدىم.

......

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئەزىمەت تېلېفون قىپتۇ. تۈنۈگۈن ساۋاقداشلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ يۈرۈپ مەندىن تېلېفون كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەپتۇ.

كەچتە كېلىپ ئاپىسىنىڭ دېگىنىگە ئاساسەن مېنىڭ تېلېفون قىلغانلىقىمنى بىلىپ تېلېفون قىلىشى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئۆيگە ئەكېلىشىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ بىر ئازدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە تەكلىپ قىلاي دەپ تۇرغانلىقىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىز چۈش ۋاقتى بىلەن باغنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىدىغانغا كېلىشتۇق. تېلېفوندىن كېيىن ئاپامغا ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم ـ دە، تاماق تەييارلىقلىرىغا قارىشىپ بېرىپ ئىشلارنى بىر قۇر تۈگىتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدىم. باغنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇم بىلەن ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. قىزلار ئۈچ ئىدى. قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز مېنى كۆرۈپلا:

ــ ۋاي خۇدايىم، پەزىلەت دېسە كىمكىن دېسەم مېنىڭ دوستۇمكەنغۇ،ــ دەپ ۋارقىراپلا كەتتى. قارىسام مەن بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ، تېخنىكومغا ئېمتىھان بېرىپ شەھەرلىك تېببىي مەكتەپكە ئۆتۈپ بىز ئوقۇشقا بارغان تۇنجى يىلى خىزمەتكە چىقىپ بولغان گۆھەر ئىسىملىك ساۋاقدىشىم ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا خېلى يامان ئەمەس ئۆتەتتۇق. ئوچۇق سۆزلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بۇ قىز بەكلا گەپكە ئۇستا بولۇپ، ھەرقانداق ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان كىشىنىڭمۇ خاپىلىقىنى بەكلا ئاسان يوق قىلىۋېتەلەيتتى.

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ــ ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز ـ ھە... پاھ... ئۇرۇمچى يېقىپ تېخىمۇ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ.

مەن بۇ گەپتىن خىجىل بولۇپ قىزارغىنىمچە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن قىزلار بىلەن يۈز يېقىشىپ، ئوغۇللار بىلەن باش لىڭشىتىشىپ تۇرۇپ سالاملاشتىم. نېمىشقىدۇر ئەزىمەتنىڭ چىرايلىرى بىر قىسما بولۇپ، ھېلى گۆھەرگە، ھېلى ماڭا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ ئەزىمەت، «بىر مەكتەپدىشىمىز مېھمانغا چاقىرىپتۇ» دېسىڭىز كىمكىن دەپتىكەنمەن. بىلمىسىڭىز كېرەك، پەزىلەت ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇغاندا بىر ـ بىرىمىز بىلەن بەك يېقىن ئۆتەتتۇق، شۇنداققۇ ـ ھە، پەزىلەت؟

مەن تېڭىرقىغىنىمچە ئەزىمەتكە قاراپ قويۇپ شۇنداق دەپ باش لىڭشىتىپ قويدۇم ـ دە:

ــ ماڭايلىمۇ، ئاپام تاماقلارنى تەييار قىلىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ـــ دېدىم.

ــ بىردەم ساقلايلى، ئەنۋەرمۇ كەلمەكچى، ئۇ كەلسۇن! ـــ دېدى ئەزىمەت كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ.

مەن تۇنۇگۇن ئۇكامنىڭ مېھمانلىرى بولغاچقا ئۇلار بىلەن بىللە بارالمىغانلىقىمغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ تۇراتتىم، ئەنۋەرمۇ يېتىپ كەلدى.

ئۆيگە كىلىپ بىرەر قۇر كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاپامغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە چىقتىم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كىرگەن ئاپام مەندىن:

ــ قىزىم، ئاۋۇ ئەزىمەت دېگەن بالا تەتلدە سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپارغان بالا شۇ ـ ھە؟ ـــ دەپ سورىدى. ئاپامنىڭ كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر

بىر مەنە ئۆچقۈنلىرىنى سىزىپ كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ «شۇ» دەپ قويدۇم.
گۆھەرنىڭ قانداق بولۇپ بۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇ قىزلار بىلەنمۇ شۇ قەدەر يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم، قارىسام، ئۇ بۇرۇندىن ئۇ قىزلارنى ياكى ماۋۇ مەن بىلەن مەكتەپداش ئۆرۈمچىلىك ئىككى يىگىتنىمۇ تونۇيدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنى ئەنۋەرنىڭ قىز دوستىمىكىن دېسەم، ئەنۋەر بىلەنمۇ خېلىلا ئارىلىق تاشلاپ پاراڭ قىلىشىدۇ ـ يۇ، ئەزىمەت بىلەن باشقىچە يېقىن هالدا پاراڭلىشىپ ھە دېسىلا «ئەزىمەت، شۇنداققۇ، ئەزىمەت» دېيىش بىلەن بىللە يەنە «ئەزىمەت ئىككىمىز» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇنداق سۆزلىگەنسېرى خۇش چاقچاق ئەزىمەت باشقىچە جىمىپ خۇددى قانداقتۇر بىر ئىشنى مېنىڭ سېزىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، نېمىنىدۇر مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.
ــ پەرىلەت، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ يۈرەيلى ـ ھە... سىزمۇ ئەزىمەت بىلەن مەكتەپداش بولغاندىن كېيىن،ــ دېدى گۆھەر پوسۇققىدىلا تاماق ئارىلىقىدا.
ــ ھە؟!ــ بۇ گەپتىن مەڭدىگىنىمچە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.
ــ ئەزىمەت بىلەن گۆھەر ئىككىسى بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىكەن،ــ دېدى ئەنۋەر ئىتتىكلا.
ــ گۆھەر، تۇنۇگۇن سىلەرنىڭكىدە مېنىڭ كىچىك ئەينىكىم قاپتۇمۇ؟ــ دەپ سورىدى ئاق سېرىق كەلگەن ئۆرۈمچىلىك ئايمېھرى ئىسىملىك قىز.
ــ ھە راست، ئالغاچ كەلگەنتىم. بەك ئالدىراپلا كەتتىڭلار، ئەسلي كەچكىچە ئولتۇرۇپ يەنە بۇ يەردىكى

ساۋاقداشلىرىمدىن چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلاتتۇق ئەمەسمۇ... ھەممىنى قىلغان مۇشۇ ئەزىمەت، ئالدىراپ تاماقنى يېگۈزۈپلا ياق دېسە ياق دەپ ئېلىپ كەتتى... قىزغانچۇق،ــ گۆھەرنىڭ ئايمېهرىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەچ كەينىدىن دېگەن سۆزلىرىدىكى ئەزىمەتكە بولغان باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىنغان سۆزلەردىن كۆڭلۇم ئاجايىپلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەزىمەتنىڭ بىز تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقتىمىزدا تونۇگۇن مېهماندارچىلىقتا بارغان ئىشنى قەتئىي ئېغىزغا ئالمىغانلىقى ماڭا خۇددى ئۇ خېلىلا مۇرەككەپ بولغان مۇناسىۋەتنى ۋە يەنە كۆپلىگەن ئىشلارنى يوشۇرۇۋاتقاندەكلا بىلىندى. ئارىلىقتا ئىلهام بىلەن ئادىلنىڭ ئەزىمەتكە مەن بىلەن گۆھەرنى شەرەتلەپ كۆز قىسىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كۆڭلۇم شۇ قەدەر غەش بولدىكى، ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن...

ئۇلار ئۇزاپ كەتتى. مەن ناخۇش ھالدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئاپاممۇ چارچاپ قالغاندى. بىراق، تىنىمسىز ھالدا كاللامنى قوچۇۋاتقان ئەسەبىي خىياللار مېنى تېخىمۇ بەك چارچىتىۋەتكەنىدى. سەۋەبسىزلا بىرنېمىلەر قولۇمدىن چۈشۈپ كېتەتتى، سەۋەبسىزلا پۇتلىشاتتىم، سەۋەبسىزلا ئىچىم تىتىلداپ كېتەتتى. ئاپامنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن بۇ ھالىتىم قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى، بىراق بۇ سەۋەبلىك ئاپامنىڭ «چارچاپ كەتتىڭىز، ئارام ئېلىڭ» دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ ياتاق ئۆيۈمدە تېگى يوق خىياللارغا يەم بولغۇم يوق ئىدى. مەن نېمىدۇر بىرنېمىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتىم. بۇ خىل ئايرىلىپ قېلىشقا بولغان ئەسەبىي ھالدىكى قىيماسلىق ھېسلىرى يۈرىكىمنى تىتما ـ تالاڭ

قىلمۇۋېتىپ باراتتى. كۆز ئالدىمدا قاپقارا قاشلار ئاستىدىكى قويۇق كىرپىكلىك كۆزلەر ماڭا تۆكۈلۈۋاتقان مېھىر كۆلكىسىنى باشقىلارغىمۇ تۆكۈۋاتاتتى...

ياق... بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس... بۇ كىچە كۆز ياشلىرىمغا تولغان سېلىشقا ئامالسىزمەن...

قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ، بېشىم قېيىپ ئارانلا تۇرۇۋېتىمەن. ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى كۈن مېھمانلارغا جىددىي تەييارلىق قىلىشىنىڭ ھارغىنلىقى، كېچىدىكى روھىي بېسىم مېنىڭ بارلىق قۇۋۋىتىمنى شوراپ، يىلىكىمنى بوشىتىپ قويغاندەك شۇ قەدەر ماغدۇرسىز ئىدىم...

ـــ پەزىلەت، سىزگە نېمە بولدى؟

تازىلىق ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئاپام شۇنداق دەپ تۇۋلىغىنىچە ئىتتىك قېشىمغا كېلىپ مېنى يۆلىدى.

ـــ ئاپا، سۇ، سۇ...

ئوتتەك قىزىق يالقۇن ئىچىمدە كۆيۈۋاتىمەن، پاراس ـ پاراس قىلىپ كۆيگەندىكى سۆڭەكلىرىمنىڭ پاراسلاشلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار يەنە كىملەرنىڭدۇر كىيىملىرىگە تۇتىشىپ ئوت ئۇلغىيىپ ئەتراپنى يىغا ـ زار قاپلاپ كېتىۋاتاتتى. تىنەيتتىم، تەمتىرەيتتىم، ئېسەدەيتتىم. بار كۈچۈم بىلەن ئوت يالقۇنى ئىچىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلاتتىم، بىراق قۇتۇلالمايۋاتاتتىم... سۇ... سۇ... ماڭا سۇ كېرەك، كىمدۇر بىرى يالقۇنغا قارىتىپ ھە دەپ سۇ چېچىۋاتاتتى. چېچىۋاتقان سۇدىن چاچرىغان تامچە لېۋىمگە تەگكەندەك قىلدى. قۇرۇپ يېرىلغان لەۋلىرىم نەملىنىشىپ ئېغىزىمنى ئاچالىدىم.

— بالام، كېچىدىن مەنمۇ كىرىپ قاراپ باقماپتىمەن. نېمىشقا شامالدۇرغۇچنى ئوچۇق قويۇپ ياتتىڭىز؟

ئاپامنىڭ چىرايى ئاستا — ئاستا روشەنلەشتى. شۇندىلا باش ئۇستۇمدە قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىر ئاپاملا ئەمەس، بەلكى ئاكام، ئۇكام (دادام ئىچكىرىگە ئېكسكۇرسىيەگە كەتكەنىدى) لارمۇ بار ئىدى. ئاپامنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى.

— ھەدە، مەنمۇ سەل كەچ كەلگەچكە قېشىڭغىمۇ كىرمەيلا يېتىپ قاپتىمەن،— دېدى ئۇكام گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ.

— كەچتە ئۇنچە بەكمۇ تىنچىق بولمايتتىغۇ، نېمىشقا شامالدۇرغۇچنى كارىۋىتىڭىزنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ ئېچىپ قويۇپ ياتقانتىڭىز، تېنىڭىز ئاجىز بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى ئاسراشنى بىلىشىڭىز كېرەك،— دېدى ئاكام ئاپامنىڭ ئاۋارە بولۇپ كەتكەن ئەپتىگە ئىچى ئاغرىغان ھالدا مېنىڭ بىخەستەلىكىمنى ئەيىبلەپ.

شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە ئىچىم قىزىپ، تىتىلداپ ئۇخلىيالماي بىئارام بولغانلىقىمنى، ياتاق ئۆيۈمدىن ئوت چىقىۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتكىنىمنى شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ بىردەم تۇرسام خۇشياققاندەك سېزىلىپ كارىۋىتىم قېشىغا ئەكىلىپ قويۇپ يېتىپ قالغانلىقىمنى ئەسلىدىم. شۇنىڭ بىلەن سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ئۆزۈمگە ئىش تېپىپ يەنە دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە ئۆپچۆرىسىدە يېتىپ قالدىم. ئەزىمەتنىڭ تېلېفونىنى ئىنىم ئېلىپ مېنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپتۇ. ئۇ بىرنەچچە قېتىم كەلسە قېشىمدا ئاپام بولغاچقا كىرەلمەي كېتىپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۈچ كۈن

بولغان كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپام ئۆيگە كەتكەندە ئۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا غەلىتە سېزىمدا تىترەپ كەتتىم. مېڭەمنى ئاچچىق ھەم قېيىنداش بىرلەشكەن تۇيغۇلار قاماللىغانىدى. ئۇكام ئىككىمىزنىڭ قولاشمىغان ئەھۋالىغا قاراپ نېمىنىدۇر ھېس قىلدى بولغاي، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— پەزىلەت، سىزگە نېمە بولدى؟ نەچچە كۈن ئۇدا كەلدىم، بىراق ھەر قېتىم كېلىپ دېرىزىدىن قارىسام يېنىڭىزدا ئاپىڭىز بارلا... كىرەلمەي كېتىپ قالدىم، بەك تىتىلداپ كەتتىم.

بۇ گەپلەر ماڭا يالغاندەكلا بىلىنىدى. تېشىمغا چىقىرىشتىن قېينىلىدىغان ئاشۇ بالا تەگكۈر ئوت يالقۇنىدەك سېزىم يەنە ئىچ - باغرىمنى ئۆرتىمەكتە ئىدى.

— ئىشلەۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— گۆھەر ياخشى تۇرامدۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدىم.

— ھە؟! — گۆھەرنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

— ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— سوراپ قويدۇم شۇ، — ئاۋازىم تىترەپ كەتتى. ئۆزۈمۇ ئېتىراپ قىلىشتىن قورقۇپ تۇرىدىغان ئۇ سۆزنى قىلالايتتىممۇ، بوغۇزۇمغا بىر نېمە كەپلىشىۋالغاندەك بولۇپ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتىم.

— بىلىمەن، مەن خاتا قىلدىم، پەزىلەت، ئەسلى سىزگە دېيىشىم كېرەك ئىدى.

— ماڭا نېمىنى دەيتتىڭىز؟ ھەممىنى گۆھەر ئۆزى

دەپ بولدىغۇ؟
ــ مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئۇ كۈنى ئامالسىز بولۇپ قالدىم ھەم سىزگە قېيداپ...
ــ ماڭا قېيداپ؟!... قېيداپلا شۇنداق قىلىشقا يول قويغان قانداق ۋىجدانكەن ئۇ؟
ــ پەزىلەت، مېنى توغرا چۈشىنىڭ، مەن ئۇ چاغدا راستتىنلا بەك ئامالسىز...
ــ ھىم، ئامالسىزلىقمۇ ياكى باھانىمۇ... نېمىگە ئامالسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئوچۇقلا دېسىڭىز بولمامدۇ؟
ــ سىزگە دېيىشكە پۇرسەت بولمىدى شۇ.
ــ گۆھەر ئۆزى دېسۇن دەپ ئويلاپتىكەنسىز ـ دە... بولدى، ھەممە ئىش ئېنىق بولدىغۇ... كېتىڭ، سىز كېتىڭ!
ــ پەزىلەت، بۇنداق قىلماڭ، بۇنچە رەنجىپ كەتكۈدەك ئىش يوققۇ؟
ــ نېمە؟ يەنە تېخى رەنجىگۈدەك ئىش يوقمۇ؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە قىلىسىڭىز بولاتتى؟ كېتىڭ، بولدى مېنى ئاۋارە قىلماڭ!
ــ پەزىلەت...
ئۇكامنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۇ ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. مەن تۈپتۈز تاياقتەك قاتقىنىمچە ئۆزۈمنى ئوڭدامغا تاشلاپ يېتىپ قالدىم. ئۇنىڭ ۋىجدانسىزلىقىدىن شۇ قەدەر ئەقلىم گال بولغان ئىدىكى، ئاچچىقتا ياشلىرىنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە ئادەتلەنگەن كۆزلىرىمدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقمايتتى.
......
كۈنلەر نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟! ئۇكامنىڭ

ئەتىل ۋاقتى توشۇپ كېتىپ بولغىلى نەكەم.

ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ بۇ خاتىرەمنى قولۇمغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇرلارنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇپ بەتلەرنىڭ ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيغىنىمدا ئۇنى چەكسىز سېغىنغانلىقىمنى ئامالسىزلىق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. خېلىدىن بېرى ئۇ مەيلى قانچىكى ماڭا چۇشەندۇرۇشكە ئۇرۇنمىسۇن، قانچىكى مەن بىلەن سۆزلىشىشكە ئىنتىلمىسۇن، مەن ھامان جاھىللىق بىلەن رەت قىلدىم. رەت قىلىپلا قالماستىن خاتىرەمنى قولۇمغا ئالساملا ھېسسىياتىنىڭ قولىغا ئايلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ھەتتا خاتىرەمنىمۇ ئاچمىغان، قول تەگكۈزمىگەنىدىم. «ئەتە ماڭىمەن» دېگەن كۈنى ئۇكامنىڭ قېشىمغا كىرىپ بەك ئۇزاق مۇڭداشتىم. ئەزىمەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېيتىپتۇ. نىمىشقىدۇر مېنىڭ ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمنى، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇنچە قېيىداپ كېتىشىمنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن زادى قانداق ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق دېمەپتۇ. ئۇكامنىڭ ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كىچىككىنە بالا بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە چوپچوڭ بولۇپ يول كۆرسەتكۈدەك ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ھەي ئەزىمەت، مېنى مۇھەببەت ئاتلىق دۇنياغا باشلاپ كىرگەن سىز، بۇ دۇنيادىكى شېرىن لەززەت ھېس ـ تۇيغۇلارنى ھېس قىلدۇرغانمۇ سىز، ئاخىرى بېرىپ بۇ مۇھەببەت دۇنياسىدىكى ئاچچىق زەھەردىن بىر تېمىم ـ

بىر تېمىنى قېقىلىپ تۇرۇپ يۇتۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتقانمۇ سىز...

بۈگۈن ئىشتىن سەل كەچ قايتتىم. خىيال بىلەن يولدا كېتىۋاتاتتىم. ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدىن قايرىلىپ كوچىغا ئۇدۇللاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ يولدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇدۇلدا قاراپ تۇرغان تونۇش سىما، تونۇش كۆزلەرنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ كۆزنى مەندىن ئۈزمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن كەينىمگە قايتىشنى ياكى ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋېرىشنى بىلەلمەي تۇرغان ئارىلىقتا ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، ئۈن ـ تىنسىز قولۇمدىن تۇتۇپلا سۆرەپ ماڭدى.

ــ قولۇمنى قويۇۋېتىڭ... قولۇمنى قويۇۋېتىڭ دەۋاتىمەن.

ئۇ مېنىڭ قارشىلىقىمغا پەرۋامۇ قىلماستىن، قولۇمدىن سۆرىگىنىچە كېلىۋاتقان بىر تاكسىنى توسۇدى. مەن ئۇنىڭ كۈچلۈك قولىدىن بوشىنالماي تېپىرلىغان هالدا تاكسىغا چىقتىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۆلايىم قارا كۆزلىرىدىن چاقناپ كەتكەن ئاچچىقلىنىش ۋە قەتئىيلىك نۇرلىرى ئالدىدا قارشىلىشىشنىڭمۇ بىكار ئىكەنلىكىنى بىلىپ جىمىپ قالدىم. شوپۇرنىڭ نەگە دەپ سورىغان سوئالىغا ئۇ: «دەريا بويىغا» دەپ جاۋاب بەردى ـ يۇ، ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. قوللىرى ھېلىھەم قولۇمنى چىڭڭىدە تۇتۇپ تۇراتتى. مەن نامەلۇم بىر خىل ۋەھىمىدە قولۇمنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئولتۇراتتىم. ئالىماچان ئىشتىن چۈشۈپ بولغان ۋاقىت. يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ كەچ كۈزنىڭ قىسقا قاراپ سوزۇلغان، بىر دەمدىلا قاراڭغۇلۇققا قول سۇنىدىغان قىسقا كۈنلىرى باشلانغان

مەزگىل بولغاچ، ئەتراپ گۆگۈم رومالىنى ئارتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

دەريا بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىلى دەرياسىنىڭ يازدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىلىرى تۈگەپ بولغان... سارغايغان غازاڭلار يازدىكى يېشىللىقلىرىنى ساياھەتچىلەرگە ئايانماي سوۋغا قىلىۋېتىپ ئەمدى ئىزغىرىن شامالدا سارغىيىپ تىترىگىنىچە شاخلاردىن ئايرىلىپ نەم تۇپراققا باغرىنى ياقماقتا ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىگىسىز قالغان جەلپكار كۆتۈۋېلىش ئارامگاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىشنىڭ غېرىب تۇيغۇلىرىغا ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە مۆكۈلىنىپ تۇرماقتا ئىدى.

بىز ئاستا مېڭىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقتۇق.

ــ پەزىلەت، بىز مۇشۇنداق قېيىدىشىپ ئۆتۈۋېرەمدۇق؟ بۇنىڭغا مەن پەقەت چىدىمىدىم، نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىغانسىز؟ مېنىڭ قىلغىنىم شۇنچىلا خاتا ئىشمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتىم. پاھ... ئۇنىڭ خىيالىچە بۇ تېخى كىچىك ئىش ئوخشىمامدۇ؟

ــ پەزىلەت، بۈگۈن گەپلەرنى زادى ئوچۇق دېيىشمىسەك بولمىغۇدەك، ئېيتىڭە، بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز، بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز پەقەت مۇشۇنچىلىكمىتى؟

ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم، جالاقلاپ تىترەيتتىم، گەپ قىلاي دەيتتىم ـ يۇ، بىراق بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغان بوغۇق بىر پەرياد ئىچىمدىن چىقالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ

دائىملا مۇلايىم ھالەتتە پەقەت ماڭا كۆلۈپ قاراشقىلا يارالغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى شۇ قەدەر جىددىي ھالەتتە كۆزلىرىم بىلەن ئۇچرىشىۋاتاتتى.

ــ گەپ قىلىڭچۇ!

ئۇنىڭ بىلىكىمنى قاماللاپ تۇتقان قوللىرى بىلىكىمدىن ئىز چىقىرىۋەتكۈدەك چىڭ تۇتۇلغانىدى. شۇ تاپتا قاماللانغان قولۇمدىن تارقاۋاتقان ئاغرىق ئازابىدىنمۇ بەك ئۇنىڭ مەن شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ئىچىمگە سىغدۇرالماي كېچە ـ كېچىلەردە ياستۇقلارنى ھۆللەپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان ئاشۇ ۋىجدانسىزلىقنى خاتا ئىشمۇ دېيىشىنىڭ ئۆزىلا يۈرىكىمنى تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتىپ باراتتى.

ــ سىزچە، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز توغرىمۇ؟

ئىختىيارىمغا بويسۇنمىغان ھالدا كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئاۋازىمدىكى تىترەك، بوغۇق پەرياد ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئەسەبىيلىكنى سەل قامال قىلدى بولغاي، چۆچۈگەندەك، ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ بىلىكىمنى چىڭ قامىللىغان قوللىرىنى ئىتتىك بوشاتتى.

ــ مەن خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلدىم، سىزدىن كەچۈرۈم سورىدىمغۇ...

ــ بۇ پەقەت كەچۈرۈم سوراش بىلەنلا يۆيۈلۈپ كېتىدىغان ئىشمۇ؟

ــ ئەمىسە بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ مەن بىلەن ئايرىلىپ كەتكۈڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

ــ باھانە قىلىپ...ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم،ــ مەن باھانە قىلىدىغان ئىشنى ئەتەي تېپىپتىمەنمۇ؟ بۇ ئىشنى ئەسلىدىنلا سىز كەلتۈرۈپ

چىقارغان تۇرسىڭىز... يەنە بۇنى باھانە قىلىپ، دەپ ماڭا ئارتىۋاتىسىز غۇ...

ــ پەزىلەت...ــ ئۇ تامدەك تاتارغىنىچە دەلدەڭشىپ سەل نېرىغا بېرىپ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. تۇرقىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى شۇ قەدەر يۈرىكىمنى ئەزدىكى، ئىچ ـ ئىچىمدىن تېخىمۇ يىغا ئۆرلەپ چىقىشقا باشلىدى. «بىز قانچىلىك تەسلىكتە بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشكەن، قانچىلىك تەسلىكتە بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكەن ئىدۇق ـ ھە... مانا مۇشۇنداق بىر ئىشلار بىلەنلا بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتكە دەز كەتسە... ئاھ، بۇنىڭ ئىككىلىمىزگىلا كەلتۈرىدىغان ئازابى قانداق ئېغىر بولار؟!»

ــ شۇ كۈنى نېمىشقا ئەقلى كەملىك قىلغاندىمەن، ئاغىنىلىرىمنىڭ قىز دوستلىرى بىللە كەپتۇ، دەپ ئويلىمىغان بولسام شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى گۆھەرنىڭ قىلغان يېقىنچىلىقلىرى، كۆڭلىنى بىلدۈرۈشلىرىدىن قېچىپ كەلگەنىدىم. سىزگە ئۆزۈمنى كۆرسەتكەندەك بولمىسۇن، سىزنى ئازابلانمىسۇن، گۇماندا بولۇپ قالمىسۇن دەپ سىزگە دېمىگەن گۇناھ ئۆزۈمدە... سىز چىقالمىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قېچىپلا ھەم ئۇلارنىڭ قىز دوستلىرىغا ھەمراھ بولۇشۇپ بەرسۇن دەپلا گۆھەرنى بىللە بېرىپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتىمەن. كىم بىلسۇن، ئۇ قىزنىڭ بىردەمدىلا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ، شۇنچىلىك تېزلا ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇلگۇرىدىغانلىقىنى...

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قېشىمغا كەلدى، مۈرەمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ:

ــ پەزىلەت، مەن بۇرۇنمۇ ئېيتقان، ھازىرمۇ شۇ، بەلكىم ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق دېيەلەيمەن. مەن پەقەت پەزىلەت ئىسىملىك مۇشۇ بىر قىزنىلا ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق قىزنى ياخشى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

شۇ تاپتا ئەزىمەتنىڭ باياتىن قىلىۋاتقان گەپلىرى بىلەن مېنىڭ چۈشىنىشىم بويىچە قېيداپ يۈرۈۋاتقان ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئىككىلىمىزگە بىر ئىشتەك بىلىنگەن، بىراق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدىكى ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتىم.

ــ سىز بۇ گەپلەرنى گۆھەرگە دەپ باقمىغانمۇ؟

ــ نېمىنى دەيمەن؟ ئىككىمىزنىڭ ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇ قىزلا ئەمەس، بۆلۈمدىكى ھەممەيلەن بىلىدۇ، پەقەت شۇ سىزنى كۆرۈپ باقمىدى.

ــ ئەمىسە قايسى كۈنى...

ــ قايسى كۈنى سىز چىقالمايمەن دېگەندىن كېيىن قىزلارغا ھەمراھ بولۇشۇپ بەرسۇن دەپلا ئۇنى چاقىرتقان. بەك خۇش بولۇپ كەتكەن چېغى، ئەتىسى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ دوستلىرىمنى چاقىرىپ بوپتۇ. ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. راست گەپ ئېيتسام، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزنى سىزدىن يوشۇرۇپ بازار چۆرگۈلىدۇق دەپ قويغانىدىم. سىز چاقىرغان كۈنى گۆھەرنىڭ قايسى ئارىلىقلاردا ئۇ قىزلار بىلەن ئالاقىلىشىپ كېلىپ بولغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن. مەن گۆھەرنى سىلەرنىڭ ئۆيىگە مەقسەتلىك ئاپارمىغان، ماڭا ئىشىنىڭ، پەزىلەت.

ــ نېمىشقا بۇ گەپلەرنى ماڭا ئېنىق دېمەيسىز؟

ــ دېيىشكە پۇرسەت بەرمىدىڭىز، جۇرئەتكە دەي

دېسەم، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىنىم ئورنىدا ھەم ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بۇنداق گەپلەرنىڭ دېيىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئېنىق دېيەلمىدىم.

— شۇ كۈنى گۆھەر ھە دېسىلا ئەزىمەت ئىككىمىز، ئەزىمەت ئىككىمىز دەپ پاراڭ سالدى. يەنە تېخى مېنى ئارىلىشىپ ئۆتەيلى سىزمۇ ئەزىمەت بىلەن بىر مەكتەپ ئوقۇغاندىن كېيىن دەپ...— گېپىمنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي ئۈنۈم بوغۇلۇپ قالدى. ئەزىمەت ماڭا شۇنچىلىك بىر خىل قارىدىكى، ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىغا سىڭىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر خىل مېھرىلىك ئەجەبلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. بىردىنلا ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ ئارىسىدا، باغرىدا ئۆزۈمنى كۆردۈم. ئۇستىخانلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك چىڭ قۇچاقلىغان ئەزىمەت توختىماي:

— ئەخمەق قىز... نېمىشقا بۇنداق خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، مەن تېخى سىزنى پەقەت شۇ گۆھەرنى چاقىرىپ بىللە ئاچىققانلىقىمغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيگە مېھماندارچىلىققا بارغانلىقىمىزنى يوشۇرغانلىقىمغا قېيىداپ يۈردى، دەپ يۈرىپتىمەن. مېنى گۆھەرگىمۇ قانات قاقتى دەپ ئويلاپ قالىدىغانلىقىڭىزنى زىنھار بىلمەپتىمەن. پەزىلەت، سىز نېمانچىلا ساددا... ئىچىڭىز نېمانچە كۈچلۈك... بۈگۈن ئالدىڭىزغا كەلمىگەن بولسام مۇشۇنداق دومسىيىپ قاچانغىچە يۈرەتتىڭىز؟ كىچىك بالىدەك دومسىيىشلىرىڭىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغۇم يوق... سىزدىن باشقا قىزنى ياخشى كۆرەلىشىم مۇمكىنمۇ، پەزىلەت؟ سىز مانا مۇشۇنداق ئوماق، ساددا، جەلپكار تۇرسىڭىز...

ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ، مەن يىغلاپ تۇرۇپ... ئىككىمىز يارىشىپ قالدۇق.

......

— پەزىلەت، سىزگە خۇش خەۋەر ئېيتايمۇ؟

— نېمە خۇش خەۋەر؟

— سىز تېپىپ بېقىڭە؟

— خىزمەتكە بۆلۈش ئۇقتۇرۇشى چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— موللا تاپقاق، تاپالمىسا تازا قىيناي دېسەم....— ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۇنىڭ خۇشال ئاۋازى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئورۇنغا بۆلۈنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، قەيەرگە بۆلۈندىڭىز؟

— شەھەرلىك دوختۇرخانىغا، ئۆزۈممۇ مۇشۇ يەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىمنى بىلىپلا ئىشلەپ تۇرغان دەڭا...

— ھە؟!...— ئۇنىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بۆلۈنگەنلىكىنى ئاڭلاپ غىققىدە بولۇپ قالدىم.

— نېمە بولدى، خۇش بولمىدىڭىزما؟

— ياقەي، خۇش بولدۇم.

— ئىشتىن چۈشكەندە بىللە تاماق يەيلى، ئاپىڭىزغا ئۆيدە تاماق يېمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل،— كۆڭۈلسىز ھالدا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. ئۇنىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بۆلۈنگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىئارام بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ئۆتكەندە بىزنى بىرمۇنچە خاپىلىقلارغا سالغان گۆھەر بىلەن بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىچى تارلىقىم بولسا كېرەك. توۋا... ئۇنىڭغا

ئىشىنىپ تۇرۇپ، گۆھەرنىڭمۇ مۇھەببەت يولىدىكى بىر بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە بۇنداق ئىچى تارلىق قىلىشلىرىم چەكتىن ئاشقانلىق ئەمەسمۇ... مۇھەببەت دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتچى ھېسسىيات ئىكەنلىكىگە شۇ تاپتا تامامەن ئىشىنىۋاتىمەن. ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا خەير ـ ئېھسان ئورنىدا تەقدىم قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىۋاتاتتىم...

## ئون ئۈچىنچى باب

# خىرۇستال ئوردا

غۇلجىنىڭ ياپيېشىللىقىقا تولغان ياز كۆنلىرى قانچىكى گۈزەل، جەلپكار بولسا، قىش كۈنلىرىمۇ شۇنداق ئۆزگىچە گۈزەللىككە تويۇنغان. ياز كۈنلىرى تەرەپ ـ تەرەپلەردىن سەلكىن شامال دىماقلارغا ئۇرۇپ تۇرغان مېۋىلىك باغلاردىكى ئالمىلارنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى ناخۇش كۆڭۈللەرگە ئارام بېغىشلىغىنىغا ئوخشاش، قىش كۈنلىرىدىكى ئاپپاق قارلار ئۈستىدە قۇياش نۇرلىرىنىڭ جىمىرلىشىپ سانسىز يۇلتۇزلارنى ھاسىل قىلىشىنىڭ ئۆزىلا كەڭ دۇنياغا قۇچاق ئاچقان سانسىز ئارمانلارنىڭ يېلىنجاشلىرىدەك بىر خىل ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. شوخ، رومانتىك، چاقچاقچى كەلگەن غۇلجا ياشلىرىنىڭ كەچلەردە كولىلىكتىپ سورۇنلاردىن قايتىشىپ ھاياجان ئىچىدە جىرلىشىپ، ئاياغلىرىنى تاقىلدىتىشىپ كوچىلارغا جان كىرگۈزۈۋېتىدىغان بۇنداق ھاياجانلىق ھالەت قىش كۈنلىرى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ تېخى...

مېھرى ئىسسىق يۇرتۇمدىكى پىراكتىكا ۋاقتىم ئەتىيازنىڭ ئەگىز سۈيى شىرىلدىشىپ ئېقىپ، بارچە دۇنيا نورۇز دەپ چاۋاك چېلىۋاتقان دەملىرىدە ئاخىرلاشتى.

خىزمەتكە جان پىدالىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ ئىشلەۋاتقان، دوختۇر ئائىلىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ دوختۇرلۇق كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئەزىمەت قىيماسلىق بىلەن مېنى ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى.

※ ※ ※

سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇمچىدە قالغانىدى. زۇمرەتمۇ مەردان بىلەن بىللە ئۇرۇمچىدە پىراكتىكا قىلدى. بىر - بىرىمىز بىلەن ئېسىلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتۇق. نەچچە كېچىلەر تاڭ ئېتىپ كەتكۈچە بىر - بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش، خۇشاللىق، سۆيۈنچ، خاپىلىقلارنى تۆكۈشۈپ مۇڭداشتۇق. زۇمرەت ھەقىقى مەنىدىكى ئېغىزىدىن كۆلكە، چېھرىدىن بەخت پارلاپ تۇرىدىغان زۇمرەتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەردان ئىككىسى بەك ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇ. ھازىر مەردان ئۇنىڭغا باشقىچىلا كۆيۈنىدىكەن، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ مەرداننىڭ يۇرتىغا كېتىدىكەن، بىرىپلا توي قىلىدىكەن. مەن ھەقىقى مەنىسىنى تاپقان بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىدىن زوقلاندىم. ئۇلارغا ئۆمۈرلۈك بەخت تىلىدىم.

※ ※ ※

ئىمتىھانلارنى بېرىپ بولدۇق. تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا مەكتەپكە كۆنەلمەي يوشۇرۇن يىغلىشىپ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆيلەرگە تېلېفون قىلىشىپ ئاتا - ئانىلىرىمىزنى يۈرەكزادە قىلىدىغان بالىلار

ئىدۇق، مانا بىر دەمدىلا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىقىپ ئۆزىمىزگە تېگىشلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشقا نەتىجىلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ نەتىجىمىزگە تەشنا كىشىلەرنى رازى قىلىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان ياشلارغا ئايلاندۇق. نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان ۋاقىت بىر دەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ بىرنەچچە يىللاردىكى قالدۇرغان ئىشلىرىمىز، كىملەردىندۇر خۇش بولۇشلىرىمىز، كىملەردىندۇر رەنجىشلىرىمىز، نېمىگىدۇر يىغلاشلىرىمىز، نېمىگىدۇر خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىشلىرىمىز مانا ئەمدى بىر دەمدە ئۆتمۈشنىڭ بەتلىرىگە قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ۋاقىت راستتىنلا بەك تېز ئۆتىدىكەن...

※ ※ ※

دىپلومىمنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كۆتكىنىمدىنمۇ تېز خىزمەتكە بۆلۈنۈش ئۇقتۇرۇشىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق بولدى. مەن خىزمەتكە بۆلۈنگەن تۇنجى كۈنى تەتلنى تۈگىتىپ مەكتىپىگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان جۈرئەت:

— پەزىلەت ھەدەمنىڭ زادى پېشانىسى ئوچۇق، كىممۇ ئۇنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ھوشىدىن كېتىپ تۇرۇپ يەنە مۇشۇنداق مەكتەپكە ئۆتەلەيدۇ؟ شۇنچە نىمجان، ئۆلەرمەن تۇرقى بىلەن ساق - سالامەت ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ كېلەلەيدۇ دەپ ئويلىغان؟ يەنە تېخى ئۇياقتىن كېلىپ بۇياقتىن بۇنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا خىزمەتكىمۇ بۆلۈنۈپ بولۇشچۇ، — دېۋىدى، ئاپام رەنجىپلا كەتتى.

ــ پېشانىسى ئوچۇق دېيىشكىنى توغرا بولدى، بىراق مەكتەپنى ساق ـ سالامەت پۈتكۈزۈپ كېلەلىشىگە كىم ئىشەنگەن دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ھەدەڭنىڭ شۇ پەقەت ئورۇقلۇقىدىن باشقا ئىچكى ئەزالىرىدا كېسەل بولمىسا... خۇدايىم ساقلىسۇن دېگىن، ھەدەڭنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوچۇق بولۇشى ئۆيىمىزنىڭ بەختى...

ــ يەنە تېخى سەن بىلمەيسەن، ئاپا، بۇنىڭغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلەرنى تىزىدىغان بولساڭ قارادۆڭنىڭ دوقمۇشىدىن قورغاسىنىڭ چېگرا ئېغىزىغىچە بارىدۇ...

ــ ماڭغىنە، ساراڭ،ــ قىزىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەتتەي كۆپتۈرۈپ دېگەن گېپىگە قارىتا ھومايدىم.

ــ ئاپا... قىزىڭ بوش ئەمەس جۇمۇ... غۇلجا قىزلىرى ئاھ دەپ مەيدىسىنى ھەپتە زەي يەرگە چاپلاپ ياتىدىغان تازا ئېسىلزادىدىن بىرنى تېپىۋاپتۇ دېگىنە...

ــ جۇرئەت!ــ سەكرەپ تۇرۇپ جەھلىم بىلەن ئۇنى قوغلىدىم.

ــ ۋاي، قاچانغىچە يوشۇرىسەن؟ ئاپاملارنىڭ خەۋەردار بولۇپ قالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ...

ــ ئەمدى خاپا بولۇپ قالمەن... جېنىم ئۇكام، كاپ ـ كاپ ئاغزىڭنى بىردەم يۇمساڭچۇ!

ئۇ مېنىڭ خىجىللىق ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغان ئەپتىمگە قاراپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاپامنىڭ كۈلۈمسىرەپ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كۆزۈم ئۇچراشقاندا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدىم.

بىر كۈنى كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ قاچىلارنى

بېسىقتۇرۇۋاتسام ئاپام ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئاستاغىنە:
ــ قىزىم، جۇر ئەتنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدىم. ئاپام تۇرقۇمدىكى بەخت جىلۋىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئىپادەمدىن رازى بولدى بولغاي، گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.

......

ئائىلىمىز ئۇچۇن قوش خۇشاللىقلار يۈز بەردى. دادام ـ ئاپام نەۋرىلىك بولدى. بۇدرۇقىنا ئوغۇل... ھاياجان بىلەن ئوماقىنىڭ تۇغۇلغىنىغا بېرىلگەن ئات چاي مەرىكىلىرىدە موماممۇ خۇددى نەچچە ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ كەتتى.

ئائىلىمىزدىكى ھەربىر خۇشاللىقلارنى ئۇكامغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىنى تازا قىزدۇرىمەن. بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدىم. كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ تۇرساق ئۆزى تېلېفون قىپتۇ.

ــ نېمە تاماق ئەتتىڭلار؟

ــ چۆچۈرە.

ــ كىم ئەتتى؟

ــ مەن.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، سېنىڭ مىسىلداپ تۇگكەن كىچىك چۆچۈرەڭ پىشقۇچە تاڭ ئېتىپ كەتمىدىمۇ؟

ــ پاھ، مېنىڭ ئەتكەن چۆچۈرەمنى ئېچىپ باقمىغان ئەمەسمۇ؟

ــ ھى ـ ھى... خاپا بولدۇڭما؟ سەن بىلەن ئوينىشىپ قويدۇم. مىس ـ مىس بولغىنىڭ بىلەن تاماقنى بەك ئېپىڭ بار سەن پەزىلەتخانىنىڭ.

ــ ساراڭ...

ــ ئاپامغا بىرە... مىجىما ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ بولالماي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. بىر ئېغىز گېپىڭنىڭ ئۆزى پالانى پۇلغا توختايدۇ ماڭا...

ــ ئاپام يوق، نەۋرىسىنى باقىدىغانغا مومامالارنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

ــ ئىچىمنى قىزدۇرۇۋاتىسەن ــ ھە؟

ــ راست، ھازىر دېگەن سېنىڭ ئورنۇڭ بىر بالىداق چۈشتى قارا، نەۋرىسى تۇغۇلغانىدى، دادام ــ ئاپامنىڭ ئېغىزىدىن بىرەر قېتىم «جۇرئەت قانداق قىلىۋاتىدىكىن؟» دەپ ئاڭلىمىدىم...

ــ ھەدە... مېنى قىينىمىغىنە تولا...

ــ راست دەيمەن، ئۇنىڭ ئوماقلىقىنىڭ گېپىنى قىلما. مەنمۇ بەك ئامراق.

ــ سەنمۇ مېنى سېغىنمىدىڭما؟

ــ ۋاي، ياق... ئۇنداق ئوماق، تاتلىق ئۇكام تۇرسا سېنى سېغىنامتىم؟!

ــ ھەدە...ــ ئۇنىڭ قىيىدىغان بالىلارچە ئەركىلىك سىڭگەن ئاۋازىدىكى چىدىماسلىقتىن تازا كۈلۈپتىمەن.

ــ بوپتۇ، خوش، ئەمدى تېلېفون قىلمايمەن سىلەرگە!

ــ ھى ــ ھى... ئۇششۇق، يەنە باشلاندىما ئۇششۇقلۇقۇڭ؟

ــ خەپ، تەتىلدە بارغاندا قاراپمۇ قويمايمەنغۇ ئورنۇمنى تارتىۋالغان بۆجۈگە...

قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم...

ئەتىسى دادام ــ ئاپامغا ئېيتىپ بەرسەم ئۇلارمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. جۇرئەت مانا مۇشۇنداق ئۇششۇق ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ تەتىل توشۇپ كېتىش ۋاقتىدىكى

مەن بىلەن قىيماي مۆلدۈرۈشلىرىدىن ماڭا دېگەن نەسىھەت ۋە كۆيۈنۈش تەرىقىسىدىكى گەپلىرىدىن ئۇنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا مەندىنمۇ تەمكىن، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم.

※ ※ ※

بېشىمنى ئاغرىتىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئەزىمەت تۇيۇقسىزلا مېنى توي قىلىشقا قىستاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۇركىيەدىكى موممىسى ئاپىلىرىنى تىنماي چاقىرىپ رەنجىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئاپىسىمۇ موممىسىنىڭ كۆزى ئوچۇق ۋاقتىدا بىر بېرىپ كۆرۈپ كەلمىسە ھەرگىزمۇ ۋىجدانىغا يۈز كېلەلمەيدىكەن. ئەزىمەتنىڭ قەتئىي تۇركىيەگە چىقمىش خىيالى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋېتىپ چىقىپ كەلمىسە ئۇنى بۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتەلمىگۇدەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز ئارىدا تويىنى قىلىشقا ئۇنى قىستاۋېتىپتۇ.

ئەزىمەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئامالسىز تۇرقى، مەندىن ئۆتۈنۈش بىلەن تەلمۈرۈشلىرىنى كۆرگەندە ئامالسىز قالىمەن، ئىچىمدە قوشۇلىمەن. بىراق، راست گەپنى قىلسام، ئۆزۈمنى تېخىچىلا بىر سەبىي بالىدەك ھېس قىلىپ كەلگەنىدىم. توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇش ۋە كېيىنكى ئىشلار بولسا مەندىن خېلىلا يىراق ئىدى.

ئاخشام كەچلىك ئىسمىيىدا ئىشلىگەن ئەزىمەت چۈشلۈك دەم ئېلىشتا بىللە تاماق يېيىشنى ئېيتقانىدى. ئۆيدىمۇ ھېچكىم يوق، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىللە

ئىدارىمىزغا يېقىنراق تېز تاماقخانىغا كىردۇق. ئايرىمخانىغا ئورۇنلىشىپ يەيدىغان تاماقلارنى بۇيرۇپ بولغۇچە ئىككىلىمىزلا ئارتۇق پاراڭ سېلىشمىدۇق. مۇلازىمەتچى بۇيرۇتقان تاماق تىزىملىكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— ئاخشام بىر كېچە پەقەتلا ئۇخلىمىدىم.

— ئاغرىق كۆپمۇ؟

— ھەئە، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن، نەپەس يولى يۇقۇملانغان كىچىك باللار بۇ پەسىلدە بەكلا كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە... ھەي، بەكلا ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ دەڭە...

— نېمە بوپتۇ؟

— ئەر - ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئىككىلىسىلا بالىغا دىققەت قىلمىغاچقا بالا قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، — يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمغا تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا بىر ئاي بولغان پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن مېھرىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئاكامنىڭ ئوماق شاھزادىسى نائىل كەلگەندى.

— قانداق بولدى؟ بەك ئېغىرمۇ؟

ئۇ پەرىشان ھالدا بېشىنى چايقىدى. ئاھ، خۇدا... بالىسىنىڭ يورۇق دۇنيادا ياشاش پۇرسىتىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغۇدەك نېمە ئىش توغرۇلۇق ئۇرۇشۇپ قالغان بولغىيتتى ئاۋۇ بەختسىز ئاتا - ئانا...

— خاپىلىق بولدى. ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ سەۋەبنى بىر - بىرىگە ئارتىشىپ جېدەللىشىپ كەتتى... بالىنىڭ ئاپىسىغۇ تولا ھوشىدىن كېتىپ

نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالايلا دېدى. ئاران دېگەندە بېسىقتۇرۇپ ئۆيگە قايتۇردۇق، ھەممە كېسەلنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. ئاۋۇ ناكەس ئەر بار گۇناھنى ئايالىغا ئارتىپ، «بالامنىڭ قاتىلى، سېنى قويۇۋېتىمەن» دەپ جار سېلىپ بەك ئەسكىلىك قىلىپ كەتتى.

كۆزلىرىمگە لىق ياش ئېلىپ ئولتۇرىمەن. قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپ كۆيۈكتىن قىينالغىنىچە چىرقىراۋاتقان بىچارە سەبىي بالا، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ يۈرەك پارىسىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويغان ئاتا - ئانا، بۇ ئىش تۇيەيلى دەز كەتكەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت... يۈرەكلەردە ئۆچمەس جاراھەتلەرنى قالدۇرغۇچى قەبىھ سۆزلەر...

— نېمە بولدىڭىز؟ كۆڭلىڭىز بىئارام بولدى - ھە! دېمىسەم بوپتىكەن ئەسلى.

— ئەر - خوتۇن بولغانلار مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتلىرىدەك ياخشى ئۆتەلمەيدىغان بولۇپمۇ كېتەرمۇ، ئەزىمەت؟

— بىر - بىرىگە يول قويۇشنى بىلمىسە، سەۋەبسىزلا ئۆزىنىڭ گېپىنى راست، يوللۇق دەپ قارشى تەرەپكە ئىمكانىيەت قويمىسا، ئارىدا ئۆزئارا يول قويۇش، چۈشىنىش، ئىشەنچ بولمىسا بارا - بارا بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دەز كېتىپ ئويلىمىغان يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەكسىچە ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، بىر - بىرىگە يول قويۇپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، قارشى تەرەپنىڭ ھۆرمەت قىلىشقا، سۆيۈشكە تېگىشلىك كىشىلىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، بىر - بىرىدىن سىر يۇشۇرماي، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ ئۆتسە مەڭگۈ بەختلىك ئۆتكىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ مۇھەببەت پەيلاسوپلىرىدەك گەپلىرىنى تىڭشاپ

ئولتۇرۇپ كۆزلىرىمدىن تارىغان سۆيۈنچ نۇرلىرىنى ئايىماي كۆزلىرىگە تۆكتۇم. ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇھەببەت دىل تارىمنى چېكىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن مەڭگۈ بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغان مەپتۇنكار مەشۇق بولۇپ قالغانلىقىمنى تېخىمۇ چۈشىنىۋاتىمەن. تاماقنى يەپ بولۇپ چىقىش ئالدىدا ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئاستاغىنە:

— پەزىلەت، توي قىلايلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

يۇرىكىمگە شۇررىدە ئېقىپ كىرگەن نازۇك بىر تۇيغۇ شەلپەردەك قىزارغان يۈزلىرىمنى سۆيدى. يېنىك تىترەش قوشۇلغان بىھوشلۇقتا ياتىدىغان مەجنۇنلۇق ھېسلار دۈپۈلدەۋاتقان يۈرەك تىۋىشىم بىلەن ئىچكى قەلب قاتلاملىرىمدىكى ناھايىتىمۇ يوشۇرۇن بولغان قىزلىق تەلپۈنۈش ئارىلاشقان قورقۇنچ ھېسلىرىمنىمۇ سۆرەپ چىقتى ـ دە، يەرگە قارىغىنىمچە جىممىدە تۇردۇم.

— ئاپام كۈندە سۈيلەيدۇ، ئۇنداق بولمىسىغۇ سىزنى ئالدىراتقۇم يوق. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن چوقۇم سىزنىڭ ياخشى ئېرىڭىز بولىمەن.

ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەۋاتاتتى.

— مەن...— دېيىشتىن ئۈيلىپ يەنە دېيەلمىدىم.

— ماقۇل بولدىڭىزما؟ ئاپىڭىزغا ئەمدى دەڭ! ئەلچى بارسۇن، قانداق؟

— قورقۇۋاتىمەن،— ئىختىيارسىز «توي» دېگەن گەپ چىقىسىلا نازۇك ھاياجان بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان نېمىدىندۇر قورقۇش ھېسلىرىم لەۋلىرىم ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

خېلى بىر كۈنلەرگىچە ئەزىمەتتىن قېچىپ يۈردۈم. شۇنداقلا ئۇ ھاۋالە قىلغان ئىشنى ئاپامغا دېيىشتىنمۇ ئۆيلىنىپ دېمەي يۈردۈم. ئاپام بىر تەرەپتىن مەكتەپنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا، يەنە بىر تەرەپتىن نەۋرىسىگە بولغان ئوتتەك مېھرى بىلەن موماملارنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بەكلا چارچاپ كېتىۋاتاتتى. نائىلمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۈچ ئايلىقتىن ئېشىپ تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەممىدىن ماڭا بەك ئامراق ئىدى. مەن موماملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشىم بىلەنلا باشقىچە گۈڭگىراپ، كۈلۈپ كېتەتتى. يەڭگىمىز «ئوغۇل بالا دېگەن زادى چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە باشقىچە جانلىنىپ كېتىدىكەن، قاراڭ، بۇنىڭ سىزنى كۆرۈپلا باشقىچە خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى!» دەپ چاقچاق قىلاتتى. يەڭگەمنىڭ ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقتى توشۇپ ئۇ ئوماق شاھزادىگە ئاكام ئوقۇشتىكى ۋاقىتتا مومامغا قارىغان يېزىدىكى تۇغقىنىمىز قاراپ بېرىۋاتاتتى. يەڭگەممۇ بەكلا ئوڭلۇق قىز. مەن ئۇنى ھۆرمەتلەپ بەكلا ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇ دائىم ئاكامنىڭ ياخشى مىجەزلىرىنى دەپ، بىزنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ بالا تەربىيەلەش سەنئىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. يەڭگەمنىڭ كۆزلىرىدىن پارلىغان چوڭقۇر سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى، سۆزلىرىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەت تەپتىنى ھېس قىلغىنىمدا بۇلارغا بەكلا زوقۇم كېلەتتى. مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردىلا ھەقىقىي بىر - بىرىنى ياخشى

كۆرۈپ توي قىلغانلار ئۆچۈن ئائىلە قۇرۇشنىڭ تېخىمۇ بەخت تۇيغۇسى ئەكېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. شۇ كۈنلىرى يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇم قېچىپ، كەلگۈسىدىكى ئەزىمەت بىلەن قۇرىدىغان مېھىرلىك ئائىلەم ۋە ئۇ ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كەلگۈسىدىكى بالىمىز ھەققىدە ئۇياتلىق خىياللارنىمۇ سۈرۈپ كېتەتتىم (بۇ خىياللىرىمنى ھېچكىم سېزىپ قالمىغاي).

يەڭگەم ماڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئىككىمىز يالغۇز قېلىپ مۇڭداشقان ۋاقىتلاردا مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇم توغرۇلۇق سورايتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاكاممۇ مېنىڭ تېنىمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ھەمدە بەكلا ساددىلىقىمدىن دائىم ۋايىم يەيدىكەن. مېنى بەكمۇ سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان، ئەخلاقلىق بىرەر يىگىت بىلەن تېپىشسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىدىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يەڭگەمگە ئەزىمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ۋە ئۆيدىكىلىرىنىڭ تويغا ئالدىرىتىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ ھازىر توي قىلىش خىيالىمنىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا بۇ گەپلەرنى ئاپامغا دېيىشتىن ئۇيىلىپ ئېغىز ئاچالمىغانلىقلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. يەڭگەم مەندىن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە گەپ سوراپ يۈرۈپ ھەممىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بەكمۇ خۇش بولدى ھەمدە: «سىڭلىم، سىز گەرچە قېيىنسىڭلىم بولسىڭىزمۇ ماڭا ئۆز سىڭلىمدەكلا بىلىنىسىز، گېپىڭىزدىن قارىسام ئەزىمەت سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئارزۇ قىلىدىغان بالىدەك تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي توي ئىشىغا

تۇتۇش قىلىنغانلار، سىز كەيىنگە سۈرەپ تۇركىيەدىكى مومىسىغا پەۋقۇلئاددە قازايى ـ قەدىر يېتىپ قالسا ئۇ چاغدا كېيىن ھەربىر شۇ مومايىنىڭ گېپى چىقسا سىز خىجالەتچىلىكتە قالىسىز» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

※ ※ ※

تەبىئىي ھالەتتىلا تويىنىڭ تەييارلىقلىرى باشلىنىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا يىغلاڭغۇ ئىدىم. ئۆيگە كېلىپ تاماقتىن كېيىنلا ئاپام ـ دادامنىڭ قېشىدا بۇرۇنقىدەك مۇڭدىشىپ، ئەركىلەپ ئولتۇرالمايمەن. «توي» دېگەن گەپ چىقىپ قالسىلا خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالىمەن، شۇنداقلا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. بىر نەچچە قېتىم ئاپامنىڭ يوشۇرۇن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر قېتىم ياتاق ئۆيۈمدىن چىقىپ تازىلىق ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ دادامنىڭمۇ ياش تۆككەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭسىزمۇ يۈرىكىمدىكى بەخت سېزىمى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان توي دېگەن ئاتالغۇدىن قورقۇش ھەم مېھرىبان ئاتا ـ ئانامنىڭ باغرىدىن ئايرىلىپ يات بىر ئۆيگە بېرىپ يات كىشىلەر بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتىدىغان بۇ خىل ياتسىراش سېزىمى مېنى ھەر ۋاقىت قىيناپ تۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىۋېتىپمۇ، چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ كۆزلىرىمگە ياش كېلەتتى. تاماق ئېتىشكە ياردەملىشىۋاتقىنىمدا، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقىنىمدا، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئىش قىلىۋاتقانلىرىمدا ئاپامنىڭ قىيالماسلىق بىلەن، مېھىر ـ مۇھەببەتتى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتىشلىرىنى كۆرسەملا

ئۆپكەم ئۆرۈلەتتى. تونۇشلۇق ئۇنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىشقىلى ئەزمەت بىلەن بىللە بازار ئايلانغىلى چىققىپ ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتىم. ئۇ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، بىر هازادىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ:

ـ يىغلىماڭ، مەن سىزگە هۆددە قىلاي، كۈندە سىزنى چوڭ ئۆيىڭىزگە ئەكېلىپ تۇرىمەن. تويى قىلىشىڭىز بىلەنلا بۇ ئۆيدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمەيسىز، قاچان كەلگۈڭىز كەلگەندە كېلىسىز، قاچان قونغۇڭىز كەلگەندە قونۇپ قالسىڭىز بولىدۇ، كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ،ـ دېدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ساددىلارچە ئىشىنىپ كۆڭلۈم خېلى تەسەللى تېپىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ... هەي، بۇ خىل هېسسىياتنى قانداق تەسۋىرلىسەم بولار؟

......

جۇرئەت تېلېفون قىپتۇ. ئۇ توي كۈنىگە ئۇلگۈرۈپ كېلىدىغانغا رۇخسەت سوراپ قويۇپتۇدەك. خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئۇرغان تېلېفونلىرىنى ئېلىشتىن قېچىپ يۈرەتتىم. چۈنكى، ئۇ ماڭا چىدىمىغىنىغا ئوخشاشلا مەنمۇ ئۇنىڭغا چىدىمايتتىم. تۇنجى قېتىم ئاپام ئۇنىڭغا توي خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ تېلېفون قىلغاندا ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي كىچىك بالىلاردەك يىغلاپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. بۈگۈن ئۇ ئاپام بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ مەن بىلەن سۆزلىشىمەن، دەپ تۇرۇۋېلىۋاپتۇ. ئامالسىز تېلېفوننى ئېلىۋېتىپ ئاپامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىنى يوشۇرغىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھەدە!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟
— مەن،— ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇپ چىقىۋاتقانلىقىدىن ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى سېزىۋالدىم. ئىككىلىمىزلا گەپ قىلىشماي بىرھازا تېلېفوننى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدۇق.
— ھەدە،— ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى،— سالامەتلىكىڭ ياخشىدۇ، تەييارلىقلار پۈتۈپ قالدىمۇ؟
— ياخشى، ئۆزۈڭمۇ ياخشىمۇ؟
— ساڭا بېيجىڭدىن نېمە ئالغاچ باراي؟
— بولدى، ساقام، كېلىۋەرگىن، ئەسلىگۇ رۇخسەت سوراپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلمىساڭمۇ بولاتتى، جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ.
— مەن بارماستىنلا ئاستا غىپپىدە خەقنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالاي دېگەنمىدىڭ، پەرىلەتخان، ھىم، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە ئوماق ھەدەمنى ئۇنداق ئاسانلا بېرىۋەتمەيمەن.
— يەنە گەپدانلىقىڭ باشلاندىمۇ؟
— ھى - ھى، مۇشۇنداق گەپ قىلمىسام سەن مىجىقىنى ئاغرىتىپ قويامدىمەنكىن، دەپ قورقىدىكەنمەن. مۇشۇنداق مىجىمالىقىڭ بىلەن قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كېلىن بولالارسەن، پەرىلەتخان، بىر ئېغىز گەپنى بىر ھەپتىدە ئاران دەپ بۇرسەڭ...
— ماڭە، ساراڭ... بۇرۇنقىدىن تېزلىشىپ كەتتىم ھازىر، شۇ سەنلا مېنى كۆرەلمەي شۇنداق دەيسەن...
— ھەي... ساڭا چىدىمايمەن جۇمۇ... تەتىلدە بارغۇمۇ كەلمەيدۇ ئەمدى مېنىڭ... بارسامۇ سەن يوق...
— ئاپام - داداملار بارغۇ...

— ئۇغۇ شۇ... بىراق سەن ئەتكەن تاماقلارنى، سەن پىشۇرغان پىچىنىلەرنى يېگۈم كەلسە ئەمدى بۇرۇنقىدەك بوزەك قىلىپ «بەر» دەپ تۇرۇۋالالمايدىغان بولدۇم دېگىنە...

— كىچىكلىكىڭ بار ـ ھە سېنىڭ...

— سەن چوڭ بولۇپ كەتتىڭما؟سىنىپىمىزدىكىلەر رەسىمىڭنى كۆرۈپ سىڭلىڭما دەپ سوراۋاتسا... ھەي پەزىلەتخان، سېنى توي قىلىدۇ دېسەملا يىغلىغۇم كېلىدۇ مېنىڭ، خۇددى سېنى باشقىلار بۇلاپ كېتىۋاتقاندەك...

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ پەسلەپ بوغۇلۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ مېنىڭ چاناقلىرىمغىمۇ لىققىدە ياش تولدى. ئىككىلىمىز گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدۇق. بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭ يىغلامسىرىغان ھالدا «خوش» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتكىنى ئاڭلاندى.

توي — بەخت ۋىسالىغا تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ ۋىسال دەملىرىنىڭ خۇشاللىق ۋە تەنتەنىگە تولغان ئالتۇن دەملىرى. بۇنىڭدىن توي قىلىدىغان قىزنىڭمۇ، يىگىتنىڭمۇ خۇشال بولماسلىقى، بەختتىن دۈپۈلدىگەن يۈرەك تېۋىشىنىڭ سادالىرىدىن ھاياجانلانماسلىقى ھەددى ئەمەس. شۇنداق... مەنمۇ تويىدىن خۇشال بولمىدىم ئەمەس. تۇنجى قېتىم قىزلىق قەلبىم بىلەن ياخشى كۆرۈپ قول بەرگەن كىشىم بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇش مۇساپىسىگە قەدىمىم بېسىلىدىغان ئۇشبۇ دەقىقىلەردىن ئالەمچە شادلانماي تۇرالايتتىممۇ؟ بىراق... شۇ توي بىلەن بىللە يەنە مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق، مېھرىلىك قۇچىقىدىن ئاجراپ، ئۆزى ئۈچۈن بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن مۇھىت بىلەن تامامەن يات بولغان يەنە بىر مۇھىتقا سىڭىپ كەتمەك ئەلۋەتتە قىزلار ئۈچۈن يەڭمىسە

بولمايدىغان، غېرىبسىنغان تۇيغۇلىرىنى مۇھەببەتنىڭ كۆچى بىلەن يېڭىدىغان دەملىرى.

......

خاتىرەمنىڭ بەتلىرىمۇ خۇددى مېنىڭ تويۇمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بارا ـ بارا ئازلاشقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغلاردا كىچىككىنە بىر قىز ئىدىم. بوياپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان تەبىئىي سارغۇچ ۋە بۇدۇر چېچىمنى مەكتەپتىكىلەر «سارۋاش»، «چەت ئەللىك» دېسە، «نېمىشقا مېنىڭ چېچىمنى سىرىق تۇغقانتىكىز» دەپ مەكتەپتىن ئۆيگە يىغلاپ كېلەتتىم. ئۇكامنىڭ قاش ـ كۆزلىرى قارا، مېنىڭ بولسا قارىغا ياتمايدىغان قەھۋە رەڭ، قاشلىرىممۇ سىزىپ قويۇلغاندەك بىرەرمۇ ياۋا قاش يوق، قاپاقلىرىمنىڭ سىيدام بولۇشى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا «گىرىم قىلغان» دېگەن بەتنامغىمۇ قالغانىدىم. مەكتەپ تەرەپتىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «غۇنچىلار پىروگراممىسى» غا قاتنىشىدىغانلىقىم ئۇقتۇرۇلۇپ شۇ پىروگراممىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا باشقىلاردىن پەرقلىق ھالەتتە ئاپپاق تەنتەربىيە مايكا ـ ئىشتىنىنى كىيىۋالغان ئەزىمەت مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان. شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر خىل نەزەردە قاراپ كەتكەن شۇ بالىنى خىيالىي بىرنەچچە قېتىم ئەسلەپ قالغانلىقىمنى يوشۇرمايمەن. كېيىن تاسادىپىي ھالەتتە ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ رۇخسەتسىزلا مېنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ بەكمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن، بىراق ئارقىدىنلا پىروگراممىغا قاتنىشىش جەريانىدىكى ئىشلار تىلغا ئېلىنىپ تەبىئىي ھالدىلا ئۇ ئاچچىقلار ئۇنتۇلغان، يەنە تېخى كېيىن ئۇ رەسىمدىن ماڭا بىرنى، ئۆزىگە بىرنى يۇيدۇرۇۋالغاندىمۇ رەنجىپ

كەتمىگەنىدىم. شۇ چاغدا تارتىلغان رەسىم ۋە مەكتەپ باغچىسىدا ئاپپاق قارلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىكى تارتتۇۋېلىنغان رەسىم بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە سەۋەبكار سۈپىتى بىلەن ئالبومىمىزنىڭ بىرىنچى بېتىگە سېلىنغان. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋاقتى - سائىتى كېلىپ توي قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز. بۈگۈن قىزىل قەغەز ئالغىلى باردۇق. ئىشلىرىمىز ناھايىتى ئوچۇق بولغان ھالدا بەكمۇ تېز پۈتتى. ئۇنىڭ قىزىل قەغەزنى ئالغان ۋاقىتتىكى ھاياجانلىق تۇرقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. شۇنچىلىك بىر تەقەززالىق ۋە ھاياجان بىلەن قىزىل قەغەز كېسىلىدىغان بۆلۈمدىن چىقىپلا قولۇمنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— ئاھ، خۇدا... بۇ راست - ھە، پەزىلەت، مەن ئاخىرى سىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم. مانا قاراڭ، بۇ قىزىل قەغەزگە ئىككىمىزنىڭ ئىسمى بىر يەرگە يېزىلدى. خۇدا، بەرگەن بۇ خۇشاللىقلىرىڭغا مىڭ قەتلە شۈكۈر! — دەپ كەتتى. مەنمۇ خۇش بولغان بولسامۇ، بىراق راست گەپنى ئېيتسام، شۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئەركىدىن ئايرىلغان قۇشتەكمۇ ھېس قىلىپ قىزلىق ئەركىن ئىستەكلىرىمدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغان ھالدا كۆڭلۈم يېرىممۇ بولدى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۇدۇللا ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم. ئۆيدە ئاپامنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بولۇپ، ئادەم كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارغا قاراشتىن خىجىل بولاتتىم ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. كەچتە ئاپام ئىشىكنى ئاستا ئاچقىنىچە كىرىپ كەلدى.

— پەزىلەت بالام، تېخى ياتمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئاپا، ئۇيقۇم كەلمىدى.

— بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىڭ، قىزىم، ئەتە دوستلىرىڭىزغا بېرىدىغان چايدا تازا چارچايسىز.

ئاپام مېھرى بىلەن پېشانەمگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىمنى قولى بىلەن كەينىمگە تارىغاچ مۇرەمدىن قۇچاقلىدى.

— ئاپا!— ئىچىمدىن بىر بوغۇق پەرياد ئېتىلىپ چىقتى - دە ئاپامنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم.

— يىغلىماڭ، قىزىم، بۇ خۇشاللىق ئىشلار تۇرسا نېمىگە يىغلايسىز ،— ئاپام تىترەڭگۈ ئاۋازى بىلەن گەپ قىلىشقا باشلىدى،— بالام، سىزمۇ چوڭ بولدىڭىز، مۇشۇ كەمگىچە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ دادىڭىز ئىككىمىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماي بەكمۇ سىپايە، ئەقىللىك بولۇپ كەلدىڭىز، مېنىڭ كۆتكەن يېرىمدىن چىقىپ ھەر ۋاقىت شۇنچە ئاجىز، نازۇك بولۇشىڭىزغا قارىماي ئۆي ئىشلىرىدا ھەممىنى قىلىپ بىر ئۆينى بىمالال چۆرگۈلىتەلەيدىغان ھالغا يەتتىڭىز. مەن بۇ تەرەپلەردىن رازى ھەم خاتىرجەم، بالام. سىزگە كىچىكىڭىزدىن قاتتىق قول بولۇپ سىزنى ھە دېسىلا تاماق ئېتىش، ھەر خىل ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىش دېگەندەكلەردە قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم سىزنىڭ توي قىلىپ باشقا ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلغانىدىم، سىزنى مۇشۇ كۈنلەر بېشىغا كەلگەندە تەمتىرەپ قالمىسۇن، كەلگۈسى بارىدىغان ئۆيىدە ئىش قىلىشنى قاملاشتۇرالماي خىجالەتچىلىك تارتىپ قالمىسۇن دېگەنلىكىم ئۈچۈن،

بالام. ئەمدى مەن خاتىرجەم، كىمنىڭ قىزى دېسە زۆھرەنىڭ دېسىمۇ مەن سىزنىڭ قولىڭىزنىڭ چىۋەرلىكىدىن بېشىمنى تىك تۇتۇپ يۈرەلەيمەن. «ئىش قىلالمايدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن گەپلەرنىڭ ئورنىغا «بەك چېۋەر، چاققان، ئىشقا پىششىق» دېگەن ماختاشلارنى ئاڭلىسام ئانا بولغانلىقىمنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، بالام، چوڭلاردا «ئىش دېگەن ئېشەك» دېگەن گەپ بار. بەلكىم بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ جاپا تارتىشىڭىز مۇمكىن. بىراق قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلىرىڭىزغا ھەرگىزمۇ شۇ سەۋەبتىن بويۇن تولغاپ ئايالىلىق شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ، سىز ھەرگىزمۇ ئۇ ئۆيدە بۇ ئۆيدىكىدەك ئىمتىيازغا ۋە باشقا ئالاھىدە قاراشلارغا ئىگە بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئەزىمەتكە بۇ توغرۇلۇق ۋايساپ ئۇنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىلىنى چىگىپ قويىدىغان ئىش قىلماڭ، سىز ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىڭىز كەلگۈسىدە بىز جۈرئەت ئالغان قىزدىن شۇنداق مۇئامىلە ئالىمىز، بالادەك ئىشلار بولۇپ كەتسىمۇ چوقۇم مۇشۇ گېپىمنى ئويلاڭ. ئەزىمەتنى ھۆرمەتلەڭ، ئەر كىشى ئايالىنى قانچىلىك ياخشى كۆرسىمۇ، ئۆز مۇھەببىتىگە يارىشا ئايالىدىن ھۆرمەتلەش قوبۇل قىلالمىسا مەنمەن دېگەن ئاشىق كۆڭۈللەرمۇ سۇنىدۇ. بىز قانچىلىك يۇقىرى ئورۇنغا چىقىپ كەتمەيلى، يەنىلا ئەرلەرنىڭ قوۋۇرغىسى ھېسابلىنىمىز. ئۇ ھەرقانچە سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلغان ھالەتتىمۇ سىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت، ئەيمىنىش، مېھىر بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، ئۆزئارا ھۆرمەت بولغان ئۆيدىن

مۇھەببەت ئۆكسۇمەيدۇ، بالام. بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭىزدىلا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىڭىزدە مەھكەم ساقلاڭ!

ئاپامنىڭ گەپلىرى يۈرىكىمگە مۆھۈر بولۇپ ئورنىدى. ئاپام كۆز ياشلىرىنى چانىقىغا سىڭدۈرەلمىگەن ھالدا پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ، مېنىڭ بالدۇر ئارام ئېلىشىمنى تىلەپ چىقىپ كەتتى.

كۆز ياشلىرىم ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. بەخت، سۆيۈنچ، ھۆرمەتتىن تۆكۈلگەن ياشلارغا تۇغان سېلىشقا ماجالىم يەتمەيتتى...

※ ※ ※

ــ پەزىلەت ھەدە، ــ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن جۇرئەت ئىشىكتىن كىرىپلا ھېچكىمگە قارىماي مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مەندىن خېلىلا ئېگىزلەپ بوي تارتقانسېرى ئاۋاقلىشىپ كەتكەن جۇرئەتنىڭ چىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن، مۇرىلىرىنىڭ تىترەشلىرىدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

ھەممىلا ئۆيلەردە قىز بالا توي قىلسا شۇنداق يىغا ـ زار بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟

شۇنچە سۆزمەن، ئۇششۇق جۇرئەت راستتىنلا ماڭا چىدىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇششۇقلۇقى قىزلار مېنى ئۆيدىن ئېلىپ ماڭغاندا ئەۋجىگە چىقتى. يۈرىكىم پارە ـ پارە بولغان ھالدا، كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تۆككەن ھالدا بارلىق غەيرىتى بىلەن مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتقان ئاپامنى بەزلىگەچ قىزىرىپ كەتكەن

كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ پېشانەمگە سۆيۈپ خوشلاشقان دادامنى، ئەزەلدىن ئۆزىنى دادامدىن غەيرەتلىك دەپ قارايدىغان ئاپامنىڭ بۇ جۇدالىق ئازابىدىن دادامغا يۆلىنىپ قالغان ھالىتىنى، ئۇكامنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك يۇزلىرىنى مەڭزىمگە يېقىپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىغا قارىماي: «پەزىلەت لۈم - لۈم... نېمىشقا بىزنى تاشلاپ قويۇپ كېتىسەن، نېمىشقا توي قىلىسەن مىجىما، سازاڭ» دەپ ئۇششۇقلۇق بىلەن يىغلاشلىرىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم...

خاتىرەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاراقلىرىغا كەلدىم. دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا ئەزىمەت ئۇرغان تېلېفوننى ئېلىپ پۇخادىن چىققۇدەك يىغلاپ بەردىم. ئەمدى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئاخىرقى بەتلەرنى يېزىۋاتىمەن. بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ۋاراقلىرى ئەمدى يېپىلىدۇ. مەن بارلىقىم بىلەن ئەزىمەتنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. تويدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقتىم، كۆڭۈل سىرىم، ھېسلىرىم، ھاياجانلىرىم، تىۋىشلىرىم، ئىشلىرىم ئۆزۈمگە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، ئەمدىكى پۈتكۈل ئىشلىرىم مېنى سۆيىدىغان ۋە مەنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىدىغان ئەزىمەتكىلا تەئەللۇق بولىدۇ. توي كېچىسى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان بارلىق سوۋغىلىرىم بىرلە بۇ خاتىرەمنىمۇ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىمەن. مېنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشۇم، ھېس - ھاياجانلىرىمدىن ئۇ تولۇق خەۋەردار بولۇپ، بۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۇ داۋاملاشتۇرسا مەيلى... ئىمكانلا بولىدىكەن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ھەربىر بېتىدە چاقنايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل.

شۇ تاپتا ھەربىر تامچە يۈرەك قېنىم بىلەن ئۆننىڭغا شۇنى دەيمەن: «ئەزىمەت، مەن سىزنى سۆيىمەن! مەن بارلىقىم بىلەن، پۈتكۈل ھاياتىم بىلەن سىزنىڭ، ئەبەدىي سىزنىڭ...»

ئۈچىنچى پەسل

## كۆك خاتىرە

# قارىچۇقۇمدا بىر سىنلا



## ئون تۆتىنچى باب

# قۇتلۇق مىنۇتلار

ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەتسىزمەن. بۈگۈن راستتىنلا تويۇم بولدى.

بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلاندىم. مېنى تۇغقان ئاپام، ماڭا تاغدەك يۆلەك بولغان دادام ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان مىننەتسىز ئەجىرلىرى بىلەن بەختلىك ئىدىم. مانا بۈگۈن بۇ بەختىمگە تېخىمۇ يورۇق بولغان زۆھرە يۇلتۇزىدىن بىرى كېلىپ قوندى. ئۇ بولسىمۇ مەن ھاياتلىققا تۆرەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم سۆيۈپ كەلگەن ئۇلۇغ ئاللا، ئاتا ـ ئانامدىن كېيىن قالسىلا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان يورۇق يۇلتۇزۇم پەزىلەت...

ئۇنىڭ ئاخىر مېنىڭ مەھبۇبەم بولغانلىقىغا نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىنلا تولۇق ئىشەندىم. راست گەپنى ئېيتسام، ئۇنىڭ باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە بوشقىنە «قوبۇل قىلدىم» دېگەن ئاۋازىنى سېزىملىرىم، نېرۋىلىرىمغا ئورناپ كەتكەن نازلىق ھالىتى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا شۇ قەدەر مەستخۇش بولدۇمكى، ئىككىمىزنىڭ بۇ بىرنەچچە يىللىق ئارىلىشىش تارىخىمىزدا مەن قېنىپقىنا بىر سۆيۈشكىمۇ ئىمكان

بولمىغان ئاشۇ ئوماق، يۇمران لەۋلىرىگە سۆيگەندەك بىر شېرىنلىك قوينىدا ئەللەيلەندىم...

مەن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن شېرىن دەملەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئىدى. چىرايلىق بېزەلگەن ھۇجرىمىزدا پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. قانداقتۇر بىر خىل ئوتتەك تەلپۈنۈش، زارىقىش ، چاڭقاش بىرلەشكەن ھېسلىرىم مېنى شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلاپ باغرىمغا سىڭدۈرۈۋېتىشكە ئۈندەپ تۇراتتى. ئۇ بارلىقى بىلەن مېنىڭ بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. مەنمۇ شۇ دەمدە بارلىقىم بىلەن پەقەتلا ئۇنىڭ بولۇش ئالدىدا ئىدىم.

تـوۋا... ھاياجانلىق مۇشۇ مىنۇتلاردا خۇددى ئىككىلىمىز بۇرۇن پەقەتلا بىر ـ بىرىمىزنى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلاردەك بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتىن، بىر ـ بىرىمىزگە يېقىنلىشىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتۇق. ئۇنىڭغۇ شۇ خىل ھېسسىياتتا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، بىز مەيلى نەچچە يىللىق مۇھەببەتلىشىش تارىخىغا ئىگە بولغان بولساقمۇ، ئۇ يەنىلا ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە بىر خىل تارتىنچاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ئۇ شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، ئۇ شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن شۇ قەدەر ئېسىل بىر گۆھەر ئىدى. ئاستاغىنە قېشىغا باردىم، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم. ئاھ... ئۇنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا ئەسىر قىلىۋالغان يوغان قوي كۆزلىرىدە لىققىدە ياش، قوڭۇر كىرپىكلىرى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ جۈپلىشىپ كېتىپتۇ . ئاق، سۇزۇك يۈزلىرى چىراغ

يورۇقىدا قىلغان گىرىملىرى بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى بار مېھرىم بىلەن چىڭگىدە قۇچاقلىدىم. ئۇ تىترەۋاتاتتى، ئاستا پىچىرلاپ سورىدىم:

— جېنىم، بەختلىكمۇسىز؟

ئۇنىڭ باغرىمدا تىترەپ تۇرۇپ بوشقىنە:

— مەن بەكمۇ بەختلىك، — دېگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. پۈتۈن جىسمىم لەرزىگە كەلدى. شۇ قەدەر ساپ، سۈپسۈزۈك بىر مەرمەر تاش ئۆزىنىڭ بارلىق ساپلىقىنى، پاكلىقىنى، مۇھەببىتىنى، مەڭگۈلۈك ئەقىدىسىنى، ئىشەنچىسىنى ماڭا بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. ئاھ...

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوققان، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ سەبىي بالىلارنىڭكىدەك يۇمران لەۋلىرىگە لېۋىمنى ياقتىم. خۇددى بەكلا شېرىن بولغان مېۋىنى ئېغىزىمغا ئالغاندەك مەستخۇش تۇيغۇ، ئەسەبىي قاغجىراق ئىستەك بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىدىن قاماللاپ لىككىدە كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم - دە، توكنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم...

سۈس چۈشكەن يورۇقلۇق كۆزلىرىمنى چاقتى. چەكسىز بىر بەختلىك سېزىم تاڭ سەھەرگە يېقىن كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ پەردىسىنى تارتقان ئوخشايدۇ. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ سۈس شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ئۇخلاش كۆڭلىكىنى كىيىپ تازىلىق ئۆيىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چۈشۈم ئەمەس، ئوڭۇم ئىدى. ئۇ ئاخشامقى مەن ئۇچۇن پۈتۈن دۇنيا خۇشاللىقىنى ئاتا قىلغان، ئەرلىك غالىبلىق ۋە غۇنچىنى ئۆز شېخىدىن ئۈزگەندىكى قانائەت بىلەن تومۇرلاردا جۇش ئۇرىدىغان سۆيۈنچ سېزىمىنى قالدۇرغان بەختلىك

كىچىدىن كىيىن بارلىقى بىلەن مېنىڭ بولغانىدى. سۆيۈنچ بىلەن، مۇھەببەت بىلەن مېنىڭ بېشىمنى كۆتۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ خۇددى ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنىڭ رەڭگىدەك ھالەتكە كىرگەن يۈزلىرىنى يوشۇرۇپ ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە باققان ئاشۇ گۈزەل، سۆيۈملۈك قىز مېنىڭ ئايالىم بولغانىدى. ئۇ يەنىلا شۇ قەدەر بىغۇبار، شۇ قەدەر ئۇياتچان ھالدا ئىدى.

— جېنىم، سەھەر تۇرۇۋاپسىزغۇ... بېرى كېلىڭە!

— سەت بولىدۇ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقىمىڭ!

ئۇنىڭ قىزىرىپ يەرگە باققىنىچە سۆزلەشلىرىگە قاراپ بىردىنلا ئۇنى يەنە باغرىمغا تارتقۇم، بوگۈن كەچكىچە باغرىمدىن بوشاتماي تۇرۇۋالغۇم كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە ئۇنداق قوپاللىق قىلىش پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ياش تۆكۈلۈشكە ئازانلا تۇرىدىغان ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئاخشام تۆكۈلگەن يالۋۇرۇش ئارىلاش تەسلىم بولغانلىقى ياشلىرىنى، يۇپۇرماقتەك تىترەپ تۇرۇپ «قورقۇۋاتىمەن» دېگەنلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم.

يۈيۈنۈپ چىققىنىمدا ئۇ خىيالچان ھالدا دېرىزە تۈۋىدە پەسكە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئاستاغىنە قۇچاقلىدىم.

— نېمىشقا كىيىملىرىڭىزنى كىيىۋالمىسىز؟

— تاڭ ئېتىپ كەتتى، سەت تۇرمامدۇ ئۇخلاش كىيىمى بىلەن يۈرسەم...

— بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بولمىسا.

— يەڭگە ئايال ھېلىلا كىرىدۇ.

— مەن ئۆيدە تۇرۇۋېرىمەن ـ ھە؟!

— ياق... سەتلەشمەڭ!

ــ نېمە بولىدۇ، مېنىڭ شۇ تاپتا سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق.

ئۇنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلىدىم:

ــ مېنى بەكمۇ بەختلىك قىلدىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت، جېنىم!

ئۇ تارتىنىپ تۇرۇپ سىلىقىنە باغرىمدىن ئاجرىدى ـ دە، يەڭگىل مېڭىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ قىزىل تاشلىق بىر خاتىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ــ بۇ نېمە؟

ــ بۇ مېنىڭ شۇ كەمگىچە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرەم. بۇنىڭدا ماڭىلا تەۋە بولغان بارلىق ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئەسلىمىلەر بار. مەن بارلىقىم بىلەن سىزگە تەۋە بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنىڭ ھەربىر مىنۇتىدىكى ئىشلار سىزگە باغلىنىشلىق، بارلىق ھېسلىرىم سىزگىلا تەئەللۇق. شۇڭا بۇ خاتىرىنىڭ مەندە تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۆزۈم بىلەن قوشۇپ سىزگە تاپشۇردۇم.

ئۇنىڭ قولىدىن خاتىرىنى ئاۋايلاپقىنا ئالدىم ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ساداقەت تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئالدىمدا تۇرغان بۇ سۈپسۈزۈك قەترىلەردىن ياسالغان گۈزەلگە ئاشىقلىق بىلەن تىكىلدىم.

ــ ماقۇل، جېنىم، بۇنى مەن كۆرۈپ چىقىمەن. چوقۇم ئاخىرىنى ئىككىمىز بىللە، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىمىز...

ئون بەشىنچى باب

## مۇھەببەتنىڭ مەخپىي شىفرى

ئېسىمنى بىلسەم، ئائىلىمىزدە ئاپام، دادام، مەن مۇشۇ ئۈچ جانلا بار ئىكەنمىز. دادام بىلەن ئاپامنىڭ خىزمىتى بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. مېنى قوشنىمىز مەريەم مومام بېقىپ چوڭ قىلغان. ئاپام ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىش ئالدىدا باش ـ كۆزلىرىمنى سىلاپ، پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ مېنىڭ ئارتۇقچە جېدەل قىلماي مەريەم مومامنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلىشىمنى جېكىلەيتتى. مەريەم مومام مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. دائىم ماڭا دادام ـ ئاپامنىڭ خىزمىتىنىڭ بەكمۇ جاپالىق، شۇنداقلا ناھايىتى شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. مەريەم مومامنىڭ ئۈچ قىزى، بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەن. كەنجى ئوغلى بەكمۇ كۆيۈمچان بولسىمۇ، بىراق كېلىنى دېگەندەك مەريەم مومام بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئازارچىلىق سېلىپ قويۇشتىن قېچىپ ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ئاپام مومايىنىڭ يالغۇزلۇقىدىن ئېچىنىپ دائىم ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. قىزلىرىنىڭ كۆيۈمى بولسىمۇ، بىراق موماي كۆيۈ ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا تۇرسام قانداق بولىدۇ، دەپ

ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئۇنىمايدىكەن. مېنىڭ مومايىنىڭ يالغۇز تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇشۇم ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشقان چېغى، چوڭ بولۇپ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىمدا، ئۆيىمىزگە كىرىپ مېنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ «يالغۇزلۇقۇمنى بىلىندۇرمىگەن، بالام» دەپ كۆز يېشى قىلغانلىقى ئېسىمدە...

كىملەر يالغۇز بالا بولغانلىقىدىن شۇنچە خۇش بولىدىغاندۇ؟ ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام يالغۇز بالا بولغانلىقىمدىن بەكلا ئىچىم سىقىلىدۇ. كېيىنچە ئاپامدىن بۇ ھەقتە سورىسام ماڭا چۈشەنچە بەردى، شۇنداقتىمۇ ئاكام ـ ھەدەم ياكى ئۇكام ـ سىڭلىم بولغان بولسىچۇ، دەپ بەكلا ئويلايمەن. ئاپامنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالغىنىمدا ئۇلارنىڭ جىققىدە بالىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئوينىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسەم ئىچىمنى بىر ئوت يەيدۇ.

مەكتەپتىمۇ يامان ئەمەس ئوقۇدۇم. ھەممىسى مېنى قىز بالىغا بەكرەك ئوخشايدۇ دېيىشىدۇ، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپكە تىزىملاتقىلى بارغان ۋاقتىمدا تىزىملايدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ماڭا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ: «ئەجەب قىز بالىغا ئوخشاپ قالىدىكەن ـ ھە» دېگىنى ئېسىمدە. ئۇ گەپكە بەك ئاچچىقىم كېلىپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەريەم مومامنىڭ قېشىغا كىرىپ دەپ بەرسەم كۈلۈپ كېتىپ:

ــ بۇ گەپكە تازا ئاچچىقىڭ كەپتۇ ـ دە، قوزام... دېمىسىمۇ بۇ ئاپپاق ئۆڭۈڭ بىلەن قاپقارا قاش ـ كۆزلىرىڭ مەنمەن دېگەن قىزلاردا تېپىلمايدۇ ئەمەسمۇ، ــ دەپ كەتكەنىدى.

......

باللىق ھاياتىم بىلەن خوشلىشىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم باسقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلسەم ئاپام ئۆيدە ئىكەن، ئۆزى يالغۇز كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟

— مەكتەپتىن كەلدىڭمۇ؟— ئاپام ئىتتىك كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئورنىدىن قوپتى. ياشلىرىنى سۈرتۈپ يوشۇرۇپ تۇرسىمۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن نېمىگىدۇر قاتتىق يىغلىغانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

— ئاپا، دادام بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭمۇ؟— گەرچە شۇ يېشىمغىچە دادام ئىككىسىنىڭ رەنجىشىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمىسەممۇ ئاپامنىڭ بۇنچە قاتتىق يىغلىشىنى دادامغا باغلاپ چۈشەندىم.

— ياق، بالام، داداڭ بىلەن نېمىشقا بىكاردىن رەنجىشىپ قالغۇدەكمەن؟ شۇ...— ئاپامنىڭ لەۋلىرى ئۇمچىيىپ كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى.

— نېمە بولدى، ئاپا؟

— موماڭ تېلېفون قىپتىكەن...— ئاپامنىڭ كۆزىدىن ياشلار يەنە ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاپام گەرچە بىزگە چاندۇرماي يۈرگەن بولسىمۇ ئاپىسىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنغانلىقىنى كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىدىن ھېس قىلىۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس ئىدى. ئاپامغا قانداق تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. شۇ ئەسنادا دادام ئىشتىن قايتىپ كىرىپ كەلدى. ئەھۋالنى بىر قۇر بىلگەن دادام بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى...

شۇ كۈنى ئاپام بىلەن دادامنىڭ مېنى ئېلىپ تۈركىيەگە چىقىپ كېتىش توغرىسىدىكى پىلانلىرىنى ئاڭلاپ ئۈنچىقمىغان بولساممۇ، ئاپامنىڭ ئاپىسىغا بولغان سېغىنىشىنى توغرا چۈشەنسەممۇ، بىراق يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ يات بىر ئەلگە بېرىپ تۇرۇپ قېلىش زادىلا ماڭا توغرا كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. پەقەتلا چەت ئەل دېگەنلەرگە قىزىقىپ كەتمەيمەن. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئەزىز يەنە قانداق يەر بولماقچى؟

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققان چېغىم ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتاتتىم. شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «غۇنچىلار ساداسى» ناملىق مەخسۇس پىروگراممىا ئىشلىمەكچىكەن. ھەرقايسى مەكتەپلەردىن دەرستە ئىزچىل ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان باللاردىن بۇ پىروگراممىغا قاتنىشىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. مەكتەپتىن مېنىڭ قاتنىشىشىمنى بېكىتكەنلىكىنى ئۇقۇپ پىروگراممىا ئېلىنىدىغان كۈنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا باردىم. باشقا مەكتەپلەردىن كەلگەن ناتونۇش بىر قاراردىكى ھەم بىزدىن تۆۋەن يىللىقلاردىن بولۇپ يىگىرمىدىن ئارتۇق باللا يىغىلغانىكەن. بىر توپ قىزلاردىن سەل نېرىراقتا تۇرغان بىر قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۈچىسىغا يېشىل رەڭلىك مايكا ۋە قارا ئىشتان كىيىۋالغان بۇ قىز بەس - بەستە پاراڭ قىلىشىۋاتقان قىزلار توپىغا ئارىلاشماي نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ چوڭ زالىنىڭ تاملىرىدىكى نەقىشلەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى. پاھ... قىزنىڭ يانتۇ تۇرغان ھالىتى بەئەينى داڭلىق رەسسامنىڭ قولىدا

سىزىلغان نادىر سۈرەتكە ئوخشايتتى. سارغۇچ چاچلار گەرچە ئارقىسىغا چىڭ تارتىپ بوغۇۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق كەينىدىكى بوغۇلغان ئۇچىدىن بۇژغۇن - بۇژغۇن هالىتى بۇ چاچلارنىڭ دولقۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئاپپاق، سۈپسۈزۈك يۈزى مەرمەردەك پارقىراپ تۇراتتى. نېپىز لەۋلىرى ئۈستىدىكى ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى، قارلىغاچ قانىتىدەك ئارقىسىغا ئىنچىكە بولۇپ سوزۇلغان قاشلار ئاستىدىكى كۆزلىرى شۇ قەدەر جەلىپ قىلارلىق ئىدى. شۇ ئارىدا قىز ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ قالغاندەك بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ ماڭا لاپپىدە قارىدى. شۇ چاغدىلا قىزنىڭ قوي كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان قوڭۇر كىرپىكلىرىدىن بىر ئوق ئۇچۇپ كېلىپ يۈرىكىمگە قادالغاندەك بولۇپ پۈتۈن جىسمىم تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ سۇ يۇتسا كۆرۈنگۈدەك سۈزۈك ۋە ئىنچىكە بويۇنلىرىدىكى كۆپكۆك تومۇرلىرىغىچە دىققەت قىلىپ قارىغانلىقىمنى سېزىپ قالغاندەك خىجىللىقتا قالدىم - دە، ئىتتىك نەزىرىمنى يۆتكىدىم.

رىياسەتچى قىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورىغان سوئاللىرىدىن ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنىڭ پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. پاھ... نېمانچە ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ قويۇلغان ئىسىم بۇ! قىز سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋېتىپ نېمىشقىدۇر مەن تەرەپكە كۆز تاشلىدى. بۇ كۆز تاشلاش بىلەن پۈتۈن جىسمىمدا يەنە بىر قېتىملىق چېقىن چاققان هالەت يۈز بەردى. بىز پەقەتلا سۆزلىشىپ باقمىغان بولساقمۇ، قىزنىڭ ئادەمنى سېھىرلىگۈچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سۆز

باشلىغاندىلا... ياق... بەلكىم سۆز باشلىماي تۇرۇپلا... مەن ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىنى يوشۇرۇن تاماشا قىلىۋاتقان چېغىمدىلا ئىشق ئوتى ئاتلىق بۇ قاراقچىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئامالىم يوق. ئۇھ... قىزنىڭ ئاۋازىدا شۇ قەدەر يېقىملىق سېھىر بار ئىدىكى، نېمىسىنى ئېيتاي... ياراتقۇچى ئىگەممۇ ھېچ يېرىدە تىرناقچىلىك ئېۋەن قويماي ياراتقان بۇ گۈزەل ۋۇجۇدقا ئاۋاز ئاتا قىلغاندىمۇ خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئاۋازنى ھەدىيە قىلغان چېغى... پەزىلەتنى شۇنداق دەپ تەسۋىرلەشكە تامامەن بولاتتى. راستىنىلا ئۇ ئادەمزات دۇنياسىغا خاتا كېلىپ قالغان ھۆر ـ پەرىلەردەك شۇ قەدەر جىلۋىلىك، شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر مەپتۇن قىلارلىق ئىدىكى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن «پەزىلەت» ئىسىملىك بۇ قىزغا غايىۋى ھالدا باغلىنىپ قالدىم.

※ ※ ※

ئاپام ـ دادام‌لارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولمىش تېببىي ئىنستىتۇتقا ئۆتكەنلىكىمدىن ھەممىسىلا شۇ قەدەر خۇش ئىدى، مەنمۇ ھەم شۇنداق. كىچىكىمدىن دادام ۋە ئاپامنىڭ كېسەل ئازابىدىن ئىڭرىغان، ھاياتلىققا قاراپ ئىلتىجا بىلەن سوزۇلغان قوللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ چېھرىگە كۈلكە جىلۋىسىنى يۇگۈرتۈش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، گاھىدا كۈنلەپ ئېغىزىغا تاماق ئالماي جاپالىق ئىشلەپ يۈرىدىغان ھالىتىنىڭ نەتىجىسى

بولمىش كېسەللەرنىڭ مىننەتدارلىق بىلەن، ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كوچا ـ كويلاردا بولسۇن، دوختۇرخانىدا بولسۇن ئىلتىپات قىلىشلىرىنى تولا كۆرۈپ چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن؛ دادام ـ ئاپامنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كېسەللەرنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىدىن سىرت، يەنە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا تەھلىل قىلىشىپ، ئامال بار ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەم ئەڭ ئىقتىساد ئاز كېتىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش ھەققىدە سۆزلىشىدىغان، مۇنازىرىلىشىدىغان، پىكىرلىشىدىغان سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ قۇلىقىم پىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، مەنمۇ بۇ دوختۇرلۇق خىزمىتىگە ئالاھىدە بىر خىل ھەۋەس قىلىپ چوڭ بولغانىدىم. شۇڭا بىرىنچى ئارزۇيۇمنىمۇ شۇنداق تولدۇرغان. دېگەندەك، تاللىغان مەكتەپ، تاللىغان كەسىپتىن چاقىرىقنامە كېلىپ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بەكمۇ خۇشال بولۇشتۇق...

مەكتەپكە مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئۆيدىكىلەرگە قىيماسلىق تۇيغۇلىرىمغا قوشۇلۇپ يەنە كىملەرگىدۇر تارتىشىپ يۈرىكىم ئېچىشتى. كۆز ئالدىمدا چاچلىرىنى كەينىگە چىڭ تارتىپ بوغۇۋالغان، سۈپسۈزۈك، ئاپپاق يۈزلىرى مەرمەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان، يوغان قوي كۆزلىرىنى ئۇراپ تۇرغان قوڭۇر كىرپىكلەردىن ھەربىر قاراشتا مىڭ ئۇقيا ئېتىلىدىغان بىر گۈزەل قىز ماڭا ھەمراھ بولغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ سېھىرلىك ئاۋازى بىلەن «مېنى كۈتۈڭ» دەپ بوش شىۋىرلايتتى. بۇ قىز مەن بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا تېلېۋىزىيە پروگراممىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان چاغدا مېنى كۆرۈنمەس يىپ بىلەن باغلىۋالغان قىز ـــ پەزىلەت ئىدى...

ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇ قىزنىڭ مەكتىپىگە بىر ئىشلار بىلەن باردىم، ھەتتا مەلۇم باھانىلەر بىلەن مەھەللىسىنىمۇ بىلىۋېلىپ ئۇلار بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان ئاغىنەمنى ئىزدەپ باردىم. بىر قېتىم مەكتەپتىن قايتقاندا يىراقتىن غىل ـ پاللا كۆردۈم، يېقىنلىشىپ بېرىپ پاراڭ قىلىشقا مەندە نەدىمۇ جۈرئەت بولسۇن؟

مۇھەببەت كىشىنى نىمە ئويلارغا سالمايدۇ... ئۇنى ئوقۇشقا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى شۇنچە ئارمان قىلاتتىم ـ يۇ، بىراق ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ قورۇسىغا بېرىپ ئاغىنە باللار ئارقىلىق چاقىرىپ چىقىپ كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ بېقىشقا ھەرگىزمۇ قۇربۇم يەتمەيتتى.

يۈرىكىمگە ئوتلۇق ۋە گۈزەل بىر ئارماننى قاچىلىغىنىمچە كېتىپ قالدىم. مېنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئارىسىدىن شۇ سىپايە، گۈزەل ۋۇجۇدنى توساتتىن ئۇچرىتىپ قېلىشنى شۇنچىلىك ئارمان قىلاتتىم...

※ ※ ※

كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپ مەنمۇ مەكتەپكە، شۇنداقلا ئۈرۈمچىگە كۆنۈپ قالدىم. سىنىپىمىزدىكى قىزلار ياكى ئوغۇللار بولسۇن، ھەممىسى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمەن. مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىنىمدەك ئۇلارمۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ

ئىچىدىكى مەھبۇبە ئىسىملىك قىزنىڭ ماڭا قارىتا بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىشلىرىدىن سەل گۇمانىمۇ قىلىپ قالدىم. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ قىز مەندىن نېمىلەرنىدۇر سورىغان بولۇپ قېشىمغا كېلىپ قىزىرىپ تۇرۇپ كېپىنى تاپالماي ھەم ئەتتەي گەپنى ئۇزارتىپ ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلاتتى. باشتا بۇ كۆزۈمگىمۇ چېلىقىپ كەتمەپتۇ، ئەمما بارا ـ بارا بۇ خىل ئىشلار كۆپەيگەندىن كېيىن ھېس قىلىپ قالدىم، يېنىمدا ئولتۇرىدىغان تۇرسۇنمۇ بۇنى ھېس قىلىپتۇ. ئۇ پارتىدىشىمنىڭ قىزلارغا بولغان ھۆرمىتى بەك كۈچلۈك بولغاچقىمىكىن ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ماڭا دەپمۇ قويماستىن مەھبۇبە بىلەن ئىككىسى ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھبۇبە تەبىئىي ھالدىلا سىنىپ بويىچە مەن بىلەن ئەڭ يېقىن قىزغا ئايلاندى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تۇيۇقسىز باشلاندى ھەم شۇنداق تېز تەرەققىي قىلدى.

يېڭى يىل ئولتۇرۇشى... سىنىپىمىزدىكى باللار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپكە يېقىن ئەتراپتىن بىر تانسىخانىنىڭ بىر كېچىلىكىنى كۆتۈرە ئېلىپ سىنىپتىكى قىز ـ ئوغۇللار، شۇنداقلا جۈپتى بارلار جۈپلىرىنى ئېلىپ كەلسە بولىدىغان ئىختىيارلىق بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ئولتۇرۇشىنى ئۆتكۈزدۇق.

قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ كېتىشكەنىدى. توزدەك ياسانغان قىزلار ئىچىدە ئەڭ دىققىتىمنى تارتقىنى يەنىلا مەھبۇبە ئىدى. قايسى كۈنى ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇ: «ئەزىمەت، سىز قايسى رەڭنى ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىدى، «ئاق رەڭنى» دەپ تەييارلىقسىزلا شۇنداق دېگەنىدىم. ئاق

رەڭگە قاچانلاردا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىم ئېسىمدە يوق، ئىنچىكىلەپ ئويلاپ باقسام پەرىلەتنىڭ ئاپپاق، سۈپسۈزۈك، مەر مەردەك چېھرىنى كۆرگەندىن باشلاپ بۇ ئاق رەڭگە باشقىچە ھەۋەس قىلىدىغان، مومام تۇركىيەدىن ئەۋەتكەن ئاپپاق تەنھەرىكەت كىيىمىمنى ئاسراپ تۇرۇپ تولىراق كىيىۋالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىممۇ راست ئىدى. بۈگۈن مەھبۇبە ئاپپاق ئۆزە ياقىلىق مايكا بىلەن شۇنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇپ تىزىدىن ئازراقلا چۈشۈپ تۇرىدىغان قارا يوپكا كىيىۋالغان ھەمدە چېچىنى ئېگىز قىلىپ تۈرمەللىۋالغان بولۇپ، باشقىچە جەزبىدار بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىن، پۈتۈن جىسمىدىن نامەلۇم خۇشاللىق تەپچىپ تۇرغان مۇنۇ قىز ماڭا قانداقتۇر تۇيغۇلار چاقنىغان كۆزلىرىنى تىكىپ پاراڭ قىلاتتى، قىزىرىپ كۈلەتتى.

تانسا باشلاندى. جىمىدە ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى يوق، قوپۇپ مەھبۇبەنى تانسىغا تارتتىم. قىز شۇ قەدەر خۇشال ھالەتتە ئورنىدىن قوپۇپ يېنىك پىرقىراپ ماڭا ماسلاشتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قول تانسا ئويناپتىمەن. مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ياتاقدىشىم پىرقەت مەندىن:

— ئاداش... مەھبۇبەنىڭ مۇھەببىتىنى بۈگۈن ۋىسال تاپقۇزىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېگەندە بولسا چۆچۈپ كەتتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ئۇنىڭدىن يېنىشلاپ سورىسام ئۇ مۆغەمبەرلىك بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— ۋاي - ۋۇي، ئەجەب قىز بالىدەك نازلاندىڭ، مەھبۇبەنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى

راستىنلا بىلمەمسەن ياكى ئەتەي بىلمەس بولۇۋالدىڭمۇ... قانداق گەپ بۇ؟... بۈگۈن سەنمۇ ئۇنىڭدىن باشقا قىزلارغا نەزىرىڭنى سالمايدىغانلىقىڭنى ئاشكارىلىدىڭغۇ مانا، — دېدى. شۇندىلا مەھبۇبەنىڭ بايا تانسا ئويناۋېتىپ:

— مەن بۈگۈن بەك خۇشال، ئەزىمەت، بۇنداق خۇشاللىق يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈنى بولدى، خۇدا بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى يىلدىمۇ مۇشۇنداق خۇشال بولۇپ ئۆتۈشكە نېسىپ بولسۇن!— دېگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. دېمەك، قىز مېنىڭ باشقا قىزلار بىلەن تونۇشۇپ كەتمىگەنلىكىملىك سەۋەبى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم تانسا ئوينىشىمنى ئۆزىگە بولغان مايىللىق دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئىختىيارسىز ئارامسىزلاندىم، بۇ قانداق گەپ؟

كۆز ئالدىمغا سۈپسۈزۈك، ئاپپاق يۈزلەرگە جايلاشقان، قوڭۇر كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان قوي كۆزلەر كەلدى. بۇ كۆزلەر مەندىن ئۈمىدسىزلىنىپ، كىرپىكلىرى ئارىسىغا سۈپسۈزۈك قەترىلەرنى يوشۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن جىممىدە بولدۇم، نە مەھبۇبەنى، نە باشقا قىزلارنى تانسىغا تارتمىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام مەھبۇبەنىڭ تەشۋىش ۋە رەنجىش ئارىلاشقان ھېسلاردا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ سورىقىغا ئۇچراپ قالاتتىم، لېكىن مەن پەرۋاسىز ھالەتكە قايتقانىدىم. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئەس - يادىمنى ئاشۇ قوڭۇر كىرپىكلەر ئورىغان قوي كۆزلەر ئىگىلىگەنىدى. بۇ كۆزلەرنىڭ ماڭا بېرىۋاتقىنى شۇ

قەدەر چىدىغۇسىز غەلىيانلىق تۇيغۇلارغا ئۇرالغان بىر تاتلىق ئازابى ئىدى.

......

بۈگۈن يېڭى يىللىق دەم ئېلىش ئىدى. ياتاقتىكى باللار بىلەن ئاخشامقى ھارغىنلىق سەۋەبىدىن تازا ئۇخلاپتىمىز. بىرچاغدا ئىشىك قوپال ئۇرۇلدى. ھېچكىمنىڭ قوپۇپ ئىشىكنى ئاچقۇسى كەلمەي غۇدۇرىشىپ يېتىۋەردى. ئورنۇم ئىشىك تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئىدى. ئاخىر قوپۇپ ئىشىكنى ئاچسام قوشنا ياتاقتىكى كامىل ئىسىملىك بالا:

ــ نېمانچە ئۇخلىشىسەن، گۆيلار...ــ دەپ قويۇپ ئاندىن،ــ سېنى تۆۋەندە چوقۇم چاقىرىپ قويۇڭ، دەپ بىر قىز بەكلا يالۋۇرۇپ كەتتى، شۇڭا چاقىرىشىم، ئاغىنە. تېزرەك چۈش،ــ دەپ كېتىپ قالدى. «مېنى چاقىرغان كىمدۇ ئەمدى، ۋاي ـ ۋۇي، دەم ئېلىشتىمۇ تۈزۈكرەك ئۇخلىغىلى قويمىغان» ئېرىنچەكلىك بىلەن كىيىملىرىمنى كىيىپ، يۈزلىرىمنى يۇيۇپ تۆۋەنگە چۈشتۇم. يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ قار يېغىۋېتىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا چىقسام ئۇستىباشلىرى ئاپپاق قار بولۇپ كەتكەن مەھبۇبە سوغۇقتا كۆكىرىپ كەتكەن ھالدا ياتاقتىن سەل نېرىدىكى بىر تۇپ دەرەخ تۈۋىدە تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ ئەتىگەندىلا مېنى چاقىرىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدىم ـ دە، قېشىغا باردىم.

ــ نېمە بولدى، ئەتىگەندىلا چاقىرىپ قاپسىزغۇ؟

ــ ئەتىگەنمىش تېخى، سائەتكە قاراپ بېقىڭە، شۇ تاپتا سائەت قانچە بولدىكىن؟

ــ بۈگۈن دەم ئېلىش بولغاندىن كېيىن باشقا كۈنگە

نىسبەتەن ئەتىگەن ئىدى،ــ راستىنلا نارازىلىق بىلەن سۆزلىدىم.

ــ رەنجىمەڭ ـ ھە... ئاخشام بىرىشكە پەقەت ئىمكان بولمىدى، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

قىز ئارقىسىغا قىلىۋالغان قوللىرىدىن چىرايلىق ئورالغان بىر نەرسىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

ــ نېمە بۇ؟

ــ ئاچسىڭىز بىلىسىز.

ــ نېمىشقا بۇنداق ئاۋارە بولىسىز؟

ــ يېڭى يىلدا يېقىن دوستلار ئارا بىرەر سوۋغا بېرىش بولىدىغان ئىشقۇ؟ــ مەھبۇبە مېنىڭ ئۇزۇك ھەم تومتاق گەپلىرىمدىن سەل رەنجىدى بولغاي، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قېيىداش ئىلكىدە شۇنداق دېدى.

ــ رەھمەت ئەمىسە... مەن كىرىپ كېتەي، قاراڭ، نېپىز پوپايكا بىلەنلا چىققاندىم، مۇزلاپ كەتتىم،ــ شۇنداق دېدىم ـ دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم. قىزغا قوپاللىق قىلىپ قويغانلىقىمنى سېزىپ تۇراتتىم، شۇنداقتىمۇ مەندە ئامال يوق. ئاخشامقى ئاغىنەمنىڭ ئېيتقان گەپلىرى ۋە قىزنىڭ ماڭا قىلغان ئالاھىدە يېقىنچىلىقلىرىدىن ئەمدى مەھبۇبەگە ئارتۇقچە يېقىنچىلىق قىلىشىمنىڭ ، قىزنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ، قىزنىڭ يۈرىكىگە ساقايتقىلى بولمايدىغان بىر يارا قالدۇرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش تېخى ئاشكارىلانمىغان ۋە تەرەققىي قىلمىغان ۋاقىتتا بۇ ئىشنى يىغىشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ياتاققا قايتىپ كىرىپ تېخىچە ئىسسىق

ئورۇندا ياتقان باللارغا قاراپ يەنە قايتىدىن يوتقىنىمغا ئۆزۈمنى ئاتقان بولساممۇ ئۇيقۇم پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتتى. ئۇخلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاستا مەھبۇبە بەرگەن نەپىس ئورالغان بولاقنى ئاچتىم. ئېچىشىم بىلەن يۈرەك شەكىللىك قاپ ئىچىدىن سۇپسۇزۇك ئەينەكى ئىچىگە خەنزۇچە «سېنى سۆيىمەن» دېگەن خەت يېزىلغان چىرايلىققىنە بىر قول سائىتى چىقتى. پەرەز قىلىنغان ئىش ئاخىر يۈز بەرگەنىدى. ئارامسىزلىق بىلەن سائەتنى ئېلىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدۇم. نېمە قىلىپ قويدۇم؟ ئەسلىي قىزنىڭ سوۋغىسىنى ئالمىغان بولسام توغرا بولاتتى. بىراق، مەن نەدىن بىلەي بۇ سوۋغاتنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىياتنىڭ ئىزھارى بولۇشىنى...

خىياللىرىم قاناتلىنىپ ئاشۇ مەن پەقەت بىرلا قېتىم يېقىندىن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان مەرۋايىتتەك يالتىراق چېھرىنىڭ ئىگىسىگە قاراپ ئۇچتى. ئۇ قىزنى ئەسكە ئېلىشىم بىلەن تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا شۇ قەدەر تاتلىق بىھوش قىلغۇچى سېزىم تارقالدىكىن... نېمىسىنى ئېيتاي...

يوشۇرۇن كۆيۈپ قېلىشنىڭ ئازابلىق لەززىتى مۇشۇمىكىنە؟

......

تەتىل بولۇپ قايتىپ كەلدۇق. ئۆزۈمچە غۇلجىغا كەلسەملا خۇددى مېنى يوشۇرۇن ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئاشۇ قىزنى كۆرىدىغاندەكلا... ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كېچىلىرى تۇيدۇرماي خىياللىرىمنى يىراقلارغا ئەپقاچىدىغان بۇ مەپتۇنلۇقنىڭ سىرى يېشىلىدىغاندەكلا... ئىلاھىم... شۇنداق كۆڭلەر كېلىپ قالسا «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش» نىڭ نەقەدەر تاتلىق،

نەقەدەر سېھىرلىك، نەقەدەر شېرىن ئازاب ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىمەن.

※ ※ ※

ئۆيدىكى چوڭلاردىن سەل سىقىلدىم. بۇ كۈنلەردە تۈركىيەدىكى مومامنىڭ تېلېفونلىرى كۆپىيىپ قالغان بولۇپ، ھە دېسىلا ئاپامنى تۈركىيەگە كېلىشكە زورلايتتى. ئاپام بىچارە يۈرتىغا، تۇرغۇن نەرسىلەرگە قىيالماسلىقلار ئىچىدە ئازابلىناتتى. تۇرۇپ مومامغا ئىچىم ئاغرىسا، تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلەتتى. بۇ يەردىكى قىزنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغان، ئەمدىلىكتە پەرزەنت ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان ئۇ مومايىنىڭ تېلېفوندىكى زارلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ئاپامنىڭ بىر كۈنلىرى ئاشۇ زارلارغا ۋە ئاپىسىغا بولغان پەرزەنتلىك ئوتىغا چىدالماستىن بىزنى ئېلىپ ياكى بىز ئۇنىمىساق بىزنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم. ئۇ چاغدا...

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىردىنلا كۆز ئالدىمغا قاشتېشىدەك سۈزۈك چېھىر بىرلە قوڭۇر كىرپىكلەر سايە تاشلىغان يوغان قوي كۆزلەر كېلىدۇ...

※ ※ ※

بۈگۈن ئاغىنەم ئەركىنلەرنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئالدىمدىن خىيالچان ھالەتتە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىزغا

قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. قىز ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، بىپەرۋا ھالەتتە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتكەندى.

ــ ئاداش، نېمانداق ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟

ئۇنىڭ مېنى تۇرتۇشلىرىنىمۇ سەزمەپتىمەن. پەقەت كۆز ئالدىمدىن بارغانسېرى ئۇزاقلاپ ئالدىمىزدىكى بىنانىڭ دالدىسىغا كىرىپ كەتكەن ئاشۇ مەپتۇنكار ۋۇجۇدقا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپلا قاپتىمەن.

ــ ھوي ـ ھوي... بۇنداق سەۋدالىقنى كۆرمەپتىكەنمەن دېسە... بىزنىڭ قورۇنىڭ قىزلىرى ئاللىبۇرۇنلا ئەقىل ـ ھوشۇڭغا يىپ سالغانمۇ ـ يە؟

ــ ئاداش، ئۇ قىزنى تونۇمسەن؟

ــ قايسى قىزنى... ھە ئاۋۇ بىزنىڭ پەزىلەتنى دەمسەن؟

ــ نېمە... بىزنىڭ پەزىلەت؟...

ــ ھەئە... ئۇ دېگەن بىزنىڭ پەزىلەت جۇمۇ...

ــ راستىما؟

ــ راست بولمايچۇ،ــ ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلدى. لاسىدە بولۇپ بوشىشىپ كەتتىم. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا غۇۋا بىر چۈشتەك ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ياشىغان ئۇ قىزنىڭ توساتتىنلا ئىگىسى بار ئىكەنلىكىنى بىلىش خۇددى كالتەك بىلەن كاللامغا بىرنى قويۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندەك بىلىندى.

ــ ئۇ قىز دېگەن بۇ قورۇنىڭ گۈلى دېگىنە... مەنلا ئەمەس، ئاپام ـ دادامىلارمۇ بەك ئامراق ئۇ قىزغا... ئۆزىمۇ شۇنچە چىرايلىق ھەم شۇنچە ئەدەپلىك، سىلىق ـ

سىپايە... ھەممە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى، ياخشى كۆرۈشىنى قوزغايدۇ.

— ھە...

ئەسلىدە ئۇ توغرۇلۇق ھەرقانداق گەپنى ئاڭلاشقا دىڭ تۇرىدىغان قۇلاقلىرىمغا ئۇنىڭ گەپلىرى كىرمەي روھىم چىقىپ سۇلتىيىپلا قالدىم.

— سەن پەزىلەتنى قانداق تونۇيسەن؟ تونۇمىسەن ياكى ھازىر كۆرۈپلا ئەقلىڭدىن ئېزىشتىڭمۇ؟

— ياق، تونۇيمەن، پەقەت سىرتتىنلا...

— قاچاندىن بېرى؟

— ھېلىقى يىلى تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىغا قاتناشقان ۋاقىتتا ئۇ قىزمۇ قاتنىشىپتىكەن.

— ھە راست، بىر چاغدا شۇنداق پىروگراممىا ئىشلەنگەن ـ ھە؟ ئاپام ـ دادامىلار پەزىلەتنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ماختاپ سۆزلەپ ھالى قالمىغانىدى.

— شۇنداقمۇ؟

ئەمدى ئارتۇقچە پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا پەقەتلا رەغبىتىم قالمىدى. كەتمەكچى بولدۇم، ئۇ ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ مېنى كۆزىتىپ تۇراتتى، بىردىنلا قاتتىق قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھا ـ ھا ـ ھا...

ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇددى ھازىرقى ئۇمىدسىزلىنىشىمگە قارىتا ئوقۇلۇۋاتقان مەسخىرە ناخشىسىدەك بىلىندى، بىردىنلا تېرىكتىم.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ مەندىن بالدۇر مۇھەببەتلىشىپ كەتكىنىڭگە خۇشلۇقۇڭ ئىچىڭگە سىغماي قېلىۋاتامدۇ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا... ئەزىمەت، سەن يەنىلا كىچىك

بالىدەك جۇمۇ... قارا، خۇيلىنىشلىرىڭنى... دېمىدىمىمۇ، يەنىلا بىر تال بالا بولۇپ بەك ئەركە ئۆگىنىپ قالغانلىقىنىڭ نىشانى بار سەندە.

ــ مەن نەدە بۇ يەردە ساڭا ئەركە ـ تايتاڭلىق قىپتىمەن؟ــ ئەمدى راستتىنلا ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنىڭغا ھۆرپەيدىم.

ــ ئاداش،ــ ئۇ كۆلكىدىن توختاپ جىددىي ھالدا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قولىنى مۈرەمگە قويدى،ــ بىز قىيامەتلىك ئاغىنىلەر، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ خۇشاللىقىم. ھازىرقى ئەپتىڭگە بىر قارىغىنە... بىردەمنىڭ ئىچىدىلا گۆردىن قېزىۋالغاندەك تاتىرىپ رەڭگىڭ قالمىدى. نېمىشقا بۇرۇنراق بۇ گەپلەرنى دېمەيسەن؟ ئۇ تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىغا قاتنىشىش دېگەن قاچانقى ئىش، شۇ نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ئىشلارنى ئىچىڭگە سولاپ يوشۇرۇپ كەلگەن بولساڭ ھەقىقەتەن ئىچىڭ بەكمۇ چىڭكەن سېنىڭ.

ــ ئۇ چاغدا بىز تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرساق...

ــ ئۇغۇ شۇ... شۇنداقتىمۇ شەپە بېرىپ قويۇشۇڭ كېرەكتە... قارا، ئاغىنە تۇرۇپ قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭنى... ساڭا دېسەمچۇ قارا، پەزىلەتتەك بۇنداق ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن قىزلار پەقەت ساڭا ئوخشاش ئېسىل ئاغىنەمگىلا ماس كېلىدۇ.

ــ ئەمىسە ھازىر...

ــ ھا ـ ھا... مەن چىرايىڭغا قاراپ يالغاندىن بىر نېمىلەرنى توقۇپ دەپ قويسام راست دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ بۇنداق بەخت ماڭا قەيەردە قاراپ تۇرۇپتۇ. پەزىلەت ھازىر مۇھەببەتلىشىش ئەمەس، بەلكى بىرەر

ئوغۇل بالا بىلەن تۇزۇككىنە پاراڭلىشىپمۇ قويمايدۇ. ئۇ قىز بىزنىڭ قورۇدىكى بەزىبىر قىزلاردىن بەكلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چىرايىغا يارىشا ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە دەرستە تىرىشچان، ئىشقىلىپ بەكلا ئېسىل. ئەگەردە راستتىنلا پەزىلەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ مەن سېنى قوللايمەن، ئاغىنە. سەن بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە ماس كېلىدىغان ئۇنىڭدىنمۇ باشقا يەنە بىر قىزنى تاپالمايسەن جۇمۇ.

ئىچىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. خۇشلۇقتىن پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغۇم كەلدى. پەزىلەت ۋە ئائىلىسى توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدىم.

تەتىلىم مۇشۇ ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە تولا قاتراش بىلەن ئۆتتى، بىراق كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە مەن قىزنى شۇ بىر قېتىمدىن باشقا ۋاقىتلاردا پەقەتلا قورۇ ئىچىدە ئۇچرىتالمىدىم.

مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. مەھبۇبەنىڭ شەيدالىقى ئەۋجىگە چىققاندى. مەكتەپكە مېڭىشىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ مەھەللىگە قايرىلىدىغان يولنىڭ ئوڭ تەرەپ قاسنىقىغا جايلاشقان مەھەللىدىكى ئاپاملار بىلەن تونۇش ئايشەم ھەدەم كىرىپتۇ. قىزى بىزنىڭ مەكتەپكە مەندىن بىر يىل ئاۋۋال كەلگەنىدى. گەرچە مەندىن بىر يىللىق يۇقىرى ئوقۇسىمۇ، بىراق قىز بالا بولغىنى ئۈچۈن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، مېنىڭ ياخشىراق كۆز ـ قۇلاق بولۇپ مەكتەپتە كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، «ماقۇل» دېدىم ھەم ھاۋالە بىلەن ئىككى بىلەت ئېلىپ پەرىدە ئىسىملىك بۇ قىز بىللە كەلدىم. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئايشەم ھەدەمنىڭ سۆزى بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇ قىزنى ئىزدەپ قويدۇم. دەم ئېلىش

كۆڭۈللىرىدە بىرنەچچە قېتىم تاماقىقا بىللە ئېلىپ چىقتىم.

بۈگۈن بەكلا سەت بىر ئىشنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئاچچىقىم كەلدى. مەھبۇبە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، مەيلى سىنىپتىكى بولسۇن، مەيلى باشقا سىنىپلاردىكى بولسۇن، مەن بىلەن پاراڭلاشقان، مەن بىلەن ئالاقىسى بارلىكى قىزلارغا نەشتىرىنى تىقىپ ئۇنداق - بۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى مەن بىلەن ئىككىنچى ئالاقە قىلىشتىن توسۇيتتى، ئىچىم سىقىلىپ ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلسام يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلاتتى، ئاندىن مەندىن كەچۈرۈم سوراپ ھەممىسىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدىن بولۇۋاتقان ئەسەبىيلىك ئىكەنلىكىنى، كۆڭلۈگە ئالماسلىقىمنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ پەزىلەتكە خىيالىي مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىمدىكى ئاچچىق - تاتلىق تۇيغۇلىرىمنى ئويلاپ ئۇنى كەچۈرەتتىم، يەنە ئۇنىڭ بۇنداق بىشەملىكىنىڭ ھامان نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىنى... مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى دەپ قىلىۋاتقان يۇمشاقلىقىمغا تېخىمۇ بەك ئاچچىقىم كېلەتتى. بۈگۈنمۇ دەل شۇنداق ئىش يۈز بەردى. مەكتەپ ئاشخانىسىدىن پەرىدە بىر دوستى بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقاندا مەھبۇبە ئۇنى قەستەن سوقۇۋېتىپتۇ. پەرىدەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ گەپ قىپتىكەن، مەھبۇبە شۇ ھامان ئۇنىڭغا تاشلىنىپ ئۇنى شۇنچە سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئۇنىڭ مەندىن يىراق تۇرۇشىنى، ئەگەر يىراق تۇرمايدىكەن، بۇنىڭدىنمۇ سەت ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ. بىچارە

قىز بۇ زەربىدىن يىغلاپ تۆكۈلۈپلا كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلدى. غەزەپ بىلەن قىزلار بىناسىغا بېرىپ مەھبۇبەنى چاقىرتتىم. ئۇ بىغەم ھالەتتە چۈشۈپلا مېنىڭ ئاچچىقتىن كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتتۇم ـ دە، سۆرىگىنىمچە ئۇنى ياتاق بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە باغچىغا ئېلىپ باردىم.

ــ مېنى قويۇۋەت، ساراڭ. قولۇم ئاغرىپ كەتتى.

غەزەپ بىلەن چىڭ قاماللىغان قوللىرىمدىن ئاران بوشانغان مەھبۇبە كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى.

ــ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، مەھبۇبە؟

ــ نېمە بولدى؟

ــ نېمە خىيالىڭىزغا كەلگەنچە ئىشلارنى قىلىسىز؟ مەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ھەرقانداق قىز بالىغا سىز چاڭ سالىدىغانغا مەن سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدىم... سىزنىڭ بۇنداق قىلىدىغان نېمە ھوقۇقىڭىز بار دەيمەن؟

ــ مەن...ــ مەھبۇبە كۆزلىرىدىن تامچە ـ تامچە ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ــ بۇنداق سەتلىشىشتىن نومۇس قىلمامسىز؟

ــ قارىسام ئۇ قىز ھە دېسىلا سېنى ئىزدەپ، ھە دېسىلا كېنىڭگە كىرىۋېلىپ، ياتىقىدىكى قىزلارغا تېخى ئۆيدىكىلىرىڭلارنىڭ «بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ تۇرساڭلارلا بارغاندىن كېيىن توينى قىلىمىز» دېگەن ئارزۇلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكلىرىنى دەپ يۈرۈپتۇ.

ــ مەن بىلەن؟ پەرىدە شۇنداق دەپتىما؟

ــ ھەئە...ــ مەھبۇبە مېنىڭ نارازىلىقىمنىڭ

پەردەگە يۆتكەلگەنلىكىدىن بىردىنلا جانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى،ــ ئىككىمىزلارنىڭ كەلگۈچە بىللە كەلگىنىمىزلارنى، ئۆزىگە بەكمۇ كۆيۈنۈپ كەلگەنلىكىمىزنى، يەنە شۇنىڭدىن كېيىن سىنىڭ پات ـ پات ئىزدەپ تاماقلارغا ئاچىقىپ يوشۇرۇن شەپە بىرىۋاتقانلىقلىرىڭنى داملاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ.

ــ ئىشنى قىلسۇنا... نىمانداق قىلىدۇ بۇ قىزلار... مەن پەقەت ئاپىسىنىڭ شۇنچە بويىنى سۆرەپ، قېشىمغا كىرىپ قاراپ قويۇشۇمنى، كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ تاماقلارغا ئاچىققان، قانداق دىگەن گەپ بۇ؟

ــ شۇ، مەنمۇ ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدىم. ئۇ قىزنىڭ سىنىڭ نامىڭنى داۋاملىق بۇلغاۋېرىشىگە چىدىماي شۇ...

ــ مىنىڭ نامىمنى قوغداش ئۈچۈن قىلدىم دەڭ... ھەي مەھبۇبە... ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بۇ ئەمەسقۇ... بۇ گەپلەرنى ماڭىلا دىيىشىڭىز، ئۇ قىزغا قالايمىقان گەپ قىلىپ يۈرمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ قويسىلا بولاتتى ئەمەسمۇ...

ــ مەن ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەقەت چىدىمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى ھەپتىدە سەن سانائەت ئىنستىتۇتىغا بارىمەن دەپ قويۇپ شۇ قىزنى بازارغا ئاچىقىپسەن،ــ مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەھبۇبەنىڭ ياشلىرىغا قاراپ قالدىم، «تۇۋا! مۇنۇ قىز مىنى نىمە قىل دەيدىغاندۇ؟ بۇ قىزغا كۆڭلۈم يوق ئىكەنلىكىنى قانچە قېتىم چۈشەندۇردۇم. بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىمىزگىمۇ تىخى ئەمدىلا بىر يىل بولدىغۇ... قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟»

ــ مەھبۇبە،ــ ئىمكان بار ئاۋازىمنى سىپايىرەك چىقىرىشقا تىرىشتىم،ــ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىراق سىزگە دېيىشكە ئېغىر كەلسىمۇ ئامالىم يوق، دېمىسەم سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمەن، مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭ، بۇنداق قىلماڭ، بولامدۇ؟

قىزنىڭ ياشلىرى يەنە ئېقىشقا باشلىدى. قاراپ تۇرۇپ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. قىز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ قالدى. مەن يەنە بىرمۇنچە گەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئارقامغا بۇرۇلۇپ باغچىدىن چىقىپ كەتتىم.

بۇ ئىش تۈپەيلى يەتكۈچە دىشۋارچىلىق تارتتىم، ھەممىدىن ئاچچىقىم كېلىدىغىنى شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ھەممىنىڭ نەزىرىدە مەھبۇبەنىڭ يىگىتى بولۇپ قالدىم. بىرنەچچە ۋاقىت مەھبۇبەگە ئاچچىقلىنىپ قارىمايمۇ يۈردۈم، بىراق گەپ قىلسامىمۇ، قىلمىسامىمۇ ئوخشاشلا سالجىدەك چاپلىشىش ۋە بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئامالسىزلىقىنى ئېيتىپ زارلىنىپ ياش تۆكۈپ بۇنىڭ يۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈشتىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تىنماي خەت يوللاشلار ئارقىسىدا ئامالسىز يەنىلا پاراڭلىشىپ ئۆتتۇق.

مەھبۇبە توغرۇلۇق بىرەر ۋەقە بولسىلا ياكى كەچلىرى ئۇ قىزنىڭ كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئەسلىسەملا ھامان يوغان چىرايلىق قوي كۆزلەر ماڭا مۆلدۈرلەپ تىكىلىپ تۇراتتى. گۇناھكاردەك ئۇ چىرايلىق كۆزلەرگە يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە تىك كەلگۈدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئازابلىناتتىم. مەن ئوقۇشقا كەلگىنىمگە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى يىل بولدى. بۇ جەرياندا مەن پەقەت ئۇنى يىراقتىن بىر ـ ئىككى

قېتىملا ئۇچراتتىم، لېكىن كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىد بار. ئۇنى چوقۇم ئۇچرىتىمەن، ئۇ هامان ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ. دائىم يىراقتىن بىر ئاۋاز بوش شىۋىرلاپ ماڭا مۇشۇنداق تەسەللى بېرەتتى. نېمىشقا شۇنچە ئىشەنچ قىلىدىغاندىمەن. خۇددى مەن بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا ئوخشاش يەنە كىملەر ئۇ قىزغا مەپتۇندۇ... هەتتا مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم بولمىش ئۇمۇ ئەگەردە مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىلمىگەن بولسا قىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن جان ـ جەهلى بىلەن قوغلىشىش خىيالىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىغۇ... يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سانسىزلىغان ئاشىقلاردىن بىرەرسىنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى غايىبانە باغلىۋالمىغانلىقىغا كىم كېپىل بولالايدۇ؟

بۇنداق خىياللاردىن يۈرىكىم ئاغرىيدۇ... بۇدا تەتىلدە چوقۇم ئۇنى تاپىمەن. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىنىمۇ بېرىپ بولىدۇ، تېخى ئوقۇشقا كەلمىگەن، تېخى دۇنيا بىلەن ئۇچراشمىغان مۇشۇنداق پەيت قىزنىڭ كۆڭلىنى باغلىۋېلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى. مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتمەكتە. هەممە كۈنلەرنى خاتىرەمگە يېزىپ ئولتۇرغۇم يوق. ياشلىق هېسسىياتىنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ، مۇهەببەت ئاتلىق بۇ ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشكەندىن كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ مەنىسى ئۆزگەردى، خۇددى پۈتۈن هاياتىم بىلەن شۇ قىزغا تەۋە بولۇپ كەتكەندەكلا. ئەسلىدە بۇنداق دېيىشىم نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە يات ئاڭلىنىشى مۇمكىن. بەلكىم قەلبىنى پەقەت قىزغا بولغان مۇهەببەتلا ئىگىلىۋالغان يىگىتنىڭ قولىدىن نېمىمۇ

كەلسۇن دېيىشى، مېنىڭ شۇ قەدەر شەخسىيەتچىلىكىمدىن نەپرەتلىنىشى مۇمكىن. بىراق، مەن بۇنداق قارىمايمەن. مەنچە قىزغا بولغان مۇھەببەت يەنىلا يىگىتلەر قەلبىدىكى نەپرەت، مۇھەببەت تۇيغۇسىنى، يىگىتلىك غۇرۇرى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە ئاساس بولالايدۇ. ھېچقانداق قىزغا مۇھەببەت قويالماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەغلۇبىيەت. بۇنداق كىشىلەر ئېغىزىدا ئانا ۋەتەنگە، ئاتا ـ ئانىسىغا، يۇرتىغا، خەلقىگە قانچىلىك چوڭقۇر ھېسلارنى بايان ئەيلەپ كۈچەپ سۆزلىگىنى بىلەن ئۇ پەقەتلا ئېغىزىدىكى گەپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرمەي مەڭگۈ ئېغىزىدا گۈزەل شوئار سۈپىتىدە يادلاپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىم مېنى بىر قىزغا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ قېلىش بىلەنلا قەلبىدە ئاتا ـ ئانىسىغا، يۇرتىغا، ۋەتىنىگە، مىللىتىگە مۇھەببىتى يوق دېيەلەيدۇ؟ مۇھەببەت ـــ مۇھەببەتكە مەڭگۈ ھامىلدار، مۇھەببەت ئۆز نۆۋىتىدە ھەممە ئورنىدىكى كۈچىنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتەلەيدۇ.

شۇنداق، كۆڭلۈمدە پەقەت پەزىلەتكە بولغان غايىبانە ئىنتىلىش بولغىنى ئۈچۈنلا تۇرمۇشۇمدىكى ئۇ يوق بولغان ۋاقىتلاردىكى بارچە بايانلارنى قىسقارتىپ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۈنلەر ۋە شۇ ۋاقىتلاردىكى ھېسلىرىمنىلا خاتىرەمگە پۈتمەكچىمەن.

ھەش ـ پەش دېگۈچە نۇرغۇن كۆڭۈللۈك ـ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى ئارقىغا تاشلاپ ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. دەرسلەرنىڭ سالمىقىمۇ ئاشقاندى. ئۆگىنىش بىلەن، ساۋاقداشلار ئارا ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىش، يېقىن ئاغىنىلەر ئارا سىردىشىش، ئائىلىدىكىلەرنى سېغىنىش دېگەندەك ھېس ـ تۇيغۇلار قاتلىرىغا يەنىلا شۇ غۇۋا بىر

ۋۇجۇدنى سىغدۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ يازلىق تەتىل ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە باردىم، بىراق ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. ئەركىندىن ئاڭلىشىمچە، پەزىلەت ئىمتىھان بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى كۈنى تۇيۇقسىز ئىمتىھان مەيداندا ئاغرىپ كېتىپ بىر پەندىن ئىمتىھان بېرەلمەپتۇ. كىچىكىدىن ئەلاچى ئوقۇپ كەلگەن بۇ قىزغا بۇ زەربە قانچىلىك ئېغىر كەلگەندۇ ـ ھە!

قىزغا بەكلا ئىچىم ئاغرىدى. ئاللادىن قىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىنى، مۆجىزە بىلەن كۆڭلىدە ئارمان قىلغان مەكتەپكە ئۆتۈشىنى چىن قەلبىمدىن تىلىدىم.

كېچە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارىسىدا يۈرۈپتىمەن. گۈللەر بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ۋە خۇش پۇراق ئىكەن. تۇيۇقسىز گۈللەر ئارىسىدىكى بەكلا چىرايلىق، پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بىر تۈپ گۈلنى كۆرۈپ قاپتىمەن. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شۇ گۈلنىڭ قېشىغا كېتىپ بارغۇدەكمەن. ماڭغانسېرى گۈلگە يېتەلمەيۋاتقۇدەكمەن، يېتەلمىگەنسېرى تىتىلداپ چوقۇم گۈلنىڭ قېشىغا بارالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ قەدەملىرىمنى تېز ئالغۇدەكمەن. شۇ بىر توپ گۈللەر ئىچىدە يۈرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغىنىپلا چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى گۈلنىڭ گۈزەللىكىنى ئېسىمدە قالدۇرۇۋالماقچى بولۇپ يەنە كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئۇزاق ياتتىم...

ئاخشامقى چۈشۈمنىڭ ئىلھامى بىلەن مەكتەپتىن كەلگەندىن بېرى قولۇمغا ئالمىغان، بولتۇر دادام

تۇغۇلغان كۇنۇمدە سوۋغا قىلغان ئاپپاراتىمنى ئېلىپ باغقا باردىم. ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ كۆزۈمگە گۈزەل كۆرۈنگەن مەنزىرىلەرنى ۋە گۈللەرنى رەسىمگە تارتتىم. بىرھازادىن كېيىن كېتىش ئۈچۈن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېتىپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم.

ياھ... مۆجىزە... راستتىنلا مۆجىزە...

كېچە كۆرگەن چۈشۈمدىكى گۈللەرنىڭ سەرخىلى، ئەڭ جەلپكار، نازۇك، خۇشبۇي گۈل ئۆزى بىلەن ھۆسن تالىشىشقا ئۇرۇنغان بىر توپ گۈلنىڭ قېشىدا ھېچقانداق بىر ئۇستا سەنئەتكار تىلەپمۇ تاپالمايدىغان بىر گۈزەل كۆرۈنۈشتە شۇ گۈلنى پۇرىغىنىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇراتتى.

ئاھ... مېنى نەچچە يىلدىن بېرى شېرىن ئىستەك، ئوتتەك ئارزۇ ئىچىدە قىيناپ كەلگەن مەر ـ مەردەك سۆزۈك، ئاپپاق چىھىر شۇنچە گۈزەل گۈللەرنىمۇ ھەسەتتە قالدۇرغۇدەك گۈزەللىكى بىلەن بارچە گۈللەرنى ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ خۇددى خىيالىي پەرىزاتلاردەك تۇراتتى. ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدىم، قوللىرىم بوينۇمغا ئېسىلغان ئاپپاراتقا سوزۇلدى. بۇ گۈزەللىك، بۇ ئېسىل مەنزىرىدىن چوقۇم بىر خاتىرە قېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ رېئاللىقتا ئەسلا ياراتقىلى بولمايدىغان، ھېسسىياتلىق سەنئەتكارلارمۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ خىيالىي چۈشەكەيدىغان بىر گۈزەل كۆرۈنۈش ئىدى.

ئاستا يېقىنلاشتىم ـ دە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن، سېھىرلەنگەن ھالدا ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستىم. «چاراس ـ چۇرۇس» قىلغان ئاۋازدىن قىز چۆچۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئاپپارات تۇتۇپ تۇرغان مېنى

كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى. ئاپپاق يۈزلىرىگە ۋىللىدە تېپىپ چىققان قىزىللىق خۇددى قۇياش زېمىنغا قىياسلىق بىلەن قالدۇرغان شەپەق نۇرلىرىدەك جۇلالىق ئىدى.

مەن كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئالدىراپ قىز تەرەپكە تېخىمۇ يېقىنلىدىم:

ــ كەچۈرۈڭ، مەن ئۆزۈمنى پەقەت تۇتالماي...

بۇ گەپتىن قىزنىڭ چىرايىغا تېخىمۇ بەك ئاچچىقلىنىش هېسلىرى تېپىپ چىقتى.

ــ بىراۋنىڭ رۇخسىتىسىز رەسىمگە تارتىشنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

ــ كەچۈرۈڭ، مەن شۇ... بۇ گۈزەللىك مېنى سېھىرلەپ قويغان ئوخشايدۇ. راست دەۋاتىمەن، بىر تۇپ گۈلنىڭ قېشىدا چىرايلىق ئەترگۈلدىنمۇ چىرايلىق بولغان بىر قىزنىڭ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇنى پۇراپ تۇرغان هالىتى... بۇ بىر گۈزەل سەنئەت، كۆرىمەن دەپمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بەك گۈزەل بولغان بىر پارچە رەسىم. شۇڭا مەن تارتىپ سايتىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، يۈيغۇزۈپ پەقەت ئۆزىڭىزگىلا بېرىمەن، يامان نىيىتىم يوق.

قىزنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ شۇنداق دېگىنىمچە گۇناھىمنى بوينۇمغا ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن كەچۈرۈم سورىدىم. ئۇھ، هەرهالدا قىز ئوڭلۇق ئىكەن. مەن قىزنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل، يېقىشلىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولغىنىمچە ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقىمنى، ئەينى يىلىدىكى تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىغا بىللە قاتناشقانلىقىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتۇم. ئويلىغىنىمدىنمۇ ئاسان بىر ـ بىرىمىز بىلەن چىقىشىپ قالدۇق. توۋا! ياراتقان ئىگەم ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىپ مېنى تۇنجى قەدەمدە قىز بىلەن مۇشۇ يەردە

ئۈچرىشىدىغانلىقىمغا شەپە سېزىپ، خۇداغا چەكسىز شۈكۈر ئېيتتىم... ئىچ - ئىچىمدىن خۇداغا چەكسىز شۈكۈر ئوقۇيتتۇم. قىزنىڭ ئاچچىقىمۇ مېنىڭ سەممىيلىك بىلەن قويغان ناماقۇللۇق كۈچى بىلەن تارقاپ، مەن بىلەن تارتىنىپ تۇرسىمۇ سەممىيلىك بىلەن پاراڭلاشتى. قىزنىڭ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى ھەم ئۈمىد بىلەن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرس كەسپىگە بولسىمۇ ئارزۇ تولدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇددى بىزنىڭ مەكتەپتىن ئۇقتۇرۇش قەغىزى كېلىشى مۇقىمدەك شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم... يوللىرىم ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىۋاتقاندەك، مۇشۇ كۆرۈشۈشىمىز بىلەن بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقىلىشىشىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمى باشلانغاندەك تۇيغۇلار مېنى شېرىن قۇچاقلىرىدا ھارماي ئەللەي قىلىۋاتاتتى.

ئېھ، تۇنجى ياخشى كۆرۈش... ئېھ، غۇبارسىز مۇھەببەت...

— بالام، چىرايىڭ ئەجەب ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا تېپىۋالغاندەك...

مانا بۇ ئاپامنىڭ مەن باغچىدا پەزىلەت بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۆيگە ئېغىزىمنى يۇمالمىغان ھالدا كىرگەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىمنىڭ يارقىن نۇرلىرى باغاشلىغان چېھرىمگە بولغان ھەيران قېلىشتا دېگەن گېپى.

شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. قىزنىڭ ئىمتىھاندا تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىشىدىن مەنمۇ بەك بىئارام بولسامىمۇ يەنىلا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرس سىنىپىنى ئارزۇسىغا يېزىپ قويغانلىقىدىن بەكلا خۇش ئىدىم. تۇنجى قېتىم قىزنى شۇنچە يېقىن

ئارىلىقتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازى، ھەربىر گەپنى خۇددى ئۇزاق ئويلىنىپ دېيدىغاندەك تولىمۇ ئاستا سوزۇپ سۆزلەيدىغان تەلەپپۇزىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغانىدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغان دەقىقىلەردە قىزنىڭ ۋىللىدە قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئەپقېچىشلىرى، گەپ قىلغاندا بېشىنى ئېگىپ، يەرگە بېقىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى، يېڭىكىدە كۈلۈشلىرى... پۈتۈن ھەربىكەتلىرى چىرايىدىكى گۈزەللىكنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى. قىز مېنىڭ ئەسلىدىكى خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغىنىدىنمۇ بەك ئوماق، جەلپكار ئىدى. قايسى تىل بىلەن تەسۋىرلەي... ھەربىر قىلىقلىرىغا ئىچىم كۆيۈپ ئۇنىڭغا بولغان مەپتۇنكارلىقىم تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

ياراتقان ئىگەمدىن بۇ قىز بىلەن تونجى ئۇچراشقاندىن كېيىنكى قەدەملىرىمنىڭ نۇسرىتىنى تىلەيمەن!

※ ※ ※

تەتىل ۋاقتىمىز توشۇپ قالدى. بۇ قېتىم تېخىمۇ خۇشال ھالدا مەكتەپكە ئالدىرىدىم. چۈنكى، ئەركىنىدىن پەرىلەتنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتقا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بىراق ئامالسىزمەن، قىزغا يۈرەكلىك ھالدا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىش تەكلىپىنى قويۇشقا راستىنلا جۈرئەتسىز ئىدىم. قىزنىڭ شۇ قەدەر جەلپكار تۇرقىغا يارىشا پۈتۈن جىسمىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھايا پەردىسىگە ئورالغان تۇرقىنىڭ ئۆزىلا قىزنىڭ ئالدىراپلا

بۇنداق تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى ماڭا بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

كۆتەي، قىزنىڭ بىزنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان بولغانلىقى ۋە خۇدايىمنىڭ ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىۋاتقانلىقىغا. مىڭ شۈكۈر.

ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللى ۋە تاقەت - چىدام تىلەپ مەكتىپىمگە يېتىپ كەلدىم. كەلگەن كۈنۈملا يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ سورۇشتۇردۇم، ئۇ تېخى كەلمىگەنىدى. كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بىزمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، شۇنداقلا مەھبۇبەنىڭ نەزىرىنىڭ بۇ نازۇك قىزغا چۈشۈپ قېلىپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى باشقا قىزلارغا قىلغان تەلۋىلىكىنى بۇ قىزغىمۇ قىلىپ قويماسلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەل دىققەت قىلمىسام بولمايتتى.

مەھبۇبەگە ئىزچىل تۇردە كۆڭلۈمدە ياخشى كۆرىدىغان قىز بارلىقىنى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىمەن.

يىگىتلەرنى مۇھەببەت ئوتىغا مۇپتىلا بولغاندا تەلۋىلىشىدۇ دەيمىز. مېنىڭچە، قىزلار بۇ جەھەتتە ئوغۇللاردىن ئېشىپ چۈشىمدىكەن دەپ قالىمەن. مەھبۇبەنىڭ شۇ قەدەر يېپپىشىۋېلىشى ۋە قىلىپ يۈرگەن نامۇۋاپىق ئىشلىرى مېنى ھەقىقەتەن چارچىتىۋەتكەنىدى. توۋا دەيمەن، مۇھەببەت خۇددى بىراۋغا ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتەك ماڭا تەربىيە قىلغۇچىلار، مەھبۇبەنىڭ قىساسىغا قالماسلىقىم توغرۇلۇق ۋەز ئېيتقۇچىلار شۇ قەدەر كۆپ... ئۇلار بار خىيالى بىلەن مەھبۇبەنىڭلا كۆڭلىنى ئويلايتتى.

ئەپسۇسكى، بىر ئەرسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم بىلەن، مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن ھېسابلىشىپ قويمايتتى. مانا مۇشۇنداق مۇھەببەتكە نىسبەتەن پەقەت توغرا كەلگەن ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلسا بولىدۇ دەيدىغانلار، ماڭا تۇگىمەس ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتقۇچىلار ھەم مەھبۇبەنىڭ سەۋدايىلىقتا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان قاراملىقى سىڭگەن مۇھەببەتلىك تەلپىيى مېنى شۇ قەدەر چارچاتتىكىن... ئۇھ... نېمىسىنى ئېيتاي...

سىقىلغان، تىرىككەن، ئاچچىقلانغان ۋاقىتلاردا قوڭۇر كىرپىكلەر چوڭ قوي كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان ئاشۇ نازۇك قىزنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى، ئىسسىق ئالىقانلىرى ئارىسىغا چىڭقالغان بېشىمنى ئېلىپ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ بىر ئېغىز بولسىمۇ كىشىنى سېھىرلىگۈچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پاراڭ قىلىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىپ كېتەتتىم. گەرچە بۇ تولىمۇ يىراقتىكى بىر ئىشلار بولسىمۇ، ئۇنى ئويلاش بىلەن ۋۇجۇدۇمغا تارقالغان، مەستخۇش ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە چىڭقالغان نېرۋىلىرىم ئارام تېپىپ ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

مانا بۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى.

※ ※ ※

بۈگۈن شەنبە، تۈنۈگۈن مەھبۇبە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ كېلەيلى دەپ زورلىغاندى، مەن ئۇنىمىدىم، ئاخىرى ئۆزى كەتتى. مەھبۇبەدىن قۇتۇلغان بۇ شەنبە كۈنىدە مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق پىلانىم بار ئىدى. قايسى كۈنى يىراقتىن غىل ـ پال قىلىپ ئۇنى

كۆردۇم. يېڭى ياتاقداش، سىنىپداشلىرى بىلەن كېتىۋاتاتتى. بىر توپ قىزلار ئىچىدە بىر خىل ئۆزگىچە لاتاپەت بىلەن ئاستا قەدەم تاشلاشلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر گۈزەل سەنئەت دېسە... مىخلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچ، مېنى كۆرۈشى، ماڭا سەپسېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، مەن بۇ يوشۇرۇن كۆيۈشنىڭ سەۋداسىغا شۇ قەدەر چۆككەن ئىدىمكى، مىڭ كىشىنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ ئۇنىڭ جەزىبدار تۇرقى، ئاستاغىنە قەدەم ئېلىشلىرىنى چوقۇم تونۇۋالالايتتىم. ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ ئۇلار كۆزدىن يىتكەندىن كېيىنلا يۈرىكىمدىن تومۇرلىرىمغا تارىغان شېرىن بىر تۇيغۇنىڭ لەززىتىنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇۋاتقاندەك بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ياتاققا قايتىپ كىردىم.

بۇگۈن چوقۇم دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن مەلۇم بىر ئاساس هازىرلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ياتاق بىناسىغا يېتىپ باراي دېگەن يەردىكى يول دوقمۇشىغا كەلگەندە شۇنداق قارىسام ئۇ ياتاق بىناسىدىن چىقىپ بۇكىمدە دەرەخلىك تەرەپكە قاراپ قايرىلىپ كېتىۋاتقانىدى.

— پەرىلەت!— دەپ توۋلىدىم. ئېغىزىم گەپكە كەلمەيتتى. نېمە دېيىشىمنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە سىپايىلىك بىلەن مۆتىۋەرلەرچە ئەھۋال سورىشىمنى ياكى بۇرۇندىن يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلەرگە قىلىنىغان مۇئامىلىگە ئوخشاش يېقىنچىلىق بىلەن گەپ قىلىشىمنى ئۇقمايتتىم. بىردىنلا تارتىنىپ تۇرغۇم

كەلمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئوغۇل بالىدە... شۇ تاپتا تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا، ھەربىر ھۈجەيرىلىرىمدە قىياندەك ئۆركەشلەنگەن شېرىن تىترىكىمگە بويسۇنۇپ يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلاپ تۇرسام قاملاشماس...

ــ ياخشى تۇرامسىز؟ يا ئاللا، شۇنداقمۇ جىمىغۇر قىز بولىدىكىنا؟ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىڭىزنى بىلەلمەي شۇنداق قىينىلىپ كەتتىم. ئۆيىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىۋالمىغىنىمغا بەكلا پۇشايمان قىلدىم.

تېز ـ تېزلا شۇ گەپلەرنى قىلىش بىلەن كەيپىياتىمنى كىچىككىنە بولسىمۇ تۇراقلاشتۇرۇۋالماق بولدۇم. قىز ماڭا قاراپ ھودۇققاندەك بولدى، ئاندىن مېنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىردىنلا كۈلۈۋەتتى (كۈلۈشلىرى شۇنچىلىك ئوماق ئىدى).

ــ نېمانچە ئالدىراش ـ تېنەش سۆزلەيسىز؟

ــ ئۆزىڭىز ئاستا گەپ قىلغاچقا شۇنداق تۇيۇلغان ئوخشايدۇ، نورمال گەپ قىلدىمغۇ؟

ــ شۇنداقمۇ؟

بىردىنلا قىزنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىغا نارازىلىق ۋە قېيىداشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىپادە يېيىلدى.

قىزنىڭ بۇ خىل ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ گەپلىرىمنىڭ قايسىسىغا رەنجىگەنلىكىنى بىلەلمەي ئالدىراش يەنە سۆز قاتتىم:

ــ كەينى ـ كەينىدىن سۆزلىۋېلىپ، ئاندىن قالغان گەپلەرنى ئالدىرىماي قىلاي دېگەنتىم ئەسلى...

بىز قىسقىغىنە پاراڭلاشتۇق. بۇنداق ئوچۇق ـ يورۇقچىلىقتا قىز ـ ئوغۇللارنىڭ يېقىنچىلىق بىلەن

پاراڭلىشىپ تۇرۇشلىرى، مەكتەپ باغچىسىدا سەيلە قىلىشلىرى مەكتەپ ھاياتىدا ئادەتتىكى ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق قىزنىڭ بۇنىڭغا كۆنمىگەن ھالەتتە تارتىنىپ، كىرىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭغا بىللە تاماق يەپ كېلىش، كوچا ئايلىنىپ كېلىش تەكلىپلىرىنى قويغۇم، ئىمكان بولسا زورلاپ بولسىمۇ بىللە ئاچىققۇم بولسىمۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئۆزىنى قاچۇرۇش، خىجىل بولۇش، ياتسىراش ھېسلىرى ئالدىدا مەنمۇ ئىلاجسىز خوشلىشىپ ئارقامغا قايتتىم.

ياتاققا قايتىپ كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ياتتىم.

پەزىلەت ھەقىقەتەن مەن كۆرگەن، ئۇچراتقان قىزلارغا ئوخشاشمايدىغان بىر دۇنيا ئىكەن. ئۇنىڭدىكى تارتىنچاقلىق، گەپ قىلغاندا كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يەرگە بېقىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇشلىرى، شەلپەردەك قىزىرىشلىرى... ماڭا بۇ قىز ئىنتايىن سۈزۈك، نازۇك، نەپىس بولغان مەرمەر تاش بولۇپ بىلىندى. بۇ مەرمەر تاشقا ھەرگىزمۇ زەررىچە قوپاللىق، ياۋايىلىق قىلىش ياراشمايتتى. ئۇنى شۇ قەدەر ئاسراپ ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىققىنە قولغا ئېلىش كېرەككى، ئازراق دىققەت قىلمىغاندا بۇ ئېسىل تاش ئادەم مەڭزىدىكى سۈپسۈزۈك قەترىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

......

مەكتەپلەردە يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش دەيدىغان قائىدە تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتلار بولسا كېرەك، بۇ كۈتۈۋېلىش ھەرقايسى يۇرتلار ئارا ئۆز

يۇرتلۇقلىرىمىزنى كۈتۈۋېلىش نامى بىلەن باشلىناتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇرۇن بۇ خىل كۈتۈۋېلىشلارغا بەكمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتىم، بۇ خىل سورۇنلارغا ئۆزۈمنى ئۆرۈپمۇ كەتمەيتتىم. باراتتىم، ئەمما زۆرۈرىيەت تۇغۇلسىدىن بىرىپ قىلچىلىك بىر يېڭىچە خۇشاللىق سەزمىگەندەك قايتىپ كېلەتتىم. ئەمما، بۇ قېتىم بۇ ئولتۇرۇشقا جېنىمنىڭ بارىچە چاپتىم. ھەممە ئىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قول تىقىپ، ھەممە ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا ھەمدەمدە بولدۇم. بۇ خىل روھىي ھالىتىمگە ئەلۋەتتە بۇ كۈتۈۋېلىنغۇچىلار ئارىسىدا پەزىلەت ئىسىملىك ئاشۇ سۆيۈملۈك قىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايمەن، ئەلۋەتتە. ئولتۇرۇشتا كۆزلىرىم باشتىن ـ ئاخىر شۇ پەزىلەتكىلا تىكىلدىمىكىن دەيمەن. تانسا باشلانغاندا ئۇنى تانسىغا تارتتىم. پەزىلەتنىڭ ساددا ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭ تانسا بىلمىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدىم، شۇڭا تارتقاندىمۇ رەت قىلسا قانداق قىلارمەن، دەپ تۇرۇپ تارتقانىدىم.

ئويلىمىغىنىمدەكلا قىز قىزىرىپ تۇرۇپ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «ئۆگىتىپ قويىمەن» دەپ زورلىساممۇ ئۇنىمىدى. كۆڭلۈم سەل ئازار يېدى، شۇنداقتىمۇ مېنى تەڭسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرغان يېنىدا ئولتۇرغان قىز بىلەن ئويناپ چاندۇرمىدىم. بىراق، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر باشقىلارنىڭ ھەممىسىگە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تانسىغا قوپمىغانلىقىنى كۆرۈپ راستتىنلا بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن رەنجىشلىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

مېنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭدا... ھېس قىلىشىمچە، خېلى كۆپ قىزلارنىڭ كۆزى مەندە (ماڭا مەپتۇن بولۇپ قالىدىغان قىزلارمۇ خېلىلا كۆپ دېسە)... مۇھەببەت شۇنداق نەرسىكەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ كىچىككىنە ھەرىكەتلىرىمۇ شۇ قەدەر نەپىس كۆرۈنىدىكەن. پەزىلەت ئەسلىدىنلا شۇنداق جەلپكار، ئەتراپتىكى باشقا قىزلارمۇ شۇنداق چىرايلىق، جەلپكار بولسىمۇ، بىراق كۆزلىرىم بۇ بىر توپ ئەتىرگۈللەر ئىچىدىكى ئاشۇ نازۇك خۇشبۇي گۈلنىلا كۆرەتتى. مەن ئەسەبىي شەيدالىق بىلەن بىلىندۇرۇپ ـ بىلىندۇرمەي قىزنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىدىن (ھەتتا چىنىدىكى چاينى لەۋلىرىنى بوش ھىمىرىپ تۇرۇپ ئاستا ئىچىشلىرىگىچە) قانغۇچە ھۇزۇرلاندىم.

ئۇنى دائىم يىراقتىن كۆزىتىمەن. قاچانلا قارىسام ئۇ شۇ قەدەر ئەستايىدىللىق بىلەن كىتابلىرىنى كۆتۈرۈۋالغىنىچە سىنىپ ۋە ياتاق ئارىلىقىدىلا يۈرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا چاپلىشىۋېلىشنىڭ ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن قورقاتتىم ھەم مەھبۇبەنىڭ نەزىرىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈپ مەكتەپكە يېڭى كېلىپ تېخى تۇزۇك كۆنۈۋېلىشقىمۇ ۋاقىت بولمىغان بۇ نازۇك گۈلگە زەخىم يەتكۈزۈپ يۈمران قەلبىدە جاراھەت پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مەھبۇبە پەقەتلا گەپ يېمەيتتى. ئۇ ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن مەيلى قانداقلىكى يولدا بولسۇن، كۈرەش قىلىشىم ھەقلىق دەپ قارايتتى. ئۇ ئادەتتە شۇنداق مۇلايىم، كۆيۈمچان، پەقەت شۇ ماڭا مەيلى بار قىزلار ياكى باشقا سەۋەبلىك يېقىنچىلىق قىلغان قىزلار ئالدىدا بولسا شۇ قەدەر زوراۋان، بىشەم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى بار كۈچى بىلەن مېنى

ئىگىلەش توڭغۇلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ئالدىدا ھەتتا بەزىدە ئۆزۈممۇ چۆچۈپ قالاتتىم.

ئىككىمىز كۆڭۈللۈك مۇڭداشقان ۋاقىتلاردا مەن ھامان ئۇنىڭغا خىيالىمدىكى پەزىلەتىمىنىڭ تاشقى قىياپىتى، نازۇك ھالىتى، گۈزەللىكى، نومۇسچان ھايالىق ئىپادىلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بېرەتتىم. پارىڭىمىنىڭ بېشىدا ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا باش لىڭشىتىپ ئاڭلىغان بولسا، ئاخىرىغا كەلگەندە بەزىدە غەزەپتىن چىشلىرى مەھكەم كىرىشكەن، بەزىدە بولسا كۆزلىرىگە ياش ئالغان، ئۈمىدسىزلەنگەن بىچارە ھالەتتە بولۇپ قالاتتى. مەن قەدەممۇقەدەم ئۇنىڭ كاللىسىغا مېنىڭ ئاشۇنداق بىر قىزنى يىللاردىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىمنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق قىزغا قىيا نەزىرىمنى سالالمايدىغانلىقىمنى سىڭدۈرۈپ ئۇنى بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە ئەكېلىش ئۈچۈن تىرىشۋاتاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ رېئاللىققا باش ئېگىشىگە ئىشەنچىم يېتىلگەنگە قەدەر مەن پەزىلەتىنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە — ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك ئىدى. پەزىلەتىنىڭ مەسۇمە، نازۇك ھالىتى مەھبۇبەنىڭ قىلغان ھەرقانداق قوپاللىقىنى كۆتۈرەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەكتەپتە، كۆز ئالدىمدا تامامەن كۈندە كۆرۈپ تۇرالايدىغان بۇ سۆيۈملۈك قىزنى كۈندە كۆرۈشتىن، كۈندە بىللە تاماقلارغا ئاچىقىپ، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى بىللە كوچا ئايلىنىپ ئۇنىڭ يالغۇزلۇق ئازابىدىن سىقىلغان دەملىرىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىشتىن، قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىپ قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ مەخپىي ھالدىكى

سۆيگۈمنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈشتىن مەھرۇم ئىدىم. ئۇنى سېغىناتتىم، ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئامان قوپقان ھەر تاڭنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئېلىپ، كۆزلىرىمنى ئاچقاندىن باشلاپلا ئاجايىپ بىر خىل تەشنالىق بىلەن سېغىناتتىم. سېغىنىپ تۇرۇپمۇ سېغىنىشىمنى مۇرادىغا يەتكۈزۈشتىن مەھرۇم بىچارىلەرچە ئۆتۈۋاتاتتىم. شۇڭا يىراقتىن ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىشنى، يىراقتىن ئۇنىڭ ئاشۇ جەلپكار تۇرقىنى كۆز قاراقلىرىمغا تېخىمۇ مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشنى ئىستەپ باشقىلار دىققەت قىلمىغان دەملەردە يىراقتىن ئۇنىڭغا ئاشىقانە تەلمۈرەتتىم. ئىچىمدە ئۇنىسىز ھالدا: «پەزىلەت! سىز مېنىڭ... سىزسىز ياشىيالمايمەن! سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن!» دەپ شىۋىرلايتتىم.

كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋاتاتتى. كۈندە بىر خىل رىتىم، ناگان ـ ناگاندا يىراقتىن پەزىلەتنى كۆرگەن كۈنلىرىمدە باشقىچە خۇشلۇققا چۆمگىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەكتەپتىكى ھاياتىم يەنىلا شۇ تۇگىمەس ئۆگىنىش قوينىدا جىددىي ئۆتمەكتە ئىدى. مەھبۇبەگە تولا چۈشەندۈرۈپمۇ ھېرىپ قالدىم، ئۇ مېنى قوغلىشىپ ھارمىدى. بۈگۈن ئۆيدىكىلىرى كەپتىكەن، يېرىم كۈن رۇخسەت سوراپ كەچتىمۇ سىنىپقا كىرمىدى. كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. سىنىپىمىزدىكى ئەڭ مودا قىز ئىززەت قېشىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ئوھۇي، ئىززەت، بۇ تەرەپلەرگە كېلىشكىمۇ ۋاقتىڭىز يېتىدىكەن ـ ھە! قانداق شامال ئۇچۇرۇپ بۇ پارتا تەرەپكە ئۆتۈپ قالدىڭىز؟

ــ بىزغۇ ئۆتۈشنى خالايمىز سىلەرلا توسوقنى ئېگىز قويۇۋالمىساڭلار. خەقلەرمۇ ئىمكان بەرمەيدۇ بىزنىڭ بۇ پارتىلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا.

ــ سىز كەلسىڭىزلا جان دەپ قارشى ئالىمەنغۇ... ئالاھىدە شامال چىقمىسا ئۆتمەيسىز سىزمۇ... بۈگۈن قانداق شامال ئۇچۇردىكىن دېدىمغۇ شۇ، ــ كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ چاقچاق قىلدىم.

ــ پاھ، بۇ گەپلەردىن ئۆرگۈلەي، باغلاقتىن بوشانسىڭىز ئەجەب سۆزلەيدىكەنسىز... ئۇ بولغان بولسا كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپلا ئولتۇرار بولغىيتتىڭىز ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلماي.

ــ كىمكەن ئۇ مېنى باغلىۋالغان؟ ــ ئۇنىڭ كىمنى نەزەردە تۇتۇپ دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسامـمۇ قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ سورىدىم.

ــ خۇپسەن! ــ ئىززەت ئىنچىكە قىلىپ سۇرمە تارتىلغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇمشۇقىنى سوزدى.

ــ ھا ـ ھا... ــ قىزنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن كۈلۈۋەتتىم.

ــ ئەزىمەت، سىزگە قاراپ ئىچىم سىقىلىدۇ مېنىڭ، مەھبۇبەنى سىزمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرەمسىز؟

ــ بۇ نېمە گەپ؟ ئۇ قىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ساۋاقدىشىم شۇ.

ــ ئوغۇل بالا دېگەنغۇ كۆزىنى يۇمۇپلا تۇرۇۋالىدۇ. بىرسىنىڭ ئالدىدا دېگەن گېپى بىلەن يەنە بىرسىنىڭ ئالدىدا دېگەن گېپى ئوخشىمايدۇ.

ــ نېمە دېمەكچى ئۆزلىرى، ئىززەتخان؟ مېنى زورلاپ مەھبۇبەنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى دېگۈزمەكچىغۇ ئەمەسسىز؟

— ۋاي، ئۆتەپ بېرىڭە... كىم سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىڭىزنى خالايدىكەن؟

— ئەمىسە...

— ياخشى كۆرمىسىڭىز نېمىشقا گەپنى ئۇچۇق قىلمۇۋېتىپ بېشىڭىزنى ئېگىز تۇتۇپ ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن بىرەرى بىلەن مۇھەببەتلەشمەيسىز دەيمەن.

— هازىر ۋاقتى ئەمەس.

— مەھبۇبەگىمۇ قىيمايسىز، شۇنداقمۇ؟

كۆز ئالدىمغا پەزىلەت كەلدى، ئىختىيارسىز يۈرىكىمگە قارالغان شېرىن سېزىمدىن پۈتۈن جىسمىم ئەللەيلەندى. ئىختىيارسىز:

— ياق، مەن بۇ ئۆمرۈمدە پەقەتلا بىر قىزنىلا ياخشى كۆرىمەن.

— مەھبۇبەمۇ؟

ئىززەت چىرايلىرى ئۆزگەرگەن هالدا كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— ياق.

— ئەمىسە كىم؟

— بۇنى هازىرچە دېيەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— كېيىنچە هەممىڭلار بىلىپ قالىسىلەر.

— شۇنچە مەخپىي كىمدۇ ئەمدى؟

كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدىم. ئىززەت جىمىپ كېتىشىمگە قاراپ نېمىنىدۇر ئويلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.

— نېمە، مەندىن شۇ گەپنى سوراش ئۈچۈن قېشىمغا كەلگەنمۇ؟

— ياق، ئەزىمەت، مېنىڭ بەك ئىچىم سىقىلىدۇ. ياتاقتا سىز توغرۇلۇق پاراڭ بولىدىغان بولسا مەھبۇبە «ئەزىمەتىم، مېنىڭ ئەزىمەتىم» دەپ بەك ئىچىمنى سىقىدۇ. قارىساق سىز ھېچبىر ئۇ ئېيتقاندەك ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلمايسىز. شۇڭا دەيمەندە بۇنداق ئۆتۈۋېرىش ھەر ئىككىڭلارغا پايدىسىز. ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرمىسىڭىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭمۇ، ئۇنىڭمۇ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىسىز؟ نېمىشقا كەسكىنلىك بىلەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمەيسىز؟ سىز مەھبۇبەنىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتىسىز، — ئىززەتنىڭ گەپلىرىدىكى تەئەددىنى چۈشەندىم. شۇ تاپتا مېنىڭدىمۇ مەھبۇبەنىڭ بۇدۇشقاقلىقىغا قارىتا ئەمدى چىدىغۇدەك تاقەتمۇ قالمايۋاتاتتى. كۆنسېرى يۇرىكىمگە قىياندەك يامراپ تۇرىدىغان پەزىلەتنى سۆيۈش ھېسلىرىم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى مەھبۇسلۇقىدىن ۋايساپ، ۋىسال شەربىتى ئىچىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىنتىلەتتى.

— سىزگە دېسەم، ئەزىمەت، — ئىززەت يەنە سۆز باشلىدى، — قىزلارنىڭ ھەممىسى گۇناھنى سىزگە قويىدۇ. سىزنى گەپنى ۋاقتىدا ئۈزمەي، قىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش ھېسلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىمۇ ئەخمەق ئېتىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. سىزنىڭ شۇنچە ۋاقىتلىرىڭىز سىز پەقەت خالىمايدىغان بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. كەسكىنرەك بولۇڭ!

بىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق، قىز گەرچە ئەركىلەپ ناز بىلەن سۆزلىسىمۇ، گەپلىرى ئۇچۇق ۋە دادىل ئىدى. كۆپ ئىشلارغا قارىتا كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇشنى

خالايدىغانلىقى، مىجىملىقنى ياقتۇرمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ھەقىقەتەن بۇ مەندىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىدى. مەن چوقۇم مەھبۇبەگە كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا پەقەتلا مۇھەببەت كۆزىدە قارىيالمايدىغانلىقىمنى ئىپتىراپ قىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مەنمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىززەتنىڭ ياسىنىپ يۈرۈشلىرى، كۆپ كىشىلەر بىلەن ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلىدە بولۇپ ئۆتۈشلىرى، گەپلىرىنى ياساپ ئەركىلىگەندەك سۆزلەشلىرى ۋە قويۇق قىلىنغان گىرىملىرىگە قاراپ خاتا چۈشىنىپ قالغاندىم، گەپمۇ قىلىپ كەتمەيتتىم. ئىززەت شۇ تۈرقى بىلەن كىشىلەرگە ياسانچۇق، ئەركە - ناياناق قىزلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كۆرۈنەتتى. مۇڭدىشىش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلىپ قالدىمكى، بۇ قىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ھەم قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى سەممىي ئىكەن. تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم، تاشقى قىياپەتنىڭ ھەممىسىلا كىشى قەلبىگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ بۇ نۇقتىنى ئەجەبمۇ ئويلاشمايدىكەنمىز، بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چۆكمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە شۇ قەدەر ئالدىرايدىكەنمىز، ماھىيەتتە بەرگەن باھالىرىمىزنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كۆزقارىشىلا ئىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ سۈرەتلىنىشى ئەمەس ئىكەن. مۇنۇ قىز بىلەن شۇ قەدەر سەممىي ھالەتتە ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتتەك پاراڭلاشقاندۇق، ئۇ مەن ئويلاپمۇ باقمىغان نۇقتىلاردا تۇرۇپ ماڭا يول كۆرسەتتى. مەن كۆڭلۈمدىكى ياخشى كۆرگەن سۆيۈملۈك قىزنىڭ مىجەز -

خاراكتېرى ۋە يورۇش - تۇرۇشنى قويماي ئېيتىپ بەردىم. ئىززەت ئۇزاقتىن - ئۇزاق ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەزىمەت، سىز ھەقىقەتەن ئۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز، سىزگە بەخت تىلەيمەن. چوقۇم مەھبۇبەدىن ۋاقتىدا يىراقلىشىڭ. بۇنداق ئۆتۈۋېرىش ئاخىرى سىزگىمۇ، ئۇ قىزغىمۇ، مەھبۇبەگىمۇ زىيانلىق،— دېدى، بۇ راست ئىدى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ پەزىلەتنىڭ ئالدىدا قىز دوستى بار دېگەن تۆيغۇنى بېرىپ قويۇشۇم، ھەتتا مەندىن ئاۋۋال ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ يېپىشقان بىرەرىگە ئۇنىڭ كۆڭۈل بېرىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىم مۇمكىن (سەزگۈلىرىم ماڭا ئۇنىڭ ھازىر ھېچقانداق ياخشى كۆرگىنى يوق دەپ تۇراتتى، شۇڭا بەك ئىشەنسەم كېرەك). ئىززەتكە مۆرىتى كەلگەندە چوقۇم كۆڭلۈمدىكى قىزنى كۆرسىتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ قىز مېنىڭ تەسۋىرىمدىكى بۇ گۈزەلگە ناھايىتى قىزىقىپ قالغانىدەك تۇراتتى. ئىشقىلىپ، ماڭا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت توغرۇلۇق ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى سۆزلىگىنى ئۈچۈن ئىززەت مەندە بەكلا ياخشى تەسىرات قالدۇردى...

شۇ كېچە بىر قارارغا كەلدىم. ئىززەت توغرا ئېيتىدۇ. بۇنداق يۈرۈش مۆرىتى كەلگەندە مېنى پەزىلەتتىن ئايرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەننى ئويلىسام يۈرىكىمگە كىرگەن ئاغرىقتىن تولغىنىپ كېتەتتىم. مېنى، ئۇنداق كۈنلەردىن يىراق قىلغايسەن!

※ ※ ※

دەرستىن چۈشكەندە مەھبۇبە ئۇدۇللا مەكتەپ ئاشخانىسىدىن تاماق ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قارىشىلىق بىلدۈرگىنىمگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. خامۇش ھالدا ياتاققا كىرىپ ئاندىن ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم سىيلىپ تۇراتتى. ئاشخانا ئىشىكىگە يېتىپ بېرىشىمغىلا پەزىلەت چىقىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يۈرىكىم تېخىمۇ سىيلىپ بۆلەكچە بولۇپ كەتتىم. بار غەيرىتىمنى يۇتلىرىمغا يىغىپ تۇرۇپ ئىتتىك قېشىغا باردىم ـ دە:

ــ ياخشىمۇسىز تىرىشچان قىز؟ــ دەپ ئەھۋال سورىدىم.

ــ ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ــ قىز جانسىز ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى.

ــ مانا مۇشۇنچىلىك،ــ مۇرەمنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم.

ــ ئەزىمەت، تاماقنى ئېلىپ بولدۇم، نېمانداق كىرمەيسەن؟ــ دېگەن بىر ئاۋاز قىلماقچى بولغان سۆزلىرىمنىڭ بېلىگە تەپتى. مەھبۇبە ئاشخانا ئىشىكىدىن چىقىپ پەلەمپەي يېنىدا كۆزلىرىنى مىختەك تىككىنىچە تۇراتتى. پەزىلەت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى.

ــ تاماق يەپ بولدىڭىزمۇ؟ يۈرۈڭە بولمىسا بىللە يەيلى...

ــ ياق، رەھمەت!ــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كۈتۈلمىگەن

بىر خىل تېزلىك بىلەن مەندىن يىراقلاشتى.
ئېنىقكى، مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرى ئاشخانا ئىچىدە تۇرۇپمۇ مېنى كۆرۈپ بولغان. ئۇ ئەتتەي چىقىپ بەلگە بېرىپ قويۇشنى توغرا تاپقانىدى. مەھبۇبەنىڭ «ئۇ قىز كىم؟» دەپ سورىغان سوئالىغا «يۇرتدىشىم» دەپلا قويغان بولساممۇ بىراق نامەلۇم بىر خىل غەشلىك مېنى چىرمىۋالدى. مەھبۇبەنىڭ پەزىلەتنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ ئاندىن ئاشخانىغا قايتىپ ماڭغان ھالىتى، تاماقنىمۇ ئىشتىھاسىزلىق ئىچىدە جىممىدە ئولتۇرۇپ يېيىشى مەندىكى غەشلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.
توۋا قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا مۇشۇنداق ئەسەبىي بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟ ھەي مەھبۇبە... ھەي مەھبۇبە...

※ ※ ※

تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى ياغقان قار توختاپ قالغانىدى. ياتاقتىن چىقىپ سىرتتىكى سوغۇق بولسىمۇ كىشىگە ئارام تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ھاۋانى كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ كۈچەپ سۈمۈردۇم. بوينۇمغا ئېسىۋالغان ئاپپاراتىمنى كۆرگەن ياتاقتىكى بىر نەچچە باللار ۋە قوشنا ياتاقتىكى باللارغا قوشۇلۇپ بىرنەچچە قىزلارمۇ كەلدى ـ دە، مەكتەپ بېغىغا كىرىپ تېخى بۇلغانمىغان بۇ ئاپپاق قاردا سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاچ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدىم. ئاق رەڭ ماڭا خۇددى پەزىلەت كەبى كۆرۈنەتتى،

شۇنداقلا بۇ ئاپپاق دۇنيادا ئاشۇ ئاق، گۈزەل قىزنىڭ مەن بىلەن ياندىشىپ مېڭىشىنى بەكمۇ ئارمان قىلىۋاتاتتىم. مەكتەپ بېغىغا كىرىپ بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشكەن بولدۇق. مەن باغچا ئىچىدە ئەستىلىك قالدۇرۇشۇۋاتقان قىزغىن ئوغۇل ـ قىزلارغا قاراپ توختىماي بىرسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىمغا ئىقرارمەن. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىمىزدىكى دەرەخ ئارىلىقىدىن شۇ قەدەر خىيالچان هالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. رەسىمگە چۈشۈش چۇقانىنى سىلىۋاتقان بىر نەچچىسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ قويۇپلا قالغانلارغا خالىغىنىچە مەنزىرە تاللاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. قىزنىڭ قەدەملىرى شۇنداق يېنىك ۋە ئاستا بولۇپ خۇددى بۇ ئاپپاق قارلارنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ كېتىدىغاندەك ياكى بولمىسا بۇ غۇبارسىز گۈزەللىكنىڭ بېتىنى يىرتقۇسى كەلمىگەندەك هالەتتە قەدەم تاشلايتتى. مەن ئەگىشىپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدىكى قارلارنى پەلىيى بىلەن نېرى ـ بېرى سۈرتۈپلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆزىنى هارغىن هالدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

مەن تۇرغان جايىمدا قاتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. ئاھ، قانداق چىرايلىق هالەت ـ ھە! ئاپپاق قار، ئاپپاق چاپان، ئاپپاق قىز، ئاپپاق پوسما ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ئاۋۇ سارغۇچ دولقۇن چاچلار... يەنە تېخى بۇ گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇشلىرى، چىرايىدىكى قانداقتۇر بىر پەرىشانلىقنى ئىپادىلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلەر، پەقەت ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. قوللىرىم

ئىختىيارسىز بويىنۇمدا ئىسسىقلىق تۇرغان ئاپپاراتقا سوزۇلدى. تىۋىش چىقارسامىلا بۇ خىل تەبىئىي شەكىللەنگەن گۈزەللىكنىڭ قايتا زاھىر بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا بۇ خىل تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ سېھرىنى ھاسىل قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «چاراس»... ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە چۆچۈگەن ھالدا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سىز؟

— نېمە؟ ئىككىنچى قېتىملىق گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغىنىمغا ئەدىپىمنى بەرمەكچىمۇسىز؟ — ھودۇقۇپ كەتكىنىمنى چاندۇرماي قىلىنلىق بىلەن شۇنداق دېدىم.

— سىز بەكلا ھەددىڭىزدىن ئاشتىڭىز.

قىزنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدىم. دەرھال ئالدىراپ ئۆزۈمنى چۈشەندۈردۈم.

— كەچۈرۈڭ! قاراڭ، مەن ئاۋۇ يەردە دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلارنى ۋە مەنزىرىلەرنى، سىنىپتىكىلەرنى رەسىمگە تارتىۋاتاتتىم. سىزنىڭ خىيالچان ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قېلىپ ئارقىڭىزدىن ماڭسام زادى قاراپ قويمىدىڭىز، قارىسام كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ شۇ... شۇ ھېلىقى ۋاقىتتىكىدەكلا شۇنداق چىرايلىق... ئاپپاق قار، ئاپپاق چاپان، ئاپپاق قىز، ئاپپاق پوسما ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ئاۋۇ چاچلار... يەنە تېخى بۇ گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇشلىرىڭىز... پەقەت ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. دەپ قويۇپ تارتاي دېسەم بۇ خىل تەبىئىي شەكىللەنگەن گۈزەللىكنىڭ قايتا زاھىر بولۇشى

ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەدەپسىزلىك قىلدىم. قاراڭ، راستتىنلا رەنجىسىڭىز، بولدى، بۇ لېنتىنى تاشلىۋېتەي ھازىرلا...— قولۇمنى قىيماسلىق بىلەن ئاپپاراتقا ئۇزاتقاچ ئۇنىڭ «بولدى قىلىڭ» دېيىشىنى كۈتتۇم. قىزنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلەلمەي قېينىلىپ تۇراتتىم، قىز گەپ قىلماستىن قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا مېنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. ئۇنى بۇنداقلا كەتكۈزۈۋەتسەم بولمايتتى. تېخى ياخشىراق مۇڭدىشىشقا مۇۋەپپەق بولماي تۇرۇپلا ئۇنى بۇنداق رەنجىتىپ قويسام كېيىنكى كۈنلەردىن ئېغىز ئېچىشىم مۇمكىنمۇ؟

بىردىنلا قېنىمدىن ئۇرغۇغان ئەركەكلىك قىلىنلىق بىلەن ئۇ ئوڭغا ماڭسا ئوڭنى، سولغا ماڭسا سولنى توسۇۋېلىپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك ئىمكان بەرمىدىم. ئۇ شارتتىدە ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا ماڭغانىدى، قانداق كۈچكىن بىلمىدىم، كاپپىدە قولىنى تۇتۇۋېلىپ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ھالدا ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم، قىز پاختىدەكلا يېنىك ئىدى، سەنتۈرۈلۈپ قوللىرىمنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. قېنىم قىزىغان، يۈرىكىم تېپچەكلىگەن ھالدا بېشىمنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدىم:

— پەزىلەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

قىز كېيىك كەبى چۆچۈپ يۇلقۇنۇپ قولۇمدىن بوشاپ چىقتى - دە، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. پۈتۈن ئەزايىمدا ئاجايىپ بىر ئىسسىق ئېقىم، شېرىن سېزىم، دىمىقىمدا قىزنىڭ چاچلىرىدىن تارقىلىۋاتقان يېقىملىق بىر ھىد...

شاۋقۇن - سۈرەن سالغۇم، باغنى بېشىمغا كىيىپ

قاقاھلاپ كۈلگۈم، چاك چىقارغۇدەك ناخشا توۋلىغۇم كەلدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىزلىرىنى، بايا ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىكى ئىزلىرىنى رەسىمگە تارتىپ، ئاندىن ئارقا ـ ئارقىدىن كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى نەرسىنى تارتىپ لېنتىنى تامام تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ناخشىغا غىڭشىغاچ چېھرىمدىن كۈلكە تۆككەن ھالدا ياتاقىا قايتتىم. مەن بايا «تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار رەسىمگە تارتىمەن» دەپ قويغانلار لېنتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قىيقاس سېلىپ تىللاشلىرىغىمۇ ھېچبىرسىگە جاۋاب قايتۇرۇپ پەرۋاسىز ھالدا كىرىپ كەتتىم...

ئاھ... بۇ خۇشاللىق...

※ ※ ※

كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتمەكتە. مەھبۇبە نېمىشقىدۇر بىر خىل شۈكلەپ قالدى. ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولالمىدىم. ئۇنىڭ ياكى تەقدىرگە تەن بېرىش ئويىغا كەلگەنلىكىنى ياكى باشقىچە پىلان تۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئىدى. بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ يوشۇرۇن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئاۋۋالقىدەك كۆزۈمگە كىرىۋالماس بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مېنى ئاخىرى چۈشەنگەنلىكى ۋە كۆڭلۈمنى مەڭگۈ ئۆزىگە مايىل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن دەپ ئويلىساممۇ، يەنىلا پەزىلەت بىلەن يېقىنلىشىپ كۆڭلۈمدىكى قىزنىڭ دەل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلىشىم بىلەن ئۇنىڭ

پەزىلەتكە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. بىراق ئەمدى سۆكۈتتە ئۆتۈشكە، پەزىلەتنى يەنىلا يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ ئۈن - تىنسىز ئۆتۈشكە چىدىمايتتىم. بولۇپمۇ قايسى كۈنى قىزنى باغدا شۇنچە يېقىن ئارىلىقتا سېكۈنتلىق باغرىمدا كۆرۈش مەستخۇشلۇقى تېخىچە تومۇر - تومۇرلىرىمدا لەززەتلىك ئېقىن ئىدى.

بىراق، ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم. ياكى مېنى يىراقتىن كۆرۈپ قېچىپ يۈرۈۋاتامدىكىن...

بۈگۈن ئاخىرى ئۇنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چوڭ ئەينەكلىك كارىدورىدا كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چوڭ ئەينەكلىك ئىشىك تەرەپكە قارىغىنىچە سىرتتا قار ئېتىشىۋاتقان، ئوينىشىۋاتقانلارغا قاراپ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا چىدىغۇسىز بىر تەشنالىق تومۇرلىرىمدا غەلىيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ ئاستاغىنە بارغىنىمنىمۇ سەزمەستىن سىرتقا قاراپ تۇرغانىكەن، ئەھۋال سورىدىم:

— ياخشىمۇسىز، پەزىلەت!

قىز ئىتتىك ئارقىغا قارىدى - دە، مېنى كۆرۈپ چۆچۈگەندەك بولۇپ رەڭگى ئۆزگىرىپ ئارقىسىغا شوخشۇدى.

— نېمانچە چۆچۈيسىز، مەن ئادەم يېمەيمەن.

قىزنىڭ مېنى ياندۇپ ئۆتۈپ كېتىش ئويىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇ تەرەپكە قىستاپ كەلگەچ مېنى ياندۇپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك ئارىلىقمۇ قويمىغاچ سورىدىم:

— نېمىشقا قاچىسىز؟

— مەن قاچمىدىم، — قىزنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى گويا يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىنتايىن بوش چىقتى.

— ياق، مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇردىڭىز، سىزنى كۈندە ئىزدەپلا يۈردۈم، بىراق سىزنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم.
— مەن،— قىز كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى. ئىختىيارسىز ھالدا تىلىمنىڭ ئۇچىدا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمدىمۇ ھەربىر دەقىقە يادلىنىپ تۇرىدىغان شۇ سۆزلەر ئېغىزىمدىن چىقتى:
— پەزىلەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.
قىزنىڭ بەكمۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:
— ئۇنداق دېمەڭ، ئەزىمەت، مەن قورقىمەن،— دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران ھالدا سورىدىم:
— نېمىدىن؟
قىز جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ مۆلدۈرلىگىنىچە ماڭا يالۋۇردى:
— نېرى تۇرۇپ تۇرۇڭ بولامدۇ، مەن ئۆتۈۋالاي!
— ياق، سۆزۈمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىشىم كېرەك!
— ...
— ئەزىمەت، بىزنى رەسىمگە تارتىدۇ دەپ ساقلىغىلى نېكەم،— ئارقامدىنلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن ئاچچىق بىلەن ئىتتىك ئۆرۈلدۈم. مەھبۇبە كۆزلىرىدىن ئاجايىپ ئۆتكۈر رەشك نۇرلىرىنى تۆككىنىچە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان پەزىلەت كۈتۈلمىگەن چاققانلىق بىلەن مېنى ياناپ ئۆتتى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. مەھبۇبەنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەن قاپاقلىرى ۋە ھالىتىدىن دەماللىق تەمتىرىگەن بولسامۇ، بۇ ھاياتىمدا ئاران بىر ئېرىشۋاتقان كىچىككىنە بەختلىك دەملىرىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بۇ قىزغا شۇ قەدەر ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنىڭغا

ئاڭلىتىپ تۇرۇپ پەزىلەتنىڭ ئارقىسىدىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىم:
— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇ جاۋابنى هامان ئالىمەن!
— نېمە جاۋابنى ئالماقچىسەن؟
— ئۇ قىز كىم؟
— مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق.
— ئەجەب سېنىڭ بۇنداق بىر يۇرتلۇقۇڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟
— ساڭا بۇ مەكتەپتىكى قايسى - قايسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ تونۇشتۇرۇشۇم زۆرۈرمىتى؟
— بۇلارنى بىلىشكە هەقلىق ئەمەسسەن، مەهبۇبە، سەن بىلەن تالىشىشقا تاقىتىم يوق.
— ماڭا ئوچۇق گەپ قىلمىساڭ هەممىمىزگە ياخشى ئەمەس، ئەزىمەت.
ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلاشقان قەدىمىم چىپپىدە توختىدى. مەهبۇبە ماڭا شەپە بېرىۋاتاتتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ مەهبۇبەنىڭ قېشىغا كەلدىم - دە كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— بۇنى سەنمۇ هېس قىلدىڭ، مەهبۇبە. ئەگەردە باشقىلارغا قىلغان ساراڭلىقىڭنى بۇ قىزغا قىلىدىغان بولساڭ مەندىن ئەمدى ياخشىلىق كۈتمە!
— نېمە قىلىسەن؟
— نېمە قىلىدىغىنىمنى كۆرۈپ قالىسەن. دەپ قوياي، ئەگەردە ئۇ قىز سەن سەۋەبلىك كىچىككىنە دىشۋارچىلىققا دۇچار بولىدىكەن، ئۇ چاغدا...— چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى.
مېنىڭ كۆرۈلۈپ باقمىغان غەزەپلىك ۋە قەتئىي

هالىتىمدىن بىردىنلا پىتىدىن چۈشۈپ لاسىدە بولۇپ قالغان مەھبۇبە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ مېنى قوبۇل قىلماسلىقىڭ مۇشۇ قىز سەۋەبىدىنمۇ، ئەزىمەت؟

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىغان ياشلىرىدىن ئىچىم سىقىلغان هالدا كارىدوردىن چىقىپ كەتتىم.

※ ※ ※

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى، ھەممە يەردە قايناق ــ تاشقىنلىق كەيپىيات... بەس ــ بەستە سىنىپلارنى بېزىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار، بايرام شادلىقىغا چۆمگەن مەكتەپ قورۇسىدا رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىشىپ ئۇيان ــ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار توپى...

بازارغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇھەببەتلىك كۆڭۈلنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە يۈرەك شەكىللىك شاكىلات ئېلىپ ئۇنى سۆس هال رەڭلىك بېزەك قەغىزىدە چىرايلىق قىلىپ ئوراتتىم. بۇ سوۋغامنى قانداق ئۇسۇلدا بېرىلىشىمنى ئۇقمايتتىم. ئىشقىلىپ، بۈگۈنكى بۇ يېڭى يىللىق سىنىپلار ئارا ئولتۇرۇشتا پەزىلەت سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى بولغاندىن كېيىن باشتىن ــ ئاخىر قاتنىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ھەممەيلەن قىزغىن ئويۇن ــ تاماشا بىلەن بولۇپ كەتكەندە ئۇنى چاقىرىپ پاراڭلىشىش ۋە دادىل هالدا كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. قايسى كۈنىدىكى

قاتتىق پوزىتسىيەمدىن كېيىن مەھبۇبە بىر كۈنگىچە جىمجىت يۈردى. كېيىن نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلمىدىم، يەنىلا بۆرۈنقىدەك ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك پاراڭ قىلىپ يۈرۈۋەردى. بەلكىم شۇ كۈندىكى قاتتىق پوزىتسىيەم ئۇنى چۆچۈتكەن بولسا كېرەك، مەندىن ئىككىنچىلەپ پەزىلەت توغرۇلۇق سورىمىدى. بۆرۈنقى بىشەملىكى بىلەن پەزىلەتنى ئىزدەپ تېپىپ ئالدىراپ يامانلىق قىلىدىغاندەك ئەمەس. دېمەك، مەھبۇبەمۇ كۆزلىرىمدىن يانغان ئۇچقۇنلاردىن مېنىڭ نەقەدەر ئاشىق ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىسنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىمنى تېخىمۇ بەكرەك ھېس قىلغان بولسا كېرەك. ئەسلىدە بۇ بىرنەچچە ئاي يوشۇرۇن قىينىلىپ يۈرگەندىن كۆرە بالدۇرراق ئاشكارا قىلىشىم، پەزىلەتنى بالدۇرراق قوغلىشىپ، مەھبۇبەگە ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن قىزىم بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن پەزىلەتنىڭ مەكتەپكە كېلىشى بىلەنلا قويۇلغان تەكلىپىنى قوبۇل قىلالماسلىقىمدىن، يەنە بىر تەرەپتىن مەھبۇبەنىڭ ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ يۈرىكىدە يارا قالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۇچۇن بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەنىدىم. كۆز ئالدىمغا قايسى كۈنى ئۇنى كارىدوردا قىستاپ تۇرۇۋالغاندا چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تىترەپ تۇرۇپ «بۇنداق دېمەڭ» دەپ يالۋۇرغان ھالىتى كەلدى. ئۇ نەقەدەر ساپ، بىغۇبار ھالەت ـ ھە!

سىنىپتىكى ئولتۇرۇشىمىز بالدۇرلا ئاخىرلاشتى. قىز ـ ئوغۇللار ئۆز جۈپلىرى بىلەن يېڭى يىللىق يۈرتداشلىرى ياكى ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە ئويناپ كېلىشكە ۋەدىلىشىپ قويۇشقان يەرگە كەتتى. مەن

بولسام بالدۇرلا سىنىپتىن چىقىپ كەتكەندىم. ياتاقتا خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىر بىرىپ - ئىككى بىرىپ پەزىلەتلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. سىرتتىن سىنىپلارنىڭ چىراغلىرىغا ئورالغان ئالىيېشىل چىراغ نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاڭلىنىپ تۇرغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر قايناق - جۇشقۇن سىنىپتىكى يېڭى يىللىق پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن ھالدا ئۆز ئارا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

كارىدورغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا پەزىلەتلەرنىڭ سىنىپىدىكى مەن دائىم پەزىلەتلەر بىلەن بىللە قاتارلىشىپ ماڭغانلىقىنى، ئاشخانىلارغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر قىز ئۇچراپ قالدى.

— توختاپ تۇرۇڭچۇ!

قىز مېنىڭ چاقىرغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئىتتىك توختىدى.

— رەنجىمەي پەزىلەتنى چاقىرىپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

— ماقۇل،— قىز مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. پەزىلەتنىڭ چىقىشى ياكى چىقماسلىقىنى بىلەلمەي قىينىلىپ تۇراتتىم. ئۇ يېنىك قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدە كۆرۈندى.

قىزغا قارىغىنىمچە بىرپەس تۇرۇپ كەتتىم. قىز بۈگۈنكى يېڭى يىللىق تاماشا ئۈچۈن بەس - بەستە ياسىنىشقان بىزنىڭ سىنىپتىكى قىزلار ۋە ئەتىگەندىن

بىرى ئۇچراتقان قىزلاردىن تامامەن پەرقلىق هالدا شۇ قەدەر ئاددىي ئىدى. پەقەت يەلكىسىدە دائىمقىدەك پوسما ئىچىگە يوشۇرۇنغان ياكى چىك تارتىلىپ بوغۇلغان هالەتتىن ئازاد بولغىنىدىن تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك جەلپكارلىقتا چاچلىرى بۆلۈتتەك يېيىلىپ تۇراتتى. قىز مېنى كۆرۈپ سەل هودۇققاندەك بولدى. كۆزۈمنى ئۆزەلمىگەن هالدا:

— يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!— دېدىم.

قىز بوشقىنە ئاۋازدا:

— سىزنىڭمۇ بىرگە بولسۇن!— دېدى. ئۇن - تىنسىز سىرتقا چىقتۇق. مېڭىۋاتىمىز. قەدىمىمنى ئاستا قىلساممۇ، بىراق ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئارقامدا قېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈن - تىنسىز، قارشىلىقسىز ماڭا ئەگىشىپ بىللە چىقىشىنىڭ ئۆزىلا ماڭا بېرىلگەن چوڭ سوۋغا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئارقامغا قاراپ ئۇنىڭ تارتىنىشىپ تۇرۇپ ئاستا مېڭىپ خېلىلا ئارقامدا قالغىنىنى كۆرۈپ:

— تېزرەك مېڭىڭچۇ!— دېدىم

قىز تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ نارازى بولغان هالدا:

— نەگە بارىمىز؟— دەپ سورىدى.

— سىز قېچىپ كەتكەن يەرگە،— ئىختىيارسىز هالدا شۇنداق دېدىم. بۇ گەپنىڭ شۇنچە تۇيۇقسىز قانداقلارچە ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە مەنمۇ هەيران.

— نېمە؟— قىز ئەندىككەن هالدا سورىدى.

كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تەكرارلىدىم:

— سىز قېچىپ كەتكەن يەرگە.

بۇ گەپكە شۇنچىلىك مۇهەببىتىم سىڭگەنىدىكى، بۇنى

پەقەت ئۆزۈملا بىلەتتىم. ئاشۇ قار ياغقان كۈنى قاراملىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە تارتىپ تۇرۇپ تۇنجى قېتىم كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلغان يەردە ئۇنىڭ ئىزى قالغان، ھەتتا پەلىيى بىلەن ئۇيان - بۇيان سۈرتۈۋېتىپلا ئولتۇرغان ئاشۇ ئورۇندۇقمۇ ماڭا شۇنچىلىك سۆيۈملۈك بىلىنەتتىكى، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالسام خۇددى بىزگە خاس ھۇجرىنى باشقىلار ئىگىلىۋالغاندەك تۇيغۇدا تارلىق قىلىپ كېتەتتىم. ئۇنى سېغىنغان ۋاقتلىرىمدا شۇ ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇشۇم بىلەن خۇددى ۋىسال شەربىتى ئىچىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا كۆڭلۈم يورۇپ قالاتتى. مانا بۇلارنى دەل ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتماقچى ئىدىم. كۆڭلۈمدىكى ھەربىر تۇيغۇلارنىڭ كىچىككىنە بىخلىرىدىن تارتىپ قالدۇرماي ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرەك تارىنى چېكىش تەقەززالىقىدا قەدەملىرىمنىڭ ئىختىيارسىز يەنە شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىغا ئىقرارمەن.

بىراق، قىز توختاپ قالدى. قېشىغا باردىم. ئۇ تىترەۋاتاتتى.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە تىترەيسىزغۇ؟

قىز ئاستاغىنە بېشىنى كۆتۈردى. مەنمۇ ئوت چاقنىغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكتىم. كۆزلىرىمدىن چاچرىغان ئۇچقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى تەبىئىي ئۇياتچانلىق غالىب كەلدىمۇ، قىز ئىتتىك كۆزىنى ئەپقېچىپ ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ تۇرۇۋالدى.

— نېمە؟ يەنە قېچىپ كېتىشكە پۇرسەت

ئىزدەۋاتامسىز؟ ئادەتتە شۇنداق ئاستا ماڭغىنىڭىز بىلەن قاچقاندا بەك ئىتتىك يۈگۈرەيسىز ـ ھە ئادەم ئىشەنمىگۈدەكلا...

قىزنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى لال قىلغۇچى بۇ ھالىتىدىن يۈرىكىم سۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن چېقىشقۇم كېلىپ شۇنداق دېدىم.

ـ......

ـ گەپ قىلىڭە؟

ـ نېمە دەيمەن؟ـ قىز مەن ئارانلا ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى.

ـ نېمىلا دېسىڭىز مەيلى، ئىشقىلىپ كۆپرەك پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىزلا بولدى. ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار... خۇددى سىزنى باغدا ئۇچراتقان ۋاقتىمدا ئېچىلىپ پاراڭ قىلغىنىڭىزغا ئوخشاش، ھەراست، مېنى ئالداپ قويۇپلا پەرت قىلىپلا قېچىپ كەتمەڭ ـ ھە!

قىز سۆزۈمدىن خىجىل بولغاندەك بولۇپ ئاستاغىنە يەرگە قارىدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭدىكى تارتىنچاقلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن چېقىشىپ دېگەنىدىم.

ـ پەزىلەت، يېڭى يىلغا ياخشىراق سوۋغا ئالاي دېگەنىدىم، بىراق سىزنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ بولالمىدىم، ئاددىي بولسىمۇ بۇ كۆڭلۈم.

كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈشتىكى تۇنجى قەدەم سۈپىتىدە نەپىس ئورالغان شاكىلات قۇتىسىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. قىزنىڭ ئۈنچىدەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ پىسسىڭىدە كۈلگىنىنى ۋە تارتىنىپ تۇرۇپ سوۋغاتنى ئالغانلىقىنى، كىشىنى سېھىرلىگۈچى يېقىملىق ئاۋازىنى ئايىغاندەك

تۆۋەن ئاۋاز بىلەن «رەھمەت» دېگەنلىكىنى كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن.

قىزنىڭ يېنىككىدە تىترەشلىرى، شۇركۇنۇشلىرىدىن مۇزلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— توڭلىدىڭىز ـ ھە؟

— ياقەي.

مەن قارامىلىق بىلەن قولۇمنى ئۇزىتىپلا ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم. قىزنىڭ قولى ھەقىقەتەن بەك مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى مۇز پارچىسىنى تۇتقاندەك كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى. قىز شۇنچىلىك ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى بوشىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى ـ يۇ، ئالىقانلىرىم ئارىسىدىن ئاجرىتالماي توختاپ قالدى. قىزنىڭ نازۇك، ئىنچىكە بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىسسىتقاچ ئالىقىنىم ئىچىدە بۇ قوللارنىڭ ئۇزاقراق تۇرۇشىنى بەكمۇ خالايتتىم. مۇزلاپ كەتكەن بولسىمۇ يۈرىكىمگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارقىتىۋاتقان مۇنۇ قوللارنىڭ ئىگىسى بولغان قىز بولسا قارشىلىق ئارىلاش:

— بولدى، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ! — دېدى.

— ئىسسىتىپ قوياي دېدىم، باشقا نىيىتىم يوق، — ئۆزۈمنى ئەتتەي پەرۋاسىز كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم، بۇ قوللارنىڭ ئالىقىنىم ئىچىدە ئۇزاقراق تۇرۇشىنى تىلەۋاتاتتىم.

— بولدى، قولۇم ئىسسىدى، قويۇۋېتىڭ بولامدۇ؟

قىزنىڭ تىترەك بىلەن ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىققان ئاۋازى مېنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. مەكتەپ ھويلىسىدىكى چىراغ يورۇقىنىڭ سۇس نۇرىدا ئۇنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزلىرىنى، جۇپلىشىپ

كەتكەن كىرپىكلىرىنى، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىمچە ئىتتىك قولىنى قويۇۋەتتىم. قىز شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك چاققانلىق بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئارقىسىدىن ۋارقىراپ توختىتىشىمنى ياكى يۈگۈرۈپ يېتىشىۋېلىپ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى، نېمىدىن رەنجىپ قالغانلىقىنى سوراشنى بىلەلمەي ئورنۇمدا قاتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.

تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدىم. دەممۇدەم كۆز ئالدىمدا ياش بىلەن يۇيۇلغان مەرمەردەك سۈزۈك يۈز، قىياقتەك سىزىلغان قاشلار ئاستىدىكى چۆچۈگەن كېيىكنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر، كۆزلەر ئەتراپىدا قاراۋۇللۇقتا قويۇلغان ياشتىن جۇپلىشىپ كەتكەن كىرپىكلەر ئالمىشىپ تۇراتتى. قىزدىكى نازۇك بىر ئىچكى ھېسسىياتنى، ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل ساپ، ساددا مۇھەببەتنى ھېس قىلغاندەك بولاتتىم. چۈشىنەلمەي قىينىلاتتىم. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلگەن ياشلارنىڭ سىرىنى يېشەلمەي ئاۋارە ئىدىم. مەندىن رەنجىپ قالمىدى، دەپ سەزگۈلىرىم يۈرىكىمگە قەسەم قىلىپ تۇراتتى.

※ ※ ※

ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. قانچىلىك ئالدىراش بولساممۇ ئۇنى بىر مىنۇتمۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمىغانلىقىمغا ئىقرارمەن. ئاھ، قانداق مۇھەببەت ـ ھە... يېقىن

كەلگەندە قىلىدىغان گەپلەرنى تاپالمايدىغان، يىراق كەتكەندە بولسا سەۋدايىلارچە ئىنتىلىدىغان... چىن يۈرەكتىن بارچە دۇنيادىن قىزغىنىپ تۇرۇپ سۆيىدىغان، يىراق قول يەتكۈدەك ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ يېتىنىپقىنا بىرەر قېتىممۇ باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ يۈرەك تىۋىشلىرىنى تەڭ سوقتۇرۇشقا ئىمكان بولمايدىغان... نېمە ئامال... بىراق بۇنچە بولغانسېرى مەندە زېرىكىش ئەمەس، بەلكى خىيالەن تېخىمۇ بەك ئىنتىلىش، تېخىمۇ بەك سۆيۈپ قېلىش ئىستەكلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ يۈرىكىمنى تىترىتەتتى.

ئىمتىھانلارنى بېرىپ بولدۇق. ئۆزۈم بىۋاسىتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي ئاغىنەم ئەنۋەر ئارقىلىق مەكتەپتىكى بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىپ كۆتۈرە ئالغان ئاپتوبۇسقا ئۇنىمۇ تىزىملاتقۇزۇپ قويدۇم. چوقۇم بۇ سەپەردە ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئورۇندا ماڭىمەن. بارغۇچە ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى تۆكىمەن، ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا مېنىڭ يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى، ئىنتىلىشلارنى، چوڭقۇر سۆيگۈ كۈيلىرىنى بىلىپ يەتسۇن.

مەھبۇبە ئۆيگە قايتىش ئالدىدا ئالىدىغان نەرسىلىرى بارلىقىنى، بىللە چىقىپ ئېلىپ بېرىشىمنى ئېيتىپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئۇنى رەت قىلالماي بالدۇرراق نەرسىلىرىنى ئېلىشىپ يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق. توساتتىن دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان پەزىلەتنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ ھامان ئۇتتەك بىر سېزىم يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. بىراق... يېنىمدىكى گەپ يېمەس قىز مەھبۇبە شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئىتتىكلا مېنى قولتۇقلىدى ـ دە، بېشىمنى مەن تەرەپكە

سوزۇپ تۇرۇپ: «يولدا يەيدىغانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئالايلى ـ ھە، ئەزىمەت» دېدى. كۆزلىرىم پەزىلەتنىڭ ماڭا ئۇچراشقان كۆزلىرىدىن چاچرىغان سوغۇق بىر نۇرنىڭ دەستىدىن ئالدىغا بىر قەۋەت تۇمان يېپىلغاندەك بولۇپ نېمىلەرنىدۇر ئېلىغا قىلالمىغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. قىز بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ قويۇپلا يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئەسەبىيلەرچە قوللىرىمنى مەھبۇبەدىن ئاجرىتالماي سىلكىنگەن ھالدا ئېغىزىمنى ئۈمەللەپلا قالدىم.

ــ نېمانداق قىلىسەن، مەھبۇبە؟

ــ مەن نېمە قىلدىم؟

ــ نېمىشقا مېنى قولتۇقلىۋالىسەن؟

ــ بۇرۇنمۇ قولتۇقلىۋالسام گەپ قىلمايتتىڭغۇ؟

ــ ھەي مەھبۇبە، مەھبۇبە... ــ چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى. ئالدىمدىكى «ساڭا ئاشىقمەن» دەپ مېنى باشقىلاردىن ئۈلگىدەك قىزغىنىدىغانلىقىغا تۇشلۇق مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئىگىسى بولۇشقا پەقەتلا ئىمكانىيىتى بولمىغان ماۋۇ قىزنى چايناپ يۇركۇۋەتكۇدەك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن دۇكانغىمۇ بىللە چىقماي ئارقامغا بۇرۇلۇپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. بىراق، پەزىلەت ئاللىبۇرۇن ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم، كەچۈرۈم سوراشقا تېخى ھەققىم يوق ئىدى. چۈنكى، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق: «كەچۈرۈڭ، ئۇ قىز مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس» دېيىشنىڭ ئۆزى تولىمۇ كۈلكىلىك. «مەن سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدىم بولارنى چۈشەندۈرىدىغانغا، نېمە كارىم ئۇ قىزنىڭ سىزنىڭ نېمىڭىز بولۇشى بىلەن» دېسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟

سالپايغىنىمچە ياتاققا قايتىپ كىردىم. ئەنۋەر چىرايىمدىكى مەيۈسلۈكنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالدى، ئامالسىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم ۋە ئۇنىڭدىن ماڭغۇچە ئارىلىقتا ئاپتوبۇسقا چىقمايدىغانلىقىمنى، ئاپتوبۇس قوزغالغاندىن كېيىن چىقىدىغانلىقىمنى، بىر ئامال قىلىپ پەزىلەت ئىككىمىزنىڭ ئورنىنى بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. ئۇنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتوبۇسقا ئەڭ ئاخىرىدا ئورنىدىن قوزغىلاي دېگەندىلا چىقتىم. شۇنداق قىلغىنىمدا ئۇنىڭ مېنى كۆرۈش بىلەن چۈشۈپ كېتىپ باشقا ئاپتوبۇسلارغا ئالمىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايتتىم. بايا پەزىلەتنىڭ كۆزىدىن چاچرىغان سوغۇق نۇر ماڭا پەزىلەتنىڭ مېنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشىمنى كۆتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھەقىقەتەن ئويلىغىنىمدەك بولدى، قىز مېنى كۆرۈپلا ئىتتىك دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. تۇرۇپلا قىزنىڭ بۇنداق يوشۇرۇن ئوماققىنە قېيىدىشىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىپمۇ قالدىم. قانداقلا بولسۇن، ئۇ مېنى نەزىرىگە ئىلىدىكەن. مېنىڭ باشقا قىزلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا يۈرۈشۈمنى خالىمايدىكەن. سەزگۈلىرىم تەلۋىلەرچە مەستخۇشلۇق بىلەن ماڭا شۇنداق دەپ پىچىرلايتتى.

ئاپتوبۇسقا ھەممىدىن كېيىن قوزغىلاي دېگەندىلا چىقتىم. شوپۇر بالا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېمىتكامنىڭ بالىسى ئىكەن. ئاكىسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانىدىم. ئالدىدا بىردەم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ

تۇرۇپ ئاندىن ئەنۋەرنىڭ ئۈستىلىق بىلەن بوش قويۇپ قويغان پەزىلەتنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كەلدىم. قىز مېنى كۆردى، كۆردى ـ يۇ، پەرۋاسىز ھالەتتە بېشىنى بۇراپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بويۇنداپ ھەممىگە قاراپ چىقتىم. مېنىڭ نىمشقا پەزىلەتنىڭ قېشىدىكى ئورۇننى بوش قويغۇزۇپ ئولتۇرغانلىقىمدىن خەۋەردار ئوغۇل ـ قىزلار كۆزلىرىنى قىسىشىپ قويۇپ ماڭا ئۇتۇق تىلەشكەن بولدى. مەن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان، ئىپادىسىدىن قاتتىق رەنجىگەندەك ھالەت كۆرۈنۈپ تۇرغان پەزىلەتكە قىلىنلىق بىلەن سۆز تاشلىدىم:

ــ ئۆيدىكىلەرنى تازا سېغىنغانسىز ـ ھە؟

ــ...

ــ ھەي! مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن.

قىز ئامالسىز قالغاندەك بېشىنى بۇراپ سوغۇققىنا:

ــ سېغىندىم، سىز سېغىنمىدىڭىزما؟ــ دېدى.

ئۇنىڭ ئەتراپتىكىلەردىن خۇدۇكسىرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن. بىراق، بۇ مەن ئۈچۈن كەلگەن پۇرسەت. مەن بۇ پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى ئەسلا خالىمايتتىم. شۇڭا ئۆزۈمنىڭمۇ يېڭى كەلگەندە شۇنداق بولىدىغانلىقىمنى، قايتىشقا بەكلا تەقەززا بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتقاچ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ يەنە سۆز تاشلىدىم:

ــ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالماڭە، پاراڭلىشىپ ماڭايلى!

ــ مەن ئاپتوبۇستا پاراڭ قىلىپ ماڭغاندىن مۇشۇنداق جىمجىت ماڭغاننى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇنىڭ مەن شۇنچە ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئاۋازىنىمۇ ئايىغان ھالدا سىلىق دېگەن بۇ سۆزلىرىگىمۇ يول قويمىدىم. شۇ ئارىدا ئۇستۇمدىكى كارىۋاتتا ياتقان ئەنۋەر:

— ناخشا ئېيتىپ ماڭايلى بولمىسا! — دەپ سۆز قاتتى، ئۇنىڭ ئەتتەي شۇ گەپنى قىلىش ئارقىلىق كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە مېنى ناخشا ئېيتقۇزۇش ئارقىلىق قىزنىڭ ماڭا بولغان مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يىگىت ـ قىزلار تۇشمۇتۇشتىن مېنى ناخشا ئېيتسۇن، دەپ چۇرقىراشقىلى تۇردى، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قىزغا قارىدىم. قىز خۇددى ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىمىغاندەك يەنىلا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە دېرىزە سىرتىنى بىر قەۋەت قىرووۋ تۇتۇۋالغان بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ شۇ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق مەن بىلەن روبىرو كۆز ئۇچرىشىشتىن، پاراڭ قىلىپ مېڭىشتىن قېچىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ مەن ئۇچۇن بىر پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنىڭ ھەربىر مىنۇت ـ سېكونتىنىمۇ ئۇنىڭغا بولغان يۈرەك سىرلىرىمنى ئاشكارىلاپ مېڭىشقا رازى ئىدىم. قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ناخشا ئېيتىپ بەر، دېگىنىنى بىرنېمىلەرنى دەپ بېسىپ، ئۇنىڭغا پاراڭ قىلاي دەپ قارىشىمغا سومكىسىدىن بىر كىتابنى چىقىرىپ ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، قاراملىق بىلەن شارتتىدە كىتابنى تارتىۋالدىم.

— ۋاي ـ ۋۇي... نېمە گەپ بۇ؟ كۆز كىرەك ئەمەسمۇ سىزگە، — ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىش غەرىزىمنى يوشۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەنسىرىگەن

هالەتتە شۇنداق دېدىم. قىز ئاچچىقلاندى بولغاي، ئاق ـ سۈزۈك مەڭزىدىن تارىغان سۈس قىزىللىق بىرلە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ دومسايغان هالدىكى شۇ قەدەر بىر ئوماق قىياپەت بىلەن ماڭا قاراپ قاپىقىنى تۈردى. ئۇھ... ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇنسىز قارشىلىقىنى ئىپادىلىشى نېمانچە سۆيۈملۈكتۇ؟ ئىچىم كۆيگەن هالدا قىلىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۈرۈپ گېپىنى ئارتۇق بىراۋغا بېرىشكىمۇ پىششىقلىق قىلىدىغان بۇ قىزدىن ئۈزۈك ـ ئۈزۈك پاراڭلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. باللارنىڭ، قىزلارنىڭ ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشلىرى بىلەن بىرنەچچە ناخشا ئېيتقانمۇ بولدۇم. پەزىلەتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قېلىۋىدى، پۈتۈن جىسمىم توك ئۆتكەندەك بولۇپ شۇ قەدەر دولقۇنلۇق كۈيلەر قاينىمىدا قالدىمكىن... تاماق يەيدىغانغا چۈشتۇق. مەن ئەنۋەر، ئەركىن ۋە بىرقانچە قىزلار (پەزىلەتمۇ بار) بىللە تاماق يېدۇق. كۆزۈمنىڭ قىرىدا ئۇنىڭ تاماق يېيىشلىرىگە سەپسالىمەن. ئۇنىڭ تاماق يېيىشلىرىگىمۇ ئۆزگىچە بىر خىل لاتاپەت سىڭگەن...

تاماقتىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە هاردۇق يەتكەن چېغى، ئاپتوبۇس ئىچى جىمىپ قالدى. ئاپتوبۇسنىڭ بىر خىل هالەتتە يولۇچىلارنى بۆشۈكتە تەۋرەتكەندەك تەۋرىتىپ مېڭىشى ھەممىسىنى ئۇيقۇغا چىللاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچقان. قاراڭغۇلۇقتا بېشىمنى يان تەرەپكە بۇراپ ئۇنىڭغا قاراپ ياتىمەن. ئارىلىقىمىز پەقەت ئىككى غۇلاچلا كېلىدۇ. شۇنداق يېقىن ئارىلىق، قولۇمنى سۇنسام ئۇنى تۇتالايتتىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن دەۋرەپ كېلىۋاتقان بىر خىل شېرىن ئەسەبىيلىك مېنى

ئۇخلىماسلىققا، قىزغا گەپ قىلىشقا، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ قىزنىڭ كىچىككىنە، ئىنچىكە ئاپپاق قوللىرىنى تۇتۇشقا چاقىرىپ تىنماي ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئاخىر قولۇمنى ئۇنىڭ مورىسىگە يېنىككىدە قويدۇم. ئۇنىڭ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، ئىتتىك ئۆزىنى قاچۇرۇپ يېرىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم.

— پەزىلەت، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە...

مەن كۇلۇۋەتتىم. ئۇنىڭ ئويغاق ھالدا سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇپ «ئۇخلىدىم» دېگىنىنى قارىمامدىغان...

— ھى - ھى... ئۇخلاپ قالدىم دەۋاتقانلىقىنى، يالغانچى.

— نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە... شۇ ئۆزۈمچە سىزنى ئۇخلىمىغان بولسا پاراڭلىشىپ ماڭايلى دېگەنىدىم.

— قىلغۇدەك نېمە پاراڭ بار ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا.

— سىزچە راستتىنلا پاراڭ يوقمۇ؟

— يوق.

ئۇنىڭ «يوق» دېگەن گېپى يۈرىكىمگە ئۇدۇللا تەگدى.

— پەزىلەت، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ مېنىڭ سىزگە دېگەن ھەقىقىي گېپىم،— ئاخىر نېمە بولسا بولسۇن، دەپ گەپ تېپىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا دادىل ھالدا يۈرىكىمنى تۆكۈشكە باشلىدىم. قىز جىممىدە ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇراتتى...

— پەزىلەت، ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟

يەنىلا جىم...

— ھەي... نېمە دېسەم بولار؟ دېسەم ئىشەنمەيسىز

بەلكىم، مەن سىزنى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا، تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىغا قاتنىشىدىغان ۋاقىتتىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. سىزنى كۆپ سۈرۈشتۈردۈم... سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز، سىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇشىڭىزنى كۈتكەنىدىم. بىزنىڭ مەكتەپكە كەلمىگەن بولسىڭىزمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ قايسىلا مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىڭىز مەن ھامان ئىزدەپ يۈرۈپ سىزنى تاپاتتىم، سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلاتتىم،― ھاياجاندا ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

― ئەزىمەت، بۇ توغرۇلۇق كېيىن پاراڭلىشايلى بولامدۇ؟ باشقىلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ.

ئۇنىڭ تىترەك ئارىلاش چىققان ئاۋازى مېنى سەگىتتى.

― نېمە بولىدۇ؟ بىز يا باشقا گەپ قىلمىۋاتمىساق.

― ياق، ياق، سەت بولىدۇ، ئۆتۈنۈپ قالاي!

قىزنىڭ ئاۋازىدىكى ئاجىزغىنە يالۋۇرۇش ئاھاڭى يۈرىكىمگە زەخمەك ئۇردى. شۇنداقتىمۇ يۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىۋالدىم. ئۇمۇ ئامالسىز ئېيتىپ بەردى. بۇ قېتىم راستتىنلا غەيرەتكە كەلگەنىدىم. ئالدىمىزدىكى تەتىلدە ئۇنى ئىزدەش، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكىنى ئىپادىلەش ئارزۇيۇم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئۇنىڭ يېنىمدىكىلا كارىۋاتتا يېنىك تىنىقلىرى بىرلە ياتقانلىقى ماڭا ئالەمچە بەخت تۇيغۇسى بېغىشلاۋاتاتتى...

ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ماڭغان بەختلىك سەپەرمۇ

تۇگەپ تاڭ سەھەر بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاكسىغا سېلىشىپ بېرىپ ئۆيگە قايتتىم. يۈرىكىمدە ئۆزۈممۇ ئېپادىلەپ بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە بەخت سېزىمى، يۈزۈمدە، كۆزلىرىمدە، لەۋلىرىمدە كۈلكە، قەلبىمدە لىققىدە مۇھەببەت... شۇ تاپتا ئالدىمغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇنى مېھرىم بىلەن قۇچاقلاپ مۇھەببەت تۆكۈشۈم مۇمكىن ئىدى.

ئاپام ـ دادامالار بىلەن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتۈم. ئاپام دائىمقىدەك مېنى قۇچاقلاپ پېشانەمگە سۆيۈپ بىرھازا كۆز يېشى تۆكتى. ناشتىدىن كېيىن ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋېلىپ ئارام ئېلىشنى باھانە قىلىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم. كۆزلىرىمگە ھېچ ئۇيقۇ كېلەر ئەمەس... كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ قوڭۇر كىرپىكلەر ئورىغان مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان قوي كۆزلىرى، نېپىز لەۋلىرى، ئاق ـ سۈزۈك مەرمەر تاشتەك چېھرى... ئاخشامقى كىتابنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچچىق بىرلە قىزىللىق تارىغان يۈزلىرى، تومشۇقىنى ئۇچلاپ ئوماققىنا قېيىدىغاندەك رەنجىشلىرىنى ئويلىشىم بىلەنلا يۈرىكىمگە شۇررىدە قىلغان ئىسسىق بىر ئېقىم بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغان تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزگە مېھرىم بىلەن قاراپ نومۇرلارنى ئاستا سىلىدىم. مۇشۇ نومۇرلار بېسىلىدىغان ئاشۇ ئۆيدە مەن سەۋدايىلارچە مەپتۇن بولغان شۇ قىز ياشايتتى. ئۇ ئۆزگىچە بىر خىل نازۇك، نومۇسچان قىياپىتى بىلەن مېنىڭ ئەقلىمنى بىھوش قىلىپ ئىشق زەنجىرىگە جىسمىمنى مەھكەم باغلىغان قىز ئىدى.

ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئىشىك تۈۋىدە

ئاپامنىڭ سىماسى كۆرۈندى. مەن يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ كۆزلىرىمنى يۇمۇپ يېتىۋالدىم.

— ئەزىمەت، قارا بۇ يالغانچىنى... مېنى كۆرۈپلا ئۇخلىغان بولۇۋالدىڭ - ھە؟

مەن كۈلۈۋەتتىم ۋە ئەركىلىگەن ھالدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىم قىرىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئاپامنىڭ قۇچىقىغا بېشىمنى قويدۇم. ئاپام مېھرى بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ ماڭا ئېگىشتى.

— بالام، مەن سەندىن بىر خۇشاللىقنىڭ ئىزنالىرىنى بايقايمەنغۇ؟

— قانداق دەيسىز، ئاپا؟

— دائىمقىدىن ئۆزگىچە... ئىشىكتىن كىرىشىڭ بىلەنلا كۆزلىرىڭدىن تارتىپ پۈتۈن جىسمىڭدىن خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئىچىڭدە سېنى ئارام تاپقۇزمايۋاتقان، تېپچەكلەپ تۇرغان بىرنېمە باردەك قىلىدىغۇ...

— دائىمقىغا ئوخشاشقۇ، ئاپا...

— ياق، بالام...

— ئاپا، سىز بەك سەزگۈر جۇمۇ...

— بالام، ئۇ خۇشاللىقنى بىلسەم، ئورتاقلاشسام بولامدۇ؟

— ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، ئاپا.

— شۇنداقمۇ؟ بالامنىڭ چېھرىدە ئاپتاپ پارلاتقان ئۇ خۇشاللىقنى بىلىشكە ھازىرچە شەرتىم توشمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئاپا، سىزگە ھامان دەيمەن، بىراق ئىش تېخى تولۇق پىشمىدى.

— شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ؟ ئىش پىشىپ مېۋە

بېرىدىغان ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىلىدىغان...

ــ ھى ـ ھى... سىز بەك يامان جومۇ، ئاپا...

ــ يامان بولمىسام سەندەك سومباتلىق ئوغۇلنىڭ ئاپىسى بولالامتىم؟ــ ئاپام چاقچاق قىلغاچ كۈلۈپ.

ــ ئاپا...ــ ئاپامغا ئەركىلىدىم.

ــ قوپ! قارا بۇنى، چوپچوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ كىچىك بالىدەك ئەركىلىشىنى... ئۆيگە كېلىن ئەكىرگەندىمۇ مۇشۇنداق ئەركىلەپ يۈرسەڭ ـ ھە؟!

ــ سىز دېگەن مەڭگۈ مېنىڭ ئاپام. كېلىن كىرسە ئۆزگىرىپ قالىدىغان يېرى بولمىسا ئەركىلەۋېرىمەن، بولمامدۇ؟

ــ كېلىن بالا ئاچچىقلاپ كېتەر ئۇ چاغدا... كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ دەپ سېنى...

ــ ئۇنداق قىلمايدۇ، بولسا ئۇمۇ قوشۇلۇپ ئەركىلەيدۇ، ئۆزىمۇ ئەركىلەتكۈدەكلا...ــ تۇيۇقسىزلا ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتتىم. مەنمۇ، ئاپاممۇ بىر ـ بىرىمىزگە چۆچۈش بىلەن قاراپ قالدۇق... ئارقىدىن پاراققىدە كۈلۈپ كەتتۇق. مېنىڭ كۈلۈشۈمدە خىجىل بولۇش، كۈلۈش ئارقىلىق خىجىللىقىمنى يوشۇرۇش بار ئىدى. ئاپامنىڭ كۈلۈشىدە بولسا مېنىڭ ھاياجان بىلەن ئىچكى سىرىمنىڭ ئاساسچىسى بولمىش شۇ نازۇك سىرغا بولغان قىزىقىش ۋە تاسادىپىي يۈرسەتتىكى بۇ ئاشكارىلىنىشتىن سۆيۈنچ بار ئىدى.

ــ قىز ئۇ كىم؟ بالام، غۇلجىلىقمۇ ـ يە؟

ــ قايسى قىزنى دەيسىز، ئاپا؟ــ خۇپسەنلىك بىلەن سىرىمنى ئاشكارىلىماسلىققا تىرىشتىم.

ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:

ــ مېنىڭ باھادىر ىمنىڭ كۆڭلىنى ئەل قىلغان، پۈتۈن جىسمىدىن شادلىق ياغدۇرۇۋەتكەن قىزنى دەيمەن...

ــ ئاپا، ــ يەنىلا كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك بېشىمنى ئاپامنىڭ پۇتىغا قويۇۋېلىپ قولۇمنىڭ دۈمبىسىدە ئاپامنىڭ ئېغىزىنى ئەتتىم (كىچىك چاغلىرىمدا بىرەر ئىشتا يېڭىلىپ قالسام ياكى بىرەر گەپنى ئاشكارىلاش ئېغىر كەلسىلا شۇنداق ئەركىلەپ ئۈششۈقلۇق قىلىپ تۇرۇۋالاتتىم).

ــ شۇنداق قىلىپ مەن بىلسەم بولمايدۇ دېگىن، ھە بوپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ ئىش تېخى پىشمىغان بىر ئىش ئوخشايدۇ. لېكىن يەنىلا شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، بالام. بىراۋلارنىڭ كۆزىدىن بىھۇدە ياش تۆككۈزۈش باھادىر ئوغۇللارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئالدى بىلەن كۆڭلۈڭنى دەڭسەپ بېقىپ، ھەقىقىي يۈرەك سوقۇشنى تىڭشاپ بېقىپ، ئۆمۈرلۈك دېگەندەك سادالارنىڭ يىپى چىگىلگەندە ئاندىن قىزغا سۆز تاشلاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئورۇنسىز ھەم باشقىلارنىڭ ئازابىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قېلىشتىن ھەم ئۆز قىرىندىشى بولمىش شۇ ئاجىزلارنىڭ ھاياتىنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈپ كېيىنكى ھېسسىيات ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن يولدىن چىقىپ قېلىشنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم يۈرىكىڭنى تۇتۇپ بېقىپ ھەقىقىي سەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن سوقىدىغان يۈرەك بولغاندىلا ئاندىن سۆز ئاچساڭ، ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى بېكىتسەڭ بولىدۇ، بالام. بۇ دۇنيا ئاشۇنداق بىر ـ بىرىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن ئەسلىي گۈزەللىكىنى ساقلاپ

قالالايدۇ ھەم ئادەمىيلىك مىزانلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا ئاللا ئاتا قىلغان بۇ قىممەتلىك ياشاش پۇرسىتىنى زايە قىلىۋەتمەي ئۆتكىلى بولىدۇ.

ئاپامنىڭ ۋەزنىلىك سۆزلىرى يۈرىكىمگە مۆھۈر بولۇپ ئورنىدى. چوڭقۇر سۆيۈنچ، ھۆرمەت ھېسلىرى ئىچىدە سۆيۈملۈك ئاپامنى چىڭ قۇچاقلىدىم.

※ ※ ※

بىردەمدىلا تەتىل بولۇپ كەلگەنلىكىمگە ئون كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ قالدى. كۈنلىرىم ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ۋە بوش ۋاقىتلىرىمدا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى - بۇنى كۆرۈش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. خىيالىمدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىغان پەزىلەتنىڭ قېشىغا بېرىشنى شۇ قەدەر ئويلايتتىم - يۇ، قانداق ئۇسۇلدا چاقىرىپ سۆزلىشىشنى ئۇقمايتتىم. ئاپام بىلەن دەسلەپتە كەلگەن كۈنىمىزدە ئۇ پاراڭ بولغاندىن باشقا ئۇ توغرۇلۇق پاراڭمۇ بولمىدى. لېكىن، مېنىڭ ھەربىر قىياپىتىم، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھەربىر ۋاقتىمنىڭ ئاپامنىڭ سىنچى كۆزلىرىنىڭ نازارىتىدە ئىكەنلىكىگە ئىقرارمەن. ئاپام مېنىڭ ھەربىر روھىي ھالىتىمنى ئىنچىكە كۆزىتىپ مېنىڭ ھېسسىياتىمنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەپ باقماقچىدەك قىلاتتى.

ئاپام ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئانا. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ دۇنياسىدا تۇرۇپ ئويلاپلا قالماي، بەلكى قىزلار دۇنياسىدا تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ ئانىسى

بولمش قىزلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسىللىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىز قىلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇشۇنداق ئايالغا پەزىلەت كىلىن بولۇپ كىرسە ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويۇلغاندەكلا ئىسىل ئىش بولامدۇ؟ ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزۈم چەكسىز هوزۇرلىناتتىم...

بۈگۈن ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە باردىم. غەيرەتكە كېلىپ قورۇسىغا كىرگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ مۇمكىن بولسا كۆرۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن تېلېفون قىلدىم. نېمىشقىدۇر تېلېفوننى بېرىشكە تەمشەلگىنىمدە يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. تېلېفون ئۇلانغان بولسىمۇ بەكلا ئۇزاق جىرىڭلىدى، ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. قايتا بېرىپ تېلېفون ئالىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ قويۇۋېتەي دەپ تۇرسام توساتتىنلا ئېلىنىپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

خۇددى يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تىترەڭگۈ، بوش ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىغان هالدا سورىدىم:

— مەن پەزىلەتنى ئىزدەيتتىم.

— مەن شۇ.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى قىزنىڭ ئاۋازى بەكلا هالسىز، تىترەڭگۈ بولۇپ خۇددى ئاخىرقى نەپىسى قالغان كىشىنىڭ ئاران ـ ئاران سۆزلىشىگە ئوخشايتتى.

— پەزىلەت، ئاۋازىڭىز نېمانچە بوش، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— مەن ياخشى ئەمەس... ئەزىمەت... مەن... مەن...

ــ پەزىلەت، پەزىلەت...

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىپتىك بوشاپ كېتىشىدىن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا تۇرۇپكىنى مەھكەم سىقىملاپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتىم. يېنىمدا تۇرغان ئەركىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قورقۇمسىرىغان ھالدا:

ــ نېمە بوپتۇ پەزىلەت؟ ئەزىمەت...ــ دېگىنىچە تۇرۇپكىنى تاشلىۋېتىپلا سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتقان مېنىڭ كەينىمدىن ئەگەشتى. ئارقىمىزدىن دۇكاندىكى ئايالنىڭ «پۇلنى تۆلىمىدىڭلار» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى غىل - پال ئاڭلاندى (كېيىن ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپ پۇلنى ئەكېلىپ بەردۇق).

مەن بىلىۋالغىنىم بويىچە ھېچنېمىگە قارىماي ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. پەمىمچە، ئۆيدە ھېچكىم يوق ۋاقىتتا پەزىلەت بىر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغانىدى. پەزىلەتلەرنىڭ بىناسىغا كىرىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپلا ئەسەبىيلەرچە ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدىم.

ــ پەزىلەت، نېمە بولدىڭىز؟ ئىشىكنى ئېچىڭ، نېمە بولدىڭىز؟

كەينىمدىن تاپ باستۇرۇپ چىققان ئىمران ۋە ئەركىنلەر مېنىڭ ئەھۋالىمغا قاراپ ئۆي ئىچىدە پەزىلەتنىڭ بىر ئىشقا يولۇققانلىقىنى پەرەز قىلدى بولغاي، ئىشىكنى ئېچىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ــ ئەزىمەت، قارىغاندا پەزىلەت ئۆزى يالغۇز ئوخشايدۇ، گازدىن زەھەرلەنگەن بولمىسۇن يەنە... تېزرەك ئامال قىلايلى، ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلساق بولاتتى.

— ئاداش، ئۆيدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرساق بولمايدۇ، پەزىلەتنىڭ ئاۋازى تېلېفوندا يوقاپ كەتتى. چوقۇم بىر كېلىشمەسلىك بولدى. جېنىم ئاداش، بىر ئامال تاپ، بۇ داداڭلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغۇ، بىرنېمە قىلساڭچۇ!

نەپسىم ئۈزۈلگەن، يالۋۇرغان، خۇدۇمنى يوقاتقان هالدا سۆزلەيتتىم.

— هە راست، توختا، قوغداش بۆلۈمىدىكىلەرگە بىردىن ئاچقۇچ سەپلەنگەن بولىدىغان، ئىدارىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى بولغاچ شۇنداق تۈزۈم بار ئىدى.

— تېز، ئەمىسە تېز بولايلى!

تەلىيىمگە راستىنلا بۇلارنىڭ قوغداش بۆلۈمىدىكىلەردە ئاچقۇچ بولىدىكەن. شۇلار ئارقىلىق ئۆيگە كىرگىنىمىزدە مېهمانخانا ئۆيدە يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ قېشىدا سۇنايلىنىپ هوشسىز ياتقان پەزىلەتنى كۆردۈم. هېچنېمىگە قارىماي ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ قىزنى قۇچىقىمغا ئالدىم، ئاھ... ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئاق بولغان يۈزلىرى سارغىيىپ تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ هوشسىز ئىدى. ئۇنى كۆتۈرگىنىمچە ئۆيدىن قانداق چىققانلىقىمنى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلىپ كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا قانچىلىك تىتىلداپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ئاغىنىلىرىم شۇ تاپتا مەن بىلەن تەڭ سەدپارە بولۇپ، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولماقتا ئىدى.

قورقۇنچلۇق دەملەر كەتتى. دوختۇرلار ئاساسىي تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ ئۇكۇل ئېسىپ بولغاندا دادىسى، ئاكىسى ۋە بىرئازدىن كېيىنلا ئاپىسى يېتىپ كەلدى. بىزگە ئەمدى تۇرۇۋېرىشكە ئورۇن يوق ئىدى. گەرچە ئۇ

ياخشى بولغۇچە قېشىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى، كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى دېگۈچىلىك قېشىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىقنى ئويلىغان بولسامۇ، بىراق قاشلىرى سىزىپ قويغاندەك، قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرى ھېلىھەم ياش قىزلارنىڭكىدەك نۇرلۇق، بىر قاراشقىلا ياشلىق گۈزەللىكىنىڭ ئىزنالىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئاپىسى، ئېگىز بوي كەلگەن دادىسى بىلەن بىللە تۇرغان بوي - تۇرقى ۋە چىرايى دادىسىغا بەكلا تارتقان ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېرىش بىئەپ ئىدى. دادىسى قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ كەتكەندە خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالدىم. ئاپىسى بولسا ياشتىن جۇلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ دادىسى بىلەن قوشۇلۇپ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

بىز ئاستا يېنىپ چىقتۇق. ئۇھ دەپ سىرتقا چىققاندا باياتىنقى جىددىيچىلىكلەرنى بىر - بىرلەپ دېيىشىپ تۇيۇقسىزلا تېلېفون قىلغان ئايالنىڭ پۇلىنى بەرمەيلا چېپىپ چىقىپ كەتكەنلىكىمىز ئېسىمىزگە كەلدى - دە، خىجالەتچىلىكتە قايتىپ بېرىپ بىرمۇنچە ئۆزرە بىلەن پۇلنى تۆلەپ قايتىپ چىقتۇق.

پەزىلەت شۇ ياتقىنىچە ئون نەچچە كۈن ئۆپچۆرىسىدە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بىر نەچچە قېتىم ئۇنى يوقلاپ باردىم، بىراق ئاپىلىرى يوق ۋاقىتنى تاللاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرى كىرىپ قالارمۇ، دەپ تۈزۈكرەكمۇ پاراڭلاشماي قىسقىغىنا ئەھۋالىنى بىلىپلا يانغاندىم. دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنىمۇ باردىم.

ئەپسۇس، ياتاق ئىچىگە كىرەلمەي ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇنىڭغا ئامراق ئۇكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانىدىن چىققان پەزىلەتنى يىراقتىنلا كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايلىرىغا قان يۈگۈرۈپ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

تەتىل توشتى. پەزىلەتنىڭ مېڭىش ۋاقتىنى ئىگىلىۋالاي دېسەممۇ بولمىدى. كاللامدا قالغان ئىقتىدارلىرى بىلەن ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر قىز ئالدىمدا جانلىنىۋاتاتتى. ھەر دەقىقە خىيالىمدىن چىقماي مېنىڭ يۈتكۈل ھاياتلىقىمنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىۋالغان بۇ قىزنى شۇنداق سېغىنغانىدىم.

※ ※ ※

«ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك!» ئىچىمدىن چىققان سېغىنىش مېنى ئۇلارنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ باردى. ياتاق بىناسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بىر قىز ئارقىلىق ئۇنى چاقىرتتىم. بىردەملىك ساقلاشتىن كېيىن ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكىدە ئۇنىڭ سىماسىنى كۆرۈشۈم بىلەن ئوتتەك بىر تەشنالىق ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ قەدەملىرىمنى ئالدىغا سىلجىتتى. قىزنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتكەچ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئاددىيغىنە ئەھۋاللاشتۇق.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇم كەلدى ـ دە:

— مەن ناچار، — دەپلا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ماڭدىم. قىز ئۈن ـ تىنسىز كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭدى. شۇ تاپتا

قوينىڭ قوزىسىدەك رايىشلىق بىلەن ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ ماڭا بويسۇنغان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ شۇ قەدەر ھاياجانلاندىمكى، قىز دەرۋەقە تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىچكى ھېسسىياتلارغا باي ۋە نازۇك ئىدى. مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر تېز تاماقخانىغا كەلدۇق. گەپ قىلماي ئۈنى ئايرىمخانىغا باشلاپ ماڭدىم. قىزمۇ مەندىن بىر ئېغىز گەپ سورىماي خاپىغان ھالىتىمدىن نېمىدىندۇر شۈبھىلەنگەن ھالدا لەپ ـ لەپ كۆز تاشلاپ قويۇۋاتاتتى.

بىز جايلىشىۋېلىپ تاماق بۇيرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن قىزدىن سورىدىم:

ــ ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ ماڭىدىغان ۋاقىتتا ئىزدەپ كېتىپتىمەن.

ــ دادام، ئاپاملار تەكشۈرتىمىز دەپ بىللە كەلگەن.

ــ مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتكەنلىكىڭىزنى كېيىن ئۇقتۇم. تەكشۈرۈش نەتىجىسى قانداق چىقتى؟

ــ ھېچنېمە چىقمىدى شۇنچە ئاۋارە بولغانغا تۇشلۇق،ــ قىز تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ نارازى بولغان ئاھاڭدا شۇنداق دېدى.

ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم:

ــ كېسەل چىقمىغىنى ياخشىغۇ، قىزىقتە، خاپا بولۇپ كەتكىنىنى كېسەل چىقمىدى دەپ...

ماڭا قوشۇلۇپ قىزمۇ كۈلدى. قىزنىڭ نېپىز لەۋلىرىنى بوش ھىمىرىپ قولى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ تۇرۇپ كۈلگەن ھالىتى شۇ قەدەر سىپايە ئىدىكى، ئىختىيارسىز قىزنىڭ كۈلكىدىن سۆس ھال رەڭگە

ئايلانغان يۇزلىرىگە قارىغىنىمچە يۈرەك رىتىملىرىم تېزلىشىپ تۇرۇپ قالدىم.
— پەزىلەت، دېدىم كۆلىسگىنىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز، — ئىختىيارىمغا بويسۇنماي ئېغىزىمدىن شۇ سۆزلەر چىقىپ كەتتى. قىز كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقېچىپ شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرۇپ يەرگە باقتى.
— پەزىلەت، — دېدىم ئاستاغىنە پىچىرلاپ تۇرۇپ، — سىزنى ياخشى كۆرىمەن.
مەن قىزدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي، ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي جىمىمدە بولۇپ قالدۇق.
— مانا تامىقىڭلار چىقتى، — جىمجىتلىقنى بۇزۇپ توخۇ قوردىقىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن مۇلازىم ئىككىمىز ئارىسىدىكى بۇ ھاياجانلىق ئوچىايسىزلىنىشقا تولغان كەيپىياتقا خاتىمە بەردى.
تاماق يېيىشكە باشلىدۇق. قىز بەكلا تارتىنىپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتىم ۋە توخۇ گۆشىنىڭ لوق يەرلىرىدىن ئۇنىڭ تەخسىسىگە سېلىپ قوياتتىم. شۇ تەرىقىدە تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى. پەرىزىمچە، قىزنىڭ مەيلىگە قويسام بۇ يەردىنمۇ كۆتكىنىمنىڭ ئەكسىچە ھېچقانداق بىر ئىلگىرىلەش بولماي چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالماقچى بولۇپ بارلىق غەيرىتىمنى يىغدىم:
— پەزىلەت، مەن بىر جاۋاب ئاڭلىسام دەيمەن.
قىز بوشقىنە:
— ئەزىمەت، بىز بۇ گەپلەرنى قىلىشمىساق بولمامدۇ؟ — دېدى.
قىزنىڭ ئاھاڭىدىن مۇلايىمغىنا ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

ــ نېمىشقا؟ مېنى ياقتۇرمامسىز؟

ــ ياق.

قىزنىڭ «ياق» دېگەن گېپىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. چوڭ بىر روھىي ئۇزۇق تاپقاندەك جانلاندىم:

ــ ئەمىسە نېمىشقا بولمايدۇ، بىلەمسىز، سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن. بۇنى سىزگە ئېيتقان. سىزنى تۇنجى كۆرگەندىن باشلاپلا ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ماڭا ياردەم قىلىڭ، مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەجەبلەنگەن هالدا كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:

ــ نېمە ياردەم؟

ئۇنىڭغا تەپسىلىي قىلىپ مەھبۇبەنىڭ ئىشلىرى ۋە مېنىڭ بەك ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ يەرگە باققىنىچە سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى هېس قىلاتتىم، سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىشنى، مەھبۇبەگە بولغان پەقەت ساۋاقداشلىق هېسسىياتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى قانداق ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ سۆزلىرىمنىڭ ئۇنى قايىل قىلىشىنى، قايىل قىلىپ مەن تەشنا بولغان جاۋابنى بېرىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. سۆزۈمنى تۈگەتتىم، ئۇنىڭغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. خۇددى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىگە ئوخشاش جىسمىم لەرزىگە كەلدى. كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان سۈزۈك قەترىلەرنىڭ ئەسلىدە نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ھەپسىلەم قالمىغانىدى. پەقەت بىلىدىغىنىم

قىزنىڭ غۇبارسىز نازۇك كۆڭلىدە چوقۇم مېنىڭ كۆلەڭگەم مەۋجۇت ئىدى. تىترىدىم، خۇددى كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىشقا ئىمكانى يوقتەك ئولتۇرغان ئالدىمدىكى بىغۇبار سۆيگۈ ئىگىسىگە ئوخشاش... قانداق جۇرئەتكىن، قولۇمنى سۇنۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئالدىم، ئۆزۈمگە ئارانلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز بىلەن «نېمىشقا يىغلايسىز، پەرىلەت؟» دەپ ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئىشەنچ ۋە مېھىر بىلەن تىترەپ تۇرغان قىزنى قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرمىغان ھالدا باغرىمغا تارتتىم. ئاھ... شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئىدى... دۇنيادىكى بارلىق بەخت مېنىڭ ئىدى... بۇ بەختنى ماڭا مۇرەمگە رايىشلىق بىلەن باش قويۇپ خۇددى ئازار يېگەن كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان بۇ سىرلىق، گۈزەل، جەلپكار قىز بەرگەنىدى. ئۆزۈممۇ بۇ بەختنىڭ تۈيۈقسىزلا ماڭا تەۋە بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتقان ئادەمدەك ئەسەبىي ھاياجان بىلەن «ئۇششۇق، كەچكىچە يىغلاپلا يۈرگەن» دەپ ئۇنى تاتلىق تىللار بىلەن بەزلەۋاتاتتىم...

ئاھ... تۇنجى مۇھەببەت!

※ ※ ※

ئۇنى تاپالمىغانسېرى جىلە بولاتتىم، قايسى كۈنىدىكى ياشتىن جۇپلەشكەن كىرپىكلىرى، سايە تاشلىغان كۆزلىرى، باغرىمغا باش قويغاندىكى بىغۇبار تۇرقى خىيالىمغا كەلگەنسېرى ئۇنى سېغىناتتىم.

بۈگۈن تەلىيىمگە ئۇنى دوستى زۇمرەت بىلەن ئاشخانا

يېنىدا ئۇچراتتىم. پەزىلەت ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولغاندەك قىلغانىدى، بىراق زۇمرەت ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ماسلاشماي ماڭا يان بېسىپ بەكمۇ ياخشى قىلدى. ئامالسىز مەن بىلەن ياندىشىپ بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بولغان قىز بىلەن مەكتەپ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىزلا يەردىن ئۇنگەندەك ئالدىمىزغا مەھبۇبە ئۇچرىدى. مەھبۇبەنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، ناھايىتى ئەسەبىي ھالەتتە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. پەمىمچە ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى توشۇپ بىر ئىش قىلماقچىدەك قىلاتتى.

ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك، پەزىلەت بۇنداق زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىز ئەمەس.

ئالدىمغا بىر قەدەم مېڭىپ پەزىلەتنى ھىمايە قىلىشقا تەييارلاندىم.

ــ مەھبۇبە، بۇ يەردە سەتلەشمىگىن، بۇنى مەن ساڭا دېگەن.

ــ ياخشىغۇ... شۇنداقلا دېگەن گېپىڭ بىلەن مېنىڭ نەچچە يىللىق ئەقىدەمنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتمەكچىمىدىڭ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق!

ــ مەھبۇبە، ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگىن، بۇنداق قىلىش بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

ــ ياق، ھېچكىم سېنى مەندىن تارتىۋالىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن!

ــ مەھبۇبە، بۇنداق ساراڭلىق قىلما!

ــ مېنى ساراڭ قىلغان سەن، ئەمدى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەممىدىن تېنىۋالماقچىمۇ؟ ماڭا ئېيتقان ھەممە گەپلىرىڭ يالغان، شۇنداقمۇ؟ مېنى ئۇنداق سۆيىمەن، بۇنداق سۆيىمەن دەپ كەينىمگە كىرىپ يىغلاپ ـ

يالغۇز مىغان بولساڭ مەنمۇ سېنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالامتىم؟ ئاھ، خۇدا! قىزلارنى نېمانچە ئاجىز، بوزەك ياراتقانسەن؟ كىم بىلىدۇ بۇ قىزغىمۇ ماڭا دېگەن شۇ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىڭنىڭ قانچىلىكىنى دەپ ئۆزۈڭگە ئىشەندۈرۈۋالدىڭ!

مەھبۇبە ئاچچىق ئازاب بىلەن شىكايەت قىلىۋاتاتتى، دادلاۋاتاتتى، يىغلاۋاتاتتى...

قىز دەقىقە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ بەكمۇ بىچارە ھالەتتە ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان مەھبۇبەگە، ماڭا قارايتتى.

ــ مەھبۇبە، ئويۇن قويما! پەزىلەت، بۇ كالللىسىدىن ئېزىپتۇ، سىزگە مەن ھەممىنى دېگەن. بۇ گەپكە ئىشەنمەڭ! ــ دېگىنىمچە پەزىلەتكە قاراپ سوزۇلغان قوللىرىم ھاۋادا لەيلەپ قالدى. قىز كۆزلىرىدىن شۇنچىلىك سوغۇق نۇر چاچراتقىنىچە قوللىرىمنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ئارقىغا ئۆرۈلدى ـ دە، يۇگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

ــ سەن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ــ بۇرۇلۇپ مەھبۇبەگە قەھرىم بىلەن ۋارقىرىدىم، ــ مۇشۇنداق قىلسام مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتالايمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن ياكى... ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مەن ساڭا ئېيتقان، سەن مېنى پەزىلەتتىن ئايرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سېنىڭ يۈزۈڭگە قارىماي ئۆتۈپ كېتىمەن. سېنى ياخشى كۆرمەيمەن.

ــ مەيلى، ــ مەھبۇبە يىغلامسىرىغان ئاۋازدا مەندىن ئۆتە ۋارقىرىدى، ــ مېنى ياخشى كۆرمىسەڭ باشقىلارنىمۇ ياخشى كۆرگۈزمەيمەن، باشقىلارنىڭمۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا يول قويمايمەن.

— سارالڭ بوپسەن، سارالڭ...

— مەن سارالڭ، مېنى سارالڭ قىلغان سەن، ئاۋۇ ئىنجىمارۇقتىن مېنىڭ نەرىم كەمكەن؟

— سەن...— ئۇنى ئۇرۇش ئۇچۇن كۆتۈرۈلگەن قوللىرىم ھاۋادا لەيلەپ قالدى، شۇ ئان ئاپامنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇلايىم چېھرى كۆز ئالدىمغا كۆرۈندى ۋە ماڭا دېگەن: «بالام، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەقلىڭگە ھاي بەرگىن، قىزلار كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ ئانىسى ئۇلار شۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بىراق، بەك نازۇك ۋە ھېسسىياتچان، بەزىدە شۇ سەۋەبلىك ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇپ ئەخمىقانە ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇلارنىڭ ھىماتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوغۇللار ئۇلارغا قول كۆتۈرۈپ سالسا ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان خاتالىقلارغا يول قويۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ كېلىپ چىقىدۇ. مەلۇم سەۋەب بىلەن قىزلارغا قول تەگكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە شۇ قولۇڭنىڭ ئاپاڭنى ۋە قېرىنداش ھەدە - سىڭىللىرىڭنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلا!» دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ئەكس سادا ياندۇرۇشقا باشلىدى.

— كۆزۈمدىن يوقال! سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق!

بۇرۇلۇپ ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئارقامدىن ئۇنىڭ:

— مېنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلما!— دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسامۇ ياد بولۇپ كەتكەن بۇ پوپوزىلىرىغا پەرۋا قىلماي كېتىۋەردىم.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خۇش كۆلكىدىن قالدىم... ئېچىلىپ سۆزلىشىشلەردىن قالدىم...

پەزىلەتكە قانچە رەت يالۋۇرۇپمۇ بىر قېتىم پاراڭلىشىشقا قايىل قىلالمىدىم. قىز مەن تەرەپكە بىر مەرتە قاراپ باقمىدى. ئۇ رەت قىلغانسېرى يېگانە قالاتتىم، ئۇ رەت قىلغانسېرى ئۈمىدسىزلىنەتتىم، مەھبۇبەگە بولغان غەزىپىم قايناپ ـ تاشاتتى.

پەزىلەت مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق قىز ئىدى. شۇ كۈندىكى مەھبۇبەنىڭ يامغۇردەك تۆككەن ياشلىرى، زارلىنىشلىرى، شىكايەتلىرى قىزنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن... مېنىڭ ئەخلاقىمدىن گۇمانلاندۇرغانىدى. مۇھەببەتنىڭ خۇددى راستتەك يىغلاپ ـ قاقشاپ تۇرۇپ زارلىنىپ سۆزلەشلىرى مېنى ئۇنىڭغا ئۈجمە كۆڭۈل، ۋاپاسىز قىلىپ ئىشەندۇرگەنىدى... مېنى كەچۈرەلمەيتتى، مەندىن بەكمۇ نەپرەتلەنگەن ئىدى... مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئايرىلىپمۇ قالارمەنمۇ؟

مەھبۇبەگە نەزەر ـ كۆزۈمنى سالمىدىم. ئۇنىڭ سالجىدەك چاپلىشىپ يالۋۇرۇشلىرىغا، كۆرسەتكەن باھانە ـ سەۋەبلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدىم. بىر ئېغىز زۇۋانمۇ سۈرمىدىم. دەرس ۋاقتىدا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن، ھامان پەزىلەتنى ئويلاپ دەرسمۇ كاللامغا چۈشمەي كۆرۈنەرلىك ھالدا چېكىنىپ كەتتىم. ئىشتىھايىممۇ يوق، ئۇيقۇممۇ ئازلاپ كەتتى... شۇ تەرىقىدە يازلىق تەتىل ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى...

باشقا ۋاقىتلاردىكىدىن غەمكىن، روھسىز ھالدا جىمىمىدە يۇرتقا قايتتىم.

......

ــ جېنىم بالام، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ــ تەتىل بولۇپ ئۆيگە قايتىپ ئىشكتىن كىرىشىم بىلەنلا ئاپام

يۈگۈرۈپ كېلىپ پېشانەمگە سۆيۈپ چىرايىمغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ شۇنداق دېدى.

ــ نېمە بوپتۇ، ئاپا؟

ــ ئۇزاق يىل كېسەل تارتقاندەك بولۇپ كېتىپسەن، چىرايلىرىڭ نېمانچە سارغىيىپ جۇدەپ كەتتىڭ؟

ــ ئۇنداق ئەمەسقۇ،ــ دېدىم قول ئېلىشىپ ئاندىن پېشانەمدىن سۆيۈپ كۆرۈشۈۋاتقان دادامغا قاراپ قويۇپ.

ــ يول ئازابى بالىنى ساڭا شۇنداق كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئاپىسى، ئەتىگەندە قۇشقاچتەك چۈرۈقلىماي بالىنىڭ هاردۇقىغا ئىسسىققىنا ناشتىلىقنى بەرگىنە!

ــ ياق، دادىسى، ئەزىمەتنىڭ چېھرىدىكى كىچىككىنە چېكىتتەك ئۆزگىرىشنىمۇ سېزىۋالالايمەن.

ــ هېچ ئىش بولغىنى يوق، ئاپا، دەرسلىرىمىز بەك ئېغىر، شۇ سەۋەب بولسا كېرەك،ــ سوئاللاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ بۇرۇنقى شوخلۇق ۋە ئەركىلەشلەرگە يات بولغان تەمكىن ۋە غەمكىن هالەتتە ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆزۈمنى تاشلىدىم...

كۈنلەر ئۆتمەكتە... ئەركىنىدىن مەهبۇبەنىڭ كەچۈرۈم سوراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ پەرىلەتكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتىكى هاياجىنىم ۋە تۇيغۇلىرىمنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. شۇ چاغدىلا دۇنيادا ھەقىقىي ئاغىنىدارچىلىق، دوستلۇقنىڭ بەكمۇ شەخسىيەتسىز ۋە مۇھەببەتلىك بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم. پەرىلەت ئىككىمىزنىڭ بەختىنىڭ تۇزۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مىننەتسىز كۈچ چىقىرىۋاتقان ئەتراپىمدىكى بارلىق ئاغىنىلىرىمنى تېخىمۇ بەك مۇھەببەتلىك قەلبىم بىلەن سۆيدۈم، قۇچاقلىدىم.

ئەتىسىلا پەرىلەتكە تېلېفون بەردىم.

ــ بارمۇسىز، جىممىدە بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟
ــ كېيىنرەك بىر گەپ بولسۇنچۇ!

قىزنىڭ ئۆتۈنۈش ۋە تارتىنىش ئارىلاش دېگەن گېپىگە يەنە باش ئەگدىم.

ــ ماقۇل ئەمىسە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن!

تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئىچىمگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىق ھېسلىرى ئالدىدا خۇددى ئۇزاق يىللار مابەينىدە بۇ قەدەر خۇش بولۇپ باقمىغاندەك تېپچەكلەۋاتقان يۈرىكىمنىڭ تىۋىشلىرىنى تىڭشىغىنىمچە نەچچىنى پىرقىرىۋەتتىم.

ئاھ... بۇ جۇدالىق ئاخىرلاشسۇن، ئۇقۇشماسلىقلار تۈگىسۇن. ماڭا ئاتا قىلىنۋاتقان بارلىق سۆيگۈلىرىڭگە ۋە ئاتا قىلىنۋاتقان بارلىق خۇشاللىقلىرىڭغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر! ئاشۇ بىغۇبار نازۇك گۈلۈمنىڭ گۈل تېنى ئامان بولسۇن!

※ ※ ※

ئەتىل تۇشۇشقا ساناقلىقلا كۈنلەر قالدى. ياتاق ئۆيۈمدە خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم. ئاپامنىڭ كىمدۇر بىرى بىلەن ئەھۋال سوراشقىنىنى، ئارقىدىن:

ــ ئەزىمەت! ئەنۋەر كەپتۇ، چىققىن بالام، ــ دەپ تۈۋلىغىنىنى ئاڭلاندى. مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ چىقىپ بولغۇچە ئەنۋەر ئۆزىلا كىرىپ كەلدى.

ــ ئاغىنە، نېمە بولدۇڭ؟ نېمە كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئۆيۈڭدىن سىرتقا چىقماي چاپلىشىپ ياتىسەن.

ــ قىلىدىغان باشقا ئىشىم يوقكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامۇ ئۆيدىكەن، شۇڭا سىرتقا چىقماي بۇگۈن ئۆيدە بولغانىدىم.

ـــ مېنى مېھمان قىل، ساڭا يەتكۈزىدىغان خەۋەر بار.
يۈرىكىم ئىچكى ھاياجان بىلەن سوقۇپ كەتتى.
ئەركىن پەزىلەتلەرنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق بولغىنى ئۈچۈن يېقىنلاشقان بولسامۇ، ئۇمۇ ھازىر مېنىڭ جانجىگەر سىرداش ئاغىنەم بولۇشقا مۇناسىپ كەڭ قورساق مەرد ـ مەردانىلىقى بىلەن قەلب تۆرۈمدىن ئورۇن ئالغانىدى. ئەنۋەر جىلىلىيۈزىلىك بولغان بىلەن كىچىكىدىن چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپۇپ شەھەردە ئوقۇغان، بىر مەكتەپداش ھەمدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنەم...
ـــ نېمە خەۋەر؟
ـــ قارا، خەۋەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ساڭا جان كىردى ـ ھە! مېنىڭ باشقىلارنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلمەيدىغانلىقىمنى يۈرىكىڭ تۈيدى ھەرقاچان... ـــ ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ كۈلدى.
ـــ خۇش خەۋەرمۇ؟
ـــ شۇم خەۋەرمۇ، خۇش خەۋەرمۇ بار.
ـــ تولا ئادەمنى ئەنسىرەتمىسەڭچۇ!
ـــ بۇ يەردە دېمەيمەن، بىراق...
ـــ مەيلى، ئەمما تېزرەك دېگىن.
مەن ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ ئاپامنىڭ «چۈشلۈك تاماق تەييار بولۇپ قالدى» دەپ سايراشلىرىغىمۇ قارىماي ئەنۋەر بىلەن ئۆيدىن چىقتىم.
ـــ نەگە بارىمىز؟
ـــ ئاپام بىر يەرگە بارىمەن، دەپ چۈشلۈك تاماقنى بالدۇرلا ئېتىپتىكەن، مەن چىقىدىغان چاغدا تاماق يەۋالغان، سېنىڭ قورسىقىڭ غىڭشامدۇ قانداق؟

ــ ياق، قورسىقىم توق،ــ دېدىم ئۇ ئەكەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ.

ــ ئەمىسە باغقا كىرەيلى... كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىغۇ تام توسۇقلاردىن ئارتىلىپ ئۆمىلەپ كىرىپ، ئويۇن ئويناپ باغدىن چىقمايتتۇق. ھازىر بولسا باغقا كىرمەس بولۇپ كېتىپتۇق.

ــ مەيلى ئەمىسە، يۈرە، ئۇ چاغلاردىكى باغنىڭ گۈزەللىكىگە نېمە يېتىدۇ دەيسەن. باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قويۇق چاتقاللىق بىلەن ئورالغان قاراڭغۇ تەرىپىگە بەك ئامراقتۇق ـ ھە! مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپ بىز سېنى تاپالماي، سېنىڭ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدىكى چاتقاللىققا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇخلاپ قالغىنىڭ، چوڭ ئاپاڭغا خەۋەر قىلغىنىمىزدا چوڭ ئاپاڭنىڭ «قارا يۈز بولىدىغان بولدۇم» دەپ يىغلاپ جېلىلىيۈزىدىن ئاپاڭ ـ داداڭنى چاقىرتىپ كىرگەن ۋاقتىدا كۆزلىرىڭنى ئۇۋۇلاپ چاتقاللىقتىن ئۆمىلەپ چىققىنىڭچۇ.

ــ ھا ـ ھا ـ ھا... ئۇنى بىر دېمە... تاس قالغانتى ئاپام ـ دادام شۇ چاغدا مېنى شەھەردە ئوقۇتماي جېلىلىيۈزىگە قايتۇرۇپ ئەكېتىپ قالغىلى... چوڭ ئاپام يالۋۇرۇپ ئېسىلىپ تۇرۇۋېلىپ قېلىپ قالغانىدىم يەنە.

ئىككىمىز باللىقتىكى ئەسلىمىلەرنى ئەسلىشىپ بىردەمدىلا باغقا يېتىپ كەلدۇق. باغچىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىم بىلەنلا ئۆتكەن يىلدىكى گۈزەل كۆرۈنۈش كۆزلىرىمگە ئۇچۇپ كەلدى.

بىر ـ بىرى بىلەن بەس تالىشىپ خۇش پۇراقلىرىنى تارقىتىپ، گۈزەل ھۆسنىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن پورەك گۈللەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە نەپىسلىكى بىلەن گۈللەرنى ھەسرەتتە ۋە

ھەسسەتتە قويالىغۇدەك نازۇك بىر قىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ گۈل پۇرىغان ھالىتى بىلەن خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتلاردەك ھېلىلا قانات ياساپ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئىنتايىن جەزبىلىك، جەلپكار مەنزىرە شەكىللەندۈرۈپ تۇرماقتا...

بىز تۇنجى قېتىم مانا مۇشۇ گۈزەللىك قوينىدا پاراڭلاشقان، بىر - بىرىمىز بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا تونۇشۇپ سۆزلەشكەنىدۇق، ھازىرمۇ شۇ ۋاقىتتىكىدەكلا ھاياجانلىق تۇيغۇ قوينىدا ئەللەيلەندىم.

— گۈل كۆرمىگەندەك تۇرۇپ كەتتىڭغۇ، ماڭساڭچۇ!

ئەنۋەرنىڭ تۇۋلىشى يوقاتقان ئېسىمنى قايتۇرۇپ كەلدى. «مەن كۆرگەن گۈلنى سەن كۆرگەن بولساڭمۇ مۇشۇنداق ھەيرەتتە قالاتتىڭ...» ئىختىيارسىز پىچىرلىدىم - دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

بىز باغ ئىچىدىكى دۇكاندىن سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قويۇق دەرەخزارلىق ئورىغان خالىي جىمجىت يەرگە قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

— دېگىنە، بايىقى خەۋەرلىرىڭنى.

— پەزىلەت بىلەن ئۇچراشتىڭمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ھازىرچە كۆرۈشمەيلى دېدى.

— قىز سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ.

تۇيۇقسىزلا ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەتتىم ھەم ھاياجانلاندىم.

— سەن قانداقچە... قانداق قىلىپ...

— جىم تۇرۇپ ئاڭلا، سۆزۈمنى بۆلمە... پۇرسەتنى

تارتقۇزۇپ قويمىغىن، ئەزىمەت... قىزغا كۆز تىكمىۋاتقانلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگىلا ئەمەس، ھەر تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقىغىمۇ كۆز تىكىپ يۈرۈۋاتقانلار بەك كۆپ. ئەگەر يەنە مۇشۇنداق مىسلدايدىغان بولساڭ پۇشايمان قىلىپ قالىسەن، قىز بالا دىگەن ئاجىز...

ــ نېمانداق ئادەمنى ئىلەشتۈرىسەن، بىردەم قىز سىنى ياخشى كۆرىدۇ دەيسەن، بىردەم ئۇنى تارتقۇزۇپ قويىسەن دەيسەن؟

ــ ئۆتكەندە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان ئاغىنىلىرىم قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنى (مۇھەببەتلەشكەن جۇپلەركەن ھەممىسى) باغقا چاقىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق بىر يىغىلىپ ئوينايدىغان ئىشى باركەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار كەلگۈچە بىر ـ ئىككىمىز باغدا تەييارلىق قىلىپ تۇرغانىدۇق. كىمنى كۆردۇم دىمەمسەن؟ كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا پەزىلەتنى كۆردۈم.

يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. «جۈپلەر ئولتۇرۇشى، پەزىلەتمۇ باركەن»... بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى...

ئۇ مېنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكىنىمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مەنمۇ دەسلەپتە كۆرۈپ بەكلا چۆچۈپ كەتتىم. چاندۇرۇپمۇ قويدۇم. ئىچىم بەك ئاچچىق بولدى. يېنىدىكى بىللە كەلگەن ئىرپان دىگەن بالا بولسا قىزغا ھە دىسە يېقىنچىلىق قىلىپ ئىككىسىنىڭ بىر مۇناسىۋىتى باردەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، بىراق دىققەت قىلسام، قىز ئۇركۈپ چۆچۈپلا تۇرىدۇ. ئىلاجسىزلىق بىلەن كېلىپ قالغاندەك، بۇ ئولتۇرۇشنىڭ ھەقىقىي

ماھىيىتىنى بىلمەي قالغاندەك تۇرىدۇ. كېيىن بىر ئىش بىلەن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ قايتىپ چىقىپ قىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، سۈرۈشتۈرسەم ھېچكىم بىلمەيدۇ. قارىسام ئېرىپانمۇ يوق، قىزنىڭ مەن كۆرگەندىكى ئىپادىسىدىن ئېرپان بىلەن يوقاپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كۆڭلۈم بىر خىللا بولۇپ قالدى قارا... شۇنىڭ بىلەن باغدىن چىقىپ دەرۋازىۋەندىن سورىسام، ئۇ بىر قىزنىڭ يۈگۈرۈپ يېزا بازىرى تەرەپتىكى يولغا كەتكەنلىكىنى، «بەلكىم باغقا ئوينىغىلى كەلگەن بىرەرىنىڭ يامانلاپ چىققان قىز دوستى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ ئېرەن قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇچۇپ كەتتىم دېگىنە، ئاداش... يىراقتىن بىر قارىنى كۆردۇم، ۋارقىرىدىم. بىراق ۋارقىرىغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. ئامالسىز ئارقامغا يېنىپ باغ ئالدىغا كەلسەم تەلىيىمگە باغقا باشلىقلىرىنى ئەكەلگەن شوپۇر ئاغىنەم ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن بارساق قىز يوق، خېلىلا ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوشسىز ياتىدۇ. بەك قورقۇپ كەتتىم.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەي ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم.

— ئولتۇرە، — ئەنۋەر قولۇمدىن تارتىپ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئاپاردىم. باشقىچە چوڭ ئىش يوق، قىزنىڭ تېنى بەك ئاجىز، كام ماغدۇركەن، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىش ۋە غەزەپلىنىشلەرنى كۆتۈرەلمەيدىكەن. پەرىزىمچە باغدا چوقۇم قىزنى غەزەپلەندۈرگەن ھەم بىزگە سىر بولغان بىر ئىش يۈز بەرگەن. قىز ئەسلىدىنلا مېنى باغدا ئۇچرىتىپ بەكلا ئوڭايسىزلاندى.

ئەسلىدە باغدىن ئايرىلماسلىقىم، قىزغا سىنىڭ ئورنۇڭدا قارىشىم كېرەك ئىدى.

— ئۇنىڭغا زادى نېمە بوپتۇ؟

ۋەھىمىلىك خىيالدىن قورقۇپ يۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قانداقتۇر بىر ئۆتكۈر تىرناق يۈرىكىمگە ھە دەپ رەھىمسىزلەرچە سانجىلىۋاتاتتى.

— بىلەمسەن، قىز سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن؟

ئۇنىڭ بۇ قالايمىقان گەپلىرىدىن ئېلىشىپ قالايلا دېدىم. ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتامىغاندۇ — ھە؟ زادى شۇنداق دەپ تەسەللى بەرگۈدەك بىر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ؟

— تېز دېسەڭچۇ مېنى ئېلەشتۈرمەي...

— جىددىيلەشمە! قىز يېرىم ھوشسىز توختىماي جۆيلۈدى. سېنىڭ ئىسمىڭنى توختىماي چاقىردى، سەندىن ئەپۇ سورىدى. ئۆزىنىڭ سەن ئۈچۈن جېنىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىلكىندى. كۆزلىرىمگە قىيانىدەك دەۋرەپ كەلگەن ياشلار ئەركەكلىك نومۇسىنىڭ كۈچى بىلەن قىياندىن تاشالماي كۆز قىرغاقلىرىدىكى كىرپىك ساھىللىرىدا بىر — بىرىگە سوقۇلاتتى.

— «جۈپلەر ئولتۇرۇشى»غا پەقەت دوستىنىڭ يۈزىنى دەپلا قاتنىشىپ قالغانىكەن. ئۇ ئېسەدەپ سېنى سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەزىمەت. مەن ئۇنى ساق — سالامەت ھالدا شەھەرگە ئەكىرىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. خاتىرجەم بولغىن، قىز چوڭ ئىشقا يولۇقمىغان، پەقەت ئۇ باغدا ئېرپاننىڭ قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن، ئېرپاننىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا تېگىشلىك

دەككىسىنى بېرىپ ئاندىن خورلۇق ھېس قىلىپ باغدىن چىقىپ كەتكەنىكەن.

— ئۇ نومۇسسىز ئەبلەخچۇ؟

— شۇ پېتى ھېچكىممۇ ئۇنى كۆرمىدى، قانداق ۋاقىتتا قايسى تۆشۈكلەر ئارقىلىق شەھەرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. بۇ گەپلەر ئەڭ ياخشىسى سىر بولۇپ قالسۇن، پەزىلەت بەك نومۇسچان، قىز، ساڭا بۇ گەپلەرنى ئېيتقىنىمنى سېنىڭ خەۋەر بىلسە بەكلا ئوڭايسىزلىنىشى مۇمكىن، قانداق دەيسەن؟

كۈچلۈك ھېسلار داۋالغۇشىدا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

## ئون ئالتىنچى باب

# پەزىلەت ــ مېنىڭ بەختىم

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. پەزىلەتنىڭ خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كۆز ئالدىمدا ئۆچۈپ يۇرگەن شۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىشىم بىھاجەت. بۇرۇن كۈندىلىك خاتىرە يېزىش دېگەنلەرگە قىزىقمىغانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى پەزىلەتتىن خاتىرىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەسلەپ ئولتۇرۇپ يېزىلغان خاتىرەممۇ يېرىملىشىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ قەدەر بەختلىكمەنكى، ئەمدىكى خاتىرەمنى بۇرۇنقى ۋاقىتلارنى ئەسلەش ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بۇ سۆيۈملۈك پەرىشتەم ماڭا قالدۇرغان خاتىرىنىڭ ئىزىنى بويلىغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇش، يەنى بەختلىك، مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنىڭ كارتىنىلىرىدىن ئىز قالدۇرۇپ مېڭىشقا ئاتىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر توي قىلدىم. ئۇنىڭ ساپ، بىغۇبار، سۆيۈملۈك ھالىتى بىلەن مېنىڭ ئايالىم بولغانلىقىغا دائىر ھاياجانلىق تىۋىشلىرىم ھېلىھەم پۈتۈن سەزگۈلىرىمدە...

ئۇ ئويلىغىنىمدىنمۇ نازۇك، ئويلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەتلىك بىر قىز، ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىدىن ئاياللىق لاتاپەت، ئاياللىق گۈزەللىك، مېھىر - مۇھەببەت

تۆكۈلۈپ تۇردۇ. مۇھەببەتلەشكەنلەر ئارىسىدا بولىدىغان بارلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە خۇشاللىق، بەخت ــ ھەممىنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ ئاخىر بىز ۋىسال شارابىدىن ئوتلىدۇق. ئۇ بارلىقى بىلەن مېنىڭ بولدى. ئانچىكى خاتالىقلار تۈپەيلى ئۇنىڭ بىلەن قېيىدىشىپ قالغان ئاشۇ دەملەردە ئۇيقۇم ئۇيقۇ، تامىقىم تاماق، قىسقىسى، ھاياتلىقىم ھاياتلىققا ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىمغا، بۇ جىلۋىگەر، نومۇسچان قىزنىڭ مېنىڭ بارلىقىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىغا قايىلمەن.

بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان خاس ھۇجرىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە ھاياتلىقنىڭ ئابىھايات زەمزەم سۇلىرىدىن قۇيۇپ ھارمايتتۇق.

ــ بېرى كېلىڭە!

ھېچقانداق خىرەلىك يوق پارقىراپ تۇرغان جاھازىلارنى ئىشتىياق بىلەن يەنە بىر باشتىن سۈرتۈۋاتقان پەرىلەتنى چاقىردىم. باياتىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ئۇنىڭ خۇددى پىشقان ئايالлاردەك تەمكىنلىك بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغىنىمدا دەممۇدەم بېشىنى بۇراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ئەركىلىگەن، خىجىل بولغان ھالدا: «نېمانداق كۆزىڭىزنى ئۈزمەي قارايسىز، پەردە تارتىپ قويىمەن بىكار كۆزلىرىڭىزگە» دەپ تومشۇقلىرىنى ئۈچلاپ قويۇپ ئىش قىلىۋاتقان پەرىلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ نېمە گەپ؟

ــ بېرى كېلىڭە، دەيمەن.

ــ گەپ قىلسىڭىز ئاڭلىيالايمەن، قېنى گەپ قىلىڭ!

تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مۇھەببەتلەشكەنلەر ئارىسىدا بولىدىغان بارلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە خۇشاللىق، بەخت ــ ھەممىنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ ئاخىر بىز ۋىسال شارابىدىن ئوتلىدۇق. ئۇ بارلىقى بىلەن مېنىڭ بولدى. ئانچىكى خاتالىقلار تۇپەيلى ئۇنىڭ بىلەن قېيىدىشىپ قالغان ئاشۇ دەملەردە ئۇيقۇم ئۇيقۇ، تامىقىم تاماق، قىسقىسى، ھاياتلىقىم ھاياتلىققا ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىمغا، بۇ جىلۋىگەر، نومۇسچان قىزنىڭ مېنىڭ بارلىقىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىمغا قايىلمەن.

بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان خاس ھۇجرىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە ھاياتلىقنىڭ ئابىھايات زەمزەم سۇلىرىدىن قۇيۇپ ھارمايتتۇق.

ــ بېرى كېلىڭە!

ھېچقانداق خىرەلىك يوق پارقىراپ تۇرغان جاھازىلارنى ئىشتىياق بىلەن يەنە بىر باشتىن سۈرتۈۋاتقان پەرىلەتنى چاقىردىم. باياتىن كۆزۈمنى ئۆزمەي ئۇنىڭ خۇددى پىشقان ئاياللاردەك تەمكىنلىك بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن كۆز ئۆزمەي قاراپ تۇرغىنىمدا دەمۇدەم بېشىنى بۇراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ئەركىلىگەن، خىجىل بولغان ھالدا: «نېمانداق كۆزىڭىزنى ئۆزمەي قارايسىز، پەردە تارتىپ قويىمەن بىكار كۆزلىرىڭىزگە» دەپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ قويۇپ ئىش قىلىۋاتقان پەرىلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ نېمە گەپ؟

ــ بېرى كېلىڭە، دەيمەن.

ــ گەپ قىلسىڭىز ئاڭلىيالايمەن، قېنى گەپ قىلىڭ!

— يېقىن كەلگەندە دەيمەن.

— مېنىڭ ئالدىراش ئۆي تازىلاۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— تازىلىمىسىڭىزمۇ تازىلىغاندەك تۇرسا يەنە تازىلاپ نېمە قىلىسىز؟

— بىكار ئولتۇرسام ئىچىم پۇشۇپ قالىدىكەن.

— ئەمىسە قېشىمغا كېلىڭ، قىلىدىغان ئىش بار بۇ يەردە.

— ساراڭ، قېلىن،— پەرىلەت مېنىڭ ئەگىتمە گېپىمنى چۈشىنىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ھالدا دومسايدى. شۇ ھالىتى بىلەن تېخى يۇزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك خىجىللىق تۇسى ئالغان قىياپىتى يۈرىكىمدە بېسىپ بولغىلى بولمايدىغان شېرىن بىر سېزىمنى ئويغاتتى. ئورنۇمدىن لىككىدە قوپۇپ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن پەرىلەت ئىتتىك ئىشىنى تاشلاپ قىزىرىپ كۈلگىنىچە ئارقىسىغا داجىدى.

— قاچماڭ - ھە!

— يېقىنلاشسىڭىز قاچىمەن.

— ئەمدى قاچىدىغان ۋاقىتلار كەتتى، قېچىپ - قېچىپ يەنە قۇچىقىمغا چۈشىسىز.

— توختاپ قېلىڭ!

— ياق!

پەرىلەت راستىنىلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كۈتۈپخانا قىلىنغان ئۆي تەرەپكە قاچماقچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭدىن ئىلدام كېلىپ قۇچاقلىۋالدىم.

— ھى - ھى... قاچماقچىمۇسىز، بۇ ئۆرۈلۈپلا قېچىپ كەتسىڭىز بولىدىغان تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بېغى

ئەمەس، جېنىم. قاچىسىغىزمۇ بەربىر ئۆز ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كېتەلمەيسىز...

ــ سەتلەشمەڭ كۇپكۇندۇزدە...

ــ كۇندۇز بولسا نېمە بوپتۇ، ئۆز ئۆيىمىزدە، ھالال نىكاھلىق تۇرۇپ نېمىشقا بولمايدۇ؟

ــ سەت بولىدۇ، ــ ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ــ سەت بولسا مەيلى، بۇ سەتلىشىشنى بەك زارىقىپ كۈتتۇم، جېنىم.

ئىلاجسىزلارچە ماڭا قاراپ يېلىنىش ئارىلاش تەلمۈرگەن كۆزلەر يۇمۇلدى... مېھرىم بىلەن بۇ كۆزلەرگە سۆيدۇم. باغرىمدىكى سۆيۈملۈك ئايالىمنىڭ بارا ـ بارا بوشىشىپ ئىختىيارىنى ماڭا تاشلىغانلىقىنى تىترەپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن...

ئۆيىمىز چوڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بىناسىنىڭ قارشىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا.

ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يېتىلىشىپ چوڭ ئۆيگە كىرىمىز. ئۇ يەردە پەزىلەت ئاتا ـ ئانامنى سۆيۈندۇرۇپ، مېنى تەلۋىلەرچە ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇرۇپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ دادامغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلىپ، ئاپام بىلەن بىرنەچچە كۈن كۆرۈشمىگەندەك يۈز يېقىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپ ئاندىن يېنىك قەدەملىرى بىلەن ئاپامغا ياردەملىشىپ ئاشخانا ئۆيدە ناشتىلىق تەييارلايدۇ.

دادام، ئاپام، مەن، پەزىلەت تۆتىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارشى ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ تۇرۇپ ناشتا قىلىمىز، ئاندىن ئۇ ئاپامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قاچا ـ قۇچىلارنى

بېسىقتۇرۇۋېتىپ تەييار بولىدۇ. ماشا ۋە ئائىلىمىزگە تۇگىمەس بەخت ئېلىپ كەلگەن پەرىشتەمنى ئېلىپ ئىشقا ماڭىمەن. يولدا ئۇنى ئىدارىسىغا ئاپىرىۋېتىپ ئاندىن ئىشقا كېتىمەن.

شۇنداق خۇشخۇيمەن، يوللارغا مۇھەببەت تۆكىمەن، ئەتراپقا مۇھەببەتلىك نەزىرىم بىلەن باقىمەن؛ شۇنداق خۇشخۇيمەن، يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى مۇھەببەتلىك نەزىرىم بىلەن ياشارتىمەن؛ شۇنداق خۇشخۇيمەن، دوختۇرخانىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتىكى يول ئوتتۇرىسىدىكى ئايلانما گۈللۈكتىكى گۈللەرنى مۇھەببەتلىك نەزىرىم بىلەن مۇھەببەتلىك ئۆپۈشلىرىم بىلەن ئېچىلدۇرۇپ خۇشبۇي ئەنبەر چاچقۇزىمەن؛ شۇنداق خۇشخۇيمەن، بىمارلىرىمغا مۇھەببەت تۆكىمەن. ئۇلارنى مېھىر ـ مۇھەببىتىم بىلەن داۋالاشقا، يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشىمەن. بىمارلىرىم بىر ـ بىرىدىن سەبىي ئوماق جانلار...

ھەربىر تىنىقلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان مۇھەببىتىمنىڭ ئىگىسى ئاللا مۇھەببەتلىك ھاياتىمنىڭ سەۋەبكارى قىلىپ «پەزىلەت»نى ماڭا ئاتا قىلغىنى ئۈچۈن چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

چۈش بولغۇچە ئالدىرايمەن. ئۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرىپ تېلېفون قىلىپ پەيت بولسىلا چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيمەن (ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ئۆيگە يېقىن، ئۇ كۈندە چۈشتە ئۆيگە قايتالايدۇ).

كەچ بولغۇچە ئالدىرايمەن. ئىشتىن چۈشۈش بىلەنلا ئۆيگە قاراپ ئۇچىمەن. ئۇنى ئالغىلى بېرىشىمغا كۈلۈمسىرەپ ئالدىمغا چىقىدۇ. قارىسام ئەتىگەندە ئاپىرىپ، كەچتە ئالغىلى بارسام راستتىنلا ئۇنىڭ

ئەركىنلىكىنى بەكلا بوغوپ قويغاندەك بولىدىكەنمەن، شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭغا يول قويدۇم. ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۆيگە بارسام كۆزلىرىم ئىشىكتە... ئۇ ئىشىكتە كۆرۈنمىگىچە تولا بالكونغا چىقىپ قاراپ تولا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ئاپاملارنىڭمۇ ئىچىنى پىششۇرۇۋېتىمەن. ئاپام تۇرقۇمغا قاراپ جىله بولسا، دادام گېزىت ئوقۇغاچ كۆز قىرىدا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى.

ئۇ كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئۆزۈمنى بېسىۋالاي دەيمەنۇ، بىراق ئاپام ـ دادامغا چاندۇرمىغان هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىمەن. كۆزلىرىم كۈلىدۇ، يۈرىكىم كۈلىدۇ، تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا قانلار جۇش ئۇرىدۇ. مېنىڭ سۆيۈملۈك پەرزىلەتىم مېنىڭ دەۋرەپ تۇرغان هېسلىرىمنى سەزگەن بولسىمۇ، نومۇسچانلىق بىلەن ماڭا قىيا نەزىرىدە تاتلىق كۈلۈپ قويىدۇ ـ دە، دەرهال نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپ، چوڭ ئۆيدىكى بىزگە خاس بولغان هۇجرىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقىپ ئاشخانىغا ئاپامغا قارىششقا ماڭىدۇ (ئەگەرده ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولغان بولسا ئۇنى كەلگىنىدە قۇچاقلاپ تۇرۇۋېلىپ، تاماقمۇ ئەتكۈزمەي ئاچ قالاتتۇقمىكىنمۇ دەپ قالىمەن).

دادامنىڭ تۇرقۇمدىن نېمىلەرنىدۇر سېزىپ قېلىپ هەييارلىق بىلەن كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. ئاپامنىڭ مېنىڭ پۈتۈن مېھرىمنى پەرزىلەتكىلا بېغىشلىشىمدىن ئىچى كۆيگەن هەم سەل تارلىق قىلغان هالدا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويغانلىقلىرىنى كۆرۈپ قالىمەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندا ئاپاملارنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئۆيىمىزگە قايتىپ چىقىمىز. بىزگىلا تەۋە بولغان بۇ

بەخت بۆشۈكىمىزدە ئۇنىڭغا قانمايتتىم، ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتىم. باغرىمغا باش قويۇپ ياتقان دەقىقىلەردە مەن تەكرار ئاڭلاشنى خالايدىغان مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى دېيىشنى ئېيتسام تارتىنچاقلىق بىلەن قىزىرىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بوشقىنە مەن ئارانلا ئاڭلىغۇدەك پىچىرلاپ دېيىشلىرىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىمكىن... ئاھ...

ئاپام، دادامۇ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمىدىنىمۇ بەك ئامراق بولۇپ كەتتى. يېڭى كېلىن بولۇپ كىرگەن ۋاقىتلاردا تاماقنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيدە يەيدىغان قىلماقچى بولۇۋىدى، بۇ گەپ پەزىلەتكە هار كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىن تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن قېچىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يەنىلا چوڭلار بىلەن تاماقتا بىللە ئۆتۈپ ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز گەرچە ئۆيىمىز بۆلەك بولسىمۇ ئاش ـ تاماقتا چوڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە پەقەت ياتارغا يېقىن ئۆيىمىزگە چىقىپ كېتىدىغان بولدۇق. بۇرۇن پەزىلەتتىن ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ قىز بالا تالانىڭ ئادىمى دەپ ئىشلارغا پىشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۇنىڭ نازۇك ۋە ئاجىز تۇرقىغا قاراپ ئائىلە ئىشلىرىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىگە دېگەندەك كۆزۈم يەتمەيتتى. ئاپامۇ، دادامۇ شۇنداق ئۆيلىنىپ بولسا كېرەك، بىراق بۇ ئۆيلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە پەزىلەت (گەرچە ئىشلارنى سەل

ئاستا قىلىسىمۇ) ئاش ـ تاماقتا ئۇستىلىقى، ئۆيلەرنى چىنىدەك پاكىز، سەرەمجان تۇتىدىغانلىقى ۋە چىپچەن ـ چىپۋەرلىكى بىلەن تېزلا قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ دادام ـ ئاپامنىڭ قايىللىق بىلەن ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان، سۆيۈنۈچ ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان كېلىنىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ سىپايە، ئەدەپلىك، نومۇسچان تۇرقىغا قوشۇلۇپ ئايال كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئۆي ئىشلىرىدىكى پىشقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ گۈزەل پەرىشتە سىياقىنى ئائىلىدىكى ھەممەيلەنگە مۆھۈر قىلىپ بېسىۋاتاتتى.

قانچىكى كەچ يېتىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سەھەر تۇراتتى، پۈتۈن ئۆيلەرنى بىر قۇر تازىلاپ چىقاتتى. مېنىڭمۇ ئېغىناپ يېتىۋېلىشىمغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن» بولۇپ قانچىكى كېچىكىپ ئورنىدىن قوپۇپ لايغەزەللىك قىلغانسېرى ئىش ـ كۈشلىرىنىڭمۇ ئىلگىرى باسماي ھەممە تەرەپتىن ئارقىغا قاراپ مېڭىش مۇمكىنچىلىكى ئېغىرلايدىكەن. كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سۇس پەرداز قىلىپ بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىش ئۈچۈن تاپقان باھانىلىرىمگە قارىماستىن مېنى بىللە ئېلىپ چوڭ ئۆيگە چىقاتتى. ئاپام ـ دادام‌لار بىلەن مېھرى ئاپتاپ كەبى سالاملىشىپ ناشتىلىق تەييارلايتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك مۇھەببەتلىك بېقىشىشلاردا ئولتۇرۇپ ناشتىلىقىمىزنى يەپ بولۇپ ماڭاتتۇق.

پەزىلەت! بارچە گۈزەللىك سىزگىلا مۇجەسسەملەنگەنمۇ... قەلبى، يۈرىكى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۆزىدەكلا گۈزەل ئايال بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش قانداق بەخت ـ ھە!

گۈزەللىكلەرنىڭ ئەمەلىي ئىشقا ئېشىشىغا ئاساس سالغان ئاپىڭىز ئۈچۈن جان تەسەددۇق بولسۇن، نېمىدېگەن قەلبى پاك، يۈرىكى تۈيغۇن، ساپ نىيەتلىك ئانا! قىزلىرىنىڭ پاك ـ ھايالىق، چېچەن ـ چېۋەر، ئىشچان، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگۈچى ئانىلار ياشىسۇن!

## ئون يەتتىنچى باب

# قارا سايە

كۆنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ تۇي قىلغانلىقىمىزغا بەش ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئۆيدىكىلەرگە تۈركىيەدىن مۇمامىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر كېلىشكە باشلىدى. بىر كۈنى تېلېفوندا سۆزلىشىپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئاپامغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

ــ ئاپا، تۈركىيەگە چىقىش رەسمىيەتلىرىڭلارمۇ پۈتۈپ بولغان، مەندىنمۇ خاتىرجەم بولدۇڭلار، دادام ئىككىڭلار چىقىپ كەلسەڭلار بولمامدۇ؟

ئاپام ياشلىق كۆزلىرى بىلەن چۆچۈگەندەك ماڭا قارىدى.

ــ سېنى تاشلاپمۇ؟

ــ سىلەر چىقىپ مۇمامنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىسىلەرغۇ، مېنى بىراقلا تاشلىۋېتىپ كەتمەيسىلەرغۇ... يەنە قايتىپ كېلىسىلەر ئەمەسمۇ؟

ــ گەپ شۇنىڭدا، بالام، چىقىپ كەتسەك كېلەلەيمىزمۇ يوق...

ــ بۇ قانداق گەپ، نېمىشقا قايتىپ كېلەلمىگىدەكسىلەر،

تۈركىيە سىلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىڭلار بولمىسا ـ يە؟

ــ بىراق...ــ ئاپام نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى.

كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ مەندىن يوشۇرۇۋاتقان قانداقتۇر بىر ئىشى بارمۇ قانداق؟ تۈركىيەگە چىقىپ كەتسە قايتىپ كېلەلمەيدىغان نېمە ئىش ئەمدى؟ بېرىپ موماملىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاپ كەلسە بولىدى ئەمەسمۇ؟

كەچتە يېتىپ بۇ گەپلەرنى پەزىلەتكە ئېيتىپ بەردىم. پەزىلەت چىرايلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ نېمىنىدۇر ئەندىشە قىلغان ھالدا:

ــ ئاپاملارنىڭ تۈركىيەگە چىقىپ يەرلىشىپ قېلىش نىيىتى بارمۇ نېمە، ئەزىمەت؟ــ دېدى.

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟

ــ ئاپامنىڭ تارتىنىشىپ تۇرۇشلىرى ۋە توختىماي يىغلاشلىرىدىن شۇنداقمىكىن دەپ ھېس قىلىپ قېلىۋاتىمەن.

ــ ئەگەر شۇنداق نىيىتى بولسا بۇرۇن موماملىلەن بىللە چىقىپ كېتەر بولغىيتتى... بۇ يەردە مەن تۇرسام مېنى تاشلىۋېتىپ كېتەلمەيدۇ.

ــ مەن قورقۇۋاتىمەن،ــ پەزىلەت پىچىرلىغىنىچە ماڭا مەھكەم يېپىشتى.

ــ نېمىشقا قورقىسىز؟ــ ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يېنىك تىترەۋاتقان مۈرىسىنى قۇچاقلىدىم.

ــ ئەزىمەت، ئىككىمىز مۇشۇ سەۋەبلىك بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالماسمىز ـ ھە؟

يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئىتتىك تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، پەزىلەت؟

ــ سىز ئاپام ـ دادامىلارنىڭ بىرلا بالىسى، ئۇلار سىزدىن ئايرىلالمايدۇ. ناۋادا سىزنى بىللە ئاچىقىپ كېتىمىز دېسە... مەن... مەن...ــ ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يۈزىنى توسۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

شۇ تاپتا مېنىڭ نامەلۇم بىر خىل تەشۋىش قاپلىغان ھالىتىم ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى. بىر قارا قول يۈرىكىمنى مۇجۇپ تۇرۇپ قېنىمنى شوراۋاتاتتى.

ــ ياق، پەزىلەت، ياق... بۇنداق گەپ قىلماڭ، ئايرىلىپ قېلىش دېگەن گەپلەرنى ھەرگىزمۇ قىلماڭ، مەن سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن. ياق... خۇدا بۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن!

سەۋدايىلارچە قۇچاقلاپ تۇرۇپ تىنماي بىر نېمىلەرنى دېدىم، سۆزلىرىم ئۇنىڭغا تەسەللى بولدىمۇ ياكى تاققا ـ تۇققا چىقىپ ئۇنىڭ تەشۋىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. شۇ كۈندىكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەن سۆزنىڭ دەھشىتىنى ھېلىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئەسلەيمەن.

شۇ كۈندىن كېيىن خاس ھۇجرىمىزدا بۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇنمىدى. بىراق، ھەر قېتىم تۈركىيەدىن تېلېفون كەلگىنىدە ياكى تۈركىيە توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز بولغىنىدا پەزىلەت ئىككىمىز ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل تەشۋىشلىك ھېسلاردا قالاتتۇق. ئۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا تىرىشاتتۇق ـ يۇ، يوشۇرۇپ بولالماي بىر ـ بىرىمىزگە ياشلىق كۆزلىرىمىز ۋە جىمىپ كېتىش، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىش دېگەندەك ئىپادىلەر بىلەن قارايتتۇق. كېيىنكى بىرنەچچە قېتىم مەن غەيرەتلىك بولۇپ:

ــ ئەخمەق، نەدىكى خىياللارنى قىلماڭچۇ، سىز نەدە بولسىڭىز مەن شۇ يەردە بولىمەن،ــ دەپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى بىلدۈرۈپ، كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى قوغلىغانمۇ بولدۇم.

......

ــ پەزىلەت، ئەتە كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيمەن.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەب تېزلا كەپتۇغۇ يەنە،ــ ئۇ نارازى هالدا تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى.

ــ هى ـ هى... باشلىقتا دەپ باقايمۇ ـ يە؟

ــ نېمە دەپ دەيسىز؟ــ ئۇ ساددىلارچە كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

ــ سۆيۈملۈك ئايالىم كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلىشىمگە قارشى، ئۇ قورقىدۇ، مەن ئىشلىمەيمەن دەپچۇ،ــ ئۇنىڭ ئۇمىدتە تىكىلگەن ساددا تۇرقىغا قاراپ كۈلۈۋەتتىم. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ ـ قالدى ـ دە، قىزىرىپ تۇرۇپ ئاچچىقلانغىنىچە مۈرەمگە شاپىلاقلىدى.

ــ مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىسىز، ئەجەب ئەسكى ـ هە سىز؟

ــ ها ـ ها ـ ها... ئەخمەق قىلمىدىم، «مېنىڭ خوتۇنۇم مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ، كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلىسەم كېچىچە ئۇخلىمايدۇ، ماڭا ئېتىبار قىلىڭلار» دېمەمدىم...

ــ مۇشۇنداق مېنى ئەخمەق قىلسىڭىز ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن.

ــ مېنى ئۇنداق دەپ قورقۇتالمايسىز. مېنىڭ قەدىرلىك قېيىنئانام هۆرمىتىڭىز بىلەن «قىزىم، ئېرىڭىزنىڭ قېشىغا قايتىڭ. سىز ئەمدى بۇ ئۆينىڭ

ئادىمى ئەمەس» دەپ يولغا سېلىپ قويىدۇ.
شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئىككىمىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
ئۇ تويىدىن كېيىنكى دەم ئېلىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مەن تۇنجى كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلىگەن كۈنى مەندىن ۋە ئاتا ـ ئانامدىن ئىجازەت ئېلىپ كەچتە ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئۆيىدە قونماقچى بولدى لېكىن، ئاپىسىنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي: «ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ماڭا تېلېفون قىلدى. ئەنسىرەپ قالدىم. نېمە ئىشلىقىنى سورىسام قېيىنئانام: «بالام، توي قىلغىلى ئۇزاق بولمىدى. كۆڭلىڭىزنى دەپ سىزنىڭ بۇ ئۆيدە قونۇشىڭىزغا رۇخسەت قىلغىنى بىلەن بۇ ھەقىقىي قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق كىچىككىنە ئىشلارنى باھانە قىلىپ بۇ ئۆيدە قونۇشنى ئادەت قىلىۋالسىڭىز كېيىن بارا ـ بارا دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مېھرى كۆتۈرۈلۈش مۇشۇنداق ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىنىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدىن قورقسىڭىز چوڭ ئۆيۈڭلاردا يېتىڭ، بۇنداق مېھرى سوغۇقچىلىق سالىدىغان ئىشلارغا يول قويۇشقا بولمايدۇ» دەپتۇ. پەزىلەت: «ئەزىمەت ئۆزى قونۇڭ دېگەن» دېسىمۇ ئۇنىماي ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
قىزىنى ئائىلىگە سادىق ۋە مېھرلىك قىلىپ تەربىيەلەشكە بارلىقىنى ئاتىغان ئۇ پەزىلەتلىك ئانا ئۆزىنىڭ قىزىغا بولغان سېغىنىشى، قىيالماسلىقىنى يىغىپ تۇرۇپ مۇشۇ كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ دىققەت قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلىسەم ئۇ چوڭ ئۆيدە ياتاتتى ياكى بولمىسا نەۋرە سىڭىللىرىنى ئەكىلىپ ئۆيىمىزدە ياتاتتى. ئۇ شۇ

ئىشتىن كېيىن خېلىغىچە ئاپىسىدىن رەنجىپ: «ئۆز ئۆيۈمىزنى ئەمدى يات بوپتۇ» دەپ يىغلاپ يۈردى. كېيىنچە ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ توغرا چۈشەندى.

ھازىر ئۇنىڭ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن دېيىشى بىلەنلا ئىككىلىمىزنىڭ ئېسىگە شۇ ئىشلار كېلىپ كۈلۈشۈپ كەتكەندۇق.

— پەزىلەت، قېيىنئانام ئاجايىپ ئېسىل ئايال جۇمۇ، مۇشۇنداق ئانىلار كۆپ بولسا قىزلىرىمىز سىزگە ئوخشاش تەربىيەلىك ۋە پەزىلەتلىك بولغان بولاتتى.

— ئاپام بەك قاتتىق قول، كىچىكىمىزدىن ئۇكام ئىككىمىزگە شۇنداق قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۆگىنىش قىلىشىمىزدىن تارتىپ ئائىلىدىكى كىچىككىنە ئىشلارغا قەدەر ھەممىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلدۇراتتى.

— جۇرئەتمۇ بويسۇنامدۇ؟ قارىسام ئۇ شىتىلىلىك قىلىپ ئالدايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ...

— ئۇ ئەركە، لېكىن ئاپامدىن قورقىدۇ. ئاپامنىڭ قاتتىق تەربىيەسى بولغاچقا ئويۇنغا بېرىلمەي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇدى.

— دادامچۇ، ئاپامغا بويسۇنامدۇ؟

— دادام خىزمەت ئىشى بىلەن بەك ئالدىراش بولغاچقا، بوش ۋاقتى چىقسىلا بىزنى ئەركىلىتىپ بېشىدا كۆتۈرگۈسى كېلىدۇ. باللار يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، دەپ ئاپام بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. بەزى چاغلاردا دادام ئۆزۈمنىڭ باللىرىغىمۇ قېنىپقىنا ئەركىلىتىپ دادا مېھرىگە قېنىش پۇرسىتى بەرمەيسەن، دەپ رەنجىيدۇ. لېكىن يەنىلا ئاپامنىڭ تەربىيەلىرىنى توغرا تاپىدۇ. «مۇشۇ زۆھرە يۈلتۈزۈم بولغاچقا ھەممىمىزگە

مۇشۇنداق گۈزەللىكلەر مەنسۇپ بولغان» دەپ ئاپامدىن مەمنۇن بولغىنىنى ئىپادىلەپ تۇردى. ئۇكام دادامغا ئوخشۇقلۇق قىلىشقا ئامراق. ئاپام بولمىسىلا دادامغا بىر ئاماللار بىلەن ئوخشۇقلۇق قىلىدۇ،ــ پەزىلەت ئىپتىخارلىنىش، سېغىنىش ئىچىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ چىرايلىققىنە كۈلدى.

ــ بالا تەربىيەسىدە ئانىلارنىڭ رولى بەك چوڭ، بۇ جەھەتتە ئاپىڭىزنى ئۇستاز تۇتۇڭ جۇمۇ!

گېپىمدىكى مەنىدىن قىزىرىپ كەتكەن پەزىلەتنى ئاستا ئۆزۈمگە تارتىپ قۇچاقلاپ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

ــ قانداق، بۇ ئايدا خەۋەر بارمۇ، جېنىم؟

ئۇ ئوت ئالغان يۈزلىرىنى مەيدەمگە يوشۇرغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

ــ ھەي! بەك تەشنا بولۇپ كەتتىم، ھېس قىلغانسىز، ئاپاملار دېمىگىنى بىلەن تىڭتىڭلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. تېزرەك بولسا بولاتتى ـ ھە.

ــ ساراڭ، قېلىن،ــ ئۇ خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرۈلمەي يۈزىنى مەيدەمگە چىڭگىدە يېقىپ تۇرۇۋالدى.

ــ سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق گۈزەل بىر قىز... مەيلىتى قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ... ئاللا نېمىلا ئاتا قىلسا مەن رازى جېنىم.

بىر ـ بىرىمىزنىڭ باغرىدا دۈپۈلدەپ سوققان يۈرەك تىۋىشلىرىمىز دېرىزىدىن سۇس چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرلىرىنى باغاشلىماقچى بولغاندەك كۆكرەك قەپىسىمىزدىن بوشىنىشقا ئىنتىلىپ رىتىملىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋاتاتتى.

بۈگۈن بىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزغا يەتتە ئاي ئون

كۈن بولغان كۈن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈنۈمنى شۇنچىلىك قەدىرلەيمەن، خۇددى بۇ كۈنلەر ماڭا مەڭگۈلۈك ئەستىلىك بولۇپ قالىدىغاندەكلا. شۇنداق تۇرۇپ بۈگۈن ئۇنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ مەن ئاشىق ئاشۇ قوڭۇر كىرپىكلەر ئورىغان يوغان كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن سۈپسۈزۈك قەترە يۈرىكىمگە قاراپ ئاقتى. ئۆزۈمنى كاچاتلىغۇم، كەلدى، بىراق يەنىلا ئەركەكلىك جاھىللىق ۋە مەمەدانلىق ئارىلاشقان يوشۇرۇن ھېسلىرىم ئالدىدا ئەل بولۇشنى خالىماي جىمجىت تۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭغا گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق ئىكەنلىكىنى تونۇتماقچى ئىدىم. خىيالىمدا ئۇنى ئۇياتچانلىق بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ يېنىمغا كېلىدۇ، مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ تۇرۇپ مەندىن ئەپۇ سورايدۇ، دەپ قىياس قىلغانىدىم. بىراق، ئۇ ماڭا بىردەم چەكچىيىپ قاراپ تۇردى ـ دە، كۆزلىرىدىكى مەرۋايىتلىرىنى يۈرىكىمگە تۆكۈۋەتكىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىرھازاغىچە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قاراپ تۇردۇم، ئاندىن ئېغىرلاشقان قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ئارقىسىدىن كىردىم. ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ دۈم يېتىپتۇ. مۈرىسىنىڭ سىلكىنىشىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. شۇ ھامان يۈرىكىمگە بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. بۇ ھاياتىمدا ئۇنى مەڭگۈ كۈلدۈرۈپ ئۆتۈشكە ئەھدە قىلغان ئەمەسمىدىم، نېمىشقا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنىڭغا قوپال تەگكەندىمەن. ئۇ شۇ قەدەر نازۇك، شۇ قەدەر سىپايە... ئۇنىڭ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى تۇنجى قېتىم. شۇنداق

بولغانىكەن، چوقۇم بەكلا ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىگەن هالدا قىينىلىپ كەتتىم.

— پەزىلەت، يىغلاۋاتامسىز؟

ئۇنىڭ مۇرىسىنىڭ بىلىنەرلىك تىترىشى ماڭا جاۋاب بەردى.

— سىزنى ئالداش ئويۇم يوق، پەقەت شۇ مەن بۇرۇنقىدەك سىزنى خاتا چۈشىنىپ بىرمۇنچە ئۇقۇشماسلىقلار بولمىسۇن، دەپلا يالغان سۆزلەپ قويغانىدىم. ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

……

— پەزىلەت، گۆھەرنىڭ بىر مەزگىل قېيىداپ ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرگەنلىكى راست. ئۇنىڭ سىز بىلەن ساۋاقداش ئىكەنلىكىنى، بىر بۆلۈمدە خىزمەتداش ئىكەنلىكىمنى دېمىسەم قىيا نەزىرىمنىمۇ سېلىپ قويمايتتىم. مەن سىزگە يالغان ئېيتمىغان، ئەسلىدە تۈنۈگۈن كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىغىنى راستىنلا گۆھەر ئەمەس، كېيىن ئالمىشىپتۇ، بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇغۇ، شۇڭا ئۇقۇشماسلىق بولدى.

ئۇنى - بۇنى دەپ بىرهازادىن كېيىن يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن پەزىلەتنىڭ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىدى: تۈنۈگۈن كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئاڭلىغان پەزىلەت تۇيۇقسىزلا سېستىرالاردىن كىمنىڭ ئىشلەيدىغانلىقىنى سورىدى. مەن كۆرگىنىم بويىچە كەچلىك ئىسمىنىدىكى سېسترانى دەپ بەرگەنىدىم. كەچتە نەۋرە سىڭلىسىنىڭ بىر ئىشى توغرۇلۇق بۆلۈمگە

تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى گۆھەر ئاپتۇ (گۆھەر كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىغان سىېسترا بىلەن ئالماشقانىكەن). ئۇ چاغدا مەن تۇيۇقسىز قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ چۈشمەيۋاتقان بىر كىچىك بالىنىڭ قېشىدا ئىدىم. جىددىيچىلىكمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بىلمىدىم، گۆھەر ماڭا تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئەتىگەن ئۆيگە كەلسەم پەزىلەت ئاخشام كېسەلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى، كىم بىلەن بىللە ئىشلىگەنلىكىمنى سورىدى. ئۆزۈمچە گۆھەر دېسەم تونۇگۇن دېگىنىم بىلەن ئوخشاش چىقماي ھەمدە بۇرۇنقى خاپىچىلىقلار تەكرارلىنىپ قالمىسۇن، دەپ يالغان سۆزلەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەك رەنجىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۆلۈمگە تېلېفون قىلغانلىقىنى ئۇقماستىن قاتتىقراق قىلىپ، «ماڭا نېمە ئىشەنمەيسىز؟» دەپ ۋارقىراپتىمەن. بۇ ئۆمرۈمدە ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى يالغان سۆزلىشىممۇ شۇ تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك. تۇنجى قىلغان يالغانچىلىقىمدىلا پاش بولۇپ قېلىپ ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنىڭ ئەكسىچە بىرمۇنچە ئوقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئىشلار ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بىردىنلا بەخت تۇيغۇسىغا چۈمدۈم. ئۇنىڭ مېنى باشقا قىزلاردىن كۈنلىگەنلىكى مېنى شۇ قەدەر ھاياجانلاندۇردىكى، ئۇنىڭ رەنجىشلىرىدىن ماڭا بولغان مۇھەببەت تۆكۈلۈۋاتقانلىقى ئۇچۇن شادلانغان ھالدا ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ:

ــ پەزىلەت، سىز مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر گۈلۈم. بۇ ئۆمرۈمدە سىزدىن باشقا ھېچقانداق ئايال زاتىغا قىيا نەزىرىمنى سالمايمەن،ــ دەپ پىچىرلىدىم.

※ ※ ※

ــ بالام، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ كەلسەڭلار بوپتىكەن، بۇنداق تەكشۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زىينى يوق.

بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدە پەزىلەتلەرنىڭ ئىدارىسىغا يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش كېلىدىغانلىقى سەۋەبى بىلەن پەزىلەت ئىشقا كەتكەندە ئاپام تۇيۇقسىزلا سۆز ئاچتى.

ــ نېمىگە تەكشۈرۈنىمىز، ئاپا؟ ساپساق، ساغلام تۇرساق...

ــ ئۇغۇ شۇ. پەزىلەتنىڭمۇ تېنى ئاجىز بولغىنى بىلەن، بىر قېتىم زۇكام سەۋەبىدىن ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغاندىن باشقىغۇ ھېچقانداق ئاغرىپ باقمىدى، خۇداغا شۈكۈر. شۇنداقتىمۇ... داداڭ ئىككىمىز شۇ سىلەرگە تارتىشىپ ئاپامنىڭ قېشىغا بارالماي تۇرۇۋاتىمىز دەيمەن ــ دە.

ــ سىلەر بېرىپ كەلمەمسىلەر، خۇدا بۇيرۇسا بىزمۇ كېيىنرەك بېرىپ كۆرۈپ كېلەرمىز.

ــ سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، بىز بارساق ئۇزاقراق تۇرۇپ قالىمىز. شۇڭا ئالدى بىلەن نەۋرىمىزنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋېتىپ ئاندىن بارايلى دېيىشكەندۇق.

ــ ۋاي ــ ۋۇي، ئاپا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن؟

ــ ھوي، ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سىلەر ئالدىرىمامسىلەر... داداڭ ئىككىمىزنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ شۇ تاپتا.

شۇندىلا ئاپامنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتىم.

ئۆز ئۆيىمىزگە قايتىپ چىقىپ خىيالدىن نېرى بولالمىدىم. پەزىلەتنىڭ ئازراقلا ئېگىز ــ پەسلىك بولسا

سالامەتلىكىدە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ خۇددى ئاپامنىڭ گېپى توغرىدەك، ئۇنىڭدا بۇ تەرەپتىن بىرەر مەسىلە باردەك دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ بېقىشىمىز زۆرۈردەك ھېس قىلىپ قالدىم. ناۋادا... شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا... ئاھ، خۇدا...

قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى. پەرىلەت بۇنداق زەربىنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. ئاپام بىلەن داداممۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار ھازىرغا قەدەر بىرلا ئوغۇل بولۇپ قالغانلىقىمدىن ھەسرەت چېكىدىغان تۇرسا، ئەگەردە بىز بالىلىق بولۇشتەك بۇ ئۇلۇغ ھەم بەختلىكتىن مەھرۇم بولىدىغان بولساق، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئاللاھىم، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، بۇ كۈنلەرنى يىراق قىلغايسەن!

خىياللىرىمنىڭ ئايىغى پەرىلەتنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلدى.

ــ سىز ئۆيدە باركەنسىزغۇ؟

ــ ھەئە...

ــ ئىشتىن چۈشۈپ چوڭ ئۆيگە كىرسەم سىزنى ئۆيگە چىقىپ كەتتى دېدى. بىرنەچچە رەت تېلېفون قىلساق ئالمىدىڭىز. نېمىشقا تېلېفون ئالمايسىز؟

ئۇ سۆزلىگەچ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ماڭا قاراپ بىردىنلا چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى.

ــ ۋاي خۇدايىم، نېمە بولدى سىزگە، چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

ــ ياق، ھېچنېمە بولمىدىم، بىر ئوبدانلا تۇرۇۋېتىمەنغۇ مانا.

ــ ياق، ئەزىمەت، ئەينەككە قاراپ بېقىڭچۇ، چىرايىڭىز بەكلا تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— ئاخشام ھېلىقى كىنونى تۈگىتىۋېتىپ ياتىمەن دەپ كەچ ئۇخلىغاچقا ئۇيقۇم قانماي شۇنداق بولۇپ قالدىمىكىن.
— ئەتىگەندىن چالا ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىسىڭىز بولامدۇ ئەمىسە؟
— يېنىمدا سىز بولمىسىڭىز ئۇيقۇم كېلەمتىمۇ مېنىڭ.
— ھى... ھى... كەچكىچە چاقچاق قىلغان...
— راست دەۋاتىمەن، — تىكىلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىپ مۇرىسىدىن تارتىپ مېھرىم بىلەن قۇچاقلىدىم، ئۇنىڭ چاچلىرىدىن تارىغان خۇش پۇراق نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ ئۆتتى، تىترەك، ھاياجان بىلەن باغرىمدا جىممىدە بولۇپ ماڭا سىڭىشكەن سۆيۈملۈك ئايالىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:
— جېنىم، نېمە ئىشلار يۈز بېرىشىدىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئايرىلمايلى بولامدۇ، قانداق ئىش بولسىمۇ مەندىن ئايرىلمايسىز، بولامدۇ؟
— نېمانداق گەپلەرنى قىلىسىز، كىم بىزنى ئايرىلىپ كېتىڭلار دەۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە باشقىلار ئايرىلىپ كېتىڭلار دەپ بېشىمغا قىلىچ تەڭلىگەن ھالدىمۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.
ئۇنىڭ تىترەك ئارىلاش پىچىرلاپ تۇرۇپ دېگەن سۆزلىرى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىۋەتتى، باغرىمدىكى بۇ سۆيۈملۈك بىغۇبار پەرىشتەمنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلىغىنىمچە ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا:
— بىز ئايرىلمايمىز، مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، جېنىم، — دەپ پىچىرلىدىم. ئىختىيارسىز بەخت سەۋەبىدىنمۇ ياكى كۈچلۈك ھاياجانلىق ھېسلار سەۋەبىدىنمۇ كۆزلىرىمدىن

تۆكۈلگەن ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلىغىنىچە سىرغىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى...

※ ※ ※

پەزىلەت بۈگۈن تۇيۇقسىزلا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرۈنۈپ كېلىشنى ئۆزى ئۇتتۇرىغا قويدى.

— نېمىشقا بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— ئاپام شۇنداق دەيدۇ،— ئۇ كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ئاپام؟!

— ھەئە، زۆھرە ئاپام شۇنداق دەيدۇ.

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئاپام شۇنداق دەيدۇ دېيىشى بىلەن ئاپامنىڭ قايسى ئارىلىقلاردا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئۈلگۈرگەنلىكىنى قىياس قىلالماي ھەم بۇ گەپنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇراتتىم. ئۇھ... پەرىشتە سۈپەت قېيىنئانام يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ سىيماسىنى نامايان قىلغانىدى.

— سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟

— مەنمۇ ئاپامنىڭ پىكرىنى توغرا كۆرۈپ قالدىم. توي قىلغانلىقىمىزغىمۇ بىر يىل بولاي دەپ قالدى. بىز تېخىچە...

ئۇ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى. يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— قالايمىقان خىياللاردا بولماڭ! توي قىلىپ بەش - ئالتە يىلغىچە بالىلىق بولالماي ئاندىن بالىلىق بولىدىغان ئىشلارمۇ بارغۇ... سىزمۇ تېببىي ساھەدە ئوقۇغان، بۇنى ئوبدان بىلىسىز.

ــ بىراق، بىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايمىز، ئاپام ـ دادام‌لار ھازىر بۇنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنى دەپ تۇركىيەگىمۇ ماڭالماي تۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ پەزىلەت،ــ ئۇنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ پەپىلىگەچ ئاستا باغرىمغا باستىم.

ــ يىغلىماڭ، چوقۇم ئۇنداق بولمايدۇ، چوقۇم... بۇنى بىسىم قىلىۋالماڭ!

ئۇ ئىسەدەپ تۇرۇپ باغرىمغا يىپىشتى.

ئۇھ... قانداق ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە... گۈل ـ گۈلگە ياراشقان كۆڭۈللۈك گۈزەل كۈنلىرىمىزگە تۇيدۇرماستىن بىر سايە چۈشۈۋاتقاندەك ۋەھىمىدىن تەنلىرىم تىكەنلىشىۋاتاتتى. ياق، مەن ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەزىلەتتىن بىر ئۆمۈر ئايرىلمايمەن، ياق!

خۇددى ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇنچ بىلەن ئۇنى كۈچەپ باغرىمغا باستىم.

......

※ ※ ※

نائىلاجلىق ۋە قورقۇنچلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، خۇددى دوختۇرغا تەكشۈرتۈشتىن كېيىن بىزگە ئۆلۈم خېتى كېسىلىدىغاندەك ۋەھىمە بىلەن ئوبلاستلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدۇق. قانچىكى بىر ـ بىرىمىزگە ئۆزىمىزنى ئازادە كۆرسىتىشكە تىرىشساقمۇ، بىراق بۇرۇنقىدەك ئەركىنلىشىپ، كۈلۈشۈپ

مېڭىشلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئالغان سۈكۈت ۋە بىرە - بىرە قىيا بېقىشىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشلار، سۈكۈتنى يېڭىشكە تىرىشقان قولاشمىغان تومتاق پاراڭلار ھەر ئىككىمىزنىڭ كەيپىياتىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. دوختۇرنىڭ تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن سورىغان سوئاللىرىدىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق تەكشۈرۈلۈشكە بۇيرۇلدۇق. ئاھ خۇدا... پەزىلەتمىنىڭ يۈرىكىنى يارا قىلىدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاتمىغايسەن... ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلتۈرىدىغان كۈنلەردىن يىراق قىلغايسەن!

......

كېچە، ئۇيقۇ بىزنى ئۇخلاتتىمۇ، ياكى بىز ئۇيقۇنى ئۇخلاتتۇقمۇ، بىلمەيمەن. يۈزەكى تەكشۈرتۈشتە ساغلام چىققان بولساقمۇ ئاخىرقى نەتىجىسى بۈگۈن چىقاتتى. ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشاتتۇق. دەممۇدەم ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرىنىڭ ماڭا بىر خىل جىددىي ھالدا:

— سىز يولدىشى بولامسىز؟ بۈرۈن تەكشۈرتكەنمۇ؟ — دەپ سوراپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ۋەھىمىدىن چاراسلاۋاتقان تىۋىشلىرىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قىلىپ خىياللىرىمنى چالغىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتىم.

......

ئىككىلىمىز سەھەردىلا قوپۇپ كەتتۇق. ئىككىمىز ھاياجان بىلەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تۇتۇشۇپ قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. دوختۇر بىزنىڭ بۇ قەدەر ھاياجانلىق تۇرقىمىزغا قاراپ چۈشىنىكسىز ئىپادىدە قاراپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن ئېسىمگە

كېلىپ دوختۇرغا قاراپ خۇشاللىق ياشلىرىمنى باشقۇرالمىغان هالدا:

— رەهمەت سىزگە، دوختۇر، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىككىمىزنىڭ يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، رەهمەت! — دېدىم. ياردەمچى دوختۇر ۋە باشقىلار بىزنىڭ بۇ قەدەر بىر - بىرىمىزگە بولغان مۇهەببىتىمىزدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ بىر - بىرىمىز ئۈچۈن، كېيىنلىكىمىز ئۈچۈن شۇنچىلا مۇهىم ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ هەقىقىي مەنىسىنى قىياس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، خۇش بولغان هەم بىزگە بەخت تىلەشكەن هالدا نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلدى.

— بىللە بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلىمۇ؟ — بىردىنلا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى هېس قىلدىم.

— ئۆيدە ئاپاملار بىزنى ساقلاۋاتامدىكىن، — پەزىلەتنىڭمۇ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، تارتىنغان هالدا شۇنداق دېدى.

— مەن ئاپاملارغا تېلېفون ئۇرۇپ قوياي، قانچە ۋاقىتلار بولدى ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگىلى، بۈگۈن خۇددى توي قىلمىغان ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلىچۇ!

ئۇنىڭ سۈس قارشىلىق ۋە ئۇياتچانلىق ئارىلاشقان كۆلۈمسىرەشلىرىدىن مەن ئايرىم تاماقلىنىشقا قارشىلىقى يوقلۇقىنى سېزىپ زورلاپ تۇرۇۋالدىم - دە، ئاپاملارغا تېلېفون قىلىپ قويۇپ «ۋىسال» تاماقخانىسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق.

......

ئېھ، مۇهەببەت! قانچە ئادەملەرگە جەننەت هۇزۇرى ئاتا قىلغانسەن، شۇنداقلا ئايرىلىش، هىجران سوۋغا

قىلىپ قانچىلىغان ئادەملەرگە دوزاخ ئازابىنى ھېس قىلدۇرغانسەن...

كېچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ۋەھىمە بىلەن ئەتتىمك سىلاشتۇرۇپ ئۇنى ئىزدىدىم. ئۇھ... بىلىكىمگە بېشىنى قويۇپ ياتقان پەزىلەت يېنىمك تىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بىرھازاغىچە مىدىرلىماي يېتىپ باقساممۇ ھېلىلا كۆرگەن قارا چۈشنىڭ تەسىرى بىلەن كۆزلىرىمگە قايتا ئۇيقۇ كېلىشى زادىلا مۇمكىن بولمىدى. تېخىچە بېسىلمىغان يۈرىكىمنىڭ تېپىرلاشلىرى مېنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشىنى ئېھتىيات بىلەن قولۇمدىن ئاجرىتىپ ئاستاغىنە ياستۇق ئۈستىگە قويدۇم ـ دە، تىۋىش چىقارماي ئورنۇمدىن قوپۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقتىم. تاماق ئۈستىلىدىكى سوغۇق قايناق سۇدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئىستاكان قۇيۇپ گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن نېرۋىلىرىم ئەسلىگە كېلىپ ئۆزۈمگە قايتىشقا باشلىدىم.

ئۇھ، نېمانچە يامان چۈش كۆرگەندىمەن، خۇدا ساقلىسۇن بۇنداق قاباھەتتىن... بۇنداق يامان چۈش كۆرگەندە ھېچكىمگە تىنماي بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ تاشلىۋەتكۈلۈك دەيدىغان. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندىلا ماڭغاندا شۇنداق قىلايچۇ!

كۆزلىرىمنى يۇمىمەن، چۆچۈيمەن... قوللىرىمنى سوزىمەن، ئۇنى تۇتالمايمەن... ئۇ بىردە ئاپپاق قۇشقا ئايلىنىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىدۇ... بىردە قىپقىزىل قان ئىچىدە بوشقىنە ئىڭرىغىنىچە بېشى بىر يانغا قىيسىيىپ قالىدۇ. مېنى ئاشىق قىلغان، سەۋدايى قىلغان قوڭۇر

كىرپىكلەر ئورنىغان ئاشۇ يوغان كۆزلەر يۇمۇلماستىن قېتىپ قالدۇ... ئاھ، خۇدا...

بىر كېچە قېيىنىلىپ چىقتىم، قارا تەرگە چۈمۈپ كېتىپتىمەن. بېشىم ئېغىر. قىزىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭ پەرۋانە بولۇۋاتقانلىقىنى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا دورا ئىچۈرۈپ بېشىمغا لۆڭگە قويۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ئاپام ـ دادام كىرىپ ئوكۇل ئاستى. كەچكە يېقىن تىنچلاندىم. قىزىتمام چۈشتى. كۆزلىرىمنى ئېچىپلا بېشىمدا قاراپ تۇرغان ئۈچ جۈپ ياشلانغان كۆزلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشتى. ئاپامنىڭمۇ، پەرىلەتنىڭمۇ كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. مەن نېمە بولدۇم؟

ــ يا ئاللا، بالام، ساڭا نېمە بولدى؟ بىزنى ئەجەبمۇ قورقۇتتۇڭغۇ؟

ئاپام كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ يىغلامسىرىغان ھالدا پېشانەمگە سۆيدى.

ــ كېرەك يوق، سوغۇق سۇدا يۇيۇنغان بولساڭ كېرەك، سوغۇق ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەمدى ياخشى بولۇپ كېتىسەن، ــ دادام ئېغىر ھالەتتە شۇنداق دېدى. پەرىلەت دادام ـ ئاپاملارنىڭ قېشىدا پاڭگىدە ئېتىلىپ كېتىشتىن ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ياشلىق كۆزلىرىنى تىكتى. كۆزلەر يۈرەك تىۋىشلىرىنى يەتكۈزۈۋاتاتتى.

ــ نېمە بولدىڭىز، جېنىم، مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز.

ــ مەن ھېچنېمە بولمىدىم.

ــ ياق، سىزگە چوقۇم بىرنېمە تەسىر قىلدى، بولمىسا نېمىشقا يېرىم كېچىدە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇپ يۈرىسىز؟

ــ سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي...

ــ نېمىشقا دائىم شۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟ نېمىشقا مەندىن ئايرىلىپ قالغۇدەكسىز، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

چىرايلىق كۆزلەر سۆزلەۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ ياق، ياق، يىغلىماڭ، بۇ دۇنيادا سىزنىڭ يىغىڭىزنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق ماڭا... خۇش بولاي، يىغلىماڭ. ئۇ گەپنى مەن دېمىگەن بولاي، ۋەدە بېرىڭ، مەندىن مەڭگۈ ئايرىلماڭ!

ــ تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان ھەربىر تېمىم قېنىم بىلەن سىزگە ۋەدە بېرىمەن. مەن مەڭگۈ سىزنىڭ، مەڭگۈ سىزدىن ئايرىلمايمەن.

......

كۆزلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە يۈرەك تىۋىشلىرىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنلا يېنىك تىن ئالدىم. ئاپام ئېتىپ كىرگەن ئاشكۆكى، پىننە ھىدلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىزگە ئاراملىق تىلەپ ئۆيلىرىگە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا پەزىلەت ئاستاغىنا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز؟

ــ مانا قاراڭ، بىر ئوبدانلا تۇرىمەنغۇ...

ــ بەك قورقۇپ كەتتىم،ــ ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

ــ ئانچىكى ئاغرىقلارغىمۇ قورقتىڭىزمۇ،ــ قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ ئېگىكىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم.

ئاھ، ياشلانغان جاننى ئالغۇچى قوي كۆزلەر، سۇپسۈزۈك مەرمەردەك يۈزلەر تېخىمۇ سۈزۈلۈپ ئازراق تاتىرىپ قاپتۇ، بەلكىم بۇگۈن مەن ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ چارچاپ قالغان بولسا كېرەك.

ــ كۆزىڭىزنى يۇمۇڭە!

— نېمە قىلىسىز؟ — ئۇنىڭ ۋىللىدە ئوت ئالغان يۈزلىرىگە سۈس ھال رەڭ يېيىلدى.

— كۆزىڭىزنى يۇمۇڭچۇ!

— قىلمىن، — تارتىنىپقىنا ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغان نازۇك گەۋدىگە قولۇمنى سوزۇپ ئۆزۈمگە تارتتىم.

— سىز مېنىڭ، ئەبەدىي مېنىڭ...

تىترەپ تۇرۇپ ئۇياتچانلىق بىلەن باغرىمغا سىڭگەن سۆيۈملۈك ۋۇجۇدنى مېھرىم بىلەن، مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلاپ بېشىمنى ئاستاغىنە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇردۇم.

ئاپاملار ئاخىرى تۈركىيەگە ماڭىدىغان بولدى. شۇ قەدەر ئالدىراش ئىدۇق. ھېچقانداق ئىش يوقتەك قىلىسمۇ، بىراق تۈركىيەدىكى تۇغقانلار ۋە ئاپاملار ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن بۇ ئالتۇن ۋاقىت ئۈچۈن ھەممىمىز جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. پەزىلەتنىڭ يېقىندىن مىجەزى پەقەتلا يوق، بوشىشىپلا تۇرىدۇ، رەڭگىمۇ كۆندىن - كۈنگە تاتىرىپ كېتىۋاتقاندەك ئەنسىرەپلا تۇرىمەن.

قايسى كۈنى قېيىنئانامىلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قېيىنئانام شۇنداق زەن قويۇپ قاراپ كېتىپ پەزىلەتنى ئايرىم چاقىرىپ قانداقتۇر گەپلەرنى سوراپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىر خىللا بولۇپ قالدىم، خۇددى قېيىنئانام بىر ئىشنى سېزىپ مەندىن يوشۇرۇۋاتقاندەكلا...

ئاكىمىزنىڭ ئوغلى نائىل ئوبدانلا چوڭ بولۇپ تىلى چىقىپ تايتاڭلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تاتلىقلىقىغا قاراپ ئىچىمىز كۆيۈپ كەتتى... ئۆيگە قايتقاچ پەزىلەتتىن قېيىنئانامنىڭ ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى سورىغانلىقىنى سورىسام پەقەت ئۆزىگە دىققەت قىلىشىنى، تاماقلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى سورىغانلىقىنى

ئېيتتى. بەلكىم ئانا بولغاندىكىن پەرزەنتىنىڭ يېقىندىن بېرى كۆرۈنەرلىك تاتىرىپ سوزۇلۇپ قالغان چىرايى، ئۇنىڭ تويدىن بۇرۇن داۋاملىق ھوشسىزلىنىپ قالىدىغان كېسىلىنى ئېسىگە سېلىپ ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاپاملارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەييارلىقىمۇ پۈتۈپ قالدى. كېلەر ھەپتىدە ماڭىدۇ. بىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزغا بىر يىل ئۆچ ئاي بولغان كۈنى ماڭىدۇ. بىچارە ئاپام خۇددى كەتسە كەلمەس يەرگە كېتىۋاتقاندەك ماڭا قاراپ يىغلاپ ئاۋارە... مەندىن ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتىدۇ. پەرزەت ئىككىلىمىزنى بىللە بېرىپ كېلىشكە زورلىغاندى، خىزمىتىمىزدىكى قولايسىزلىق ۋە پەرزەنتنىڭ تۇغقانلىرىدىن، ئاپىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي تارتىنىشلىرى سەۋەبلىك مەن رەت قىلدىم. تۇنجى قېتىم ئاپام ئوغلىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك بارلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى بەكرەك ھېس قىلغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن بۆلەكچىلا شۈكلەپ كەتتى. ماڭىمۇ بىر خىل قىيالماسلىق ۋە قىزغىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ يۈرىدۇ. دادام كۆڭلۈمنى ياساپ ئاۋارە... ئاپامنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن، نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىرلا ئوغلى تۇرسام. شۇ كەمگىچە ئۇلار مېنى دەپ ياشاپ نۇرغۇنلىغان ئارزۇ – ئارمانلىرىدىن كېچىپ، مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىپ كەلگەن تۇرسا... ئاپامنىڭ مېنى قىزغىنىشىنىمۇ، مېنىڭ بارلىقىم بىلەن پەرزەت ئۈچۈنلا يارالغاندەك بولۇپ كېتىشىمنى قوبۇل قىلالماي قىينىلىشلىرىنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن. ئاپامنىڭ

هازىرقى يىغلاڭغۇ، تېرىككەكرەك بولۇپ قالغان مىجەزىنى پەزىلەتنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۆتۈنىمەن.

پەزىلەت ئاجايىپ ئىسىل... مەيلى قانداقلىكى ناتوغرا گەپ ـ سۆزلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئايرىم ئۆيىمىزگە چىققاندا باشقا ئىشلارغا باھانە قىلىپ يىغلىۋالىدۇكى، بىراق چىش يېرىپ ماڭا ئۇنداق ـ بۇنداق دەپ باقمايدۇ، شۇنداقلا ئاپام ـ دادامنىڭ ئالدىدا قاپاق تۈرمەيدۇ. ھەممە ئىشنى ياخشى تەرىپىدىن چىقىپ ئويلاشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ھاياتىمدا ئۇنىڭدەك قائىدە ـ يوسۇنلۇق ياخشى تەربىيە ئالغان قىزنى يەنە بىر قېتىم ئۇچرىتالىشىمغا ئىشەنمەيمۇ قالىمەن.

ئەتىگەن تۇيۇقسىزلا پەزىلەتنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قېيىنىلىپ قەي قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

يۈگۈرۈپ تازىلىق ئۆيىگە كىردىم. ھالسىزلىنىپ ئىككى پۈكلىنىپ قالغان ئۇنى يۆلەپ مېھمانخانا ئۆيدىكى سافاغا ئولتۇرغۇزدۇم.

ــ نېمە بولدىڭىز؟ ئاشقازىنىڭىز بىئارام بولغۇدەك نېمە يېگەنتىڭىز؟

ــ ھېچنېمە يېمىدىم. تېخى ناشتىمۇ قىلمىغان تۇرساق،ــ ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

ــ ئەمىسە... ئاخشاملا تېخى ساپساق ئىدىڭىزغۇ؟

ــ بىلمەيمەن... بېشىم قېيىپلا تۇرىدۇ. بىر ـ ئىككى كۈن بولدى كۆڭلۈم بىئاراملا، يېگەن نەرسىلىرىم سىڭمىگەندەكلا...

ــ دوختۇرغا ئاپىرايمۇ؟

ــ ياق، بۈگۈن ئىدارىمىزغا تەكشۈرگۈچىلەر كەلمەكچى ئىدى، رۇخسەت سورىيالمايمەن.

ــ بىراق، خىزمەتنى دەپ سالامەتلىكىكە سەل قاراشقا بولمايدۇ ــ دە!

ــ بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ قالىمەن. ئاخشام تاماق يېگۈم كەلمەي تۇزۇك تاماق يېمىگەنىدىم، شۇڭا قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك. چوڭ ئۆيگە چىقايلى، ناشتا قىلساق ئوڭشىلىپ قالىمەن.

ــ ماقۇل،ــ تېزلىك بىلەن تەييارلىقىمنى قىلدىم ــ دە، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ ئۆيگە چىقتۇق.

ئۇنىڭ ئىدارىسىغا دەممۇدەم تېلېفون بېرىپ سوراپ تۇردۇم. تېلېفوندىن ئۇنىڭ خېلىلا تېتىكلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى.

......

ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنى بۈگۈن ئۆزۈم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتمەكچى ئىدىم. ئەپسۇس، بىر بىمارنىڭ ئىشى بىلەن دوختۇرخانىغا كېتىپ قالدىم. ئۇنى كەينىمدىن بىزنىڭ دوختۇرخانىغا كېلىشكە بۇيرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدىم. ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ قارىسام ئۇ تېخىچە كەلمىدى. بۈگۈن دوختۇرغا تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئالغانىدى. ئۆيگە تېلېفون ئۇرسام ھېچكىم تېلېفون ئالمىدى. چوڭ ئۆيگە ئۇرسام ئاپام پەزىلەتنىڭ ئاللىبۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ چاغقىچە نەدە يۈرىدىكىنە؟

بۆلۈمنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. كۈتمىگەن تېزلىك بىلەن تېلېفوننى ئالدىم.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەن ئەزىمەت دوختۇرنى ئىزدەيتتىم.

— مەن شۇ، پەزىلەت، بۇ سىزمۇ؟
— ھەئە، — پەزىلەتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مېڭەمنى سەگىتكەندەك بولدى.
— نەلەردە يۈرىسىز، نېمىشقا تەكشۈرتۈشكە كەلمەيسىز؟
— مەن دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ بولدۇم.
— نېمە، قاچان، قەيەردە؟
— ھى - ھى... دوختۇرغا تەكشۈرتۈم، بىراق سىزنىڭ دوختۇرخانىڭىزدا ئەمەس، قانداق؟!
ئۇنىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ شوخلۇق بىلەن سۆزلىشىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.
— مەن سىزنى ساقلاپ تىت - تىت بولۇپ يۈرۈپتىمەن، دوختۇر نېمە دەيدۇ، تېز دەڭچۇ!
— مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىڭىزنىڭ ئالدىدىكى دۇكاندىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن. ئالدىراش بولمىسىڭىز چىقىڭە... دەرۋازا ئالدىدا سىزنى ساقلايمەن.
— قېشىمغا كىرسىڭىز بولمامدۇ؟
— ياق، چىقىڭە!
ئۇنىڭ سوزۇپ ئەركىلىشىدىن يۈرىكىم ئېقىپ كەتكەندەك بولدى.
— ماقۇل، مانا ھازىرلا!
ئالدىراش ھالدا ياردەمچى دوختۇر ۋە سېستىرالارغا ئىش تاپىلاپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتسام ئۈچ - تۆت ياشلاردىكى بالىسىنى باغرىغا باسقان بىر ئايال چىرايىدا قان يوق كىرىپ كەلدى.
— دوختۇر، بالامنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ، ئۇ بەك قورقۇپ كەتتى، يىقىلىپ بېشى يەرگە تەگدى... ئۇ ساقمۇ، دوختۇر... دوختۇر...

تۆتىنچى پەسىل

يېشىل خاتىرە

# مۇھەببەت - بېغىشلاش دېكتۇر



# ئون سەككىزىنچى باب

## زارىقىش

ئاھ! قانداق شادلىق ـ ھە...

بۈگۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇلىرىم بويىچە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپ ئاخىرى بۇ تىلدا خەت يېزىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ماڭا بۇنداق ئىمكان ئاتا قىلغان فەرۇدە خانىمغا مىڭ تەشەككۇر!

فەرۇدە خانىمنى چىڭ قۇچاقلاپ قوللىرىغا سۆيدۇم. ئېگىز قىلىپ بوغۇۋالغان چاچلىرىمنى سەۋەبسىزلا چۇۋۇۋېتىپ قوللىرىم بىلەن تاراپ تۇرۇپ خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇندۇم. فەرۇدە خانىم بولسا ماڭا قاراپ تۇرۇپ خۇشاللىقلىرىمغا قايسى ئۇسۇلدا ئورتاقلىشىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ بىرگە بولسۇن خۇشلۇقلار... بۇ قەدەر ھاياجانلىنىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلسەم بولامدۇ، خېنىم؟

ــ ياق... سىزگە ئېيتالمايمەن، خانىم... ماڭا ياردەم قىلدىڭىز... بۇ ياردىمىڭىز ئۈچۈن كۆپلەپ ھىممەت تاپقايسىز، بۇ تىل بىلەن شۇ قەدەر گۈزەل بولغان بىر قىسسىنى يېزىپ چىقىمەنكى... ئۇنى ئوقۇپ چىققانلار بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر گۈزەل دۇنيانىڭ، مۇھەببەتنىڭ

شېرىنلىك قىيامىغا تولغان دۇنياسىنىڭ بارلىقىدىن ئەسلىرىدىن ئايرىلىدۇ...

— بۇ شۇنچە زۆرۈرمۇ، خېنىم؟ ئۇنتۇپ قالماڭ، سىز بىر ھەمشىرە، يازغۇچى ئەمەس.

— خانىم، ھەمشىرە بولغىنىمدىن بەلكى مۇشۇ سائەتتىكىدەك پەخىرلەنمىگەندىمەن. ھەمشىرە بولمىغىنىمدا لىرىك داستانغا شاھىت بولالايتتىممۇ؟ شۇنداق، فەرۇدە خانىم، دېگىنىڭىز توغرا... بىراق يېزىش ھوقۇقۇم بارغۇ، ھەممەتلىك ئەجرىڭىز بىلەن ماڭا بۇ تىلنى ئۆگەتتىڭىز، بىراق بۇ تىلنى ئۆگىنىشىم قانداقتۇر ئاشۇ دۆلەتكە بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلىش ياكى باشقا ئىش ئەمەس، پەقەتلا شۇ گۈزەل بىر مۇھەببەتنىڭ شاھىتى بولۇش...

— مېنى خېلى يۇقىرى مۇئاش بىلەن ئۆزىڭىزگە تىل ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىشىڭىز ۋە دەم ئالماي شۇنچە تىرىشچانلىق بىلەن بۇ تىل - يېزىقنى ئۆگىنىشىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈنمىتى، ئەزىزە خېنىم؟

— شۇنداق، توغرا تاپتىڭىز. مەن قانداقتۇر يىراق بىر ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ ئەمەس ياكى ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۈزەل بىر داستاننى پۈتۈش ئۈچۈن بۇ تىلنى جېدەللەپ ئۆگەندىم، خانىم، مېنى ئەيىپ قىلماڭ، ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدۇم. لېكىن ئىشىنىڭ، خانىم، بۇ ھۆرمەتسىزلىك سىزگە ۋە ماڭا، شۇنداقلا ھەممە ئادەمگە شۇنداق مەپتۇن قىلارلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ. ئاھ، خانىم... شۇ كۈنلەرنى، شۇ دەملەرنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈۋاتىمەن.

ــ چۈشەندىم. مۇھەببەت ئىگىسى كىم؟ سىزمۇ ياكى...

يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتىم. فەرۇدە خانىمنىڭ بۇ سوئالنى قويۇشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. راست ئېيتىدۇ، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىگىسى زادى كىم؟

ھېلىلا ھاياجان ئىلكىدە چۇقۇغان چاچلىرىمدەك چېھرىمگە يېيىلغان پەرىشانلىق بىرلە خانىم كۆڭۈل سىرىمنى بىلىپ قالغاندەك بولدى ـ دە، تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا:

ــ خۇشاللىقلار سىزگە يار بولسۇن، خېنىم، مەن ماڭاي!ــ دېدى.

※ ※ ※

فەرۇدە خانىمنىڭ يەنە باشقا ئۆيدە بېرىدىغان دەرسى بار بولغىنى ئۈچۈن تاماقىقا تۇتۇپ قالالمىدىم.

كۈز كەلدى، كۈز ئايلىرىنىڭ تەنىنى قورۇغۇچى ئىزغىرىن شاماللىرى ساڭا يەنىلا كۈچىنى كۆرسىتەلمەسمۇ؟ يازغان خاتىرەمنى ساڭا قانچە قېتىملاپ ئۈنلۈك ـ ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشنى ئارمان قىلىمەن ـ ھە؟ بىراق بۇنداق قىلالمايمەن. سېنىڭ ئارامىڭ ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقان ئاپاڭ ـ داداڭنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى كۆرسەم يۈرىكىمگە ئاچچىق بىر ئازاب ياغىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى سەن ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق يۈرەك قانلىرى سەن ئۈچۈن بۇلدۇقلاۋاتىدۇ. سەن نېمانچە مۇز، نېمانچە تىمتاس بولۇۋالىسەن؟

ھەمىشە بولۇش سۈپىتىم بىلەن يېنىمغا كۈندە نەچچە كىرىپ چىقالايمەن، تېخى خالىسام كۈندە قېشىڭدا ساڭا قاراپ ئولتۇرالايمەن. قانىسىز يۈزلىرىڭ، مەڭگەم يۇمۇلغان لەۋلىرىڭ، كۆن كۆرمەي تاتىرىپ كەتكەن چېھرىڭدە ياشلىق، يىگىتلىك ئىزنالىرىڭ سۈپىتىدە جۇلا يايغان قاپقارا قاشلىرىڭ ئاستىدىكى بىر - بىرىگە جۈپلىشىپ تۇرغان قويۇق كىرپىكلىرىڭ...

ئىچىمدىن، تىنىقلىرىمدىن ئوت يانىدۇ ئوت...

ئۇنىسىز سۈكۈتكە بەرداشلىق بېرەلمەي بوغۇق ئاۋازدا پەرياد چېكىمەن...

يۈگۈرۈپ قېشىڭغا كىردىم. ھاياجان بىلەن قوللىرىڭنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەن ئۈچۈن ئۆگەندىم، سەن ئۈچۈن يازىمەن، سەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلىمەن، — دېدىم. ئارقامدىن تاراققىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. چۆچۈپ قارىسام خىزمەتكار ئەدنات ھۇجراڭدىكى مېنىڭ تىۋىشىمنى تۇيۇپ كەينىمدىنلا يېتىپ كىرگەنىكەن.

— مەن بىر ئاز قاراي، سەن چىقىپ كەتكىن، ئەدنات!

ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزۈمنى بۇ ئۆينىڭ غوجايىنىدەك كۆرسىتىپ بۇيرۇق قىلدىم. شۇ تاپتا سەن بىلەنلا يالغۇز قېلىشنى ئىستەيتتىم، ھېچكىمنىڭ مالاللىق يەتكۈزۈشىنى خالىمايتتىم. كۆزلىرىم سەندە، تىنىقلىرىم يېتىشمىگەن ھالدا باش تەرىپىڭگە قويۇلغان كىچىك خاتىرىنى ئېلىپ تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ھەجىلەپ يۈرۈپ ساڭا ئوقۇپ بەرگەن ئاشۇ قۇرلارغا تىزلاندىم.

«كۆنلىرىمىز مۇشۇنداق باشلانغان، يۈرەكلىرىمىز مۇشۇنداق تۇتاشقان... خۇدا ماڭا مەدەت بەرگىن! ئۇنىڭسىز ئۆتكەن ھەربىر كۈنلەرنى ھارام قىلغىن!

مەڭگۈ دېگەن بۇ سۆزۈڭنى پەزىلەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىللە باسقان ھەربىر قەدىمىگە بەخشەندە قىلغىن! ئاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك پەرىشتەم! ھاياتىمنىڭ ئاساسى بولغان پەزىلەتىم، سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن!»

ئىختىيارسىز كۆزلىرىم ياشقا تولدى. قۇرلار ئۆز پېتى... قۇرلاردىكى ھېسسىيات شۇ قەدەر جاراڭلىق ئەنە... ئەمما سەنچۇ؟!

شۇ قۇرلارنى ياراتقان سەن، شۇ قۇرلارنى يارىتىشقا ئاساس بولغان ئاشۇ گۈزەل قىز قېنى؟

قوللىرىمنى ئۆزىتىپ مېھىر بىلەن قولۇڭنى تۇتتۇم... مۇشۇ قوللاردا خاتىرە قالدۇرغان بولغىيتتىڭ... قېنى كۆزۈڭنى ئاچماسەن، ماڭا سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ قېنى شۇ كۈنلەر، قېنى جەلپكار پەزىلەتىڭ؟ ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ساڭا زادى نېمە بولدى، ئەزىمەت؟ ئۆزۈڭ سۆزلە، ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەر ماڭا! سېنىڭ ئېغىزىڭدىن ئاڭلاي، سېنى تېخىمۇ چۈشىنەي، پەزىلەتنى تېخىمۇ چۈشىنەي، ئۇنىڭ نە سەۋەب سەندىن ئايرىلىپ شۇ يىراق ئەلدە قالغانلىقىنى بىلەي... نېمىشقا ساڭا شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىنى بىلەي، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ياق، سەن چوقۇم ياشايسەن، ياشىشىڭ كېرەك، ئۇلۇغ مۇھەببەتكە قەرزدارسەن، ھاياتلىقىڭنىڭ ئاخىرقى قەدەملىرىگە قەرزدارسەن...

كۆز ياشلىرىم يۈزلىرىمنى يۇيۇۋەتتى... سائەتلەپ پىچىرلاپ ئولتۇردۇم. تۇيۇقسىز ياتقان مۇنۇ كىشىگە قاراپ يېلىندىم، پىچىرلىدىم، ئۇنىڭغا نۇسرەت كۈچ ـــ داۋا تىلىدىم...

ئاھ! بۇ كۈنلەر قانچىلىك داۋاملىشار...

※ ※ ※

يەنە بىر تاڭ ئاتتى، بۇنداق تاڭلاردىن يەنە قانچىسى ئاتىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. بىراق، مەنسۇپ بولغان بۇ تاڭنىڭ ئېتىشىنى يەنە ساڭا ئاتاپ يېزىلغان قۇرلار ئارقىلىق باشلىۋالدىم.

تۈنۈگۈن پەرىشان هالدا گۈللۈكلەر ئارىسىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئاپاڭنى كۆردۈم. بىچارە ئايال تۈركىيەگە كەلدى. ئاپامدىن ئاڭلىسام يۇرتىنى تاشلاپ ئاپىسى ئۈچۈن كەپتۇ. ئۇ كېلىپلا بىر ئايچە ۋاقىتتىن كېيىن موماڭ، يەنى مەن ئىسمىنى بىلگەندىن بېرى بىزنىڭ قوشنىمىز بولۇپ كەلگەن ئاپپاق لېچەكلىرى ئاستىدىكى پېشانىسىدە بەزەن ـ بەزەن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئېچىلغان ئاق گۈلگە ئوخشاش بۇژغۇن چاچلىرى چىقىپ قالىدىغان، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن، كۆزلىرى خۇددى قويۇق ئورمانلىق قورشاۋىدىكى تىنىق بۇلاقتەك، بىراق چاقناقلىقى سۇسلاشقان چىرايلىق موماي ۋاپات بولدى. ئارزۇ ـ ئۈمىدى يىراق ئەلدە قالغان ئاشۇ قىزىنى كۆرۈۋېلىش بولسا كېرەك، چوڭلار: «ئارزۇيىغا يەتكەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ كۆز يۇمدى» دېيىشتى.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاپاڭنىڭ قېشىغا باردىم، كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكۈۋاتاتتى. كۆڭلۈم بۇزۇلدى، تەسەللى بەرگۈم كەلدى. چارىسىزمەن ئاپاڭنىڭ شۇ قەدەر مۇڭلۇق هالىتى ئالدىدا... كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان نىشانىغا باقتىم. ئاھ... نېمىنى كۆردۈم، شۇنداق چىرايلىق بىر جۈپ غۇنچە بىر ـ بىرى بىلەن

قوشماق ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك گىرەلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئاپاك ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ تۇرۇپ نالە قىلىۋاتاتتى.

ــ بىتەلەي بالىلىرىم، مۇرادىغا يېتەلمىگەن بالىلىرىم، قوزىلىرىم...

تىترەپ كەتتىم. ئارقامغا يانالمايتتىم، ئاپاكنىڭ شۇ قەدەر پىغان بىلەن بۇقۇلداشلىرىدىن سىنىڭ ھاياتىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرەر ئىز تېپىۋېلىشىم ئۈچۈن كۆزلىرىمدىن سەلدەك ياش ئاققۇزۇپ سۇكۇتتە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم!

ــ مۇشۇ گۈلدەك بىر ـ بىرىگلار بىلەن غۇنچە ھالەتتىلا توزۇپ كەتمەي بىرگە ياشىساڭلار بولماسمىدى، ئاھ، خۇدا! گۇناھلىرىمغا توۋا قىلاي. مېنى بۇنداق خاراب قىلمىغىن، ئەزىمەتكە كۈچ ئاتا قىلغىن، قىزىمدىن ئايرىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام مەن ياشىيالمايمەن، ئاللاھىم، ئوغلۇمغا داۋا، شىپالىق بەرگىن!

يۇم ـ يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يۈرىكىمگە بىر پىچاق ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئاپاك ئېيتقان قىز كىم، مەن سېنىڭ خاتىرەڭدە كۆرگەن پەزىلەتمۇ؟ ئەجەبا، ئاپاڭمۇ ئۇ قىزدىن سېنى ئايرىۋېتىشكە شۇنچە مەجبۇر بولغىيمىتى؟ ئەممە نېمىشقا قىزىمدىن ئايرىلدىم، دەپ ئىلاجسىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ سۆزلەردىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇ قىزدىن ئايرىلىشقا بولغان قىيالماسلىقى ۋە نالىسى چىقىپ تۇرمامدۇ...

ــ سەۋر قىلىڭ، خانىم،ــ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئاپاكنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتۇم. ئاپاك چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مەن ئىكەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن بايىقى پەرىشان

ھالىتىنى سەل ـ پەل تۈزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.
ــ خەيرلىك سەھەر، خانىم، ئەتىگەندىلا مالال قىلدىم.
ــ خەيرلىك سەھەر، بىرگە بولسۇن، قىزىم،ــ ئاپاق پەرىشان ھالدا كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى،ــ خېلى ئۇزاق بولدىمۇ كەينىمدە تۇرغىنىڭىزغا؟
ــ شۇنداق، خانىم، سىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆردۈم، گەپ قىلىشقا تىلىم بارمىدى.
ــ بۇ ئازاب تۈگىمەيدىغان ئازاب، ئەزىمەتنىڭ يېنىغا كىردىڭىزمۇ؟
ــ ياق، خانىم، كىرىپلا گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قېشىڭىزغا كېلىشىم ئىدى.
ــ ئەمىسە ئۇنىڭ قېشىغا بىللە كىرەيلى.
ــ خانىم!
ــ نېمە گەپ؟
ــ ماڭا تەپسىلىيرەك چۈشەنچە بەرسە دېگەن ئۈمىدتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز!
ــ مەن ئېيتىپ بەرگەن.
ــ بۇ يېتەرلىك ئەمەس، خانىم. كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ دىل يارىڭىزنى قوزغاش نىيىتىم يوق، بىراق مەن ئامالسىزمەن. چوقۇم بىلىشىم كېرەك، چۈشىنىشىم كېرەك... سىز دېيىشتىن قېچىۋاتقان، مەن چۈشىنەلمەيۋاتقان مەسىلە بار، خانىم.
ــ بىلىپ قالىسىز، ھامان بىلىپ قالىسىز.
ئاپاق بوش پىچىرلىغىنىچە تېخىمۇ بەك قايغۇلۇق تۈسكە كىرگەن يۈزىنى بۇراپ بايا ئۆزى ئولتۇرغان جايدىكى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان ئەتىرگۈل غۇنچىسىغا قارىدى.

پۈتۈن تۇرقىدىن ئىچىر مۈڭ، بىچارىلىك، ئازاب تېمىپ تۇرغان مۇنۇ سۆيۈملۈك ئانىنىڭ دىل يارىسىنىڭ بۈگۈن ـ ئەتىلا ئەمەس، بەلكى سەن ھەقىقىي ساقىيىپ ئورنۇڭدىن تۇرغاندىن كېيىنلا شىپالىق تېپىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، بىراق مېنى قىيناپ كېلىۋاتقان پەرزەنت ۋەقەسىنىڭ زادى قانداق ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە شۇ قەدەر ئىنتىزار ئىدىم. ئاپامنىڭ ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاپاڭنىڭ موماڭنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى، ئەمدى قايتىپ كەتمەي بۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز سېنى سۆيگەن قىزىڭدىن ئايرىۋېتىپ قايتىپ كەلگەنلىكى، سېنىڭ بۇنى كۆتۈرەلمەي يېرىم بىھوش ئۆسۈملۈك ئادەم ھالىتىدە ياشاۋاتقانلىقىڭدەك ۋەقەلىك مېنى تولۇق ئىشەندۇرەلمەيۋاتاتتى. چوقۇم مەن سېنىڭ بىر ھوشۇڭدىن كەتكىنىڭچە ئويغىنالماي، پەقەت جانسىز ھالەتتىكى تىنىقىلا مەۋجۇت بولغان ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىڭغا سەۋەب بولغان ئىنتايىن ئازابلىق بىر ۋەقەلىك مەۋجۇت ئىدى.

ماڭا يول قويمىغان ئاپاڭنىڭ ئارقىسىدىن ئىختىيارسىز ئەگەشتىم. قاچانلاردىن بۇنچە رايىش بولۇپ قالدىمكىن، بۇنداق رايىشلىقىمنى ئۆز ئاپام كۆرگىنىدە چوقۇم ھوشىدىن ئايرىلغان بولاتتى. شۇ يېشىمغىچە بىرەر قېتىممۇ ئاپامنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گېپىنى بۇنچە ئىلىك ئالغىنىمنى بىلمەيمەن. ياق، ئىلىك ئالدىم، پەقەت بىر قېتىملا. ئاپامنىڭ مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ كەچكىچە بىكار تەلەپلەرچە كوچىدا يۈرۈشۈم ۋە ئويۇن ـ تاماشىغا زىيادە بېرىلىپ كېتىشىمنى توسۇيالماستىن ماڭا يالۋۇرۇپ ئۇدۇل

قوشنىمىزنىڭ تېنى ئاجىز ۋە يېتىم قالغان ئوغلى ئۈچۈن كەچكىچە بىللە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىنىماي گەپ قىلىپ بېرىدىغان ۋە ۋاقتى - ۋاقتىدا قوللىرىنى، پۇتلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويىدىغان، ئۇنى بىھوش كىشىلەرنى پەرۋىش قىلىش رېتسېپلىرى بويىچە پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ھەمشىرە ئالىدىغانلىقى، ھەمشىرىگە بېرىلىدىغان مائاشنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماڭا يېلىنىپ ئېيتتى. دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ ناچارلاپ ئائىلىدە خىزمەتكار تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىمىزمۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپام ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمۇاتقانلىقى توغرىسىدا زارلىنىپ ئېيتقانلىرىغا تەڭ كېلەلمەي ماقۇل بولۇپ پەقەت بىر ھەپتە سىناپ بېقىش شەرتى بىلەن ئۆيۈڭگە مەخسۇس سېنى كۈتكۈچى ھەمشىرە بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كىرگەنىدىم. مانا شۇ قېتىملىق ئاپامنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئېلىش ئىختىيارسىز ھالدا مېنى سىلەرنىڭ ئۆيگە باغلاپ قويدى...

خىياللىرىمنى ئاپاڭنىڭ ساڭا يۇزىنى يېقىپ يىغلىشى بۇزدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، خانىم، بۇنداق كۆڭۈل بۇزۇشىڭىز ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن پايدىسىز.

ئىتتىك بېرىپ ئاپاڭنى سەندىن ئاجراتتىم ۋە كۆندىلىك ئادىتىم بويىچە ساڭا سالام قىلدىم.

— خەيرلىك سەھەر، ئەزىمەت بەي، ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟

— ...

— ئاپىڭىز ئىككىمىز سىزنى يوقلاپ كىردۇق.

قاراڭ، مەن سىزگە باغچىدىن يېڭى ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەردىن دەستە تىزىپ كىردىم، بۇ گۈللەرنىڭ پۇرىقى چوقۇم سىزنىڭ دىمىقىڭىزنى غىدىقلاپ يېقىملىق ھىد ئاتا قىلىدۇ.

—...

— قاراڭ، ئاپىڭىز ماڭا سىزنىڭ كۇندە سەھەردە تۇرىدىغان، تۇرۇپلا ئاپىسىنى سۆيۈپ قويىدىغان ئەركە خۇيىڭىزنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۇندە سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپلا يەنە شۇ قىلىقىڭىزنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى، سىز چوقۇم شۇنداق قىلىسىز، چوقۇم قىلالايسىز، شۇنداقمۇ؟

—...

مانا مۇشۇنداق بىرمۇنچە كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان، يېقىملىق سۆزلەردىن كېيىنلا ئاپاڭ پېشانەڭگە سۆيۈپ، ساڭا ئەمىنلىك تىلەپ ھۇجراڭدىن ئايرىلدى.

ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. بايا ئاپاڭنىڭ سېنى سۆيۈپ يىغلىشى بىلەن ئۇزۇلگەن خاتىرەمنى ئۇلاپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەزىمەت...

## ئون توققۇزىنچى باب

# يەنە بىر ناتىۋان

مەن تۇغۇلغان يەر گۈزەل ئىستامبولدىن ئانچە يىراق بولمىغان يېزىلارنىڭ بىرى. ئىستامبول مېنىڭ قەلبىمدىكى غايىۋى ئىنتىلىدىغان مۇقەددەس ئوردا بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى گۈزەل دەپ ئاتىدىم. بىراق، ماڭا ۋە ئائىلىمىزگە مېھرىلىك، باغرى يۇمشاق بولغان، تۇرمۇشى بىرقەدەر ئاددىي ئۆتىدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ يېزا تېخىمۇ گۈزەل ئىدى. يېزىدا ئەتراپى ياپيېشىللىققا چۆمگەن، يېزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتاشقان، يول قاسنىقىدا بۇ يېزىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان شۇنداق گۈزەل بىر دەريا بار. بۇ دەريا يېزىمىزنىڭ جەننەتتى سۈپىتىدە چاقناپ تۇرىدۇ. دەل ئاشۇ دەريا قاسنىقىغا جايلاشقان بەختلىك ئائىلىلەر قاتارىدا بىزنىڭمۇ ئاددىيغىنە ئۆيىمىز بار. ئۆيىمىز بىلەن يان قوشنا ياپيېشىل چىملىقلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆي باشقا ئۆيلەردىن پەرقلىق هالدا ئالاهىدە هەشەمەتلىك ئىدى. بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى بولغان بوۋاڭ خېلى يىللار بۇرۇن تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن موماڭ بوۋاڭنىڭ بايلىقىغا مىراسلىق قىلغىنىچە ئەتراپىغا بىر مۇنچە قېرىنداشلىرىنى جەم قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقانىدى.

بۇرۇنقى تارىخچىلارنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ، بۇۋاڭ ـ موماڭلار مەن توغۇلماستا ئۇلۇغ بوۋاڭلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ ئۆي يېزىدىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كىشىمۇ بۇ يەرگە كېلىپلا سىلەرنىڭ قورۇيىڭلارنى كۆرسە بۇ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتتى. پەقەت شۇنچىكى ئاددىي چۈشەنچىگە ئىگە ئىدىمكى، سىلەرنىڭ بايلىقىڭلارغىمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتىم، ئۆز ئويۇنۇم ۋە كەپسىزلىكىم بىلەن داۋاملىق مەشغۇل ئىدىم. ئاپام مېنى گەپكە كىرگۈزەلمەي بېشى ئاۋارە ئىدى. بىزنىڭ ئۆيىمىز دادام بار چاغلاردا ھەرھالدا ياخشى ئىدى. ئۆيىمىزدە سىرتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئىككى خىزمەتچىمىز بولغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەركە مەلىكىلەردەك ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈم پەقەت ئۆيدىكىلەر تويۇنغان تۇرمۇشنى كۆرۈپلا چوڭ بولغىنىم ئۈچۈن ئارتۇقچە غوۋغادىن خالىي ھالەتتە باشقا ھېچنېمىنى خىيال قىلماي ئويۇنغا بېرىلگەن ھالدا ياخشى ئوقۇيالمىغانىدىم. دادامنىڭ مېنى نېمىشقىدۇر بىر ھەمشىرە قىلىش ئارزۇيى كۈچلۈك ئىدى. تۈركىيەدە ھەمشىرە قىس بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەمشىرە بولسام پۇلنى جىق تاپىدۇ، دەپ ئويلىغانمىكىن. دادام ئارزۇلىرىغا يەتمەيلا تۈگەپ كەتتى. ئاپام ھەرقانچە قىينالسىمۇ مېنى شۇ كەسىپتە ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ئامال يوق، دادامغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە قايغۇم تۈپەيلى مەنمۇ گەپ يىرماي ئوقۇدۇم. كىچىكلا چېغىمدا كەسىپتە ئوقۇپ ئۆزۈمنى جەمئىيەتكە چىقىپ چوڭ بولۇپ

گۈللۈكلەر ۋە گۈزەل باغچەڭلەرگە رام بولۇپ قالدىم. مەن شۇ كونى يوشۇرۇن قاراپمۇ سىنى كۆرمىدىم. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، سەن شۇ قەدەر كېلىشكەن، سۇمباتلىق ئىكەنسەن. ئاپام سىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردىمۇ ياكى مۇنۇ بايلارغا ھەۋەس قىلىپ خۇشامەت تەرىقىسىدە شۇ گەپنى قىلدىمۇ، بىلمىدىم.

كەچتە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاپامدىن سورىدىم:

— بۇگۈن مەرھۇم مومايىنىڭ مۇشۇ يەردىكى بارلىق تۇغقانلىرى بار بولسا كېرەك ـ ھە؟

— شۇنداق، قوۋم ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ياشلىق كىشى ۋاپات بولۇۋاتسا كەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ، قىزىم؟

— بىراق... ئىختىيارسىز گېپىمنى ئېچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— مەرھۇم مومايىنىڭ سىز دائىم گېپىنى قىلىدىغان، ھېلىقى ئارزۇلۇق ۋە كېلىشكەن نەۋرىسىنى مەن ھېچ بايقىمىدىمغۇ؟ گۇناھ قويماڭ، ئاپا، مەن پەقەت ئوغرىلىقچە باشقىلارنىڭ نەزىرىگە چېلىقمايدىغان يەردە تۇرۇپ ئەر كىشىلەر توپىغا نەزەر سېلىپ باقتىم.

— ئۇما؟ — ئاپامنىڭ يۈزلىرى بىردىنلا قايغۇلۇق تۇسكە كىردى.

— ئۇ كىشىلەر توپلاشقان يەرگە چىقالمايدۇ، قىزىم.

— نېمىشقا؟

— ئۇ كېسەل.

— كېسەل؟! — ھەيران ھالدا سورىدىم.

— شۇنداق، كېسەل.

— سەۋەبى باردۇ، نېمە سەۋەبكىن، ئاپا؟

— بىلمىدىم. قوشنا خانىم بۇ توغرىسىدا ئېنىق بىر

نېمە دېمىدى. پەقەت ئۇلار كېلىپ ھاردۇق چاي ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدىلا بىز قوشنىلار بىلەن كىرىپ شۇنداق دەپ ئاڭلىدۇق. بىزمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق ئۇ ئوغلىنى... باشقىلارغا كۆرسەتمىسە كېرەك.

ــ ئەمىسە سىز ئۇ ئوغۇلنى بەكلا سۇمباتلىق، كېلىشكەن دەپ ئېيتقان ئىدىڭىزغۇ.

ــ شۇنداق، بالام، مەنمۇ پەقەت يىگىتنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن، شۇ كەمگىچە بىرەر قېتىممۇ سىرتلاردا ياكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە ئۇچرىتىپ باقمىدىم. قانداقتۇر سىرلىق بىلىندى ماڭا.

ــ ئاللا رەھمەت قىلسۇن بۇلارغا، ئۆزلىرى باي بولغىنى بىلەن تولىمۇ كىچىك پېئىل، باشقىلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدىغان مەرھەمەتلىك كىشىلەردىن ئىكەن. باي بولسىمۇ بىز باي دەپ ئۆزلىرىنى يۇقىرى تۇتۇپ كىبىرلىك ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ خەير ـ ئېھسان ئىشلىرىنى كۆپ قىلىدۇ. نام ـ نەسەبى ئېسىل كىشىلەر بۇ...

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن مەن سېنى ئۇنتۇپلا كەتتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، يەنىلا كۆڭلۈم تالادىكى ئويۇنخۇمار دوستلىرىم بىلەن مەلىكە بولۇپ سېنى ئەسلەشكە ۋە سەن توغرۇلۇق ياخشىراق ئويلىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىغانىدىم.

ئاپام بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئىشىكىمنى چەكتى. سەن بىلەن تونۇشۇش مانا مۇشۇ يەردىن باشلاندى.

سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كەسپتە ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن ئاپامنىڭ بۇنداق تەرلىمەي پۇل تاپىدىغان پۇرسەتنى پەقەتلا كەتكۈزۈۋەتكۈسى يوق ئىدى. ئۆزۈممۇ يېقىندىن بۇيان

ئۆيىمىزدە تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۇزۇكچىلىك ۋە ئاپامنىڭ چېھرىنى بارا ـ بارا قاپلاۋاتقان پەرىشانلىققا قاراپ سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. شۇنداقلا ئاپامنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەن توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى يادىمغا كېلىپ ئىختىيارسىز بۇ سەۋەبنى بىلىپ باققۇم كېلىپ قالدى.

دەسلەپتىكى ۋاقىتلارنى قانداقمۇ يازاي...

مەندەك تۇز سۆزلۇك ۋە مۇنتىزىم تەربىيە ئىچىدە ئۆسمىگەن قىز ئۇچۇن ئائىلەڭلاردىكى سىلىقلىق ۋە ھۆرمەتكە ئۆزلىشىپ بولۇش تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئاپاڭ بەكلا ئېسىل ئايال. بولمىسا مېنىڭ دەسلەپتىكى چاندۇرغان بەزى ئىشلىرىمدىن مېنىڭ ھەقىقىي پەرۋىش كەسپىدە ئوقۇغانلىقىمغا چىنپۇتمىگەن ۋە مېنى دەرھال ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولاتتى. ئائىلەڭلار شۇ ئىمتىيازى ۋە بايلىقى بىلەن قەيەردىن دېسە شۇ يەردىن ئېسىل تەربىيەلىك پەرۋىشكارلارنى ئەكېلەلەيتتى. نېمىشقىكىن، ئائىلەڭلار ماڭا يېقىپ قالدى. ئاپاڭ بەكلا مۇلايىم، داداڭ بولسا ئاپاڭنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئاياydىغان، ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن بىر ـ بىرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كېيىنكى ئۆمرىنى پەقەت سېنىڭ پاللىدە كۆزۈڭنى ئېچىپ ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇشنى بىر كۆرۈشكىلا ئاتىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

دەسلەپتە ساڭا قاراش ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. پەرۋىشكارلىق ئىلمىدىن ئېيتقاندا، سېنىڭ تېزرەك ئەسلىڭگە كېلىشىڭ ئۇچۇن تىنماي ساڭا گەپ قىلىپ بېرىش، يېقىملىق، سىلىق گۈزەل ئاھاڭدا مېھرىلىك گەپلەر بىلەن پاراڭ قىلىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى. سەن

گەرچە ئاڭلىمىغاندەك ياتساڭمۇ، بىراق سېنىڭ ئاڭلاش سېزىمىڭ ئۆلمىگەن، گەپ ـ سۆزلەر ئاڭلاش نېرۋىلىرىڭ ئارقىلىق قوماندانلىق مېڭەڭگە يېتىپ بېرىپ ساڭا نىسبەتەن غىدىقلاش سېزىمىنى ئاتا قىلالايتتى. يەنە سېنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۆرۈپ تۆرۈش كېرەك، بولمىسا سەندە كارىۋات يارىسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، قول ـ پۇتلىرىڭنى ئۇۋۇلاش، مۇۋاپىق پەيتتە سېنى ئاپتاپقا سېلىش، شامالدىتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ياردەملىشىشكە ئاپاڭ ماڭا خىزمەتكار ئەدىناتنى يانداپ بەرگەنىدى.

... ...

ــ ئەدنات، سەندىن بىر گەپ سورايمەن، ماڭا راستىڭنى ئېيتقىن، يوشۇرمىغىن.

ــ سوراڭ، خېنىم!

ــ ئەزىمەت بەي توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسەن؟

ــ مەن بىلگىنىمنىڭ ھەممىنى سىز مەندىن ئارتۇقراق بىلىسىز، خېنىم.

ــ ياق، يالغان ئېيتىۋاتىسەن. ماڭا راست گېپىڭنى ئېيتقىن.

ــ راست ئېيتتىم، خېنىم، غوجايىن خانىم بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىشىمىزنى، شۇنداقلا بىلگەنلىرىمىزنى قالايمىقان ئېيتىپ يۈرمەسلىكىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ــ ئەمىسە دېگىنە... غوجايىنىڭلار كەلگەندە ئەزىمەت بەي قانداق ھالدا ئىدى؟

ــ كېلىدۇ دېيىشتى، چوڭ تەييارلىق قىلىشتۇق. چوڭ تويغا تەييارلىق قىلغاندەك بولۇشتى. مەرھۇم خانىم

ئىنتايىن خۇشال ئىدى. شۇ ئايدا ھەممىمىزنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بەردى، قىزىمنى، كۈيۈ ئوغلۇمنى، نەۋرەمنى كۆرىدىغان بولدۇم دېدى. كىم بىلسۇن، كۈتۈۋالغىنىمىز خۇشلۇقتىنمۇ بەك قايغۇ ـ ھەسرەت بولدى. مەرھۇم خانىم زارىپ كۈتكەن نەۋرىسىنىڭ مېڭىپ ئەمەس، باشقىلارنىڭ كۆتۈرۈپ ئەكىرىدىغان يېرىمجان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتتى. نېمىسىنى دەيسىز، ئەزىزە خېنىم، ئۇ كۈنلەردە چوڭىدىن تارتىپ كىچىكىگىچە ھەممىنىڭ كۆزلىرىدە ياش... داد ـ پەرياد كۆتۈرمىگىنى بىلەن ھەممىسى ئۆزلىرى بىلىدۇ ئازابلىرىنى... پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ، قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ... دېگىنلى بولمايدىغان بىر سىر باردەك بۇقۇلدىشىپ يىغلىشىدۇ. بىزدىنمۇ، ئەتراپتىكىلەردىنمۇ سىر تۇتىشىدۇ. بىلىدىغانلىرىم مانا مۇشۇنچىلىك، خېنىم. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز!

ــ يىراق يۇرتىدا قالغان قىز توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر بىلمەمسەن، ئەدنات؟

ــ ماڭا ئىشىنىڭ، خېنىم، بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بىلمەيمەن.

ئۇنى قىيناپ باسماقچىلاپ سوراپمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. راستىنلا خاپا بولۇۋاتاتتىم. نېمىشقا ئەمدى، بۇ زادى شۇنچە سىر ساقلىغۇدەك ئىشمۇ؟ نېمىشقا ئېنىق دېيىشمەيدۇ بۇلار؟ ماڭا قىسقىغىنە قىلىپ ئىككىسىنىڭ ئامراق ئاشىق ـ مەشۇق ئىكەنلىكىنى، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىمەھەل بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى... ئۇ يەردە

داۋالىتىپ ئاخىرى بۇ خىل ھالىتىنىڭ ئەگەر تىنىچ ۋە ئارامبەخش مۇھىت بولغىنىدا نەچچە ئون يىل بولسىمۇ ئاخىرى ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە ئەكەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە شۇ ئوغلىنىڭ لاپپىدە كۆز ئېچىشىنى كۈتۈشتىن ئۆزگە ئارمىنى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى.

ئەدنات سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلارمۇ داڭلىق دوختۇر ئىكەن يۇرتىدا... ئامال يوقمىش، كۈتۈشتىن، مۇشۇنداق مېھرىلىك پەپىلەشتىن باشقا... ئەزىزە خېنىم، قاراڭ ئەزىمەت بەينىڭ بۇ چىرايلىق قاش ـ كىرپىكلىرىگە، سىز ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئىچىڭىزدىن تۈگىشىپ كېتەتتىڭىز. شۇنچە سۇمباتلىق، شۇنچە ياش... مانا قاراڭ، مەجرۇھ بولۇپ ياتىدۇ، نە سۆزلىمەيدۇ، نە كۆزىنى ئاچمايدۇ، پەقەتلا بار تىنىق شۇ... ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ...

— بولدى قىل، ئەدنات، سۆزۈڭنى توختاتقىن،— ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى شىلتىدىم،— بۇنداق دېيىشىڭ زىيانلىق، ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، قۇلىقى ئاڭلايدۇ، يۈرىكى سېزىدۇ. بۇنى دوختۇر بولغان ئادەم بىلىدۇ. شۇڭا خۇش سۆزلەرنى قىلىشىمىز كېرەككى، ھەسرەت قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بېشىمنى بۇراپ ئەدناتنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزلىرىدىن كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. ئۇ بۇ بىچارە يىگىتنىڭ مۇشۇنداق يېرىم جان ھالىتىگە ئېچىنىپ كۆزلىرىدىن تىنماي ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ يۈرىكىمنى ئەزدى.

※ ※ ※

كۈنلەر يەنە ئۆتۈۋاتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە سىنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرۇپ خاتىرە يازغاچ ساڭا گۈزەل كۈنلەرنى سۆزلەشتىن ئارتۇق ئالاھىدە ئىش قىلمىدىم. تۈنۈگۈن مېھمانخانا ئۆيدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خانىمنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. خانىم يۇم - يۇم يىغلايتتى، بوغۇلۇپ قالغۇدەك، كىشىنىڭ ئىچىنى ئەزگۈدەك يىغلاۋاتاتتى، پەلەمپەيدىن ئۆرلەش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن پۇتلىرىمنى خانىمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى توختىتىپ قويدى.

— سەۋر قىلىڭ، زۆھرە، تەقدىر شۇنداق ئىكەن. مەن چىدىيالمايلا قالدىم. پەزىلەت ئىپسىل بالا ئىدى، ئۇنى ھەممەيلەن بەك ياخشى كۆرەتتۇق، ئىچ - ئىچىمدىن تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن، سىزنىڭمۇ مەندىن ئۆتەر ھالدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بۇ ئوت ئاخىر مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمەيمەن. ئاھ، خۇدا... ئامالىمىز يوق ئىكەن، بۇ تەقدىر ئىكەن، قانداق قىلىمىز. ئەزىمەت شۇ ھالدا... ئۇنىڭدا پەقەتلا تىنىق بار. ئۇ ھوشىغا كەلگەن ھالدىمۇ پەزىلەتسىز ھاياتنى داۋاملاشتۇرالىشىغىمۇ كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ، زۆھرە. ئاھ، خۇدا! پەزىلەت ھەممىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ قالدى... بارچە خۇشاللىقنى، بارچە ھاياتلىقنى... بىز جانسىز ئىسكىلىت بولدۇق...

يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پەلەمپەينىڭ رېشاتكىسىغا ئېسىلدىم. خانىمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن

ئېزىلىپ بۇ قەدەر پەرياد بىلەن يىغلاپ سۆزلىشىۋاتقان كىشىسىنىڭ زۆھرە ئىسىملىك خانىم ئىكەنلىكىدىن باشقا نەرسىلەرنى بىلەلمىسەممۇ، بىراق سېنىڭ كىچىككىنە خاتىرەڭدە چېلىقتۇرغان ۋە مەن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەردار بولغان سېنىڭ جېنىڭ، ھاياتىڭ بولغان پەزىلەت توغرىسىدىكى بايانلار ئىككىڭلارنىڭ بىر ـ بىرىڭلاردىن مەلۇم بىر ۋەزنى كۆچلۈك سەۋەب بىلەن ئايرىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. خانىمنىڭ «سەۋر قىلىڭ» دېگەن سۆزى بىردىنلا كاللامدا چېقىن چاقتى. ئاھ، خۇدا، پەزىلەت ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنمۇ قانداق؟

ياق... مەن تېخى خىيالىمدا سېنىڭ ئەھۋالىڭ توغرۇلۇق دوختۇر بىلەن ياخشىراق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلىرىڭگە مەسلىھەت قىلىپ پەزىلەتنى چوقۇم ئېلىپ كېلىش، قۇلىقىڭ تۈۋىدە پەزىلەت يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شىۋىرلاش ئارقىلىق سەزگۈلىرىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سېنى ئۇرنۇڭدىن تۇرغۇزۇش پىلانلىرىنى ئېيتماقچى بولۇپ يۈرۈۋاتقان تۇرسام... ياق، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك، بۇنداق بولسا زادىلا بولمايدۇ. سەن ئۈچۈن پەزىلەت چوقۇم ھايات بولۇشى كېرەك، ھايات بولمىسا بولمايدۇ!

## يىگىرمىنچى باب

# سىر تېشىلىشى كېرەك ئىدى

— ئاپا، مەن ئۇلارنىڭكىدە ئىشلىمەيمەن.

جىددىي ھالدىكى قارارىمدىن ئاپام داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدى، بىر ئوبدانلا ئىشلەۋېتىپ...

— ئىشلىگۈم كەلمىدى.

— ئوبدان ئويلان، ساڭا بۇنداق تەييار خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ؟

ئاپامنىڭ تەشۋىش ئىچىدىكى كۆزلىرىدىن يالۋۇرۇش چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن.

— بىر ئوبدان خىزمەت، يۇقىرى مائاش، بىر ئوبدان ئائىلە، ساڭا يا ئېغىر ئىش يوق، ئېغىر ئىشلىرىڭغا يانداپ بەرگەن خىزمەتكارمۇ بار تېخى. ئاللا، ئاللا... دەردلىرىم تۈگىمىگەندەك نەدىن چىقاردىڭ بۇنداق يوقىلاڭ خىيالنى.

— ئۇ يوقىلاڭ خىيال ئەمەس، سەن بىلمەيسەن... ئىشقىلىپ، مەن ئىشلىمەيمەن.

— خۇش بولاي، ساڭا يالۋۇراي، قىزىم، تەييار ئاش بار قازىنىمىزنى چاقمىغىن!

— باشقا يەردە ئىشلەيمەن.

ـــ سەن باشقا يەردە ئىشلىيەلمەيسەن. كۆزۈم يېتىدۇ ئۇنىڭغا.

مەن غەزەپ بىلەن ئاپامغا قارىدىم.

ـــ نېمە ئۈچۈن؟

ـــ ئىلگىرىكى كەپسىزلىكىڭ، تەنتەكلىكىڭ پەقەت شۇ ئائىلىگە كىرگەندە يوقالدى. ھېلىقى بىكار تەلەپ دوستلىرىڭمۇ سەن شۇ ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن يوق بولدى. كۈندىن ـ كۈنگە سىپايە، ياخشى ئەخلاق ئۆگىنىۋاتىسەن. ھەممىسى شۇ ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن باشلاندى، قىزىم. ھەقىقەتكە كۆز يۇمماسلىقىمىز كېرەك.

ـــ ئاپا،ـــ ئاچچىق ۋارقىرىدىم. بىراق، ئاپامغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ ئېتىراپ قىلىشتىن قاچقىنىم بىلەن، ئاپام ئېيتقان ئاۋۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزۈممۇ ئېتىراپ قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدىم. ئەمىسە مەن قانداقچە ئۆزگىرىۋاتىمەن، مېنى كىم ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، ئەزىمەت بەيىنىڭ ئاپىسىمۇ؟ ياق... خانىم بىلەن كۈندە ئەتىگەندە سالاملاشقاندىن، ناگان ـ ناگاندا ئەزىمەت بەيىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاردىن باشقا تۈزۈككىنە مۇڭدىشىپ باقمىغان تۇرساق... خانىم پەقەت ئەزىمەت بەيىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشتىن باشقا مەندىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېقىنلىشىشتىن مېنىڭ قانداقتۇر ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرىنى سوراپ قېلىشىمدىن قورقىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خانىم ماڭا ئۈنچە بەك تەسىر قىلغۇدەك ئالاھىدە سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولۇپ باقمىدى. ئەزىمەت بەي بولسا كۈندە پەقەت ئەتىگەندە بىر ۋاق بوتۇلكىدىن تامچىپ ئاقىدىغان مېگە قۇۋۋەتلەندۈرگۈچ ۋە ماغدۇر تولۇقلىغۇچ ئوكۇللىرىنىڭ تومۇرلىرىغا

سىڭگۈۋاتقانلىقىنىمۇ پەرۋاسىز هالدا ياتقىنى ياتقان، پەقەت ئۇنىڭدىكى تىنىقلا ئۇنىڭ هاياتلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، نەيچە ئارقىلىق قويۇلىدىغان ئوزۇقلۇقلار ئۇنىڭغا هاياتلىق بېغىشلاپ ياشىشىغا سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قانچىكى هاياجانلىق، قانچىكى شېرىن سۆز ۋە ئىپادىلەرگىمۇ ئىنكاسسىز ياتقىنى ياتقان.

ئاھ... ھەقىقەتەن ئېچىم سىقىلىدۇ... كارىۋىتى بېشىدىن ئايرىلمايدىغان كىچىككىنە خاتىرىسىدە تۇزۇككىنە ئېنىق تەپسىلات يوق، پەقەت شۇ ھەربىر بېتىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى پەزىلەت ئىسىملىك گۈزەل قىزغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتلىك لىرىكىلاردىن باشقىسى ئەمەس...

ئاپامغا ئېيتقىنىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيگە، جانسىز بولسىمۇ ئەزىمەت بەيگە ھەقىقىي قىيالىشىمغا، قول ئۈزۈپ چىقىپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيتتى. مەن مەقسەتلىك هالدا بۇ ئويۇننى ئويناۋاتاتتىم. خانىمنىڭ ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ بېقىپمۇ ئېنىق بىر تەپسىلاتقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئەزىمەت بەينىڭ ئالدىنقى هاياتىغا ۋە بۇ خىل هالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا بولغان نەق سەۋەبىنى بىلىش ئىستىكى مەندە بەكمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بارا ـ بارا چوقۇم بۇ سەۋەبنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئەزىمەت بەيگە ياردەم قىلىپ ئۇنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ھەمدەم بولالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەي قالدى.

تۈنۈگۈن ئەزىمەت بەينىڭ دوختۇرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۆزۈم ئايرىم ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان، بېشىنىڭ

چېچى قالمىغان قىسمى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان، قالغان چاچلىرىغا يېشىغا قارىغاندا بالدۇر ئاق كىرىپ كەتكەن مېھرىبان كىشى ئىدى.

— مەن بىلىشىم كېرەك، دوختۇر بەي، سەۋەبى چوقۇم ئېنىق بولۇشى كېرەك.

— بۇ شۇنچە زۆرۈرمۇ، قىزىم؟

— شۇنداق، مەن ئۇچۇن بەكمۇ زۆرۈر.

— سەۋەبى نېمىكىن، بىلسەم بولامدۇ؟

— سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. ئەزىمەت بەينىڭ ھاياتلىق ھەرىكىتىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش...

— چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن دەپ قارامسەن، قىزىم؟— دوختۇر مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان كۆك كۆزلىرىنى تىكتى.

— شۇنداق، دوختۇر بەي، مەن ئېچىنىمەن ياشلىقىغا، شۇ ھالىتىگە. قاراڭ، نەقەدەر ئازاب - ھە! ھەرىكەتسىز، پەقەت تىنىق بار، نە ھايات كىشىگە، نە ئۆلۈك كىشىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ بەكلا ئازابقۇ ئاخىر.

مۇھىب شەرقى دوختۇر ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى، كۆك كۆزلىرى ئاجايىپ بىر خىل ھاياجان بىلەن يالتىرايتتى. كۆك كۆزلىرىنى ئورىغان سېرىق كىرپىكلىرى نەملىشىپ تۇراتتى.

— پەقەتلا شۇمۇ، خېنىم؟

— شۇنداق، يەنە قانداق سەۋەب بولسۇن، دوختۇر ئاتا؟ مەن يېقىنچىلىق بىلەن يۈرەكلىك ئۇنى شۇنداق ئاتاپ مەدەت تىلىدىم.

— بۇ ئۆلۈغ بىر مۇھەببەت، قىزىم. مەن چۈشەندىم، سەن ئاشىق بوپسەن.

— ياق،— چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم،— ئۆتۈنۈپ

قالاي، ئۇنداق دېمەڭ، دوختۇر ئاتا، مېنىڭ ئەزىمەت بەينىڭ ھالىغا ئېچىنغاندىن ئۆزگە ھېچقانداق باشقا خىيالىم يوق. ماڭا ئۇۋال قىلماڭ!

ــ نېمىشقا ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىسەن، قىزىم. ئاشقلىق يامان ئىش ئەمەسقۇ؟

ــ ياق، ياق،ــ ئاۋازىم ئىڭرىغاندەك شۇ قەدەر ھالسىز چىقتى. كۆزلىرىمدىن نېمە ئۈچۈندۇر تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى،ــ بۇنداق دېمەڭ، ئۆتۈنەي، يالۋۇراي سىزگە!

ــ ھە، بولدى ـ بولدى، ئاشىقمۇ بولمىغىن. ئۆزۈڭنى تۇت، تىك تۇر... ساڭا قانداق ياردىمىم كېرەك، شۇنى ئېيتقىن!

ــ مەن ئەزىمەت بەينىڭ پۈتۈن ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىم كېرەك، بىلىشىم كېرەك.

ــ خوش، ئاندىن...

ــ سەۋەبىنى بىلىشىم كېرەك، شۇنىڭغا قارىتا ياردەم قىلىشىم، مۆرىتى كەلگەندە يۈرىتىدا قالغان ئاشۇ قىزنى ئېلىپ كېلىشىممۇ مۇمكىن.

دوختۇرنىڭ يۈزلىرى سارغىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ سېرىق كىرپىكلەر ئورىغان كۆك كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالغانلىقىنى، يېرىم چېچى قالغان بېشىنى يېنىك چايقىغانلىقىنى كۆردۇم.

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، قىزىم.

ــ نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس، بىز مەجبۇرمىز، ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمىز، دوختۇر بەي. سىزمۇ بىلىسىز، بۇنداق بىمارلار يوقاتقان نەرسىسىنى قايتۇرۇپ

كەلگەندە شۇنىڭ داۋاسى بىلەن تېزرەك ئەسلىگە كېلەلەيدۇ.

— لېكىن بىزنىڭ ئامالىمىز يوق.

— ماڭا ئېنىقراق دەڭچۇ؟

— سەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ هاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىققىن، قىزىم.

— قانداق قىلىپ... قايسى يول بىلەن؟ خانىم پەقەتلا سىر بەرمەيدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ، يىغلايدۇ، بىراق ماڭا ئېنىق سۆزلەپ بېرىشتىن قاچىدۇ. ئېھتىمال، بۇ يۈرەك يارىسى بەكلا چوڭقۇر بولسا كېرەك، تەكرارلىماسلىقا ۋەدە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنى چۈشەنمەيدۇكى، مېنىڭ ئۇ ئىشلارنى بىلىشىمنىڭ ئوغلىنىڭ هاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چوڭ ياردىمى تېگەتتى.

— سىر ساقلىشى تامامەن ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا شۇ خەۋەرلەرنىڭ يېتىشىدىن، ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان نېرۋىلىرىنىڭ يەنە قايتىدىن هاياتلىق نىشانىدىن ئازغىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈندۇر، قىزىم.

— بىراق...

— سۆزۈمنى بۆلمە، سېنىڭ ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— ئىنشائاللا، ئاللا رەھمىتى بىلەن شىپا بولسا ئەجەب ئەمەس دەپ قارايمەن، ئىرىشىمەن.

— ئەمىسە سەن ئۇ ئائىلىدىن چېكىنگىن.

— چېكىنگىن؟ — مېڭەم زىڭىلداپ كەتتى، قاچانلاردىن بۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ بۇ ئائىلىگە باغلىنىپ قالغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. شۇ تاپتا چېكىنىش سۆزى بىلەن تەڭلا سۇسىز ياپراقتەك قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم.

— نېمە ئۈچۈن، زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — تىترەۋاتقان

لەۋلىرىمدىن شۇ گەپلەر ئارانلا چىقتى.

ــ ھا ـ ھا... قارا... ئاشىق دېسەم ئىشەنمەيسەن، ئايرىلىشنى ئېيتسام خاراب بولغان ھالىڭغا قارىغىنا، بۇ پەقەتلا ۋاقىتلىق بولسۇن، خانىم يەنە باشقا ھەمشىرە ئىزدەپ مېنى پاناھ تارتىدۇ. سەن قەتئىي بولۇپ ھەيۋە قىلىپ بۇ خەۋەرنى ئاپاڭغا ئېيتقىن، ئاپاڭ چوقۇم يەتكۈزىدۇ بۇنى. خانىم مەندىن مەسلىھەت سورايدۇ، ھەمشىرە ئىزدەيدۇ. مەن زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى دەيمەن. سېنىڭ ئەزىمەت بەينىڭ پۈتكۈل ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭغا ئىمكان ھازىرلايمەن، قىزىم.

قۇچىقىمنى كەڭ يېيىپ ئالدىمدىكى مۇنۇ مېھرىبان كىشىنى قۇچاقلىغۇم كەلدى. چەكسىز مىننەتدارلىق ۋە ئېھتىرام بىلەن ئېيتەلمىگەن سۆزلىرىمنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ قوللىرىنى سۆيدۇم.

......

قويغان ئويۇنۇمنىڭ، ئاپامغا قىلغان بىھۇدە غەزەپلىرىمنىڭ ئۇنۇمىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. نېمە بولدۇم؟ نېمانچە قىلىمەن؟» دېگەن خىياللار نېرۋىلىرىمنى غىدىقلايدۇ.

مۇھىب شەرقى دوختۇرنىڭ «سەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپسەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىساملا تېنىمنى تىترەك باسىدۇ. قىزىق، ساپىساق، ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا بىر قىز تۇرۇپ، يېرىم جان، مەن كۆرگەندىن بېرى بىرەر نۆۋەتمۇ كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ ئاچىزغىنە بىر ئىگراش بىلەن بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ باقمىغان بىراۋغا مېنى ئاشىق دېسە قانداق كۈلكىلىك ـ ھە؟

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەينەك ئالدىغا كەلدىم ئەينەكتىن

ئۆزۈمنىڭ سولغۇن چىرىم ۋە تاتارغان، ھارغىن ئەكسىمنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. نىمىشقا بۇنچە ئاھ ئۇرىمەن، نىمىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، خانىمنىڭ مىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئامراق ئوغلىغا قاراشتىن چىكىنگەنلىكىمگە ئاچچىقى كىلىپ قانچىكى يۇقىرى پۇل كەتسىمۇ باشقا بىر ھەمشىرە ياللاش ئىمكانىيىتىنىڭ بولۇپ قىلىش ئىھتىماللىقىنى ھىس قىلغاندىن كىيىنمۇ؟

بىلمەيمەن، شۇ تاپتا ھۇجرامغا يىقىنلاشقان ھەر بىر تىۋىش - سادالارمۇ ماڭا خەۋەر ئەكىلىدىغاندەك زار بولىۋاتىمەن.

زارىققان تىۋىشلار ئاڭلاندى.

دەۋرەپ تۇرغان ھىسلىرىمنى بىسىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يىتىۋالدىم.

— ئايلىناي سەندىن، قىلغان ئىشىڭنى قارا، ھەممە ئادەمگە كۆڭۈلسىزلىك ئەكىلىپ ئۆزۈڭنىڭ بەخىرامان ئۇخلاشقا كۆڭلۈڭ يەتكىنىدىن ئۇيىلىمەن، قىزىم. قوپ ئورنۇڭدىن!

— ۋاي - ۋۇي، ئاپا، مەن ئارام ئىلىۋاتىمەن، چارچاپ كەتتىم.

— قوي بۇ گەپلىرىڭنى، قىرى جىنىمغا رەھىم قىلغىن، پايپاسلاپ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا يۈرۈش ئاسانمۇ ماڭا...

— خوش، سىزگە نىمە بولدى؟ — كۆزلىرىمنى يىرىم ئىچىپ ئاپامغا قارىدىم. نامەلۇم بىر سىزىمدىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كىتىۋاتاتتى.

— قوپقىن، ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ چىققىن،

قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگىن، خانىم سىنى مەن بىلەن كۆرۈشسۇن دەپ ئېيتتى.

ــ كۆرۈشكىدەك يەنە نېمە گەپ بولسۇن؟

ــ سەندىن ئۆتۈنەي، كىچىككىلىك قىلما، ئاسان ئەمەس... ئانا بولغان ئادەم بىلىدۇ. بالىسىنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرىكى پارە بولۇۋاتقان ئايالغا ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلما.

ــ بوپتۇ، چىقاي!ــ ئىچىمدىكى ھاياجاننى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈرگەن بولدۇم ـ دە، چىقىپ كەتتىم.

دەرۋازىدىن كىرىپلا مېنى بىر خىل دەككە ـ دۈككە باستى. قايسى كۈنىدىكى خانىمنىڭ مېنىڭ تۇيۇقسىز ئىشلىمەيمەن دەپلا پېشىمنى قېقىپ ماڭغىنىمغا قارىتا ئىلاجسىزلىق ۋە ئازار يېگەندىكى چىراي ئىپادىسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ نېمە دەر؟ ماڭا رەنجىگىنىچە: «بولدى، ئىشلىمىسەڭ قالغان ئىش ھەققىڭنى ھېسابلاپ بېرىۋېتەي ئەمىسە» دەپلا پېشىنى قاقسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بولار ئىش بولدى، مۇھىب شەرقى دوختۇر چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. چوقۇم خانىمغا قانداقتۇر مەن ئۇقمايدىغان سىرلارنى ئېيتىپ بېرىشكە، مېنى ئىشلىتىشكە قايىل سۆزلەرنى قىلىپ ماقۇل كەلتۈرىدۇ. شۇ خىيال بىلەن يېنىك تىنىپ دېلىغۇللۇقتىكى قەدەملىرىمنى يۆتكىدىم. ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىققان سەمەر مېنى خانىمنىڭ ھۇجرا ئۆيىدە كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. دەككە ـ دۈككە تولۇق بېسىلىپ كەتمىگەن ھالدا قەدەملىرىمنى يۆتكەپ خانىمنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدىم.

ــ تاك ـ تاك ـ تاك!

— مەرھەمەت، ئەزىزە خېنىم،— تەكەللۇپ بىلەن ئىشىكنى ئاچقىنى خانىم ئۆزى ئىدى.

— خەيرلىك كۈن بولسۇن، خانىم،— بېشىمنى ئېگىپ سالام قىلدىم.

— خەيرلىك كۈن!— خانىم مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۇستەلدىكى ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ مېنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

بىرھازا جىمجىتلىق ئۆتتى. مەن بېشىمنى تۈزۈك كۆتۈرۈشكىمۇ پېتىنالماي بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتىم. خانىمنىڭ قەيەردىن سۆز باشلىشىنى ئۇقالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ بەتتەر ئەنسىزلىك ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىدىم.

— قىزىم، سىزگە قانداق ھالەتتە بۇ سۆزلەرنى دېيىشنى بىلمىدىم. ياخشى كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. بارلىق قىلغانلىرىڭىز ئەزىمەت ئۈچۈن ئىكەن. سىزدىن خۇش بولدۇم.

تۇرۇپلا قالدىم، خاتا ئاڭلاۋاتىمغاندىمەن، دەپ كۆزلىرىمنى جامدەك ئاچقىنىمچە خانىمغا قارايتتىم. خانىمنى چوقۇم ماڭا زەردە قىلىدۇ، تۇيۇقسىزلا ئوغلىغا قاراشتىن ۋاز كېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئاچچىقى كېلىدۇ، دەپ ئويلىغاندىم. ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە مېھرىبانلىق بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇ قەدەر چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆز قىلىشى مېنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى ھەم بىھېساب خىجىللىقتا قالدۇردى.

— ئەسلىدە بۇ قىسمەتنى، بۇ كەلگۈلۈكلەرنى بۇ يەردە ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۆتۈپ كېتەيلى، دېگەن ئويىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمدىن سىر تۇتۇپ كەلگەندۇق. سەۋەبى، بىر كۈنلەردە ئەزىمەت ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا چوقۇم بۇ ئۇزاق ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى

ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق بىمارلارنىڭ ساقايغانلىرىنىڭ توقسان بەش پىرسەنتى شۇنداق بولغان. شۇڭا بۇ ئۆتمۈش مەڭگۈلۈككە خاتىرە بېتىنى ياپسا، ئەزىمەت قوپقاندىن كېيىنمۇ ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدا ئۇ ئۆتمۈش تەكرارلانمىسا ئاندىن ئۇ تەلتۆكۈس ئەسلىگە كېلەلەيدۇ. ئەگەردە ئۇ قوپۇپ ئەسلىگە كەلگەندە يەنىلا ئۆتمۈش بەتلىرى قايتا يېيىلسا ئۇ چاغدا بالام،ــ خانىمنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى،ــ بالام ياشىيالمايدۇ،ــ خانىم قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

ياپراقتەك تىترىدىم، تولىمۇ ئازابلىق بولغان بىر خاتىرە يىرتىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

ــ مۇمكىنمۇ، خانىم، بىر كىشىنى ئۆتمۈشىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟

ــ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، بىراق بۇ ئەزىمەت ئۈچۈن تىرىشىش.

ــ بەلكىم شۇ ئۆتمۈش ئەزىمەت بەينى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلالىشى مۇمكىن، خانىم.

ــ ياق،ــ خانىم چوڭقۇر پەرياد بىلەن بېشىنى سىلكىدى،ــ ئوغلۇم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ... ئوغلۇم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ...

خانىمنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى، تىترەپ تۇرۇپ چىقىۋاتقان ھالسىز ئاۋازى مېنى قالايمىقان قىلىۋەتتى.

ــ بۇ نېمە ئۈچۈن... ماڭا سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك، سىزدىن ئىلتىماس، ئوغلىڭىز ئۈچۈن مەن بىلىشىم كېرەك!

ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈتلەردىن كېيىن خانىم ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ بېشىنى كۆتۈردى.

ــ سىزنىڭ قانداق پىلانىڭىز بار، قىزىم. مەنمۇ، دادىسىمۇ دوختۇر. بىزمۇ كۆپ ئويلاشتۇق.

ــ مەن بىلەي، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلەي، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سىردىشاي. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ، خاپىلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشىم كېرەك، خانىم. شۇنىڭغا قارىتا پەرۋىش قىلىشىم كېرەك. روھىي جەھەتتىن پەرۋىش قىلىشتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي روھىي ئوزۇق بولالايدىغان ئىمكانىيەتنى ھازىر قىلىشىمىز زۆرۈرغۇ ئاخىر.

ــ سىز ئىرادە قىلالامسىز؟

سىلكىنىپ كەتتىم. چوقۇم ياخشى ئويلىشىشىم كېرەك. بۇ كېسەل ئەگەردە ئاللانىڭ مەرھەمىتى ياغسا ئون يىللاپ يېتىپ ياخشى بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئىرادە قىلىشقا ۋەدە قىلسام چوقۇم سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئويلىنىپ شۇنچىلىك ۋاقىتنى ئاجرىتالىشىمغا ئىشەنچ قىلسام بولىدۇ. بىردىن كۆز ئالدىمغا ئاپپاق تاتىرىپ ياتقان چىراي ۋە بۇ چىرايغا ھۆسن بېرىپ تۇرغان قاپقارا قاش ۋە قويۇق كىرپىكلەر كەلدى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم شېرىن بىر ئېقىمدا تەۋرەندى. يېنىك تىترەك ۋە تاتلىق بىر كۈينىڭ يۈرىكىمنى ئەللەيلىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا باش لىڭشىتتىم. خانىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، لەۋلىرى تىترەپ ھاياجان ۋە كۈتمىگەن بىر خىل خۇشلۇقتىن چىرايلىرى قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ ياخشى ئويلىشىڭ، بېسىم قىلماڭ، مەجبۇرىيەت دەپ قارىماڭ، ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، بۇ خىل پىداكارلىقنى قوبۇل قىلالمايۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

ــ خانىم، ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىزلا ئەزىمەت بەينىڭ

ئورنىدىن تۇرۇشى ئۈچۈن بارلىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلماقچىمەن.

ئالدىمغا كېلىپ غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ مېنى قۇچاقلىغان خانىمنىڭ مۇرىسىگە بېشىمنى قويۇپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم ئاھ... نەقەدەر ھاياجانلىق كۆرۈنۈش... بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتىن كېلىدىغان بۇ خىل تۇيغۇ ئۆمۈر بويى تەمشىسىمۇ يېتەرلىك بولغۇدەك شېرىنلىك بېرىدىكەن ئەمەسمۇ؟

خانىم ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى، نالە قىلاتتى.

ــ پەزىلەت قىزىم، سىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ تارتقان دەردلىرىم، ئازابلىرىم بەدىلىگە ئاللا پەرىشتىدەك بىر قىزنى يېنىمغا ئەۋەتتى، بۇ كۆنلەرنى روھىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىزمۇ جەزمەن خۇش بولدىڭىز، قىزىم. قېيىنئانىڭىزدىن رازى بولۇڭ، ئەزىمەتتىن رازى بولۇڭ... بىز ئامالسىز قالدۇق. ئاللانىڭ ھۆكمى ئالدىدا ئامالسىز، قىزىم، ياش كەتكەن گۈلۈم، ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىزىم...

......

شۇ كۈندىكىدەك ئازابلىق، شۇ كۈندىكىدەك چوڭقۇر يىغانى ئېھتىمال بۇ ھاياتىمدا كۆرمىگەندىمەن. بۇقۇلداپ يىغلاشتىن توختىمىغان خانىمنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆزۈمنى زورغا بېسىۋېلىپ قىسقىغىنە تەپسىلاتلارنى بىلىپ يېنىپ چىققان كۈنى كېچىچە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى... ئاھ، خۇدا... دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن، بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر ئاشىق، شۇ قەدەر سەۋدايى ئىككى ياش مۇشۇنداقمۇ بىمەھەل ئايرىلىپ قالىدىكەن...

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# كۆزۈڭنى ئاچ، ئەزىمەت!

قايسى كۆزلىرىم بىلەن كۆرەي، قايسى قۇلاقلىرىم بىلەن ئاڭلاي بۇ خەۋەرلەرنى، ئەزىمەت...

ئاھ... ئاپاك بەرگەن سەن ئۈچۈن بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە پەزىلەتتىن قالغان يادنامە خاتىرە ۋە سېنىڭ خاتىرەڭنى ئوقۇپ چىقىپ ئەسلىمگە كېلەلمەي يۈرۈۋاتىمەن، گاراڭمەن، سەرسانمەن...

شۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدە پىرقىرايمەن، كۈلىمەن، خۇش بولىمەن، يايرايمەن... شۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدە يىغلايمەن، سەرسان بولىمەن. مۇھەببەت ئىزدەيمەن... قايسىبىر ھالىمنى ئېيتىپ بولاي؟ قايسىبىر پىغانىمنى سۆزلەپ بولاي، قايسىبىر كۆز ياشلىرىمدىن ئىز قالدۇراي...

ئاھ... ئاھ... ئاھ...

دەلدۈگلەنگەن قەدەملىرىمگە كۈچ بېرىپ ئەينەك ئالدىغا كەلدىم. خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىمغا قارىغان كىشى مېنى بىراۋغا مەسئۇل ھەمشىرە ئەمەس، بەلكى كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان بىمار دەپ قارىشى مۇمكىن ئىدى.

مېنى بۇنچىۋالا سولغۇنلاشتۇرۇۋەتكىنى خاتىرەڭدىكى مۇھەببەت... مېنى بۇنچە پىغانغا دۇچار قىلغان كەم -

كوتىسىز گۈزەل، نازاكەتلىك، مۇھەببەتلىك پەزىلەت... پەرىشان ھالىمغا خاتىمە بېرىشىم كېرەك. خانىم خاتىرىلەرنى ئوقۇپ چىقىشىمغا، ئەسلىمىگە كىلىۋېلىشىمغا ئىككى كۈن ۋاقىت بەرگەنىدى. توپتوغرا ئىككى كۈن ياتتىم، خاتىرىنى ئوقۇپ ھەم كۆچلۈك مۇھەببەتلىك قۇرلاردا پارە ـ پارە بولدۇم...

غەيرەت بىلەن ئۆزۈمگە ئانچە ـ مۇنچە رەڭ بېرىپ چىرايىمدىكى سولغۇنلۇقنى تۈزىگەن بولدۇم ـ دە، ئاپامنىڭ شۈبھە بىلەن قارىغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىتىشىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئىلدام قەدەم ئالدىم.

قورۇغا كىرىشىم بىلەنلا ئەدنات ئالدىمغا چىقتى. مەن كەتكەن كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كۆپلەپ چارچاپ كەتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەبىمۇ بىلمىدىم، ئورۇقلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

ــ خۇش كەپسىز، ئەزىزە خېنىم.

ــ خۇش بولدۇم. ئەزىمەت بەي قانداقراق؟

ئەدنات مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

ــ ياخشى دېيىشكە مەجبۇرمەن، خېنىم، قانداق بولماقچىتى، يەنىلا ئوخشاش، بىراق سىز كەتكەندىن كېيىن سەل قىينىلىپ قالدى.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇنىڭ ئوكۇلىنى سالىدىغانغا ئەكەلگەن ھەمشىرە ئوكۇلنى سالغاندا تومۇرنى تاپالماي ئۇنى سەل قىيناپ قويدى. سىزنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئەسلىدىم، خېنىم.

ماڭا رەنجىگەندەك ئىپادىدە بولۇۋاتقان ئەدناتتىن كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ سورىدىم:

ــ خانىم ئۆيدە بارمۇ؟

— ئاداش، ئۆيدىكىلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرساق بولمايدۇ، پەزىلەتنىڭ ئاۋازى تېلېفوندا يوقاپ كەتتى. چوقۇم بىر كېلىشمەسلىك بولدى. جېنىم ئاداش، بىر ئامال تاپ، بۇ داداڭلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغۇ، بىرنېمە قىلساڭچۇ!

نەپەسىم ئۈزۈلگەن، يالۋۇرغان، خۇدۇمنى يوقاتقان هالدا سۆزلەيتتىم.

— هە راست، توختا، قوغداش بۆلۈمىدىكىلەرگە بىردىن ئاچقۇچ سەپلەنگەن بولىدىغان، ئىدارىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى بولغاچ شۇنداق تۈزۈم بار ئىدى.

— تېز، ئەمىسە تېز بولايلى!

تەلىيىمگە راستىنلا بۇلارنىڭ قوغداش بۆلۈمىدىكىلەردە ئاچقۇچ بولىدىكەن. شۇلار ئارقىلىق ئۆيگە كىرگىنىمىزدە مېھمانخانا ئۆيدە يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ قېشىدا سۇنايلىنىپ هوشسىز ياتقان پەزىلەتنى كۆردۈم. هېچنېمىگە قارىماي ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ قىزنى قۇچىقىمغا ئالدىم، ئاھ... ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئاق بولغان يۈزلىرى سارغىيىپ تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ هوشسىز ئىدى. ئۇنى كۆتۈرگىنىمچە ئۆيدىن قانداق چىققانلىقىمنى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلىپ كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا قانچىلىك تىتىلداپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ئاغىنىلىرىم شۇ تاپتا مەن بىلەن تەڭ سەدپارە بولۇپ، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولماقتا ئىدى.

قورقۇنچلۇق دەملەر كەتتى. دوختۇرلار ئاساسىي تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ ئۇكۇل ئېسىپ بولغاندا دادىسى، ئاكىسى ۋە بىر ئازدىن كېيىنلا ئاپىسى يېتىپ كەلدى. بىزگە ئەمدى تۇرۇۋېرىشكە ئورۇن يوق ئىدى. گەرچە ئۇ

ھەرقانداق خىزمەتتىنمۇ يۇقىرىراق ھەق بېرىدىغان تۇرسىڭىز.

— ئەمىسە بۇگۈندىن باشلاپ ئەزىمەتنى سىزگە تاپشۇرىمەن، قىزىم. ئۇ بەكلا ياش غۇنچىسىدىن ئايرىلغان بىر شاخ. ئۇنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى غۇنچىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تەڭ تىرىشايلى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، خانىم،— لەۋلىرىم تىترەپ كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى، نەچچە كۈندىن ئۆزۈمنى بېغىشلاپ تۇرۇپ ئەزىمەت بەينىڭ ھاياتىغا شۇڭغۇپ كىرىش ئىرادىسىگە كەلگىنىمدىن بۇيان بۇ توغرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق بىر خىل سېزىمدا بولۇۋاتاتتىم. بىراق، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىشىنەتتىمكى، بۇ تىترەك، بۇ كۆز يېشى ھەرگىزمۇ ئەپسۇسلىنىش ۋە ئۆكۈنۈش ئەمەس، بەلكى تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بولغان بىر خىل ئىپتىخارلىق ۋە خۇشاللىق ياشلىرى ئىدى.

— ئاللا، سېنى مەن ئوتقا تاشلىدىممۇ نېمە، ساراڭ بولدۇڭمۇ، مېنىڭ سېنى ئۇ يەردە ئىشلە دېيىشىم ئاغرىق قاچان ئورنىدىن تۇرغۇچە ئىشلە دېگىنىم ئەمەسقۇ؟

— ئاپا، سىز ئۇنداق دېمىدىڭىز، مەن ئۆزۈم قارار قىلدىم. بىلىسىز، قىلغان قارارىمدىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچەلمەيمەن.

— نېمە ئۇ ۋاز كېچەلمەسلىك دېگەن، سەن ياتلىق بولۇش ۋاقتىلىرىڭنى ئەرگە تەگمەي بىر ئاغرىقنى بېقىشقا سەرپ قىلساڭ كېيىن سېنى كىم ئالغۇدەك؟

— توي قىلمايمەن دېمىدىمغۇ، ئاپا؟

— بىراق قېرى قىز بولۇش ئويۇڭغۇ يوقتۇ، قىزىم؟
— ئاپا، سىز چۈشەنمەيسىز.
— مەن نېمىنى چۈشەنمەيمەن؟
— سىزگە چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم، بولدى، خوش، مەن ئىشقا ماڭدىم.
— توختا، بولدى ئىشلىمىگىن، ئۆيىنىڭ راسخوتىنى ئۆزۈم ئىشلەپ تاپاي، باشقىلارنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، ئۆيىنى تازىلىساممۇ كۈن ئۆتىدىغۇ ئاخىر. مەن سېنىڭ باشقىلارغا مەڭگۈلۈك پەرۋىشكار بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلمىغان. ۋاي ئاللا، مەن سېنى ئىشلە دەپ گۇناھ قىلغان ئوخشايمەن.
— ئاپا، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ، ئۆزۈم قارار قىلدىم، ئۆزۈم تاللىدىم.
— مەن قوشۇلمىسامچۇ؟
— قوشۇلمىسىڭىزمۇ ئامال يوق، مېنى ياندۇرالمايسىز، ئاپا...
— ياق، مەن خانىمغا ئېيتاي، ئۇ سېنى قويۇپ بەرسۇن!
— ئاپا، — قەھرىم بىلەن ۋارقىرىدىم، — ئەگەر خانىمنىڭ قېشىغا چىقىپ ئارتۇق گەپ قىلىدىغان بولسىڭىز چىقىپ كېتىمەن بۇ ئۆيدىن.
— ئاللا، نېمە گۇناھىمغا بۇنداق جازالايدىغانسەن مېنى! ئەقىل - ھوشى جايىدا ساپساق، گۈلدەك قىزىم ئەمدى بىھوش بولۇپ ياتقان بىر يىگىت ئۈچۈن سەدىپارە بولۇپ ئۇنى ئۆمۈر بويى بېقىش قارارىغا كەلدىم دەپ ئېيتسا... مەن نەگە باراي، كىمگە يالۋۇراي... ئاللا ئىگەم ئۆزۈڭ ئىنساب بەرگىن!
ئاپامنىڭ يېرىم يىغا ئارىلاش سۆزلىرى قۇلىقىمغا

كىرمىدى. قاچانلاردىن بۇنداق بولۇپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن. نىمانچە تۇرگۇن، نىمانچە جاھىلمەن... ھېچكىمنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ... پەقەت كاللامدا ئەزىمەتنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ ئۇنى بۇ ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ سۇلىرىدىن قانغۇچە ئىچۈرۈش ئويىلا بار... يا رەببىم... ماڭا مەدەت، كۈچ ئاتا قىلغايسەن!

......

ئاپامغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى تۇردۇم. ئاخىرى بىچارە ئاپام يىغلاپ ـ يىغلاپ پەسكويغا چۈشتى. خۇداغا شۈكۈر، قۇلىقىم تىنچىدى. ئەمدىكى گەپ، پىلانىم بويىچە ئەزىمەت بەينى پەرۋىش قىلىش...

......

ــ سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، دوختۇر بەي!

چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى مۇھىب شەرقى دوختۇرنىڭ قوللىرىغا سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىدىم.

ــ ماڭا رەھمەت دېمىگىن، قەلبىڭگە، گۈزەل يۈرىكىڭگە رەھمەت ئېيتقىن!ــ دوختۇر كۆك كۆزلىرىنى چوڭقۇر مەنىلەر بىلەن ماڭا تىكتى، قىزىرىپ كەتتىم. ئەزىبىرايى خۇدا، نە سەۋەب بىلەن قىزارغىنىم نامەلۇمدۇر. بىراق بىلىمەنكى، دوختۇر مېنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئەزىمەت بەيگە قاراش يولىنى تاللىغىنىمنى مۇھەببەتنىڭ كۈچى دەپ پەرەز قىلىۋاتاتتى. مۇمكىن بولسۇنمۇ؟ ئەزىمەت بەينىڭ يۈرىكىدە پەقەت پەزىلەت ئىسىملىك گۈزەل بىر مەبۇدە بار... ئۇ پەقەت جىمجىت ياتسىمۇ، بىراق يۈرىكى، قەلبى، باغرى ھەممىسى شۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىپار تىنىقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن سەزگۈلىرى شۇ گۈزەل

قىزنىڭ تۆشلىرىغا زار بولۇپ ياتىدۇ... مەندە بولسا ئەزىمەت بەيگە نىسبەتەن ئېچىنىش ۋە پەزىلەتكە بولغان كۈچلۈك ھەۋەس قىلىش، ئىككىسىگە ھۆرمەت ۋە سۆيۈنچ بىلەن قاراش، ئىككىسىنىڭ شۇ قەدەر ئوتلۇق ۋە چىن بولغان مۇھەببىتىدىن سۆيۈنچ تۇيغۇسىلا بار... مەيلى، باشقىلارنىڭ ئويلىرى قايسى يەرلەردە بولسا مەيلى... ئاللاھىم ماڭا كۈچ، ئەزىمەتكە ھاياتلىق ئاتا قىلغىن!

— خوش، ئەمدىكى پىلانىڭ نېمە، قىزىم؟

دوختۇر خىياللىرىمنى بۆلدى.

— مېنىڭ ئەمەس، دوختۇر بەي ئىككىمىزنىڭ پىلانى بولۇشى كېرەك، بىلىسىز، ئاددىي بىر ھەمشىرەنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە تېخى ياخشى. ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— سىز دورا - ئوكۇللار بىلەن تەمىنلەيسىز، ئەڭ ياخشى مېڭە قۇۋۋەتلەندۇرگۈچ ۋە ئەڭ ياخشى ئۇزۇقلۇق تولۇقلىغۇچ دورا - ئوكۇللارنى ئىشلىتىسىز، دوختۇر بەي.

مۇھەببەت شەرقى دوختۇرنىڭ شۇ كۈندىكى كىچىك بالىدەك مۇلايىملىق بىلەن تىكىلگەن كۆك كۆزلىرىدىكى مۇھەببەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ئەزىمەت.

— خوش.

— مەن بولسام ئۇنى روھىي جەھەتتىن يېتەكلەيمەن. ئۇنىڭغا پەزىلەتنىڭ رولىنى ئۆتەيمەن.

سۆيۈملۈك دوختۇرنىڭ كۆك كۆزلىرى يوغىناپ سېرىق كىرپىكلىرى لىپىلدەپ كەتتى.

— توغرا چۈشىنىڭ، دوختۇر بەي، مەن مەرھۇم

پەزىلەت خانىمنىڭ ئورنىغا ئۆتىمەن دېمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ ئورنىدا كۆندە ئەزىمەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تىنماي بۇرۇنقى كۈنلەرنى سۆزلەيمەن. ئاھ، بىلەمسىز! ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى شۇ قەدەر ساپ، سەمىمىي، ئۇلۇغ مۇھەببەتكەن دوختۇر بەي، بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەتتۇر... ئايرىلىش يۈرەكلەرنى پارە قىلىدۇ، ئەزىمەتمۇ دەل شۇ سەۋەبتىن ئېسىنى يوقاتتى. ئۇ يوقاتقان ئېسىنى دەل شۇ بۇرۇنقى كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق تېپىشى كېرەك، بۇ جەھەتتە خانىم خاتا ئويلىدى، ئۇ ئەزىمەت بەينى ئۆتمۈشىدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ ئۇنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا پالتا چېپىش بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئەزىمەت بەي يوقاتقان نەرسىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئەسلىگە كېلىشى كېرەك.

— سەن شۇنداق قىلالامسەن، قىزچاق؟

— ئاللا خالىسا... ئىرادەم بار، بەل باغلىدىم. خاتا ئەمەستۇ، دوختۇر ئاتا؟

— ياق، قىزىم... مەن بۇ خىل ئۆزگىنى بېغىشلىشىڭدىن تەسىرلىنىۋاتىمەن. بىراق شۇنىمۇ دېمەي بولمايدۇ، قىزىم. ئۇنداقتا گۈل ياشلىقىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمەمدۇ؟

— بىر كىشىنىڭ قايتا ھاياتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش بىھۇدە ئىش بولماس، دوختۇر ئاتا؟

— خەيرلىك ئىشقا تۇتۇش قىلدىڭ، قىزىم، ساڭا ئاللا رەھمەت قىلسۇن!

— ...

— ئۆكۈنمەمسەن؟

— ياق!

ــ شۇ قەدەر كەسكىنمۇ، قىزىم؟

بېشىمنى لىڭشىتتىم، شۇ تاپتا خۇددى شۇنداق قىلسامىلا سەن ئورنۇڭدىن چوقۇم تۇرالايدىغاندەك، كۆتكىنىمدەك ھاياتلىققا كۆلۈپ باقالايدىغاندەك تۇيۇلغانىدىكى، ئەزىمەت...

كۆنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتمەكتە...

زېرىكمىدىم، مۇھىب شەرقى دوختۇرغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ كىشى تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن، سەن ئۇچۇن ھاجەتمەن بولغىنىمدا دەرھال ھاجىتىمدىن چىقىپ ماڭا ئاشۇرۇپ ياردەم بەردى...

تەبىئىي ھالدا ئائىلەڭلەرنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدىم. خىزمەتكارلارمۇ ماڭا خۇددى غوجايىن خانىمغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولاتتى. ئائىلەڭلەردىكى چوڭدىن كىچىكىگىچە ھەممەيلەن ماڭا شۇنداق خۇش پېئىل ۋە ھۆرمەتتە مۇئامىلە قىلاتتى.

كۈندىن ــ كۈنگە ئائىلەڭلەردىن مېھىر ــ مۇھەببەت قوبۇل قىلىۋاتاتتىم. ئىش ھەققىمدىن سىرت، ئائىلەمنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى داداڭنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشىغا ئايلانغانىدى. يەنە تېخى ئىككى سىڭلىمنىڭ ئوقۇش راسخوتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئاپامنىڭ كايىشلىرى، مېنىڭ قېيداشلىرىمنىڭ ھەممىسى قۇرۇق سۆز ئىدى. ئاپاڭ كۆز يېشى قىلاتتى، «سىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىڭىز ئالدىدا بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، قىزىم» دەپ ئېيتاتتى.

بۇرۇنقى قورۇنۇشلىرىمىز تامامەن يوقالغان. ئاپاڭ خۇددى ئۆز ئاپامدەكلا شۇ قەدەر مېھرىبان سىردىشىمغا

ئايلانغانىدى. ئاپاڭنىڭ ئىغىزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىۋاتقان پەزىلەتنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، چىچەن، چېۋەرلىكلىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشاتتىم، خاتىرەڭدىكى پەزىلەتنىڭ نومۇسچان، مۇلايىم، نازاكەتلىك سىماسىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلاتتىم. ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر ئىشلىرىمغا قەدەر پەزىلەتنىڭ سىماسىنى سىڭدۈرۈپ مېڭىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالغىنىمدا بولسا چۆچۈپ كېتەتتىم...

ئەزىمەت، بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا پەقەت تىنىقىڭلا بار، باشقا ھېچقانداق ئىشلارغا پەرۋاسىز ياتقىنىڭ ياتقان ئىدى... ئاھ!... كۈتۈۋاتىمەن، كۈتۈۋاتىمەن، بۇ كۈتۈشلەر قاچانغىچە سوزۇلىدۇ.

......

ئاخشام چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كۆزۈڭنى ئېچىپتىكەنسەن، شۇ قەدەر خۇش بولۇپ ۋارقىراپ كېتىپتىمەن. ئالدىراپ خانىمغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ بىرىنچىگە پۇتلىشىپلا ئۇيغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام يېڭىلا تاڭ سوزۇلۇۋېتىپتۇ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆيۈڭلارغا قاراپ چاپتىم. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ دەرۋازىۋەنگە ئىشىكنى ئاچتۇرۇپ كىرىپلا ئاپپاق لېچەكلىرى بىلەن باغ تەرەپتىكى چىملىققا قويۇلغان ئورۇندۇقتا سەھەرنىڭ سوغۇقىدىن دالدىلىنىپ يېپىنچا ئارتىۋالغان ئاپاڭنى كۆردۇم. تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولغىنىچە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئولتۇرغان ئاپاڭنىڭ ئارقىسىدىن بىرىپ خېلى ئۇزاق تۇردۇم. بىچارە خانىم يىغلاۋاتاتتى، مۈرىلىرى سىلكىنىۋاتاتتى...

دىققىتىنى بۇزغۇم كەلمىدى... ئاستا ئارقامغا

ياندىم... كۆڭلۈم شۇ قەدەر يېرىم بولدى ئاپاڭنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ماڭا تونۇش بولغان پەزىلەت، ئەزىمەت دېگەن ئىسىملارنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولۇپ قالدىم. نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. سېنىڭ مېڭەڭگە ۋە يۈتكۈل ھاياتىڭغا سىڭىپ كەتكەن پەزىلەت ئائىلەڭدىكىلەر ئۈچۈنمۇ شۇ قەدەر ئەتىۋارلىق، شۇ قەدەر بىباھا گۆھەر ئىدىكى، ھاياتلىقىمدا قېيىنئانىلىرىغا بۇ قەدەر چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدىغان ئىككىنچى بىر قىزنىڭ چىقىشىغا ئىشىنەلمەيمۇ قالىمەن.

ئەزىمەت، ئۆتمۈشۈڭ ئەسلىي بېتى يېپىلغان بىر خاتىرە ئىدى...

بۇ خاتىرىنى مەن ئۆزۈم زورلاپ ئېلىپ چىقتىم...

ساڭا ياردىمى بولسۇن، سېنى پۈتۈن مۇھەببىتى، نەپىس گۈزەللىكى ۋە نازاكەتلىك تۇرقى، نومۇسچان ھايالىق ھالىتى بىلەن ئەقلىڭنى لال قىلغان، يۈرىكىڭدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان ئاشۇ قىزنىڭ سىيماسىنى پەقەت خاتىرىنى يېپىۋېتىش بىلەنلا مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. بىراق، مەن بۇ خاتىرىنى ۋاراقلىدىم، چۈنكى ساڭا پەزىلەت بولمىسا مەڭگۈ ئورنۇڭدىن تۇرالمايتتىڭ، ئەزىمەت...

بىراق، پەزىلەت ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ يوق... ئىككىڭلارنىڭ خاتىرىسىدىكى گۈزەل مۇھەببەتنى ساڭا كۈندە ھارماي ئوقۇش... ئۇ ساڭا قىلغان ئاشۇ تاتلىق مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى كۈندە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق سېنى ئەسلىڭگە كەلتۈرگەن ھالەتتىمۇ، كۆزلىرىڭنى ئېچىپلا پەزىلەتنىڭ گۈزەل چېھرىنى ئىزدەيدىغانلىقىڭغا

ئىشەنچىم كامىل تۇرۇپتۇ. ئاھ... ئۇ چاغدا... كىم ساڭا پەزىلەت بولالايدۇ... كىم سەن ئۈچۈن پەزىلەتتەك مۇھەببەت، پەزىلەتتەك يۈرەك، پەزىلەتتەك ئۆچمەس ئابىدە تىكلىيەلەيدۇ...

بۇنى بىلمەيمەن... بىراق بىلمەي تۇرۇپمۇ كۈندە ساڭا پەزىلەت بولۇپ شىۋىرلايمەن... ساڭا تاتلىق يېقىملىق سۆزلەر بىلەن مەدەت تىلەيمەن، كۈچ تىلەيمەن... ئورنۇڭدىن تۇر، كۆزۈڭنى ئاچقىن، جېنىم!

«كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتىم. شۇندىلا قەلبىمدىكى بۇ تىتىلداش، ھېچنېمىگە قىزىقماسلىقتەك دۇنياغا سۇس قارايدىغان بولۇپ قالغان تۇيغۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسىنىڭ ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئەزىمەت يېنىمدىكى ۋاقىتلاردا، يەنى مەكتەپتىكى ۋاقىتلاردا مەيلى ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرەي، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىشتىن قورقاي، مەيلى قانچىلىك ئىزتىراپلىق تۇيغۇلارغا يەم بولاي، يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ شۇ قەدەر توق ۋە پۈتۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ئەزىمەت ئەسلىي قەلبىمدىكى مەنىۋى تۈۋرۈك، ھاياتىمدىكى ئاتا – ئانامدىن قالسا تايىنىدىغان تىرىكىم ئورنىدا ماڭا ھەر جەھەتتىن يوشۇرۇن ئۇزۇق بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. مانا ئۇ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئائىلىسىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىشى زۆرۈر بولۇشى تۈپەيلى ئاتا – ئانىسى ئۇنى غۇلجىغا ئېلىپ كېتىۋىدى، مەكتەپ ئىچىدە ھەممە نەرسە قۇرۇپ كەتكەندەك، ئۈرۈمچىدە ھېچقانداق ئىللىقلىق قالمىغاندەك بولۇپ، ئۇ كەتكەن كۈندىن باشلاپ قەلبىم شۇ قەدەر مۇزلاپ، شۇ قەدەر مۇڭسىراپ كەپتۇ.

مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى كۆپ ھاللاردا ھېس قىلالمايمىز. مۇھەببەت كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغان ۋاقىتلاردا بىزنىڭ قەلبىمىز لىققىدە خۇشاللىق سېزىملىرىغا تويۇنغاچقا، شۇ خۇشاللىق تۇيغۇسىنىڭ دەل شۇ مۇھەببەت كۈچىدىن تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئېتىراپ قىلمايمىز ھەم سەزمەيمىز، ئۇ بىزدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ئاندىن مۇزلاپ كەتكەن باغرىمىزنى تەنھا ئۆزىمىز قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئەتراپقا بىزارلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۆتكەن كۈنلەردىكى خۇشال كۈنلەرنى ئەسلەپ بىردىنلا قەلبىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسسىق تۇيغۇلار ئىچىدە ئارامبەخش سېزىملارغا تولۇپ جانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز ـ دە، بۇ سېھىرنىڭ دەل شۇ مۇھەببەتلىك كۈنلەر كارتىنىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا بىلىپ يېتىمىز، ئېتىراپ قىلىمىز. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا مۇھەببەت ئازابتىن تۇغۇلىدۇ دېگەن سۆزنىڭ مەلۇم مەنىدىن توغرا ئىكەنلىكىگە قول قويماي قالمايمىز.»

......

«مەن پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەڭرى زېمىنغا تارقىلىپ نە ـ نەلەرگە بېرىپ ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا بولۇپ مېنىڭ باغرىمغا كېلىپ باش قويۇۋاتاتتى. كۆزلىرىمدىن ھاياجان، مۇھەببەت، سۆيۈنچ ياشلىرى تۆكۈلمەكتە. شۇ كەمگىچە مېنىڭ تاللىشىمغا، مېنىڭ رايىمغا ھۆرمەت قىلىپ ماڭا ئەسەبىي ئىستەكلەر بىلەن يېقىنلاشماي، پەقەت باغرىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلاپ قويۇش ۋە پېشانەمگە ئىللىققىنا سۆيۈپ قويۇش بىلەن چەكلەنگەن ئەزىمەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن ئاپامنىڭ مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا قۇيۇپ كەلگەن تەربىيەلىرىنىڭ

ھۆرمىتىنى قىلىپ كېلەلىدىم. شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىمگە ۋە ئېتىقادىمغا يۈز كېلەلىدىم، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى مۇھەببەت شۇ قەدەر تەلۋە نەرسىكى، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋاقتىڭىزدا قارىغۇلارچە ئۇنىڭغا ئەگەشكىڭىز، ئۇنىڭ سىزنى قويغان سىزىقىدىن سىرتقا چىقماي ياشىغىڭىز كېلىپلا تۇرىدۇ. ئەگەردە ئەزىمەت ماڭا مەن ھار ئالىدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسا ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرۈش ھېسلىرىم ئالدىدا ئەل بولۇپ، بەلكى ئاپامنىڭ تەربىيەسىگە، ئەخلاقىمغا، ئېتىقادىمغا ئاسىيلىق قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. ياكى شۇ سەۋەبلىك ئۆز قارارىم يولىدا ئۇنىڭ بىلەن رەنجىشىپ يا ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن، يا مۇھەببەتتىن بىرنى تاللا دېسە قىسىلچاقتا قىسىلىپ يەتكۈچە ئازاب تارتقان بولاتتىم. شۇ تاپتا قىزلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۈچۈن ئوغۇللارنىڭ ئوينايدىغان رولىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدىنلا قىزلارنىڭ ھايا ـ نومۇس قارىشى ۋە ئېتىقادىنى يېتىلدۈرۈشتە، كۈچلەندۈرۈشتە ئوغۇللارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلىپ يېتىۋاتاتتىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىرىپ تۇرۇپ، خىجىللىقتا يەرگە بېقىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىمنى خىيالىي يۇمۇپ تۇرۇپ ئەزىمەتكە ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن، بىراق مېنىڭ ئېغىزىمدىن ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بىر ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى قىلدىم:

ــ ئەزىمەت، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن.»

......

«ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەتسىزمەن. بۇگۇن راستىنلا تويۇم بولدى.

بۇگۇن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىگە ئايلاندىم. مېنى تۇغقان ئاپام، ماڭا تاغدەك يۆلەك بولغان دادام ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان مىننەتسىز ئەجىرلىرى بىلەن بەختلىك ئىدىم. مانا بۈگۈن بۇ بەختىمگە تېخىمۇ يورۇق بولغان زۆھرە يۇلتۇزىدىن بىرى كېلىپ قوندى. ئۇ بولسىمۇ مەن ھاياتلىقتا تۆرەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم سۆيۈپ كەلگەن ئاتا ـ ئانامدىن كېيىن قالسىلا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان يورۇق يۇلتۇزۇم پەزىلەت...

ئۇنىڭ ئاخىر مېنىڭ مەھبۇبەم بولىدىغانلىقىغا نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىنلا تولۇق ئىشەندىم. راست گەپنى ئېيتسام تاكى ئۇنىڭ باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە بوشقىنە تۇرۇپ «قوبۇل قىلدىم» دېگەن ئاۋازىنى سېزىمىلىرىم، نېرۋىلىرىمغا ئورناپ كەتكەن نازلىق ھالىتى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا شۇ قەدەر مەستخۇش بولدۇمكىن، ئىككىمىزنىڭ بۇ بىرنەچچە يىللىق ئارىلىشىش تارىخىمىزدا مەن قېنىپقىنا بىر سۆيۈشكىمۇ ئىمكان بولمىغان ئاشۇ ئوماق، يۇمران لەۋلىرىگە سۆيگەندەك بىر شېرىنلىك قوينىدا ئەللەيلەندىم...

مەن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن شېرىن دەملەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئىدى. چىرايلىق بېزەلگەن ھۇجرىمىزدا ئىككىمىز، پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق. قانداقتۇر بىر خىل ئوتتەك تەلپۈنۈش، زارىقىش، چاڭقاش بىرلەشكەن ھېسلىرىم مېنى شۇ تاپتا ئۇنىڭ

ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلاپ باغرىمغا سىڭدۇرۇۋېتىشكە ئۇندەپ تۇراتتى. ئۇ بارلىقى بىلەن مېنىڭ بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. مەنمۇ ھەم شۇ دەمدە بارلىقىم بىلەن ئۇنىڭ، پەقەتلا ئۇنىڭ بولۇش ئالدىدا ئىدىم.

تۇۋا... ھاياجانلىق مۇشۇ مىنۇتلاردا خۇددى ئىككىلىمىز بۇرۇن پەقەتلا بىر ـ بىرىمىزنى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلاردەك بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتىن يېقىنلىشىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتۇق. ئۇنىڭغۇ شۇ خىل ھېسسىياتتا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، بىز مەيلى نەچچە يىللىق مۇھەببەتلىشىش تارىخىغا ئىگە بولساقمۇ ئۇ يەنىلا ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە بىر خىل تارتىنچاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ئۇ شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، ئۇ شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن شۇ قەدەر ئېسىل گۆھەر ئىدى. ئاستاغىنە قېشىغا باردىم، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم. ئاھ... ئۇنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا ئەسىر قىلىۋالغان يوغان قوي كۆزلىرىدە لىققىدە ياش، قوڭۇر كىرپىكلىرى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ جۇپلىشىپ كېتىپتۇ... ئاق ـ سۈزۈك يۈزلىرى چىراغ يورۇقىدا قىلغان گىرىملىرى بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى بار مېھرىم بىلەن چىڭگىدە قۇچاقلىدىم. ئۇ تىترەۋاتاتتى، ئاستا پىچىرلاپ سورىدىم:

ــ جېنىم، بەختلىكمۇسىز؟

ئۇنىڭ باغرىمدا تىترەپ تۇرۇپ بوشقىنە:

ــ مەن بەكمۇ بەختلىك،ــ دېگەنلىكىنى ناھايىتى

ئېنىق ئاڭلىدىم. پۈتۈن جىسمىم لەرزىگە كەلدى. شۇ قەدەر ساپ، سۈپسۈزۈك بىر مەرمەر تاش ئۆزىنىڭ بارلىق ساپلىقىنى، پاكلىقىنى، مۇھەببىتىنى، مەڭگۈلۈك ئەقىدىسىنى، ئىشەنچىسىنى ماڭا بېرىش ئالدىدا تۇراتتى...»

قايتا ـ قايتا ئوقۇلۇشلار، ۋاراقلىنىشلاردا بەتلەر سارغايدى. نەچچە باھار كۆلۈپ كېلىپ ئۈمىدسىز سارغىيىپ غازاڭ بولۇپ قايتتى. نەچچىلىگەن قىشلار قەھرى بىلەن نالە قىلىپ ھۆۋلاپ باقتى، ئاخىرى تارام ـ تارام ئەگىز بولۇپ ئاقتى، سەن ئورنۇڭدىن تۇرمىدىڭ، ئەزىمەت... باھارنىڭ يېقىملىق شاماللىرىغا، يازنىڭ تومۇز ئاپتاپلىرىغا، كۈزنىڭ خۇشبۇي مېۋە پۇراقلىرىغا، قىشنىڭ ئۆيگە مەھكۇم قىلىنغان ئىسسىق كاڭلىرىغا سېنى سالدۇق... جىسمىڭنى تۇتتۇق... سەن ئويغانمىدىڭ... خۇددى مۇشۇ ئۇخلىشىڭ بىلەن ئاۋۇ قورلاردا تەسۋىرلەنگەن شۇ گۈزەل نازاكەتلىك قىزنىڭ قېشىغا كېتىپ قالىدىغاندەك... مېنىڭ جان ـ جەھلىم بىلەن تىرىشىشلىرىمنى ئۈمىدسىز قويىدىغاندەك...

ئاپاڭنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ تۈگىدى، ھازىر بىر نەرسىلەرنى ياخشى ئىلغا قىلالمايدۇ، كۆزىگە كۆزئەينەك تاقاپ ئاشۇ گۈللۈكتە جۈپ غۇنچىلارغا قاراپ تىنىماي نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئولتۇرىدۇ. داداڭنىڭ قامەتلىك بەللىرى مۈكچەيدى، ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئېچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقان گۈنىسىز كۆزلىرىدىن بىلىنىدۇ، پەقەت شۇ ئاپاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئۈمىدۋار تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈمىدىنى يوقاتتى. مېنى تەلۋىگە چىقىرىشتى. توغرا، تەلۋە بولغانلىقىم ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭدا كۈن ـ

كۆنلەپ ئۆتمۆش بەتلىرىگىنى ۋاراقلاش بىلەن ئاۋارىمەن.

ئۆزۆمنى خۇددى ئاشۇ خاتىرىدىكى پەزىلەتتەك ھېس قىلىمەن... ساڭا سائەت ـ سائەتلەپ ئېڭىكىمنى تىرەپ قاراپ ئولتۇرۇشمۇ ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ، پەزىلەتتىن بەكمۇ تەسىرلەنگەنلىكىم ئۈچۈن، پەزىلەتنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەم ـ كوتىسىز گۈزەللىكلىرى ئالدىدا ئۇيالغانلىقىم ئۈچۈندۇر... ھەممە جەھەتتىن ئۇنىڭدەك بولۇشقا تىرىشىپ ئۆگەنمىگەن تامىقىم، ئۆگەنمىگەن ئۆي ئىشلىرىمۇ قالمىدى. بۇرۇنقى قوپال جاھىللىقىمنىڭ ئورنىنى سىپايىلىك ئىگىلىدى، بۇرۇنقى ۋار ـ ۋار ئاۋازىمنىڭ ئورنىنى مۇلايىم ھالدىكى سىلىق سۆزلەشلەر ئىگىلىدى. قىسقىسى، مەن ھازىر پەقەت چىرايىلا ئەزىزە، پۈتۈن جىسمى، گەپ ـ سۆزى، تۇرقى پەزىلەت بولۇپ قالاي دېدىم. ئاپاڭ كۆز ئۇزمەي قارايدۇ، داداڭ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرىدۇ، ئىتتىك باشقا ياقلارغا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا بارا ـ بارا پەزىلەت دەپ قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. مۇھسىن شەرقى دوختۇر ئېڭىكىمدىن كۆتۈرۈپ قاراپ داد سالىدۇ: «ئاللا... ئاللا... ئەزىزە، ھېچ ئۇزۇڭ ئەمەسسەن، قىزىم، ئاللا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن!»

كۆزۈڭنى ئاچ! ئەمدى كۆزۈڭنى ئېچىشىڭدىن قورقمايمەن، كۆزۈڭنى ئاچ... سەنمۇ ئەمدى پەزىلەتنىڭ يوق بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەيسەن، ئەزىمەت!

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## مەن ئەزىزە، پەزىلەت ئەمەس

— ئەزىزە خېنىم، ئەزىزە خېنىم...

ئۇزاق يىللاردىن بېرى جىمجىتلىق ۋە سۈكۈت قاپلاپ تۇرغان ھويلىنى ئەدىناتىنىڭ داد - پەريادلىق ئاۋازى جاراڭلىتىۋەتتى. ھېلىلا شامالدىتىشتىن ياندۇرۇپ كىرگەن ئەزىمەتنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ ئەدىناتقا تاپشۇرۇپ، خانىمغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن گۈللۈككە چىقىپ ئولتۇراتتىم. ئۆي ئىچىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك قىيقاس بىلەن پالاقلاپ چىقىۋاتقان ئەدىناتقا قاراپ يۈگۈردۈم، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغانىدى.

— نېمە بولدى، ئەدىنات؟

— خېنىم... خۇش خەۋەر، تېز بولۇڭ، تېز بولۇڭ...

— نېمە بولدى، ئېيتساڭچۇ...

— ئەزىمەت بەي... ئۇ... ئۇ...

يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ ئاغزىمغا تىقىلدى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا ئۇزۇن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆگىشىپ يىقىلىپ - قوپۇپ ئەزىمەتنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئارقامدىن پالاقلاپ كېلىۋاتقان ئەدىناتنىڭ «ئەزىمەت بەي قولىنى مىدىرلاتتى، ئەزىمەت بەي قولىنى مىدىرلاتتى، ئىڭرىدى» دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.

ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ ئەزىمەتنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ھالىم قالمىغان ھالدا تىزلاندىم. ئەڭ ئاۋۋال كۆزلىرىم ئۇنىڭ بوش ئېگىزلىغاندەك تاۋۇش چىقىرىپ تىنماي قىمىرلاۋاتقان قانسىز لەۋلىرىگە ۋە ئاجىزغىنە مىدىرلاۋاتقان بارماقلىرىغا چۈشتى.

— ئاھ...

ئۆزۈمنى بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقاندەك، ئەزىمەتنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلغىنىم يادىمدا... قاپقاراڭغۇ بىر دۇنيانىڭ ئىچىگە غۇلاپ كەتتىم.

شۇ كۈن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، يۇزلىرىم ۋە مەيدەم چىلىققىدە ئەتىر بىلەن ھۆل بولغان ھالدا كۆزۈمنى ئاچتىم. مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئەتىرلەرنى سېپىپتۇ. كۆزلىرىمنى ئېچىپلا باش تەرىپىمدىكى مۇھەببەت شەرقى دوختۇرنىڭ سۆيۈملۈك كۆزلىرىنى كۆردۈم.

— ئىنشائاللا، ھوشۇڭغا كەلدىڭ، ئارام ئال، چارچاپسەن، قىزىم.

شۇ ھالدا يېتىپ دوختۇرنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن بالقىپ تۇرغان ھاياجان ۋە خۇشلۇق ھېسلىرىنى بايقىدىم.

— دوختۇر بەي، ئۇ قانداقراق؟

— ناھايىتى ياخشى، ئاللا كۈچ بەرسۇن، قىزىم.

— ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگىنى ئېنىقمۇ؟

— ئاللا خالىسا ئەجرىڭ يەردە قالمىغۇدەك. بۇ كۈنلەرگىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈر. شۇ تاپتا سېنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىڭدىن ئۈمىدسىز بولغانلىرىمدىن ئۇيىلىمەن.

بېشىمنى كۆتۈرەي دەيتتىم - يۇ، كۆتۈرەلمەيتتىم.

بەدىنىمنى شۇنداق ئېغىر بولۇپ خۇددى ئۇزاق يىل ھوشسىز ياتقان ئەزىمەتتەك شۇ قەدەر غۇۋالىق ئېغىرلىق ئىچىدە مېڭەم گاڭگىرايتتى، قۇلاقلىرىم غوڭۇلدايتتى.

شۇ ياتقىنىمچە ئىككى كۈن قوپماستىن ئۇخلاپتىمەن. ياپىر... بۇلارنى ئويلىسام ئۇيىلىمەن. كۆزلىرىمنى خىرە - شىرە ئاچقىنىمدا پېشانەمنى سىلاۋاتقان ئىسسىق قولغا ئېسىلىپ: «راستمۇ، ئۇ ھوشىغا كەلدىمۇ» دەپ يىغلىغانلىرىم، ئارقىدىن كۆزلىرىمنى ئاچالماي ئۇخلاپ قالغانلىرىم... يەنە ئويغىنىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ خۇشلۇقىمۇ ياكى ھاياجانغىمۇ ئوخشىمايدىغان گۈڭگۈراش بىلەن ئەزىمەتنىڭ ھاياتىغا دائىر ۋەقەلەرنى سۆزلىگەنلىكلىرىم...

تۇمان ئىچىدە لەيلەپ يۈرۈپ بىر پارچە خۇشلۇقنى باغرىمغا باسىمەن... راستمۇ دەيمەن...

كىشىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئىشلار ئۈچۈن قىلغان ئەجرى مېۋە بەرسە خۇشلۇقتىن ئېسىنى يوقاتقۇدەك بولۇشلىرى ھەقىقەت ئىكەن. چۈنكى، غەرەزسىز قىلىنغان ئەجىر تېگىدە قانچىلىك قۇربان بېرىشلەر بارلىقىنى پەقەت ئەجىر قىلغۇچى ئۆزىلا بىلىدۇ. ئۇ پەقەت مەڭگۈلۈككە سىر بولغان ئاشكارىلىنىشتىن قاچىدىغان قىيامەتتەك تۇيغۇ. تۇيغۇ بىر ھەقىقەت، تۇيغۇ بىر رېئاللىق.

......

شۇنداق، ئاشۇ كۈندىن كېيىن سەن قوللىرىڭنى ئاستا - ئاستا مىدىرلىتىشتىن پۇتلىرىڭنى مىدىرلىتىشقا، بەدىنىڭنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلىتىشقا باشلىدىڭ، قانسىز لەۋلىرىڭ ئارىسىدىن ئېنىق بولمىغان خۇددى كىچىك بالىنىڭ گۈڭگۈرىشىدەك

بىر تاۋۇشلارنى ھەربىر ئاڭلىغىنىمدا شۇ قەدەر ھاياجانلىناتتىم. ئەمدى يېنىمدىن مۇھىب شەرقى دوختۇر پەقەتلا ئايرىلماس بولدى.

ــ دەم ئال، قىزىم، بۇنداق كۈنلەپ دەم ئالماي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش سېنى چارچىتىپ ھالىڭدىن كەتكۈزىدۇ.

ــ ياق، دوختۇر بەي، مەن چىدايمەن.

ــ قويغىن، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، مەندەك ئاقىۋاشىنى ئۇيالماستىن قېشىڭدا قارىتىپ قويۇپ دېۋىدەك ئۇخلايسەن...

خىجىللىقتىن بېشىمنى تۆۋەن سالاتتىم. دوختۇر بەينىلا مەن ھوشسىز ياتقان ۋاقىتتا ئېيتىپ سالغان قانداقتۇر گەپلىرىمنى ئېيتىپ سالماسلىقى ئۈچۈن يېلىنىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

ــ بولدى قىلىسىڭىزچۇ، دوختۇر ئاتا، كىشىنى خىجىل قىلىمەنلا دەيسىز.

ــ ياق، قىزىم، ياق، قارىغىنا، بۇ ئۇيىلىشلىرىڭنىڭ گۈزەللىكىنى... ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرۇپلا سېنى كۆرىدۇ، ئۆزى ئۇخلاپ ياتقان ۋاقىتلاردا يېنىدا پەرىزاتتەك گۈزەل بىر قىزنىڭ ھەمراھ بولغانلىقىنى بىلسە ئاياغلىرىڭغا يىقىلىدۇ چوقۇم.

ــ مەن ئۇنى كۈتمەيمەن، پەقەت ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىلا بولدى.

ــ خوش، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆزى يالغۇز كۆرگىلى، كۆرگەندىمۇ ھېس قىلغىلى بولمايدىغۇ ئاخىر، سىرىڭنى يوشۇرما، قىزىم، كۆزلىرىڭ چاقناپ، يۈزلىرىڭ قىزىرىپ سىرىڭنى پاش قىلىدۇ مانا.

ــ دوختۇر ئاتا...ــ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرغىنىمدا

بولسا دوختۇر سىرىق كىرپىكلىرىنى لىپىلدىتىپ تۇرۇپ كۈلۈشكە باشلىدى، ــ قىزىم، بۇنداق تەرسالىق ياراشمايدۇ ساڭا، ھە بولدى بەس، ئاغزىڭنى يۇماي، شۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم دەيمەن.

تىترەيمەن، يۈرىكىمدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان غەلىيانلىق تۇيغۇلار پەرياد چېكىدۇ.

دوختۇرنىڭ سۆيۈملۈك كۆك كۆزلىرىدىن ئاتىلارچە مۇھەببەت بالقىيتتى. يۈرىكىمدىكى بىلىپ بولغۇسىز بىر ھېسنىڭ تۈرتكىسىدە قوللىرىغا سۆيەتتىم.

ئىچىمدىن ئازابلىق بىر پەرياد ياڭرايتتى: «ئەزىمەت پەقەت پەزىلەتىنىلا سۆيىدۇ، ئەزىزە سەن ئۇنى سۆيۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن، سەن پەقەت ئۇنىڭغا ھەق ئېلىپ قاراۋاتقان بىر ھەمشىرە پەقەت!»

......

ئەزىمەتنىڭ قانسىز لەۋلىرى ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ ئۇچۇق ئاڭلانغان سۆز پەزىلەت... ئاھ، ئۇ كۈندىكى ھاياجان، نالە ـ زار، ئەسەبىي تۇيغۇلارغا كۆمۈلگەن دەملەر... ئانا پەرياد ئۇراتتى، ئەزىمەتنىڭ قوللىرىغا سۆيەتتى، مېنى قۇچاقلايتتى، پېشانەمگە سۆيەتتى.

دادا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككەن ھالدا ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيەتتى، ماڭا يېنىپ ـ يېنىپ ئاجايىپ مىننەتدارلىق، ئاجايىپ بىر مېھىر بىلەن قارايتتى.

ئەگەر مۇھىب شەرقى دوختۇر ئەزىمەتكە تىنچلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بۇنداق داد ـ پەرياد كۆتۈرسە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتمىگىنىدە مەنمۇ سەۋدايىلارچە بۇ توپقا قوشۇلۇپ ئۆزۈمنىڭ ئەزىمەتنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇل ھەمشىرە

ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان بولاتتىم... ئۇھ، يەنە قانداق ئىشلار بولۇشىنىمۇ بىلمەيتتىم.

......

كۈن ـ كۈنلەپ جىمىمدە ياتقان ئەزىمەت بىلەن ھەپىلىشىپ تۇپتوغرا يەتتە يىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بۇ سىرتتىكى ئويناپ يۈرگەن، خۇشال ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن قانچىلىك گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرىگە ۋە ھاياتنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرىدىن قالغان ئەستىلىكلەرگە تويۇنغان خاتىرىلىرى قالغان ۋاقىتلار ـ ھە...

مەن ئۈچۈن ئاشۇ ھەيۋەتلىك قورۇغا تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا يۈگۈرۈپ كىرىش، دورا ـ ئوكۇللارنى ۋاقتىدا سېلىش، يۆتكەش، ئوزۇقلۇقلىرىنى ۋاقتىدا بېرىش، ئەدناتنىڭ ياردىمىدە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈش، شامالدىتىشقا ئېلىپ چىقىش، توختىماي ئۇنىڭغا پاراڭ قىلىش، قول ـ پۇتلىرىنى سىستېمىلىق ئىلمىي ھالدا ئۇۋۇلاش، پەللىلەرنى ئۇۋۇلاش، پەزىلەت بولۇپ، پەزىلەتنىڭ ئورنىدا گۈزەل كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەش، ئىنچىكىلىك بىلەن كىچىككىنە ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي كۆزىتىش...

مانا مۇشۇلار بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ۋاقىتتا گەرچە سىرتتىكى كىشىلەردەك ھاياجانلىق گۈزەل ئەسلىمىلىرىم قالمىغان بولسىمۇ، ئەزىمەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر سۇقۇنۇپ كىرىشنىڭ يوللىرىنى پەزىلەت ئوبرازىدا بولۇپ ئاستا ـ ئاستا ئىگىلىۋاتاتتىم. خۇددى شۇنداق قىلىشىم زۆرۈردەك، خۇددى ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن جەزمەن پەزىلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىم زۆرۈردەك...

بۇ ئۇياتلىق ئويلىرىمنى بىر مەنلا بىلەي... بۇنداق

ئۇيلاش هاماقەتلىك، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ئىتىراپ قىلماي ئامالسىزمەن، مەن بۇ ئائىلىدىن تەڭداشسىز مېھىر ـ مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنى، سەمىمىي ئاق كۆڭۈل قەلبلەرنىڭ ۋايىغا يەتكەن پىشقان ھالىتىنى كۆرۈپ كۆپلىگەن ۋاپاسىز، مۇھەببەتسىز كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ بەكلا تەسىرلىنەتتىم، تىمىز يۈكەتتىم.

پەزىلەتنىڭ خاراكتېرى، پەزىلەتنىڭ ئىپادىلىرى ۋۇجۇدۇمدىن ئورۇن ئالغانسېرى پەزىلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرى ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمدىكى نامەلۇم ئارمانلار بىلەن بىرلىشىپ تەڭداشسىز بىر گۈزەل مېلودىيە بولۇپ ياڭرايتتى.

ــ ئەزىمەت، كۆزىڭىزنى ئېچىپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇشىڭىزنى قانچىلىك كۈتۈۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سىز ئورنىڭىزدىن تۇرغان كۈن مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كۈنۈم بولىدۇ، ئېسىڭىزدىمۇ، ئىككىمىز مەڭگۇ بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز دەپ ۋەدە قىلىشقان. قاراڭ، مەن شۇ ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ سىزدىن ئايرىلماي ياشاۋاتىمەن. سىزنىڭ كۆزىڭىزنى يۇمۇپ يېتىۋېلىشىڭىزغا قانداقمۇ يۈرىكىڭىز چىدايدۇ، ئورنىڭىزدىن تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇنقى بەختلىك خۇشال كۈنلىرىمىزگە قايتىمىز، بىللە ياشايمىز، بىزنىڭ يەنە بالىمىز بولىدۇ، سىزنى دادا، دادا دەپ چاقىرىدۇ. سىز بالىلىق بولۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانتىڭىز، جېنىم، بىز بالىلىق بولىمىز، بالىڭىزنىڭ قىز بولۇشنى ئارزۇ قىلامسىز ئوغۇلمۇ؟ ھى ـ ھى... سىز قىز بولسىمۇ ئوغۇل بولسىمۇ مەيلى دىگەنتىڭىز ـ ھە... مەنچىمۇ

شۇنداق، ئوغۇل بولسىمۇ، قىز بولسىمۇ بەربىر، ئىككىمىزنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ...

بۇ گەپلەرنى شۇ قەدەر بىرىلىپ تۇرۇپ دەيتتىمكى، ئۆزۈمنىڭ تېخى توي قىلمىغان قىز ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈنلەي سەن بىلەن توي قىلىپ بولغان پەرزلەتكە ئايلىناتتىم.

※ ※ ※

ئاھ، شۇ قەدەر ئالدىراشمەنكى، قىلىدىغان ئىشلىرىم بىردىنلا كۆپلەپ كەتتى. ئەمدى ئۇ جىمجىت ھالدا يۆلەپ قويسا، ئۆرۈپ قويسا بويسۇنۇپ ياتىدىغان ئەزىمەت ئەمەس... ئۇ كۆزىنى ئاچتى، بىراق ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپمۇ ھېچكىمنى كۆرگەن تونۇشتەك ئىپادىدە ئەمەس، پەقەت كۆزلىرىنى ئېچىپ بىر نۇقتىغا تىكىپ ياتىدۇ، ھالسىز ھالدا ھېچقانداق ئىشنى ئەسلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭغا نەيچە ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ماڭدۇرۇش توختىتىلىپ، بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن تاماق يېگۈزىمىز. بۇ ئىشلارنى كۆپىنچە خانىم بىلەن مەن قىلىمەن، ئاساسلىقى مەن. چۈنكى، خانىم ئوغلىنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە قاراپ تىنىماي كۆز يېشى تۆكۈپ: «مەن ئاپاڭ، ئەزىمەت بالام. ماڭا گەپ قىلغىن» دەپ سۆزلەپ پەرياد ئۇرۇپ ھالىدىن كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد شەرقى دوختۇر خانىمنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا قارشى ئىدى.

......

بۈگۈن تۇساتتىن ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ: «سىز كىم؟» دەپ سورىدى. تىترەپ كەتتىم، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ــ مەن سىزگە قاراشقا مەسئۇل ھەمشىرە ئەزىمەت بەي، ــ دېدىم بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ.

ــ مەن كىم؟

ئاھ... يۈرەكلىرىم پارە بولۇپ كەتتى. بۇ خىل ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇش ھالىتى بۇ خىلدىكى بىمارلارنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىرىنىڭ توقسان پىرسەنتىدە ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغۇدەك زەربىگە ئۇچرىغان ئەزىمەتكە نىسبەتەن مەندە بەكلا چوڭقۇر بولغان باشقىچە ئېچىنىش تۇيغۇسىنى كۆچەيتىۋەتتى.

ــ سىز مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر تاللا ئارزۇلۇق ئوغلى ئەزىمەت بەي...

ــ بۇ قەيەر؟

ــ بۇ تۈركىيەدىكى زەردار ئائىلىڭىز.

ــ ھە...

ئۇ قاپقارا قاشلىرىنى تۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر ئەسلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كاللىسىنىڭ مەلۇم بىر يەرلىرىدە غۇۋا قالغان، بىراق ئىزناسىنى ئوچۇق تېپىشقا ئىمكان بولمايۋاتقان ئەسلىمىلىرىنى تېپىۋېلىشقا كۆچەۋاتقاندەك قىلاتتى.

......

باش باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇنى تۇنجى قېتىم چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ باغچىغا ئاچىقتىم.

باغچىنىڭ ئارقىسىغا سوزۇلىدىغان يالغۇز ئاياغ يول تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشىم بىلەن ئۇنىڭ نېمىدۇر بىرنەرسىگە شۇنچە دىققەت بىلەن قاراپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ تەلپۈنگەن تەرەپكە قاراپ ئۇنىڭ ئەتىرگۈللەر ئېچىلىشقا تەييارلانغان غۇنچىلىرىنى مەيىن شامالغا سېلىپ كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشكە قاراۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە، ئىلدام ھالدا ھارۋىنى شۇ تەرەپكە قاراپ ئىتتەردىم. ئۇ ئاجايىپ بىر ھەۋەس ۋە مۇھەببەت بىلەن گۈللەرگە ئۇزاق قارىدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، قوشۇملىرىنى تۈردى. خۇددى يىراقتا قالغان بىر چۈشنى قايتا كۆرمەكچى بولىۋاتقاندەك ئىپادىلەر يۈرىكىمنى تىترەتتى...

ـ ئەزىمەت بەي، گۈللەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئۇ «ھەئە» دېگەن ئىپادىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

ـ ئۇنداقتا ياخشى. گۈل ئېچىلغاندا كۆزلىرىڭىزنى ئېچىپلا بېشىڭىز ئۇستىدە لوڭقىغا چىلانغان خۇش پۇراق گۈللەرنى كۆرىسىز. ئەمىسە ماقۇلمۇ؟

ئۇ «ماقۇل» دېگەن ئىپادىدە بېشىنى لىڭشىتتى. چاقلىق ھارۋىنى ئېلىپ مېڭىشىم بىلەن ئالدىمىزغا خانىم بىلەن ئەپەندىم ئۇچرىدى.

ـ مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم، بۇ ھالىتىڭنى كۆرۈپ بەكلا خۇش بولىۋاتىمەن.

ئەزىمەت كۆزىنى ئاچقاندىن بېرى خانىمنىڭ بۇرۇنقى سولغۇن يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغانىدى.

مەن سەل ئېگىلىپ ئۇلارغا ھۆرمەت ئىپادىسىنى بىلدۈردۈم.

ـ ھاۋا شۇنداق ياخشى ئىكەن، خانىم، ئەزىمەت بەينى

هاۋا يېگۈزەي دەپ باغچىنى ئايلاندۇرۇشقا ئاچىقىشىم.
— كۆپ رەھمەت، قىزىم. سىز ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ياخشى بىلىسىز.
— ئەمىسە رۇخسەت قىلساڭلار، بىز سەيلىمىزنى داۋام قىلساق!
— بولىدۇ، خۇش كەيپ بولۇڭلار، باللىرىم،— خانىم مېھرى بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئەپەندىم بولسا ئەزىمەتنىڭ جانسىز قوللىرىنى چىڭ سىقىپ يېقىملىق مۇھەببەت ئاتا قىلغاندىن كېيىنلا مەن هارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭدىم.
— قاراڭ، ئەزىمەت بەي، سىز بەكلا بەختلىك. سىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغان ئاتا ـ ئانىڭىز بار. ئۇلار سىز ئاغرىپ ياتقان كۈنلەردە شۇنچىلىك بىتاقەت بولدۇكى، ھەر مىنۇت، ھەر سېكونت سىزنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىڭىزنى كۈتتى. ئۇلار بەكلا سۆيۈملۈك كىشىلەر. ئۇلار سىزنىڭ دادىڭىز ۋە ئاپىڭىز، ئۇلار سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.
— بىراق مەندە ھېچقانداق سېزىم يوق، مەن بۇرۇن بۇلار بىلەن زادىلا بىرگە ياشاپ باقمىغاندەكلا.
— چۈنكى سىز بەك ئۇزاق ھوشسىز ياتتىڭىز، ئۇخلىدىڭىز. سىزدىكى ئاڭ ۋە تۇيغۇلار بەك ئۇزاق ئۇخلاپ كەتتى. كېرەك يوق، ئەزىمەت بەي، بۇلارنىڭمۇ ۋاقتى ئاز قالدى، سىز يەنىلا ھەممىنى ئەسلىيەلەيسىز، ھەممىنى ئەسلەپ ئۆتمۈشىڭىزگە قايتالايسىز.
— سىز مېنىڭ ئۆتمۈشۈم توغرۇلۇق بىلەمسىز؟
— مەن؟!
تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ھوشسىز ۋاقىتتا قانچىلىك كۆپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمىدىم، قانچىلىق رولىلارنى

ئالمىدىم، ئەمدى بولسا قالايمىقان گەپ قىلىشمىغا بولمايتتى. ئۇنىڭ نازۇك، ئاجىز بولغان روھىيىتىنى داۋالغۇتمىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىپ سىپلىشقا يول قويماسلىقىم، ھوشيار تۇرۇپ ئالدىنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى بىلىدىغان ئىشلارنى يوشۇرۇشقا، بەزى بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىدىغان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىمغا توغرا كېلەتتى.

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تەلمۈردى.

— بىلىمەن.

— ئەمىسە ئېيتىڭە... مەن قانداق بولۇپ بۇنداق ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدىم، نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق ياتتىم؟

— سىز ئازراق كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان، ئەزىمەت بەي.

— قانداق كېلىشمەسلىك؟

— بۇلارنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ بەك ئۇزۇن، ئەزىمەت بەي، بۇنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

— مەن بىلىشنى خالايمەن.

— بىراق...

— نېمە بىراق؟

— ھازىرچە بۇنداق ئۇزۇن ۋە ھاياجانلىق ئىشلارنى بىلىشنى سىزنىڭ قۇۋۋىتىڭىز كۆتۈرەلمەيدۇ، ئەزىمەت بەي. مەن بىر ھەمشىرە، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىم كېرەك.

— مەن كۆتۈرەلەيمەن. بىلىشنى خالايمەن، بەك تىتىلداپ كەتتىم.

— بىلىسىز، بىلىسىز... قاراڭ، ئەزىمەت بەي، باھار

كەلدى، ئەتراپ شۈنچە ئىللىق، باغچىنىڭ ھاۋاسى بەكلا ساپ... بۇ مۆھىت سىزگە بەكلا پايدىلىق. ئەمدى كۈن ئىللىغان چاغدا ئىككىمىز مۈشۈنداق سەيلە قىلايلى... بولامدۇ ، سىز ياقتۇرىدىغانسىزمۇ؟

ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىدىن قېچىپ مۈشۈنداق تاققا ـ تۇققا ۋە دىققەتتىنى بۆلىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا ئۇرۇندۇم. ئۇ ئۈمىدسىز ھالدا لەسسىدە بولۇپ قالغاندەك بولدى.

ئەلۋەتتە... ئەزىمەتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلەلىشىمۇ توختىماي ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇ ئەڭ ئاشىق ئاشۇ ئىسمىنى ۋە ئاشۇ كۈنلەرنى توختىماي پىچىرلاشنىڭ كۈچىدىن ئايرىغىلى بولمايتتى. قۇلاق تۈۋىدىكى تونۇش ئۆتمۈشنىڭ كۈندە تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىشى ۋە غايىب بىر پەزىلەتنىڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈشلىرى ئۇنىڭ نېرۋىسىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغانىدى. بىراق، ھازىرلا بۇ گەپلەرنى، ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئۆتمۈشىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ روھىيىتىنى داۋالغۇتۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن پايدىلىق ئەمەس ئىدى. يۈمران مايسا ھالىتىدىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان سەزگۈلىرى شۇ قەدەر ئىنچىكىلىك ۋە پەپىلەش بىلەن تولغان ئاسراشقا موھتاج ئىدىكى، سەللا كەتكۈزۈلۈپ قويۇلسا ئۇ چاغدا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ۋە ئورنىغا كەلتۈرگۈسىز بولاتتى.

ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى قورۇپ دۈگىدىيىشى بىلەن باش باھارنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن مۇزلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سالغاچ ھارۋىنى ئىتتىرىپ قايتتىم.

※ ※ ※

— قىزىم، ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى.
— سۆزلەڭ، ئاپا!
— ئەمدى ئۇ ئۆيدە ئىشلىمە!
— نېمە ئۈچۈن؟
— ساڭا لايىق تاپتىم، توي قىلىسەن.
— ئاپا!...
— مەڭگۈ شۇلارنىڭ بالىسىنى بېقىپ، مەڭگۈ توي قىلماي ئۆتمەكچىمۇسەن؟
— ئەزىمەت بەي ئەمدى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ كۈتۈنۈشكە موھتاج، جېنىم ئاپا. بۇنداق ۋاقىتتا مەن تۈيۈقسىز ئىشلىمەيدىغان بولۇپ تاشلاپ چىقىپ كەتسەم ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمىز.
— خانىممۇ، ئەپەندىمۇ چۈشىنىدۇ. ئۇلار توي قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىزنىڭ يەنىمۇ توي قىلماي ئۆزلىرىنىڭ بالىسىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشىنى قوبۇل كۆرمەيدۇ.
— بىراق، مەن خالىمايمەن، ئاپا. مەن توي قىلمايمەن.
— سەن... ۋاي ئاللا... كەينىڭدىكى سىڭىللىرىڭمۇ ئوقۇشنى پۈتكۈزەي دېدى، ئۇلارغىمۇ يول كېرەكقۇ ئاخىر.
— مەن ئۇلارغا يول بەرمەي يۈرمەيمەن. قايسىسىنىڭ ۋاقتى توشسا توي قىلسۇن، مەن قارشى ئەمەسمەن. بىراق ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان كىشى بىلەن ھەرگىزمۇ توي قىلمايمەن ھەم توي قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم.

— چىرايىڭىز بەكلا سولغۇن كۆرۈنىدىغۇ؟

— ئازراق چارچىغان بولسام كېرەك، ھېچقىسى يوق، ئوڭشىلىپ قالىمەن. ئاخشام ئەزىمەت بەي ياخشى ئۇخلىدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئوبدان ئۇخلىدى.

— خانىم، بىر گەپنى ئېيتماقچى ئىدىم.

— قېنى دەۋېرىڭ!

— ئەزىمەت بەي توختىماستىن «مەن قانداقچە بۇ يەردە تۇرۇپ بۇ يەردىكىلەرنى تونۇمايمەن. قانداقچە شۇنچە ئۇزاق ھوشسىز ياتتىم؟ مېنىڭ ئۆتمۈشۈمدە زادى قانداق ئىشلار بار ئىدى» دېگەن سوئاللارنى سوراۋاتىدۇ. ئىلاجسىز قالدىم. ھازىر ئەزىمەت بەينىڭ بەدەن قۇۋۋىتىمۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. ئەگەردە ئۇ سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىسا ئىچى سىقىلىپ كەينىگە يېنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا ئۆتمۈشى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۇنى ئەسلەپ بېقىشقا دەۋەت قىلايمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىزچە قانداق؟

خانىم بېشىنى سېلىپ خېلى ئولتۇردى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى:

— بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقمىدۇ، قىزىم، ئۇنىڭ پەرزەنتنى ياخشى كۆرگەن ئاشۇ تۇيغۇلىرىنى ئويغاتماسلىق، ھاياتىدا پەرزەنت ئىسىملىك بىر سىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتەك ئىمكانىيەت يوقمۇ؟ قورقۇۋاتىمەن. ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندە يەنە...

خانىمنىڭ كۆزلىرىدىن قىيان يامرىدى. مېنىڭمۇ بوغۇزۇم ئېچىشىپ كۆزلىرىمگە ياش كەلگەندى. قاتتىق

خىيال سۈرەتتىم. خانىمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. ئۇ پەزىلەتنى ئەسكە ئالالمىسا چوقۇم باشقا ھېچقانداق ئىشنى ئېسىگە ئالالمايدۇ. ئەمدىكى ھاياتىمدا خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك ھەممىلا نەرسىلەرگە قارىتا يېڭى تۇيغۇدا، يېڭى تونۇش باسقۇچىدا بولۇپ ياشايدۇ. بۇ زادى كىمگە پايدىلىق؟

— مەن مۇھەببەت شەرقى دوختۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي!

بېشىمى ئېگىپ تۇرۇپ خانىمدىن ئىجازەت سورىدىم - دە، ئەزىمەت بەيىنىڭ ئويغانغان - ئويغانمىغانلىقىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن قوزغالدىم.

......

— خەيرلىك كۈن بولسۇن، ئەزىمەت بەي، خۇش قوپۇپسىزمۇ؟

— خەيرلىك كۈن بولسۇن!

كۆزۈم ئەزىمەتنىڭ قولىدىكى خاتىرىگە چۈشۈپ تېنىم جۇغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ پەزىلەتنىڭ قىزىل تاشلىق خاتىرىسىنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن، كۆزلىرى ئويچان ھالدا قانداقتۇر چوڭقۇر خىياللار تەكتىگە چۆككەن، نېمىنىدۇر ئەسلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ھالدا ئىدى. ئەزىمەت بەي ھوشسىز ياتقان مەزگىللەردە تولا ئوقۇلۇپ بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن بۇ خاتىرە ئۇ ھوشىغا كېلىش بىلەنلا باشقا جايغا ئېلىۋېتىلگەن ھەم قولغا ئېلىنمىغانىدى. قانداق بولۇپ خاتىرە ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قالدىكىنە؟

— ئەزىزە خېنىم، بۇ كىمنىڭ خاتىرىسى؟ پەزىلەت دېگەن كىم؟ ئەزىمەت دېگەنچۇ؟ نېمىشقا مەن بىلەن ئىسمى ئوخشاش؟

نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم، تۇرۇپ قالدىم. ئەزىمەت بەينىڭ ئىلتىجالىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۆتۈنۈش بىلەن ماڭا تەلمۈرۈۋاتاتتى. ئىچىمدىكى خائىن «ئەزىزە، ئېيتمىغىن، ئېيتمىغىن... ئۇ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ كەتسۇن، ئۇنتۇپ كەتكەندىلا ئاندىن يېڭى تۇرمۇشىنى داۋام قىلىپ خاتىرجەم ئۆتىدۇ، شۇ چاغدىلا باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ» دەيتتى. ۋىجدانىم، مەسئۇلىيىتىم بولسا «ياق، ئۇنداق قىلما، ئۇ بىلىشى كېرەك، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، كىم ئىكەنلىكىنى، سۆيگەن كىشىسىنى ئۇقۇشى كېرەك، بۇلارنى بىلمىسە ئۇ ماشىنا ئادەم بولۇپ بىر ئۆمۈر ھېس ـ تۇيغۇسىز ياشايدۇ. بىلىشى كېرەك، گەرچە بۇ بىلىش قانچىلىك ئازابلىق، قانچىلىك دەھشەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئۆتمۈشىدىن ئايرىلسا، ساپ مۇھەببىتىدىن، ئەقىدىسىدىن تېنىۋالسا بولمايدۇ» دەيتتى.

ــ سۆزلەڭ، ئەزىزە خېنىم، مەن بىلىشىم كېرەك، پەزىلەت كىم، ئەزىمەت كىم؟

ماغدۇرسىز ھالدا ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تىزلاندىم. تىترەڭگۈ ئاۋازدا لەۋلىرىم ئارىسىدىن سۆز چىقتى:

ــ پەزىلەت سىز ئەسەبىيلەرچە ئاشىق بولغان، پۈتۈن يۈرىكىڭىزنى، مۇھەببىتىڭىزنى بەرگەن قىز. خاتىرىدىكى ئەزىمەت دەل سىز.

ياشلانغان كۆزلىرىم ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ سىلكىنگەنلىكىنى، قوللىرى بىلەن پەزىلەتنىڭ خاتىرىسىنى چىڭ سىقىملىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ چۆچەكتەك ئېچىلىپ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ــ پەزىلەت، پەزىلەت،ــ قانسىز لەۋلىرى ئارىسىدىن بۇ ئىسىم ئۈزۈلمەي چىقىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ پەزىلەت

دېيىش ئارقىلىق خاتىرىدىكى گۈزەل جىلۋىگەر قىزنىڭ ئۆز ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بايانلىرىنى تېپىپ چىقماقچى، ئەسلەپ باقماقچىدەك قىلاتتى.

بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن خاتىرە سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىغىنىچە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋازدا:

— ياق... مەن پەقەت ئەسلىيەلمىدىم. ھاياتىمدا بۇنداق بىر ەيلەننىڭ بارلىقى ۋە ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىنىڭ بارلىقىنى ئەسلىيەلمىدىم. پەقەت غۇۋا چۈشتەك بىر سەزگۈ... مەن قىينىلىپ كەتتىم، ئەزىزە... بەك قىينىلىپ كەتتىم، — دەپ پىچىرلىدى.

كۆز ياشلىرىم ئالىبۇرۇن يۈزلىرىمنى يۇيغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىن چۈشكەن خاتىرىنى ئاستا قولۇمغا ئېلىپ ئوچۇق تۇرغان بەتتىكى مۇنۇ قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتۇم: «خاتىرەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاراقلىرىغا كەلدىم. دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا ئەزىمەت ئۇرغان تېلېفوننى ئېلىپ يۇخادىن چىققۇدەك يىغلاپ بەردىم. ئەمدى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئاخىرقى بەتلەرنى يېزىۋاتىمەن. بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ۋاراقلىرى ئەمدى يېپىلىدۇ. مەن بارلىقىم بىلەن ئەزىمەتنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. تويدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقتىم، كۆڭۈل سىرىم، ھېسلىرىم، ھاياجانلىرىم، تىۋىشلىرىم، ئىشلىرىم ئۆزۈمگە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، ئەمدىكى پۈتكۈل ئىشلىرىم مېنى سۆيىدىغان ۋە مەنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىدىغان ئەزىمەتكىلا تەئەللۇق بولىدۇ. ئەتە توي كېچىسى، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان بارلىق سوۋغىلىرىم بىلەن بىرگە، بۇ خاتىرەمنىمۇ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىمەن. مېنىڭ پۈتكۈل

تۇرمۇشۇم، ھېس ـ ھاياجانلىرىمدىن ئۇ تولۇق خەۋەردار بولۇپ، بۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۇ داۋاملاشتۇرسا مەيلى... ئىمكانىلا بولىدىكەن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ھەربىر بېتىدە چاقنايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. شۇ تاپتا ھەربىر تامچە يۈرەك قېنىم بىلەن ئۇنىڭغا شۇنى دەيمەن: «ئەزىمەت، مەن سىزنى سۆيىمەن، مەن بارلىقىم بىلەن، پۈتكۈل ھاياتىم بىلەن سىزنىڭ، ئەبەدىي سىزنىڭ.»

※ ※ ※

ــ سالام، ئەزىمەت بەي، قىپقىزىل ئېچىلغان گۈللەردىن گۈلدەستە تىزدىم، كۆڭلىڭىز خۇش بولامدىكىن، قېنى بۇنىڭغا قاراڭچۇ!

ــ سىز نېمىشقا ماڭا بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز؟

ئۇ سارغايغان ھالدا مەندىن سورىدى. نېمە دېيىشىم مۇمكىن، ئىچىمدىكى تىترەكنى ئىمكان بار بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىشىم كېرەك ئىدى.

ــ مەن بىر ھەمشىرە، ئەزىمەت بەي، بۇ مېنىڭ خىزمىتىم.

ــ سىز رازىمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە.

ــ نېمىشقا؟

ــ سىزگە ئېيتتىم، يەنە چۈشەندۈرۈش ئارتۇقچە بولسا كېرەك، ئەگەردە مېنىڭ سىزگە بۇنداق ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇم ۋە كۆيۈنۈشلىرىمدىن گۇمان قىلغان

بولسىڭىز ياكى رازى بولمىغان بولسىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن.

شۇنچىلىك ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتىۋاتقان بولساممۇ ئاۋازلىرىم تىترەپ چىقتى. يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلەيتتىم.

— ياق... خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز. دېمەكچىمەنكى، مەن يېرىم جان كىشىمەن. گۈلدەك ياشلىقى بار بىر قىزنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىنى مەن ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقانلىقىغا گۇماندىمەن.

— ئارتۇقچە ئويلىماڭ. ئەزىمەت بەي. مەن پەقەت ئائىلەڭلەردىن ھەق ئېلىپ ئىشلەۋاتقان خىزمەتكار ئورنىدىكى ئادەممەن.

بۇ سۆزلەرنى دېيىشىم شۇ قەدەر ئېغىر كەلدىكىن، ئاھ، نىمىسىنى ئېيتاي... يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنىڭ پەقەت يالىنىپ ئىشلەۋاتقان بىر خىزمەتكار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا يۈرىكىمنى چوڭقۇر بىر ئۈمىدسىز تۇيغۇلار غاجاشقا باشلىدى.

ئۇ مەن ھەۋەس بىلەن تىزىپ كىرگەن گۈللەرنى قولىغا ئېلىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ گۈلنىڭ خۇش ھىدىنى كۆچەپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەزىزە،— بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەن ئەزىمەت بەي كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى،— بۇ گۈل گۈلزارلىقىمىزدا ئېچىلغان گۈللەرمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇنىڭدىن كېيىن گۈل ئەكىرمەڭ!

تۇرۇپلا قالدىم. تەمتىرەش ۋە ئىسيانكار تۇيغۇلىرىم بىلەن سورىدىم:

— گۈلنى ياخشى كۆرمەمسىز، بەي ئەپەندى؟ ئەجەبا

قايسى كۆنى گۈلزارلىق...

— ياق، ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن گۈللەرنى بىھۇدە ئۈزمەيلى دېمەكچىمەن. گۈلزارلىققا چىقىپ گۈل تاماشىسى قىلساق، ھۇزۇر ئالساق بولىدۇ، گۈل ئۆز شېخىدا تۇرۇش بىلەن گۈزەل.

— بولىدۇ. سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، ئەپەندىم.

ئەزىمەت بەي ماڭا قاراپ شۇنداق يېقىملىق كۈلدى:

— ئەزىزە، مەن ئەجەب بۇ گەپلەرنى بىر يەردە قىلىنغان پاراڭدەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. گۈل توغرۇلۇق كىمدۇر بىرى ماڭا شۇنداق دېگەندەكلا... بۇ گەپلەرنى بىرسى دېگەندەكلا، — ئۇ ئاۋازىنى پەسلىتىپ يىراقتا قالغان بىر ئەسلىمىنى كۆچىنىڭ بارىچە ئەسلەپ كاللىسىغا ئەكەلمەكچى بولغاندەك جىددىي ھالدا قوشۇمىلىرىنى تۈردى.

بەلكىم... ئاڭلىغانسىز، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش...

راست، بۇ ياخشى باشلىنىش ئىدى. گۈل توغرۇلۇق پاراڭلار ئېھتىمال ئەزىمەتنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. ئۇنىڭغا ھاياجان ۋە ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئەزىمەت توي قىلدۇ

كۈنلەر ئۆز تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىللىق باھار ئايلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ياز ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ باغلاردىكى مەي بولۇپ پىشقان ئالمىلار ئاخىرقى يازنىڭ سارغۇچ ئاپتاپلىرىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇشۇپ شاخ ـ شاخلاردىن ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئائىلىنىڭ كۆزلۈك يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرىغا مەسئۇل خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىراشلىقىدىن باشقا، ھەممىمىز خۇددى ھۇرۇن مۈشۈكتەك ئېزىلىشىپ، ئاخىرقى ئاپتاپلارغا دولىمىزنى سىلىشىپ ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل ئىدۇق. ئەزىمەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئىشتىھاسى ياخشىلىنىپ، ماغدۇر تولۇقلىنىپ، رەڭگىمۇ ئوڭشىلىپ قالغانىدى. شۈغىنىسى، يەنىلا پۇتلىرىدا ماغدۇر يوق بولۇپ سىرتقا چىقماقچى بولسا ۋە گۈللۈكلەرنى، باغلارنى ئايلانماقچى بولسا يەنىلا مەن ياكى ئەدنات ھەمراھ بولۇپ چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئاچىقاتتۇق. ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ماڭا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كەتكەن ئىدىكى، كەچتە ئۆز ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىشىمدە ئۇنىڭ بەزىدە رەنجىپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا ئەمدى، ئەزىزە، نېمىشقا ئۆز ئۆيىڭىزگە

چىقىپ كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋالىسىز. ئىچىم سىقىلىدۇ، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىمەن. ئەلۋەتتە بۇ قورۇدا سىز ياتىدىغان كۆپ ئۆيلەرمۇ بارغۇ، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. بىراق مەن كۈندە شۇنچىلىك سەھەردە كىرىپ بىر كۈن كەچكىچە بۇ ئۆيدە خۇددى مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىدەك ھەرىكەت قىلىپ يۈرگىنىم بىلەن ھامان كېچىسى ئۆز ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىش قائىدەمنى بۇزماي كېلىۋاتاتتىم. ئىلاجسىز ھالدا ئۇنى بەزلەشكە تىرىشاتتىم:

— ئىنساب قىلىڭ، ئەزىمەت بەي، قاراڭ، تاڭ سۈزۈلمەستىن كىرىپ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىۋاتىمەن، چارچاپ كەتتىم. كېچىسىمۇ بۇ ئۆيدە خىزمەت قىلسۇن دېسىڭىز بۇنى كۆتۈرگۈدەك ئىمكان ھەم قۇۋۋەت يوق مەندە.

— مەن سىزنى ئىش قىلىسىز دېمىدىمغۇ، مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرەرسىدە يېتىپ ئارام ئالسىڭىزمۇ بولىدىغۇ...

— ھېچقانداق يەر ئۆز ئۆيۈمگە ئوخشاش ئاراملىق بېرەلمەيدۇ ماڭا... ئاپام يولۇمغا قاراپ كۆزلىرى تۆت بولۇپ ئولتۇرىدۇ شۇ تاپتا،— مۇرىلىرىمنى قىسىپ تۇرۇپ ئىلاجسىزلىقىمنى ئىپادىلىگەندىن كېيىنلا ئۇ رەنجىگەن ھالدا مەن بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ خۇددى بۇ قىلىقلىرى بىلەن كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى.

......

كۈنلىرىمىز باغدا، گۈللۈكتە ئۆتۈۋاتاتتى. ئاخىرقى يازنىڭ ئىللىق ئاپتاپلىرىدىن قانغۇچە پايدىلىنىش ئۈچۈن مەن، ئەزىمەت بەي، ئەدنات ئۈچىمىز قورسىقىمىزنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەي كۈن - كۈنلەپ

باغدىن كىرمەي سەلكىن شامال ئېلىپ كەلگەن يېقىملىق كۈيلەرنى تىڭشاپ، ساپ ھاۋادىن ھوزۇر ئېلىپ يورۇۋەرگەن بولاتتۇق. بىز بىللە كىتاب ئوقۇيتتۇق، قىزىقارلىق سۆزلەرنى قىلىشاتتۇق، ئەزىمەت بەي ئۈچۈن كاللىمىزنى قاتۇرۇپ، يېڭى ـ يېڭى مەنىلىك ئىشلارنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشاتتۇق.

بىراق، ئەدىناتنىڭ يېقىندىن بېرى بىللە ئۆتكۈزىدىغان بۇ ساياھىتىمىزگە چىقماسلىقىغا باھانە ئىزدەيدىغان بولۇۋالغانلىقىنى ياكى چىقسىمۇ ماڭا ياردەم كېرەك بولغاندىلا يېنىمدا ئۇنۇپ، بولمىسا ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ ئۆزىنى يىراق ئەپقاچىدىغان بولۇۋالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

ــ ئەدىنات، بىزدىن رەنجىپ قالدىڭمۇ قانداق؟

ــ قانداقچە بۇنى ئويلاپ قالدىڭىز، خېنىم، مېنىڭ رەنجىشكە ھەددىممۇ؟

ــ ئەمىسە نېمىشقا دائىم ئۆزۈڭنى ئەپقاچىسەن؟

ــ ئۇنداق ئەمەسقۇ؟ ــ ئەدىنات ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ كۆزىنى ئەپقاچتى.

ــ مەن سەزدىم. سەن شۇنداق قىلىۋاتىسەن. مەندىن رەنجىپ قالغان يېرىڭ بولسا ئېيتقىن!

ــ ھەددىم ئەمەس، خېنىم. شۇ... ــ ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

ــ نېمە شۇ، گېپىڭنى ئېيتقىن، سەن بىلەن سەككىز يىلدىن بېرى مۇشۇ قورۇدا بىللە ئەزىمەت بەيگە قاراۋاتىمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا سىر تۇتقۇدەك، يوشۇرغۇدەك ئىشلارمۇ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ــ بۇنى ئېيتسام بولمايدۇ، خېنىم، مېنى قىستىماڭ!

بارا ـ بارا سىرلىقلىشىۋاتقان ئەدناتقا قاراپ چەكچەيدىم.

ــ نېمىشقا بولمايدۇ، ئەدنات، بۇ سۆزدىن كۆڭلۈم ئازار يېدى مېنىڭ.

ــ خېنىم،ــ ئەدنات ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ماڭا يالۋۇرۇش ئارىلاش قارىدى.

ــ ماڭا ئېيتقىن!

ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدىم.

ــ بۇ... بۇنداق قىلىشنى خانىم ماڭا تاپىلىغانىدى.

ــ خانىم؟!...

ــ شۇنداق. ئۇ ماڭا ئەزىمەت بەي بىلەن ئۇچىمىز خالىي قالغان ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالماسلىقىمنى، ئىمكان بار ئىككىڭلارنى يالغۇز قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى.

مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئارىسىدا قالدىم. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، باشلىرىمنى سىلىكىدىم. غۇۋا ھالدىكى ئېنىق بولمىغان، ئەمما ھاياجانلىق بىر تۇيغۇ ماڭا خانىمنىڭ قانداقتۇر ئۈمىدىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

※ ※ ※

ــ ئەزىمەت بەي، ھېلىمۇ يېرىم كۈندىن ئاشتى، ھۇجرا ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ تىنماي خاتىرە ئوقۇۋاتىسىز. سىرتقا چىقىشىڭىز، ھاۋا يېيىشىڭىز كېرەككۇ ئاخىر...

ئەزىمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە قاراپ كۈلۈۋەتتى.

ــ ئەزىزە... ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇنداق ئولتۇردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.
— كەچۈرۈڭ، مەن راستىنىلا سەزمەپتىمەن.
— شۇنچىلىك كىرىپ كەتتىڭىزكى، ھەتتا دىققىتىڭىزنى بۇراش ئۈچۈن قىلغان گەپلىرىمىمۇ قۇلىقىڭىزغا كىرمىدى. سىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ پۇتلىرىم ئۇيۇشۇپ كەتتى مېنىڭ.
— ھەيرانمەن، ئەزىزە،— ئۇ قولىنى سۇنۇپ كارىۋاتنىڭ قىرىغا قويۇپ تۇرغان قوللىرىمنى تۇتتى،— شۇنچىلىك سەۋرلىك، شۇنچىلىك ئىتائەتچانسىز. بىلمىدىم، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟
— قايسى ئىشلارنى دېمەكچىسىز، ئەزىمەت بەي؟
— مېنى بۇنىڭدىن كېيىن ئەزىمەت بەي دەپ چاقىرماڭ! توغرىسىغا ئەزىمەت دەپلا چاقىرىڭ!
— ياق، ياق،— ھودۇقۇپ تۇرۇپ قوللىرىمنى مىدىرلاتتىم،— بۇ ھۆرمەتسىزلىك، ئەزىمەت بەي!
— مەن ئۇنداق قارىمايمەن. كۆردىڭىز، مەن ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى، كىملەرنى تونۇيدىغانلىقىمنى، كىملەر مېنىڭ ئۆتمۈشۈمگە ئىز قالدۇرغانلىقىنى... مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم سىز دەكلا تۇيۇلىدۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانامىمۇ ماڭا شۇ قەدەر ياتتەكلا. كۆڭلۈمدە ھېچبىر قالدۇرغان سېزىم، ھېسسىيات يوق. مانا كۆردىڭىز، ئەتىگەندىن بېرى باش كۆتۈرمەي ئوقۇۋاتقان بۇ خاتىرىدىكى ئەزىمەت بىلەن پەرىزىلەتنىڭ مۇھەببەت تارىخى شۇ قەدەر نازۇك، شۇ قەدەر نەپىس، گۈزەل. جاھاندا مۇشۇنداق مۇھەببەتمۇ، مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈشمۇ بار ئىكەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەيرانمەن. بىراق ئىچىم تىتىلداۋاتىدۇ. بېشىمنى كۆتۈرمەي مۇشۇ خاتىرە ئىچىدىن ئۆزۈمنى

تېپىۋېلىشقا تىرىشىۋاتىمەن، ئەزىزە. قايسى كۈنى كەچتە ئاپامدىن پەزىلەت توغرۇلۇق سورىدىم. ئۇ قىز قېنى؟ نېمىشقا بىز بىلەن بىللە تۇرمايدۇ؟ يەنە بۇ خاتىرىدىكى مەن تۇركىيەلىك ئەمەسكەنمەن. جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن يېرىدىن تۇرۇپ نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ قىز قېنى؟ يەنى ئايالى قېنى؟... بۇلارغا جاۋاب تېپىشىم كېرەك. نېمىشقا ئاپاملار مەندىن يوشۇرىدۇ؟ بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئىشقىلىپ قاچانلاردىدۇر مۇشۇنداق بىر سۆزلەرنى، بىر ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەن،— ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى...— مەن بەك قىينالدىم، سىقىلدىم. بەك زېرىكتىم...

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەستىن قاتقان پېتى تۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتىم، بىراق ئۇ سىلكىنىپ تۇرۇپ مەن تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى:

— نېمىشقا؟ پەزىلەت نېمىشقا هاياتىمدىن يىتىپ كەتكەن؟ ئۇ مېنى شۇنچە سۆيىدىغان تۇرۇپ نېمىشقا بىز بىلەن بىللە كەلمەي يۇرتتا قالىدۇ؟ يۈرىكىمدە بىر سېزىم ئويغانغاندەكمۇ قىلىدۇ، توغرا، مەن پەزىلەتنى مۇشۇ خاتىرىنى ئوقۇپ قايتا تونۇۋاتقاندەكمۇ قىلىمەن. مەن چوقۇم پەزىلەتنى تېپىشىم كېرەك، ئەزىزە. بۇ سوئاللىرىمغا پەقەتلا شۇ قىز جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئاھ... بوغۇزۇمدىن بىر پەرياد ئېتىلىپ چىقتى. ئاللىبۇرۇن يۈزلىرىمنى يۇيۇشقا باشلىغان كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تىزلاندىم:

— ئەزىمەت بەي... سىز چوقۇم ھەممىنى ئەسلىيەلەيسىز، ئەسلىي ھالىتىڭىزگە كېلەلەيسىز. لېكىن بۇنىڭ ۋاقتى بار... سەۋر قىلىڭ!

......

※ ※ ※

خانىمنىڭ ماڭا يېقىملىق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئىتتىك قېشىغا باردىم:

— خۇشۇاق بولۇڭ، خانىم.

— رەھمەت، قىزىم، سىز سولغۇن كۆرۈنىسىزغۇ؟

— شۇ...

مەن دۇدۇقلاپ قالدىم.

— نېمە ئىش؟

— ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئەزىمەت بەينىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، خانىم، ئىنشائاللا، بەختلىك كۈنلەر كۆپ بولسۇن!

— رەھمەت، مەن يەنە باشقا گېپىڭىز باردەكمۇ ھېس قىلىۋاتىمەنغۇ؟

— شۇنداق. بىرنەچچە كۈن بولدى ئەزىمەت بەي بەك غەلىۋە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. پەزىلەتنى تېپىشىم كېرەك، ئۇ قىزنى تاپسام ئاندىن مەن ھەممىنى ئېسىمگە ئالالىشىم مۇمكىن دەيدۇ.

خانىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئەزىزە؟

— بىراق، ئۇنىڭ بۇنداق ئىچى سىقىلىۋەرسە بولمايدۇ، بىلىشى كېرەك، بىز بۇنى ئۆمۈر بويى يوشۇرۇپ كېتەلمەيمىز، مەن بۇنى سىزگە ئېيتقان، خانىم.

— لېكىن...

خانىم بىر گەپ دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى.

— قانداق گېپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، خانىم!

— بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي دىگەنىدىم.

مەن قوللىرىمنى جۇپلەپ، بېشىمنى ئېگىپ ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتتۇم.

— ئەزىمەت ئېسىگە كەلگۈچە ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋېتىش ئويۇم بار، ئەزىزە.

— نېمە؟!— ھودۇقۇپ كەتتىم. بۇ گەپ شۇنچىلىك تۇيۇقسىز ئاڭلاندىكى، دەماللىققا سىزىملىرىم ئىشلىمىگەندەك بولۇپ گاڭگىراش ئىچىدە ھاڭۋاقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. خانىم كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. تۇرقىدىن مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتقان گەپ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئويلىنىش ئارقىلىق دەۋاتقان سۆزدەكمۇ قىلاتتى.

— خانىم، بۇ... بۇ...— خۇددى بىرەيلەن ئەزىمەتنى مەندىن بۇلاپ تارتىپ ئەكېتىۋاتقاندەك ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە ئىڭرىدىم.

— سىزچە مۇۋاپىق بولماسمۇ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى، قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشۈمنى بىلدۈرمەي پەرىشان ھالدا ھالسىزغىنا بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— مەن بىلمىدىم، خانىم، بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە، بەلكىم ئويلىغىنىڭىز توغرىدۇ.

— مەن بۇنى خېلى بولدى ئويلانغىلى، گەپ شۇ قايسى ئائىلىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرسەم مۇۋاپىق بولىدۇ، بۇ يەردىكى تۇغقانلار بىرنەچچە ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەتتى. مەن تېڭىرقاپ قالدىم.

خانىم گەپ قىلغاندا مەندىن كۆزلىرىنى ئۈزمەيتتى.

مەن يۈرىكىمدىن نېمىشقىدۇر يامراپ چىقىۋاتقان پەريادلىرىمنىڭ ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتمەسلىكىدىن ۋايىم يەپ تولغانغان هالدا پەرىشانلىق ۋە چوڭقۇر ئازاب ئاجاۋاتقان هالسىز تېنىمنى ئاخىرقى ماغدۇرۇم بىلەن كۆتۈرگىنىمچە ئۇيان ـ بۇيانغا كۆزلىرىمنى ئەپقېچىپ تۇراتتىم، قوللىرىمنى ئىشقىلايتتىم، چېكىلەپ تېڭىۋالغان ياغلىقىمنىڭ ئۇچىنى قوللىرىمغا يۆگەپ مۇجۇيتتۇم.

ــ باشقا گەپ بولمىسا مەن ماڭاي، خانىم،ــ ئېگىلىپ تۇرۇپ خانىمدىن ئىجازەت ئالدىم ـ دە، پەلەمپەينىڭ رېشاتكىلىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشقان، ئۇزۇن كۆڭلىكىم ئېتەكلىرىمگە يۆگەشكەن هالدا كۇندۇزدە ئانچە ـ مۇنچە كىرىپ ئارام ئالىدىغان هۇجرىغا كىردىم ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

ئاھ... بۇ قانداق تۇيغۇ...

ئەزىمەت توي قىلىدۇ... توي قىلىدۇ... ئەسلىدىنلا ئۇ توي قىلىدىغۇ... بىر ئۆمۈر ھەرگىزمۇ ھەمشىرىنىڭ كۈتۈنۈشىدىكى ئاغرىق بولۇپلا ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەسقۇ... بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، بۇرۇندىنلا ئۆزۈمنى مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ دائىم ئەسكەرتىپ كەلگەن تۇرسام.

ئەمىسە يەنە نېمىشقا...

قانچىلىك ياتتىمكىن، بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئەدنات كىرىپ ئەزىمەتنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇ قەدەر روھسىز، سولغۇن هالدا سۆرىلىپ مېڭىپ قېشىغا چىقتىم.

ــ سىزنى شۇنداق ئىزدىدىم، ئەزىزە.

ئەزىمەتنىڭ كۆزلىرى قانداقتۇر ئىچكى ھاياجاندىن يالتىراپ كەتكەندى.

— قەيەرگە كەتتىڭىز؟ سىزنى شۇنچىلىك ئىزدىدىم.

— مەن... — تىترەپ تۇرۇپ ھالسىز ھالدا ئىشىككە يۆلەندىم. ئەزىمەت مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ رەڭگىڭىز شۇ قەدەر سارغىيىپ كېتىپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمە بولدىڭىز؟

ئۇ گەپ قىلىشى بىلەنلا قىيانەك يامراپ كەلگەن ياشلىرىمنى باشقۇرالماي پاكىتتە يىغلاشقا باشلىدىم. ئەزىمەت نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەستىن ئەدناتقا نېمىلەرنىدۇر دېدى، ھالسىزلىنىپ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋەردىم. بىرچاغدا كىمنىڭدۇر تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن مۇرەمنى تۇتقانلىقىنى سەزدىم.

— يىغلىماڭ، ئەزىزە، نېمە بولدى سىزگە، بۇنچە يىغلىغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟

مەن ھېقىقدايتتىم، ئۆكسۈيتتۇم، سۆزلىيەلمەيتتىم، شۇ تاپتا يىغىدىن توختىغان بولسامۇ، بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئېزىلىپ يىغلىشىمنىڭ سەۋەبىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولاتتىم.

ئاھ... ئۇنىڭ شۇ قېتىم ئەدناتنىڭ ياردىمىدە قېشىمغا كېلىپ چاچلىرىمنى سىلىغانلىقىنى، بېشىمنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتكەنلىكىنى ۋە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىنى بىلەلمەي ئوڭايسىز ھالدا كۆزلىرىدىن مېھىر تۆكۈپ

ماڭا قارىغانلىقىنى، تايىنىدىغان يۆلەنچۈك تاپقاندەك مېنىڭ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ تۇرۇپ تېخىمۇ خەقىشلىك بىلەن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىمغا تاكى ئىچىم بوشىغانغا قەدەر چىداپ ئولتۇرغانلىقىنى ئاخىرقى تىنىقلىرىمدىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن.

......

شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن راستتىنلا ئاغرىپ قالدىم، قىزىيتتىم، جۆيلۈيتتۇم. پېشانەمدىن مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرىنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى، بىچارە ئاپامنىڭ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ھېلى دورا ئىچۈرۈپ، ھېلى سوغۇق سۇ پۈركۈپ يۈرگەنلىكىنى، مۇھسىن شەرقى دوختۇرنىڭ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن قېشىمدىن ئايرىلماي ماڭا دورا ـ ئوكۇل تەڭشىگەنلىكىنى غۇۋا سېزىمەن. ناگان ـ ناگان قوللىرىغا ئىسسىپ كەچۈرۈم سورايمەن. كۆزلىرىمدىن ياش زادىلا قۇرىمايدۇ، ئاجايىپ ئىش، قاچاندىن بېرى شۇنچىلىك نازۇك، قاچاندىن بېرى شۇنچىلىك يىغلاڭغۇ بولۇپ كەتتىمكىنە؟

ئۈچ كۈندىن كېيىن قىزىتمام تەلتۆكۈس چۈشتى. دوختۇرمۇ خاتىرجەم بولۇپ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. نېمىگىدۇر ئىچىم تىتىلداپ كىملەرنىڭدۇر تىۋىشلىرىغا زار بولۇپ ياتاتتىم. ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى قېقىلىپ ئاپامنىڭ تاشقىرىدا كىمدۇر بىرى بىلەن گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلاشقانلىقى، ئاندىن شاپاشلىغان ھالدا ھۇجرام تەرەپكە كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭغىچە ئىشىك ئېچىلىپ ئاپامنىڭ بېشى كۆرۈندى.

ـــ مېھمانلار كەلدى، قىزىم، ئۇيقۇڭنى ئاچقىن!

كەينىدىن خانىم بىلەن ئەپەندىم كىرىپ كەلدى.

ئىتتىك تىكلىنىشكە ھەرىكەت قىلىۋېتىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەدنات ئىتتىرىپ كىرىۋاتقان چاقلىق ئورۇندۇقتا قولىدا نەپەس ئورالغان قۇتا تۇتۇۋالغان ئەزىمەت بەيگە كۆزۈم چۈشتى.

ئۇ چاغدىكى ھالىتىمنى ھەرگىزمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن... ئاھ، قانداق سېزىم بۇ، زارىققان سىيمالارنى كۆرگەندە يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ ئۆزىنى ئەپقاچىدىغان يەر تاپالماي قالىدىغان...

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، قىزىم؟

خانىم مېھرىبان كۈلۈمسىرىشى بىلەن يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىپ پېشانەمگە سۆيدى.

— ئىنشائاللا، ياخشى بولۇپ قالدىم، رەھمەت!

مەن بېشىمنى ئېگىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەچ ئۆزۈمنى ئوڭشىدىم.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئەزىزە، بىزنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىز، — ئەزىمەت چىرايلىق كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى قۇتىنى ماڭا سۇندى.

— ئاللاغا شۈكۈر، ئاۋارە بوپسىز، ئەزىمەت بەي، سىزنى مالال قىپتىمەن.

— بۇنداق دېمەڭ، قىزىم، سىز ئاغرىپ قېلىپ ئۆيىمىزگە كىرمىگەندىن باشلاپ بىز شۇنداق بىسەرەمجان بولدۇق. مۇھىب شەرقى دوختۇردىن ئەھۋالىڭىزنى سوراپ تۇردۇق، قىزىم، — ئەپەندىم كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، ئىختىيارسىز بۇ ئىللىقلىق ۋە كۆيۈمدىن دىلىم ئېرىپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

بېشىمنى ئېگىپ، قوللىرىمنى مەيدەمگە قويۇپ تۇرۇپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا «رەھمەت»لا دېيەلىدىم.

— بۇنچە جۇۋاش لايىق ئەمەستى، خانىم، ئۆز بولۇپ

قالغانىدۇق. سىلەرگە كۆپ ئېغىرچىلىقلارنى سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز يەتمىگەندەك بىرمۇنچە ئاۋارە قىپتۇق. تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن شۇ تاپتا، ــ دېدى ئاپام ھاياجىنى ۋە خىجىللىقىنى يوشۇرالماي.

ــ يوقسۇ، ئۇنداق دېمەڭ، ئەزىزە ئۆز قىزىمىزغا ئوخشاشلا، ئاغرىپ قېلىپ بىزنى بەكلا ئەنسىرەتتى. ئىنشائاللا، ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇۋاتىمىز.

ــ قېنى، مېھمانلار، ئاددىي بولسىمۇ مېھمانخانا ئۆيىمىزدە ئارام ئالغاچ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچكەيسىلەر.

ــ رەھمەت، بولدى، بىز چىقايلى، ئەزىزە ياخشى ئارام ئالسۇن، ئوبدان قۇۋۇۋەتكە كەلگەندە ئۆيگە چىقسىمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا بالدۇرراق چىقسۇن، كۆڭلى خالىغان تاماقنى قىلدۇرۇپ بەرسەك، شۇ ئۆيدە كۈتۈنسىمۇ بولىدۇ.

ــ ياق - ياق، خانىم، كۆپ تەشەككۈر، قىزىمنى ئۆزۈممۇ قېنىپقىنا كۆرۈشكە ئىمكان بولمايۋاتىدۇ، ئاغرىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ...

ــ ئاپا، ــ ئاپامنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا ئاپامغا ۋارقىرىدىم. خانىم خىجىللىق بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ مەندىن ئەپۇ سورىغاندەك قارىدى.

ــ ئاپلا! مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنى... كەچۈرۈڭ، خانىم، قىزىم كۈندە سىلەرنىڭ ئۆيدىلا بولغاچقا... شۇ... ئەستا نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن...

بىچارە ئاپام ئويلىمايلا كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىمەن، دەپ خانىم ۋە ئەپەندىمنى خىجالەتچىلىكتە قويغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ پىرقىراپ كەتتى.

ــ ھېچقىسى يوق... بۇنچە تۈزۈت قىلماڭ، ياتلاردىن

ئەمەسقۇ بىز. ئەزىزە قىزىمىزنىڭ بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قانچىلىك قىلساقمۇ تۈگىمەيدۇ. بىز چىقايلى ئەمىسە، ياخشى ئارام ئېلىڭ.
ئەزىمەت گەرچە بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان بولسىمۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىسامىمۇ، بىراق كۆز قىرغاقلىرىمدا ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تاراۋاتقان سەممىي مېھىر نۇرلىرىدىن ئېرىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدىم.
ئۇلار ئاپامنىڭ قاتتىق تۇتۇۋېلىشلىرىغا قارىماي ماڭدى.
— ئەزىزە، — ئەزىمەت ھارۋىسىنى ئىتتىرىشكە تەمشەلگەن ئەدناتقا قولىنى شىلتىپ قويۇپ ماڭا تەلمۈردى:
— ئىلاھىم، پاتراق ياخشى بولۇپ تېزرەك چىققايسىز. بەك زېرىكتىم، بەك سىقىلدىم.
مەن كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.
— ئاۋۇنى، — ئۇ كۆزى بىلەن بايا ئۆزى ئەكىرگەن قۇتىنى ئىما قىلدى، — ئۆزۈم ئەدنات بىلەن بىللە بېرىپ ئالدىم، سىزنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ دەپ... چوقۇم يەڭ ـ ھە، — ئۇنىڭ بالىلارچە ئوماق ھالدىكى گېپىدىن سۆيۈنۈپ تىترىگەن ھالدا «ماقۇل» دەپ باش ئىشارىتى قىلدىم ـ دە، قىيمىغان كۆز نۇرلىرىم بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم.
ئۇ ئەكىرگەن نەپىس بېزەكنى بۇزۇپ ئىچىدىكى قۇتىنى ئالدىم، ئېچىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم. ئىچىدە پۇتۇنلەي مەن ئامراق شاكىلات ۋە يېمەكلىكلەر بار ئىدى. قورسىقىمنىڭ توقلۇقىغا قارىماي بىر

شاكىلاتنى ئىچىپ ئۇنىڭ تاتلىق تەمىنى مەززە بىلەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ شۇمۇشكە باشلىدىم.

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۆزۈمنى شۇنداق يېنىك ھېس قىلدىم. سەھەردە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چىقماق ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتسام ئاپام كىرىپ كەلدى.

ــ ئاللا، ئاللا... سېنى ھالسىز بولغىنى ئۈچۈن بامداتتىن كېيىن يەنە ئۇخلىسۇن دەپ گەپ قىلمىسام، بۇنچە سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرۇۋاپسەنغۇ؟

ــ بۈگۈن چىقايمىكىن.

ــ ساڭا جىن چاپلاشمىغاندۇ، نېمە گەپ بۇ! سەن كېسەلسەن، چىقىپ باشقىلارغا قارىغۇدەك جان بارمۇ سەندە؟

ــ ئاپا... ئانچىكى ئاغرىپ قالغىنىمغا مېنى ئۆلۈمتۈككە چىقىرىپلىۋەتتىڭغۇ...

ــ ئانچىكى ئاغرىق دەمسەن، قىزىم، بىلەمسەن قانچىلىك بىسەرەمجان بولغىنىمنى... ھېلىمۇ مۇھەب شەرقى دوختۇر بولۇپ قاپتىكەن، تولىمۇ ياخشى مېھرىبان كىشى ئىكەن ئۇ... بۇ قېتىم بېشىڭدا تۇرۇپ خۇددى ئاتاڭدەك ياخشىلىق قىلدى ساڭا... بولمىسا قايسى دوختۇرخانىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرەتتىم؟

ــ ساڭا جاپا سالدىم،ــ مەن خىجىللىق بىلەن بېشىمنى ئەگدىم.

ئاپام سۆزىدىن توختاپ ئاستا قېشىمغا كەلدى ـ دە، مېنى قۇچاقلىدى.

ــ ئالتۇن قىزىم، قارا، ئۆزۈڭنىڭ بولۇپ قالغان ھالىڭغا... قانداق قىز ئىدىڭ شۇنداق كۈچلۈك گۈسمۇستەك... تولۇققىنا قىز ئىدىڭ. مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەم

بىراۋلارغا ھەقىقىي كۆڭلۈڭدىن ھەمشىرەلىك مېھرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ قىينالدىڭ. قىينالغانلىقىڭنى بىر قېتىممۇ تىنىپ باقمىدىڭ، مەن ئاپاڭ تۇرۇپ ئۆينىڭ ئېغىرىنى ساڭا ئىتتىرىپ قويدۇم، مېنى كەچۈرگىن، قىزىم!

ــ بۇنداق گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ، ئاپا،ــ يۇرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى، ئاپامنى چىڭ قۇچاقلىدىم.

ــ مەن دېگەن سېنىڭ قىزىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئوخشاش جاپاغا چىداشلىق بولۇشۇم كېرەك. دادامدىن ئايرىلىپ سەنمۇ كۆپ جاپا تارتتىڭ. باللارنىڭ چوڭى تۇرۇپ باشتا بىلمەپتىمەن. ئويۇن ـ تاماشا بىلەن سېنى كۆپ قاقشىتىپ يۇرۇپتىمەن. ئەقلىمنى ئاستا ـ ئاستا تاپتىم. مەن چوقۇم تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ سېنى ۋە سىڭىللىرىمنى يەرگە قاراتمايمەن، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرىمەن.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ئالتۇن قىزىم. ساڭا قاراپ ئىچىم سىيرىلىدۇ، يۇرىكىم ئېچىشىدۇ. چاندۇرمىغىنىڭ بىلەن سېنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاپ ئويناپ ـ كۈلگۈڭ، بىر ئىللىق ئائىلە قۇرۇپ ھوزۇرىنى سۈرگۈڭ كېلىدۇ. بىزنى دەپ بۇ جاپالىق بولسىمۇ پۇلى يۇقىرى خىزمەتنى تاشلىۋەتمەي كېلىۋاتىسەن. سىڭىللىرىڭمۇ سېنىڭ سايەڭدە ھېچنېمىدىن قىسىلماي مەكتەپلەردە خاتىرجەم ئوقۇدى... ساڭا كۆز تەگمىسۇن، بىراق بۇ كۈنلەر يەنە قانچە ئۇزاق داۋاملىشىدۇ؟ سەن يەنە قاچانغىچە ئىشلەيسەن ئۇ ئائىلىدە...

ئاپام يەنە كونا گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

تۇرۇپ قالدىم، نېمە دېيىشىم مۇمكىن، نېمە

دېيەلەيمەن، ئۆزۈممۇ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدىغان تۇرسام... بېشىمنى ساڭگىلىتىپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردۇم.

— قىزىم...— ئاپام پەرىشان ھالىمدىن تەشۋىشكە چۈشكەندى.

ئەتىگەنكى يېنىك ھالىتىم يوقاپ باشلىرىم ئېغىرلىشىپ، پۈتۈن سېزىملىرىم ئېيتقۇسىز بىر ئازابلىق غوڭۇلداشقا تولغانىدى. كۆزلىرىمنى ئاپامدىن قاچۇرۇپ غەمكىن ھالدا پىچىرلىدىم:

— ئاز قالدى، ئاپا، مەن ئۇ ئۆيدە ئىشلىمەيدىغان بولغىلى ئاز قالدى.

ئاپام گاڭگىراشقا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا قارايتتى، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ قانداقتۇر بىر كۈتمىگەن جاۋابنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئالاقزادە بولۇۋاتاتتى. تۇرقىدىن مېنىڭ ئۇ ئۆيدە ئىشلىمەيدىغان بولغىنىمغا قارىتا خۇشال بولۇش تۇيغۇلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— نېمىشقا ئاز قالدى؟ بۇ سېنىڭ قارارىڭما؟

بېشىمنى چايقىدىم، تېخىمۇ بەك ئېغىر مۇڭسىراش بىلەن پىچىرلىدىم:

— ئاپا، ئەزىمەت بەي توي قىلىدۇ.

ئاپام ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— ۋايتوۋا... ئاللا... ئاللا... مۇنداق ئىشمۇ؟ قاچان، كىم بىلەن... بىكىتتىمۇ؟ مۇشۇنداق ھالدا تۇرۇپ - ھە...

ئاپامنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشماستىن تۇرۇپ كۆزلىرىمدىن مونچاق - مونچاق ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاپام توختىماستىن ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى، داد سالاتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ پەرياد ئۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن قېشىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى. يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتى:

ــ نېمىشقا يىغلايسەن، نېمىشقا قىيمايسەن؟ ماڭا ئېيت، سەن...

ئاپامنىڭ قانداقتۇر مەن ئېچىشقا يۈزلىنەلمەيۋاتقان سىر خالتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ كەتتىم.

ــ ياق، ئاپا، ياق...

ــ نېمىگە ياق دەيسەن؟ مەن ساڭا ھېچقانداق گەپ قىلمىدىمغۇ؟

ــ ئاپا...ــ ئاپامغا ئېسىلدىم، ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئاپام مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، چاچلىرىمنى سىلىدى:

ــ ئەخمەق قىزىم، بىچارە قىزىم... نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ نېمىشقا سەن ئۇنداق خىيالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ۋاي، مېنىڭ تەلەيسىز بىچارەم... ئاھ... ھەممىنى قىلغان مەن... نېمىشقا سېنى شۇ ئۆيدە ئىشلەشكە تەۋسىيە قىلدىم... ئۇ ئاغرىق بولسىمۇ، مەجرۇھ بولسىمۇ بەرىبىر بىر يىگىتقۇ ئاخىر، نېمىشقا مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى، نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق بىللە ياشاشنىڭ مۇھەببەت ئوتى ياقىدىغانلىقىغا سەل قارىدىم. ۋاي! مەن قاراپ تۇرۇپ قىزىمنى ئوتقا ئىتتەردىم... مېنىڭ تەلەيسىزىم... بىچارەم...

خۇددى ھازىرلا ئەزىمەتنىڭ تويى بولۇۋاتقاندەك، مەن ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىر ـ بىرىمىزگە ئېسىلىشىپ يىغلاشلىرىمىز تاكى قوشماق سىڭىللىرىم

ئەمنە بىلەن نەرمىيە قورقۇپ قېشىمىزغا كىرگۈچە داۋاملاشتى. ئاپامنىڭ نەسىھەتى بىلەن بوگۇن ئۆلارنىڭ ئۆيىگە چىقمىدىم.

كەچ، كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. كۆزلىرىمنى يۇمسام‍لا ئەزىمەت ئاپپاق توي كۆڭلىكى كىيىۋالغان بىر قىزنى قولتۇقلىغىنىچە «خوش، ئەزىزە، مەن ئاخىر توي قىلدىم» دەپ چىرايلىق كۈلگىنىچە كۆزلىرىدىن ئۇت چاچرىتاتتى.

※ ※ ※

ئەزىمەت ئىككىنچى قېتىم ئەدنات بىلەن مېنى يوقلاپ كىرگەندە مەن بېرىلىپ خاتىرە يېزىۋاتاتتىم.

— ئوھوي، ئەزىزە. بىزنى ئۇ تەرەپتە زارىقتۇرۇپ تاشلاپ قويۇپ ئۆزىڭىز بۇ يەردە خاتىرجەم يېزىقچىلىق قىلىۋاتامسىز قانداق؟

ئۇ رەنجىش تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى.

— مەرھابا، ئەزىمەت بەي! خۇش كەپسىز،— مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۇمدىكى خاتىرىنى ئارقامغا يوشۇردۇم.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاللاغا شۈكۈر،— مەن ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم

— ئىنشائاللا، ياخشى بولۇپ قاپسىز، ئەزىزە خېنىم، ئەزىمەت بەي تولىمۇ ئەنسىرىگەن ئىدى،— ئەدنات كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قولىدىكى يېمەك - ئىچمەك ئورالغان بولاقنى ماڭا ئۇزاتقاچ بېشىنى ئەگدى.

— رەھمەت.

— قېنى بۇياققا ئۆتۈڭلار، ئاپام بازارغا كەتكەن، هازىرلا كېلىدۇ. نەرمىيە چاي ئەكىرىڭ، سىڭلىم!

— بۇ قوشماقلار مەكتەپكە بارمىدىمۇ؟

— بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى ئىكەن. ماقالىسى بار ئىكەن، شۇنى ياردەم قىلىپ يېزىشىپ بېرىۋاتقانىدىم، — قاراپ تۇرۇپ قولۇمدىكى خاتىرىنىڭ ئۆزۈمنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلەپ قويدۇم. ئەزىمەت مەندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل سېغىنىشقا ئوخشاش تۇيغۇلار يالتىراپ تۇراتتى.

— مەن سىڭلىڭىزغا ياردەملىشەي، ئەزىزە خېنىم، — ئەدنات ئەپچىللىك بىلەن ئىككىمىزدىن ئايرىلدى.

— ئەزىزە، — ئەزىمەت ھارۋىسىنىڭ چاقىنى غىرىلدىتىپ ماڭغۇزۇپ قېشىمغا كەلدى، — ياخشى بولۇپ كەتكەنسىز، يولىڭىزغا بەك زار بولدۇم.

ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلەر ئورىغان يوغان كۆزلىرىدىن ئېيتقۇسىز بىر تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى. كۆز نۇرلىرىم ماڭا يەتكۈزۈۋاتقان بۇ ھال، سەزگۈلىرىم ماڭا يەتكۈزۈۋاتقان بۇ تۇيغۇ پۈتۈن جىسمىمنى ئوت ئالدۇرۇۋەتتى.

— مانا بىر ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا قېشىمغا چىقمايسىز؟...

— ...

— ئېيتىڭە، نېمىشقا چىقمايسىز؟ سىز بولمىسىڭىز ئۆيدە پەقەتلا تۇرغۇم كەلمەيدىكەن، شۇنداق زېرىكتىم، ئىچىم سىقىلدى، تېرىككۈملا كېلىدۇ. سىز بار چاغدا باش كۆتۈرمەي ئوقۇيدىغان ھېلىقى خاتىرىلەرمۇ ماڭا

ئۇنچە گۈزەل، ئۇنچە مۇھەببەتلىك كۆرۈنمىدى، ئەزىزە.

— ئەزىمەت بەي...— تىترەپ تۇرۇپ پىچىرلىدىم.

ئۆزۈمگىلا ئاڭلانغۇدەك بۇ پىچىرلاشنى ئۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىغانىدى. ئىتتىك قوللىرىمنى تۇتتى.

— مېنى ئەزىمەت دەڭ، مەنمۇ سىزنى ئەزىزە دەپ ئەڭ يېقىن كىشىمنى ئاتىغاندەك ئاتايمەنغۇ... ئەزىزە... مۇشۇنداقلا مېنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنى خىيال قىلمىغانسىز - ھە... سىزگە يالۋۇراي، شۇنداق دەپ جاۋاب بەرمەڭ...

ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، مېنىڭ سەزگۈلىرىم ئۇنىڭ قوللىرىدىن تارىغان ئىقىمدىن بىھوشلىناتتى. ئۇ ئۆتۈنۈش تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قوللىرىمنى چىڭ تۇتقىنىچە تۇراتتى. ئۇمۇ، مەنمۇ جالاقلاپ تۇرۇپ بىر - بىرىمىزدىكى ئۆزگىرىشتىن، بىر - بىرىمىزدىكى بۇ خىل زارىقىشتىن قاچماقچى بولۇۋاتاتتۇق، قاچالمايتتۇق. يېقىنلاشماقچى بولاتتۇق، يېقىنلىشالمايتتۇق.

— ئەزىمەت، سىز توي قىلىسىز، مەن سىز توي قىلغۇچە قېشىڭىزدا تۇرالايمەن.

ئۇ چۆچۈپ كەتتى، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى:

— كىم... كىم شۇنداق دەيدۇ؟

—...

— ئېيتىڭە، ئاپام شۇنداق دېدىمۇ؟

بېشىمنى لىڭشىتتىم، باياتىنقى ئۇتتەك ھېسلار ئاستا - ئاستا سوۋۇپ ئېيتقۇسىز بىر پەرىشانلىق ئورنۇالغان تۇيغۇلار يۈرىكىمنى يالماپ تىتما - تالاڭ قىلىشقا ئۆتكەنىدى.

ئۇ قوللىرىمنى قويۇۋەتتى، ھارۋىسىنىڭ چاقىنى

ئارقىسىغا ئىتتەرگىنىچە باشلىرىنى چايقىدى.
— مېنى مەسخىرە قىپتۇ، مۇشۇنداق ھالىمدا - ھە... مۇشۇ ھالىمدا... يېرىم جان، مەجرۇھ سىياقىمدا - ھە... ئۆمۈر بويى باشقىلارغا بېقىنىپ ياشايدىغان مۇشۇ تۇرقۇمدا... ياق... ياق...
ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەملىك ياشقا تولغانىدى، گۇناھكارلارچە بېشىنى چايقايتتى، ئىتتىك ئۆزۈمگە كەلدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا بارا - بارا كۈچىيىپ بېرىۋاتقان قالايمىقان ئىپادىلەر مېنى تېز ئەسلىمگە كەلتۈرۈپ، بۇ خىل ھالەتنىڭ كۈچىيىشىنىڭ ئۇنىڭدا زەرداب ھالىتى پەيدا قىلىپ نېرۋىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئەسلەتتى. يۈگۈرۈپ قېشىغا باردىم، قوللىرىغا ئېسىلدىم:
— ئەزىمەت، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بۇنداق قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ!
ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، كۆز قارىچۇقلىرى يوغىناپ، قول - پۇتلىرى قالايمىقان مىدىرلاشقا باشلىدى.
— ئەدنات، تېز بولغىن، دوختۇرغا خەۋەر قىلغىن، تېز كەلسۇن!
......
شۇ كۈنى ئەزىمەت بەي بىزنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتى. دوختۇر كەلگۈچە ئۆزۈم بىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندۇم. دوختۇر كېلىپلا دەرھال ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇپ، ئۇ ئەسلىگە كەلگۈچە مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمدە ياتقۇزۇپ قويدۇق. خانىم، ئەپەندىملەر خەۋەر تېپىپ كىردى. بىراق، كەچ بولغۇچە يۆتكىمەسلىك كېرەك

بولغىنى ئۈچۈن ئامالسىز ھەممىمىز بېشىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتۇق. خانىم ھە دەپ نېمە بولغانلىقىنى سورايتتى. ئەدنات ئەزىمەت بەينىڭ مەن بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقىنىدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالدىم. گۇناھكارلارچە بېشىمنى ئېگىپ تۆۋەنگە قارىغان شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. ئېيتقۇسىز خىجىللىق ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىمنى ئۆرتەيتتى. دوختۇرغا يالغان ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭغا بار ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. دوختۇرنىڭ كېسەل توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلىرى مېنى ئويغاتتى. مەن ئەزىمەت بەينىڭ نېرۋىسى ۋە روھىيىتىنىڭ تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان شۇنچىلىك نازۇك يۇمران ھالىتىدە ئىككەيلىكىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپ ئۇنىڭغا نورمال ساق كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە ۋە قاراشتا بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن چەكسىز ئۆكۈندۈم، خىجىللىق تارتتىم.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تەكرارلانغان پاجىئە

شۇ كۈندىن كېيىن بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭغا داۋاملىق پەرۋىش ئېلىپ بېرىپ سەزگۈلىرىنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇم.

تەلىيىمگە ئەزىمەت بەي تېزلا ئەسلىگە كېلىپ بۇرۇنقى خۇشال ۋە كۆڭۈللۈك ھالدىكى ئويۇن ئويناش كۈنلىرىمىز باشلاندى. ئۇ مەندىن ئايرىلىشنى زادىلا خالىمايتتى. بىر كۈن كەچكىچە مېنى ھېچ يەرگە ماڭغۇزماي ئۆزىگە ھەمراھ قىلاتتى. بۇنىڭغا يېڭى بىر مەزمۇن قوشۇلدى. مەن خۇددى ئۇ ھوشسىز ياتقان ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش پەزىلەتنىڭ خاتىرىسىنى ئۆزۈم ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىدىغان بولدۇم...

ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ زېرىكمەيتتى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى.

«مەن پايانسىز ئاسمانغا، ئاۋۇ ئاپپاق بۇلۇتلارغا، تۆۋەندىكى مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر توپىغا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا قىزنى، يەنى پەزىلەت ئىسىملىك قىزنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتماقچى.

ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە مۇشۇ ئاسمان، يەر - زېمىن، يەنە مۇشۇ قىزىلتاغ گۇۋاھ بولۇپ قالسۇن. سىزنىڭ قىزىل كىيىمىڭىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن قىپقىزىل يۈرىكىمىزگە، مېنىڭ قارا كىيىمىم ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزغا گۇۋاھ قارا تۇپراققا ۋەكىل بولسۇن!»

— توختاڭ!

ئۇ قوللىرىنى سىلكىگىنىچە كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى:

— مەن ئېيتقان، ئۇنىڭغا ئېيتقان...

— ئەزىمەت...

قولۇمدىن خاتىرە چۈشۈپ كەتتى. ھاياجاندىن كۆزلىرىم ياشقا، تېنىم تىترەككە تولغانىدى. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— سىز ئەسلىدىڭىز، ئەسلىيەلىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىز ئەسكە ئالالىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يىتىپ كەتكەن كونا بىر خاتىرىنى كۆچەپ ئەسلەۋاتقاندەك قوشۇملىرىنى چىڭ تۈردى.

ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدىم، كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم.

— بۇ راستمۇ، راستتىنلا سىز ئەسلىيەلىدىڭىز، بۇ گەپلەرنى سىز ئۈرۈمچىنىڭ قىزىلتاغ باغچىسىغا پەزىلەتنى ئاچىققاندا ئېيتقان. ئۇنىڭغا ئېيتقان، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆككە قاراپ تۇۋلىغان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قولۇمنى چىڭ تۇتتى.

— سىز پەزىلەت شۇنداقمۇ، ئەزىزە، سىز شۇ پەزىلەت.

بىردىنلا شوك بولدۇم، ئالاقزادىلىككە، ساراسىمىگە چۈشكەن هالدا گاڭگىراش بىلەن كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتاتتىم.

ــ ئەزىمەت بەي... سىز... سىز... مېنى قورقۇتمىسىڭىزچۇ؟ سىز بايىلا تېخى ئېسىڭىزگە ئالالىغانتىڭىزغۇ؟

ئۇ هاياجاندىن پارقىرىغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە چىڭ تۇتۇۋالغان قولۇمنى ئاستا ئاپىرىپ مەيدىسى ئۈستىگە چىڭ باستى:

ــ پەزىلەت، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى قاراڭ!

شۈركۈنۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ مېنى پەزىلەت دەپ ئاتىشىنى ۋە خىيالىي سېزىمدا ئەينى ۋاقىتتىكى پەزىلەتكە قىلغان هەرىكەتلىرىنى رول ئېلىۋاتقان ئارتىستەك قايتا ئورۇندىشىنى نېمە دەپ چۈشىنىشىمنى، ئەسلىگە كېلىش دەپ چۈشىنىشىمنى ياكى خاتىرىدىكى بايانلار بىلەن ئارىلاشما بولغان سېزىملىرىنىڭ رېئاللىقتىكى مەن بىلەن قوشۇلۇپ قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سەرسان ئىدىم.

قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پۈتۈن جىسمىدىن ئېيتقۇسىز بىر تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى.

ــ ئەزىمەت بەي، ئويغىنىڭ، مەن پەزىلەت ئەمەس... مەن ئەزىزە. مەن سىزگە قاراۋاتقان، هالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بىر هەمشىرە.

ــ ياق... يالغان، سىز پەزىلەت... ئەمىسە نېمىشقا بۇ خاتىرىدىكى قىز بىلەن ئوخشاش... نېمىشقا ئىش ـ هەرىكەتلىرىڭىز، كۈلۈشلىرىڭىز، گەپ قىلغاندىكى سىپايىلىكىڭىز، مېھرىبانلىقىڭىز هەممىسى ئوخشاش...

نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم، سەككىز يىلدىن بېرى ئەزىمەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى تولا تەكرارلاپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىش ۋە خاتىرىدىكى ئاشۇ گۈزەل، جەلپكار، هايا ـ نومۇسلۇق، نازۇك قىزنىڭ بايانلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇش، ئۇنىڭ سىيماسىنى خىيالەن قايتا ـ قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇ قىزغا بولغان كۆڭلۈك هۆرمەت، هەۋەس نەتىجىسىدە ئۆزۈمنى بۇ قەدەر رەڭلەپ پەزىلەتكە ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قالغانلىقىمنى بۇنچىلىك چوڭقۇر هېس قىلمىغانىكەنمەن، قورقۇپ كەتتىم. مەن ئەزىمەتنىڭ نەزىرىدىمۇ پەزىلەتكە ئوخشىشىپ قالغانىدىم. بۇ هالدا ئۇنىڭغا داۋاملىق پەزىلەتنى ئەسلىتىش ۋە ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئېسىگە سېلىش تەبىئىيكى ئۇنىڭ ماڭا بولغان هېسسىياتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

بۇ يوچۇق قانداق رەزىل، قانداق مەخپىي يوچۇق ـ هە؟!

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆزۈم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تاللىغىنىمدا پەزىلەت بايانلىرى توختايتتى، مەن پەزىلەتكە ئايلىناتتىم ـ دە، ئۇنىڭ كېيىنكى هاياتىدىكى پەزىلەت بولۇپ يۈرىكىگە مەلهەم بولاتتىم... بۇ مۇمكىنمۇ؟ مەن پەزىلەتكە ئايلانغان تەقدىردىمۇ بۇلارنىڭ ئائىلىسى تۈركىيە بويىچە ئەڭ باي سانىلىدىغان بايلار ئەۋلادى... مەن بولسام بۇ باي ئائىلىنىڭ كىچىككىنە بۆرجىكىدىكى بىر مەرهەمەت نۇرلىرىدىن ئىللىپ ياشاۋاتقان بىر ئائىلىنىڭ قىزى.

يەنە تېخى بۇنداق قىلىش بىلەن ئەزىمەتنى ئۆتمۈشى بىلەن پۈتۈنلەي خوشلاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئۆتمۈشىنى ئەسلەتمەي، ئۆتمۈشىدىكى ئاشۇ ئاجايىپ

سېھىرلىك قۇدرەتكە ئىگە قىز بىلەن بولغان ھاياتىنى، شۇ قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ئېسىگە ئالدۇرماي ئۆز ئارا قىلىشقان «مەڭگۈ» دېگەن قەسىمىگە خىيانەت قىلدۇرۇش كېرەك ئىدى. يېپىلغان خاتىرە شۇ پېتى قالاتتى. ئەزىمەت گەرچە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە بولغان گۇمانىي قىينىلىشلاردا مەلۇم مەزگىل ياشىسىمۇ براق ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقان يېڭى مۇھەببەت ۋە يېڭى تۇرمۇش بۇلارنى ئۇنىڭ ئۇچۇن مەڭگۈلۈك سىر قىلىپ ساقلاپ قالالايتتى. ئاھ... قانداق خىيانەتكار تۇيغۇلار... قانداق ئاسىي قەلبلەر ـ ھە بۇ؟

كۆزلىرىنى يۇمدۇم...

دولقۇن ـ دولقۇن سارغۇچ چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلغان، ئاپپاق، مەرمەردەك يۈزلىرى تېخىمۇ سۇزۇلگەن، ئىنچىكە ئەگىم قاشلار ئاستىدىكى قوڭۇر كىرپىكلەر سايە تاشلىغان يوغان قوي كۆزلەرگە لىققىدە ياش تولغان ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. نېپىز لەۋلىرى تىترەپ، ئۇيماقتەك ئېغىزىدىن تىترەڭگۈ ھالدا «ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ، ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كەتمىسۇن... بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مەڭگۈلۈك مۇھەببەت... مەڭگۈ...» دېگەن پىچىرلاش چىقىۋاتاتتى...

ئاھ، خۇدا... تەلۋە ئاسىي خىياللىرىمغا لەنەت بولسۇن!

ــ ياق، ئەزىمەت، ياق،ــ سىلكىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

ئۇنىڭغا كۆزلىرىمنى تىكىپ تۇرۇپ قەتئىي ھالدا:

ــ ئەزىمەت بەي، ئويغىنىڭ، ئېسىڭىزنى تېپىڭ، سىز پەرىلەتنى سۆيىسىز، مەڭگۈ ھەم شۇنداق، سىز ئەسلىيەلەيسىز، چوقۇم ئەسلىيەلەيسىز، ئۆتۈنەي! يەنىمۇ

ئەسلەڭ، ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلەرنى، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلەرنى ئەسلەڭ... سىز ئۇنىڭغا مەڭگۈ سىزدىن باشقا قىزغا كۆڭۈل بېرەلمەيمەن دېگەن، مەڭگۈ سىزنى سۆيىمەن دېگەن، ــ دېدىم.

......

ــ نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

خانىم رەنجىگەن هالدا ماڭا قارايتتى.

ــ كەچۈرۈڭ، خانىم، ئەزىمەت بەي چوقۇم ئەسلىگە سادىق بولۇشى كېرەك.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇ خىيانەتكار بولماسلىقى كېرەك، خانىم.

ــ كىمگە؟

ــ سۆيگۈسىگە.

ــ ئەزىزە، ــ خانىمنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــ مەن ئەزىمەتنىڭ توينى قىلىمەن.

ــ ئۇ توي قىلىشنىڭ ئالدىدا تولۇق ئېسىنى تېپىشى كېرەك، خانىم.

ــ ياق، بۇنداق قىلغاندا ئۇنى خالاپ توي قىلىدۇ دەمسىز؟

ــ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى يېپىۋېتىپ ئەسلىنى بىلدۈرمەي توينى قىلىش ئەخلاقىي جىنايەت، خانىم. مېنى كەچۈرۈڭ، بۇنداق دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى، بىراق ئامالسىزمەن، خانىم. بىر مەزگىل تەخىر قىلىڭ، ئۇ قايسى كۈنى دېگەن بىرنەچچە گەپلىرىنى دەماللىق ئېسىگە ئالالىدى بىراق قەيەردە، قايسى ۋاقىتتا دېگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ بارىدۇ.

ــ خوش، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىگە ئېلىشى ۋە

سۆيگۈسىگە سادىق بولۇشى كىمگە پايدىلىق؟ ئەزىمەتكىمۇ ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغىمۇ؟ پەزىلەت ــ ئۇ هايات بولمىسا. ئۇنىڭغا جېنىمىزنىڭ بارچە پەزىلەتنى ئەسلىتىپ بىز نېمىگە ئېرىشىمەكچى؟ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ئۇنى يەنە زەربىگە ئۇچرىتىپ ئازابلىماقچىمۇ؟ ئەخلاق نۇقتىسى ۋە مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن شۇنداق قىلدۇقمۇ دەيلى، ئۇ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ئۇ پۈتۈن يۈرىكى بىلەن سۆيگەن قىزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلسە ئازابلانماي يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىيالامدۇ، يېڭى تۇرمۇشقا قاراپ ماڭالامدۇ؟ بۇلارنى ئويلىشىمىز كېرەك... ماڭا ئوغلۇمنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شۇنداق زۆرۈر، لېكىن ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە يوقاتقان سۆيگۈسى ئۈچۈن، مۇھەببىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بېكىنىپ ئازابلىنىپ ھەسرەت ئىچىدە تۈگىشىپ ئۆتۈشى كېرەك ئەمەس!

ــ ئاپا، پەزىلەت نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەن؟

ئارقىمىزدىن چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتۇق.

كەينىمىزدە ئەزىمەت چاقلىق ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلىغان هالدا سوغۇق نۇر چاقنىغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. قاچانلاردىدۇر ئارقىمىزدىن كىرىپ سۆزىمىزنى تىڭشاپ تۇرغان ئەزىمەتنىڭ يۈزى شۇ قەدەر تاتىرىپ كەتكەندى، بىراق كۆزلىرى شۇنداق سوغۇق، هېچقانداق بىر ئالاھىدە ئىپادە كۆرۈنمەيتتى.

ــ بالام، سەن قاچان كىردىڭ؟

ــ مەن سىزدىن سوئال سوراۋاتىمەن.

تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق. خانىم ماڭا، مەن خانىمغا قارايتتۇق، ئەزىمەتكە قارىيالمايتتۇق.

— نېمىشقا مەندىن يوشۇرىسىز؟ زادى نېمىشقا... ئۇنى شىنجاڭدا قالدى دېگەنتىڭىز... ئۇ قېرىنداشلىرىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي قالدى دېگەنتىڭىز. ئەمدى ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەۋاتىسىز... زادى نېمە گەپ؟ مەن زادى كىم؟ نېمىشقا بۇنداق ئىسمىنى يوقاتتىم... ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى. نېمىشقا ئېنىق جاۋاب بەرمەيسىلەر؟...

ئەزىمەت بارا ـ بارا ھاياجانلىنىشقا باشلىدى، قول ـ پۇتلىرى قالايمىقان مىدىرلاپ كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىسىغا قاراپ تارتىلىپ كەتتى.

......

دوختۇر بۇنى ياخشى باشلىنىش دەيدۇ. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى ئەسلىگە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈك ھاياجان ۋە يۈرەكنى چالغىتقۇچى تۇيغۇلارغا قارىتا گاراڭ ۋە سوغۇق ھالىتىدە تۇرماي دەرھال شۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشى ئۈچۈن كۈچىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى يوقىتىپ تارتىشىپ قېلىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. بىراق، ھەر قېتىم شۇنداق بولغاندىن كېيىن بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەت مېنى تەشۋىشكە سالاتتى.

شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ ئىسىگە كېلىپلا ماڭا قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سىز مېنى ئالداپسىز!

نېمە دېيەلەيتتىم، نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن؟

گۇناھكارلارچە بېشىمنى ئەگدىم.

― ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دېمىدىڭىز، سۆز ئەپقاچتىڭىز، ئۇ يوقكەن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ...

ئۇ بېشىنى يان تەرەپكە بۇراپ يىغلىۋالدى.

گاڭگىراشقا تولغان ۋە يوشۇرۇن بىر بېشارەتنىڭ ھىدىنى ئالغان تۇيغۇلىرىم ئىچىدە ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ قىرىدا ئولتۇردۇم.

― ئەزىمەت بەي، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئامالسىزمەن.

― مېنى ئەزىمەت بەي دېمەڭ!― ئۇ شارتتىدە ئۆرۈلۈپ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ئاۋازى تىترەيتتى،― مەن سىزگە يالۋۇراي، ئەزىزە... مېنى ئۇنداق ئۆزىڭىزدىن يىراقلاشتۇرماڭ، ماقۇلمۇ؟

كۆزلىرىدىن بىر خىل كىچىك باللاردەك خەقىش ھېسلار بالقىيتتى.

― ماقۇل، ماقۇل... مەن سىزنى ئەمدى ئەزىمەت دەپ چاقىراي... ھۆرمىتىنى قىلىپ بەي ئەپەندى دېگەننى كۆتۈرمىگىنىنى...― تۇمشۇقۇمنى ئۇچلاپ كۆزۈمنى ئالايتتىم. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى ئېيتقۇسىز بىر شادلىققا تولدى، ئىتتىك قوللىرىمغا ئېسىلدى:

― ۋەدىمىز ۋەدە... ئىككىمىز بەك يېقىن دوست شۇنداققۇ... بىر ـ بىرىمىزگە تۇزۇت قىلمايمىز، بىر ـ بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمايمىز ـ ھە؟

― شۇنداق، بىر ـ بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمايمىز!

― ئەمىسە ماڭا ئېيتىڭچۇ؟ پەزىلەت نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ راستتىنلا ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى مېنى يەنە ئالداۋاتامسىلەر؟

بۇ جاۋاب بېرىش ھەم شۇنچىلىك ئاسان، ھەم شۇنچىلىك قىيىن بولغان سوئال ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن

ئېيتقۇسىز بىر ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش، زارىقىش چىقىپ تۇراتتى.

— ئەزىمەت، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەك قانداق؟

— سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ!

— جاۋاب بېرىمەن، ئەتىگەندىن بۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ بەك سىقىلدۇق. سىرتقا چىقايلى! ھە، راست، بازارغا بۈگۈن بىر سەيياره سەنئەت ئۆمىكى كەپتۇدەك، ئۇلار بازار ئوتتۇرىسىدىلا جازا قۇرۇپ نومۇر ئورۇنداپ قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشىۋېتىپتۇدەك. مېنىڭ بەكمۇ بارغۇم بار ئىدى. سىزنى ئېلىپ بارسام، ئايلانغاچ كۆرۈپ كېلەيلىمۇ؟

— ئەزىزە...

ئۇنىڭ نارازىلىق چاقنىغان كۆزلىرىگە سوغۇق نۇرلار توشتى.

— شۇنداق قىلايلىمۇ؟

ئەتۇر قاراپ تۇرۇپ پەرۋاسىز ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تەييارلاشقا باشلىدىم.

— مەن پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن.

چۆچۈپ كەتتىم. ئىتتىك ئارقامغا ئۆرۈلدۇم، ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي ئولتۇراتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— مەن پەزىلەتنى ھەقىقەتەن بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئەزىمەت.

— مەن گەرچە ئىسمىگە ئاللىمسامىمۇ، پەزىلەت دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسامىلا بەك ھاياجانلىنىمەن، ئەزىزە... ياكى بۇ خاتىرە، ياكى سىز ماڭا پەزىلەتنى تونۇتتۇڭلار... ئىختىيارسىز ئاشۇ گۈزەل جەلپكار قىزنى ياخشى

كۆرۈشكە ئۈندىدىڭلار... راستتىنلا شۇنداق بىر قىز بولغاندەك، راستتىنلا ئۇ قىزنى شۇنچىلىك سۆيمىگەندەك ھېس قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. شۇ نەپىس گۈزەللىكى بىلەن مېنى ئەسىر قىلغان ئاشۇ قىزنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يانىمەن. بۇ ھالەت، بۇ سېزىم سىزنى كۆرگەندە بېسىلىدۇ، سىزنى كۆرگەندە پەزىلەتكە بولغان ئاشىق ھېسلىرىمنى سىزگە بېغىشلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالىمەن. بىراق بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مەن دېگەن يېرىم جان بىر كىشىمەن. مۇشۇ ھالىم بىلەن مۇشۇ قىياپىتىم بىلەن ئۆز - ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلماي قانداقمۇ مەن ئەسلىيەلمەيۋاتقان پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن، كۆز ئالدىمدا يۈرگەن پەزىلەت تونىنى كىيگەن ئەزىزەنى ياخشى كۆرىمەن دېيەلەيمەن؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى، ئاۋازى بوغۇلاتتى...

مەن دەرمانسىزلاندىم، كىيىم ئىشكاپىنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلماقچى بولدۇم، ئېسىلالمىدىم، ئىشكاپقا يۆلەنگىنىمچە سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

......

— بولدى بەس، ئويۇنلىرىمىز ئاخىرلاشسۇن، مەن دېگەن ئاغرىق، سىز دېگەن ھەمشىرە... بىر - بىرىمىزنى بەي ئەپەندى، خېنىم دەپ ئاتىشىمىزغا رۇخسەت يوق، شۇنداقمۇ، ئەزىزە. ئىككىمىز ئەڭ يېقىن قېرىنداش، ئەڭ ياخشى دوست، — ئۇ بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى:

— قېنى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. بىمارىڭىزنى ئېلىڭ -

دە، بازاردىكى ھېلىقى ھەقسىز كونسېرتتىن ھوزۇرلاندۇرۇك!

بىز يېزا بازىرىغا ئەتراپنى تاماشا قىلغاچ پىيادە بېرىشنى تاللىدۇق. ئەزىمەت ماشىنا بىلەن بېرىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. يول بويى يول ياقىسىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ۋە ۋادەكلەر بىلەن ئورالغان باغلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مېۋىلەر ھەققىدە، تۆت پەسىلنىڭ ئۆزىگە يارىشا گۈزەللىكى ھەققىدە سۆز قىلىپ ئېچىلىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ بۈگۈن تولىمۇ ياسالما پاراڭ قىلغاندىن باشقا جىمجىت خىيال بىلەن ماڭدى. ئەدناتنى ئېلىۋېلىشىمغا قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ئۆزۈم ئىتتىرىپ مېڭىشقا باشلىدىم. زورلاپ سۆز قىلىشلىرىم، كۈلكىگە زورلىنىشلىرىم مېنىڭمۇ ياسالما ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ھېلىقى ئوتلۇق سۆزلىرى ۋە ئارقىسىدىكى پۇشايمان ھەم ھەسرەتكە تولغان خاتىمىسى شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىمدىن مېنى تۇگەشتۇرمەكتە ئىدى. ئەگەردە بايا ئۇ مېنى قىستاپ تۇرۇپ مېنىڭ ھېسسىياتىمنى سورىغىنىدا ئىدى، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلىغان، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى، ئۆكۈنمەيدىغانلىقىمنى، مەڭگۈ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ھاياتىدىكى ئىككىنچى پەزىلەت بولۇپ ئۆتۈشكە رازى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقان بولاتتىم...

ھەر ئىككىلىمىز ئۆز خىياللىرىمىز بىلەن مېڭىپ بازارغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئەتراپتىكى كىشىلەر تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. سودا - سېتىقلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەلىكە بولۇۋاتقانلارنىڭ بىر - بىرىگە قاراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى.

بىز دوختۇرخانىنىڭ ئالدىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئويۇن قويۇلۇۋاتقان مەيدانغا قاراپ مېڭىشىمىز بىلەن ئالدى تەرەپتىكى قىيا ـ چىيا ۋە كىشىلەر توپى دىققىتىمىزنى تارتتى. مەن كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يان تەرەپتىكى كىچىك يول بىلەن قايرىلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدىم، ئەزىمەت:

— ئاشۇ تەرەپكە ئاپىرىڭ، ئەزىزە، كىشىلەر نېمىشقا توپلىشىۋالغاندۇ؟ قاراڭ، ماشىنا قىيسىيىپ قاپتۇ، بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئىلاجسىز هارۋىنى شۇ تەرەپكە قاراپ ئىتتەردىم.

كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى. «بىچارە ياپياشلا قىزكەن، خەۋەر قىلساق بولاتتى، ئۆيىدىكىلىرى كىمدۇ؟» دېيىشەتتى. بىز توپنى يېرىپ ئىچكىرى كىردۇق. سۇنايلىنىپ ياتقان بىر قىز چاچلىرى چۇۋۇلغان، بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ ئېغىزىدىن، پېشانىسىدىن قان سىرغىغان هالدا كۆزلىرى قىيا ئوچۇق ياتاتتى. ئۇنى ئالدى تەرەپتىكى قىيسىيىپ تۇرغان ماشىنا ئۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. «نېرى تۇرۇڭلار، يول بوشىتىڭلار... يول بوشىتىڭلار!» نوسىلكا كۆتۈرگەن ئاپپاق خالات كىيگەن دوختۇرلار توپنى يېرىپ كىرىپ قىزنى نوسىلكىغا ئېلىۋاتقان دەقىقىدە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. قانداقلارچە بولدىكىن، ئەزىمەت ئىككى قولىدا هارۋىغا تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ۋارقىراپ ئۆزىنى قىزغا ئاتتى:

— پەزىلەت، ئاھ پەزىلەت... ياق، ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن قېتىپلا قالدىم، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتكەنىدى. نوسىلكىغا

سېلىنىشقا تەييار بولغان قىزدىن ئەزىمەتنى ئاجرىتالمايۋاتقان دوختۇر ـ سېستىرالار ئاۋارە ئىدى. ئەزىمەت داد ـ پەرياد كۆتۈرگىنىچە قىزنى قۇچاقلىۋېلىپ ئۆزىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقان دوختۇرلارغا قاراپ يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە «ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، دوختۇر، ئۇ ھايات قېلىشى كېرەك، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!» دەپ زارلاپ يېلىناتتى. مېڭەم پارتلاپ كەتكۈدەك ھاياجانغا تولدى ، ئۆزۈمنى ئەزىمەتكە ئاتتىم:

ــ ئەزىمەت، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، سىز ئەسلىيەلىدىڭىز، سىز ئېسىڭىزگە كېلەلىدىڭىز، بىراق بۇ پەزىلەت ئەمەس، پەزىلەت ئەمەس!

ئەزىمەت قۇچىقىمغا سۇنايلانغىنىچە يىقىلدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەندى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئازابتىن تۇغۇلغان ۋىسال

پەرىشانلىق كۈنلەر باشلاندى.

ئەزىمەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى، ھەممىنى ئەسلىيەلىشىنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلغانىدۇق. ئۇ بىھوش ياتقان ئاشۇ ۋاقىتلاردا كۈن ـ كۈنلەپ يېنىدىن ئايرىلماي ئولتۇرۇپ دىلىمىزدا، تىلىمىزدا، يۈرىكىمىزدە شىۋىرلاپ تۇرۇپ، ئۈنسىز تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ «ئېسىڭنى تاپ! ئېسىڭگە تېزرەك كەل!» دەپ شىۋىرلاشقانىدۇق. بار كۈچىمىز بىلەن قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن تىرىشقانىدۇق. ئۇ دەرۋەقە قىلغان شۇنچە ئەجرىمىزنى كۆلدۈرۈپ ھوشىغا كەلدى. بىراق، ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا ئورنىدىن قوپتى. ئەمدىكى كۈرىشىمىز ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولدى. بەزىدە تىرىشتۇق، بەزىدە يالتايدۇق، لېكىن ھېچقايسىمىز كۆڭلىمىزگە قانداقلا گۈزەل، قانداقلا رەزىل، يوشۇرۇن ئويلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، مېڭىسىدىن بۇرۇنقى سىستېمىلار يۇيۇلۇپ كەتكەن ماشىنا ئادەم ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەسلىنى، ئۆتمۈشىنى ئېنىق بىلىدىغان، مۇھەببەت ـ

نەپرىتى ئېنىق ھالدىكى ئەزىمەت بولۇشىنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلدۇق. ئۇنىڭ سېزىمسىز، ھېسسىياتسىز ياسالما ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، بورۇنقى جۇشقۇن، ھېسسىياتلىق، مۇھەببەتلىك ئەزىمەت بولۇشىنى بەك ئۈمىد قىلدۇق.

بىلىپ تۇرۇپتىمەن، خانىم ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئەسكە ئېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگىنى بىلەن، ئوغلىنىڭ پۈتۈنلەي ئېسىنى تېپىپ ئۆزلىرىگە ھەقىقىي يۈرىكىدىكى بالىلىق مۇھەببىتى بىلەن ئېسىلىشىنى، بالىلىق مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، ئۇ ئانا بولغىنى ئۈچۈن بالىسىنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مۇھەببىتىنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىپ يېتەلىگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېسىنى تېپىپ ئاشۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇققىنىدا ئۇچرايدىغان زەربىنى بەكرەك ھېس قىلغان. ئوغلىنىڭ شۇنداق زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى تارتىدىغان ئازابىنى ھەممىدىن بەك بىلىپ يەتكىنى ئۈچۈن ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ھەقىقىي بالىلىق مېھىر بېرەلمەي يۈزەكى مېھىر بىلەن ئۆتۈشكە رازى بولغانىكى، ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىپ ئازاب تارتىشىنى خالىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنىڭ ئەزىمەتكە پەزىلەتنى ئەسلىتىۋېرىشىمنى خالىمىغان ھەمدە ئەزىمەتنىڭ ھازىرقى ئازابسىز ھالىتىدە توينى قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆتمۈشى بىلەن خوشلاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

مەنمۇ ھەم شۇنداق. گەرچە ئەزىمەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا ھازىرقى مېنىڭ كۆيۈنۈش، مېھىر بىلەن تولغان مۇئامىلىلىرىمگە نىسبەتەن ئويغانغان نوتا

هالەتتىكى مۇھەببەتلىك ھېسلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھېسسىياتىم مېنى ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ھالىتىدىن پايدىلىنىپ قەلبىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشقا، يۈرىكىنى داۋاملىق ئىگىلەشكە، ئۆرۈنۈشقا بۇيرۇق قىلاتتى. ۋىجدانىم بولسا بۇنداق قىلىشنىڭ بەكمۇ شەخسىيەتچىلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ھېسسىياتنىڭ ھامان ساختا ھېسسىيات بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرىكى، ھەقىقىي سېزىمى ئويغىنىشى كېرەكلىكىنى، مېنىڭ شەخسىيەتچىلىك قىلىپ ئېرىشكەن مۇھەببىتىمنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، چوقۇم ئەزىمەتنىڭ ھەقىقىي يۈرىكىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا ئەسلىنى، ئەسلىدىكى ھەقىقىي مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى.

مانا مۇشۇنداق تالاي يالتىيىش، تالاي قىينىلىشلار ئارقىسىدا كۆرەش قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئەزىمەت ئاخىر ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشىنى قايتا تېپىۋالدى.

شۇ كۈنكى ۋەقە، شۇ كۈنكى سىلكىنىش ئەزىمەتنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەن نېرۋىلىرىنى ئويغاتتى.

ئاھ... ئۇ قۇچىقىمدا ھاياجاندىن ھوشىدىن كېتىپ دوختۇرخانىغا ئەكېلىنىپ، ھوشىغا كەلگەندىن باشلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ ھېچ ھالى قالمىدى. ئۇ يالۋۇراتتى، ئاپىسىغا، دادىسىغا ئېسىلاتتى، ئۆزىنى ھەر يان ئاتاتتى، يامغۇردەك ياش تۆكەتتى، قالايمىقانلاشقان تىنىقلىرى بىلەن كۆچەپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋازدا «پەزىلەت!... پەزىلەت!» دەپ پەرياد ئۇراتتى.

ئاھ... يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلغۇچى، قان ـ قان قىلغۇچى ئاشۇ دەقىقىلەر...

ئۇ قايتىدىن كارىۋاتقا بەند بولۇپ يېتىپلا قالدى. نە كۆزىنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرىغا ئەگىشىپ دەرەخ شاخلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ ئەزگۈ ناخشىلىرىنى، نە قىشنىڭ ئۈشقىرتقان ئاچچىق زەھەرلىرىدىن تىترىگەن تېرەك باشلىرىدىكى قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىنى ناخشا قىلىپ ئاڭلاۋاتقان ئاپپاق تەبىئەتنى ــ ھېچنىمىنى كۆرمىدى، خالىمىدى، ئۆيدىن چىقمىدى. خاتىرىلەر قايتا ـ قايتا ئوقۇلدى، ۋاراقلار قايتىدىن سارغايدى، بەتلەر كۆز ياشلىرىدا بويالدى.

باھار كەلدى، ئىللىقلىقى بىلەن ئاخىرقى قارلارنى ئېرىتىپ ئەگىز سۇلاردىن يول قاسناقلىرىغا ئېقىنلارنى ياساۋاتقان ئويغىنىش ئەزىمەتكە ھېچبىر يېڭىلىق، جانلىنىش، تەۋرىنىش ئېلىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقىشنى خالىمايتتى، ھېچكىمگە بىر ئېغىز ئوشۇق گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. پەقەت ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئاشۇ خاتىرىلەر بىلەن مۇڭدىشاتتى، سىردىشاتتى، خاتىرىلەر ئىچىدىن پەزىلەتنى ئىزدەيتتى، خاتىرىلەر ئىچىدىن پەزىلەتنىڭ كۆمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازىدىن ھۇزۇرلىناتتى، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىچكى سىرلىرىنى، ئازابىنى، سېغىنىشىنى ئېيتاتتى. خىيالىي سىردىشىپ، خىيالىي كۈلەتتى. ئۇ بەئەينى خىيال ئىچىدە پەزىلەت بىلەن بەختلىك ياشاۋاتقان، بۇ دۇنيادا پەقەت جىسمىلا قالغان، روھى پەزىلەت بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كەتكەن ئادەمگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى.

كۈن ـ كۈنلەپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم. پەقەت ئۇنىڭ دورىلىرىنى ئىچۈرۈشۈم ، قۇۋۋەت ئوكۇلى ئۇرۇشۇم ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا كىرەلەيدىم. ئىچ ـ

ئىچىمدىن مەنمۇ تولغىنىپ كەتتىم. چەكسىز ئازابلىرىمنى ئۆيۈمگە چىقىپ ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن مۇشۇنداق تۈن كېچىدە يىغلاپ ئولتۇرۇپ، مۇڭلىنىپ تۇرۇپ خاتىرەمگە تۆكەتتىم. ئەزىمەتنىڭ خۇددى پەزىلەتنىڭ خاتىرىسىدىن، ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدىن باشقا سىردىشى قالمىغانغا ئوخشاش مېنىڭمۇ مۇشۇ خاتىرەمدىن باشقا سىردىشىم، ھەمراھىم يوق ئىدى. ئاپام ئۇھ تارتاتتى، گۆردىن قېزىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن ئەپتىمگە قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھسىناتتى. بىچارە ئاپام داد سېلىپ يارىلىرىمغا تۇز سېپىشنى خالىمايتتى، پەقەت مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ: «تەلەيسىز قىزىم، بىچارە قىزىم» دەپ ئۇھسىنىپ تۇرۇپ ياش تۆكەتتى.

خانىم بىلەن ئەپەندىمۇ ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىدىن قايتىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قولىدىن كېلىدىغانلىقى بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ باقتى، ئۈنۈمى بولمىدى. ئاخىرى ئۇلار پەقەت ئاشۇ خاتىرىدىكى ئۆزى ئۆلۈپ كەتسىمۇ روھى ئەزىمەتكە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ قالغان پەزىلەتنىڭلا ئەزىمەت ئۈچۈن تەسەللى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىشىپ جىمىپ كېتىشتى.

ئاھ... بۇ ئازابلار... بۇ كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار...

ئۇنىڭ رەڭگى كۈن كۆرمەي خەسىدەك ئاپپاق بولۇپ كەتتى. ئۇ خاتىرىسىدىن باشقا بارچە ھاياتلىقتا شۈنچىلىك سۈس، شۈنچىلىك پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلماقتا ئىدى...

باھار ئىللىق ئاپتىپىنى چاچقان بۈگۈن مەن ئاخىر قېلىپىنى بۇزۇشقا غەيرەت قىلدىم. ئۇنىڭ قېشىغا

كىردىم، قاپاقلىرىمنى تۈرۈپ جىددىي ھالدا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدىم:

— ئەزىمەت، تەييارلىنىڭ، بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ياخشى ئىكەن، بىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىمىز!

— نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ پەقەت چىققۇم يوق!

ئۇ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— مەن كىم؟ — ئۇنىڭدىن تومتاقلا شۇ سوئالنى سورىدىم.

— ...

— ئېيتىڭچۇ، ئەزىمەت بەي، مەن سىز ئۈچۈن كىم؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— مەن سىز ئۈچۈن سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە مەسئۇل بىر ھەمشىرە، شۇنداققۇ؟ ھە، بۇنى بىلگەن ئىكەنسىز، ھەمشىرەنىڭ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە قارىماي سىزنىڭ ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنۇشىڭىز كېرەك.

— بىراق، مېنى قىينىماڭ، ئەزىزە، مەن سىرتقا چىقىشنى، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن يېڭى ھاياتلىقنى يۈزلىنىشنى خالىمايمەن.

— بۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك، ئەزىمەت بەي، مەن سىزنى ھەقىقىي بىر ئەركەك، ھەقىقىي بىر ئوغۇل بالا دەپ تونۇيتتۇم، ھازىر شۈبھىلىنىپ قالدىم بۇ قاراشلىرىمدىن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، سىز پەقەت مۇھەببەت ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، بۇ دۇنيادا پەقەت مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە سېزىمىڭىز يوقتەك ھالەتتە بولۇپ سىزگە بولغان قاراشلىرىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتىڭىز. توغرا، ئىنسان ئۈچۈن

مۇھەببەت ھەممىدىن قىممەتلىك، بىراق سىزنى مۇھەببەتلىك يۈرەك ۋە ئەقىدە بىلەن يارىلىشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن شۇ مۇھەببەتلىك دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئاتا - ئانىڭىزمۇ شۇنداق ئۇلۇغ، قەلبىڭىزدىكى مۇھەببەت پەقەت سۆيگەن ئادىمىڭىزگىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىڭىزغىمۇ تەۋە بولۇشى كېرەك. سىز بۇلارنى ئىنكار قىلالىغاتىسىز، بەي ئەپەندى.

— مەن ئاتا - ئانامنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن، — ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ياق، مەن بۇنىڭدىن شۇبھىلىنىمەن. سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىن، ھالىتىڭىزدىن ھېچبىر ئاتا - ئانىڭىزغا بولغان مۇھەببەتنى، پەرزەنتلىك مېھىر - مۇھەببەتنى بىلىپ بولالمىدىم. سىز پەقەت پەرزىلەت ئۈچۈنلا دۇنياغا كەلگەندەك، پەرزىلەت ئۈچۈن ياشاپ، پەرزىلەت ئۈچۈنلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇۋاتقان ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مۇھەببىتىگە بەكلا سوس، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىكىز. بۇ ئاتا - ئانىغا قىلىنغان ھاقارەت، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدا ئۆتكۈزىدىغان مېھىرسىزلىك جىنايىتى. بۇلارنى بىلىشىڭىز، چۈشىنىشىڭىز كېرەك. پەزىلەتتىن كېيىنمۇ بۇ دۇنيادا يەنە ھاياتلىقنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى، پەزىلەتتىن كېيىن يەنە يېنىڭىزدا سىزنى شۇ قەدەر كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان، سىز ئۈچۈن ئۇتقا دېسە ئۇتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىشكە، جېنىنى سورىسىڭىز جېنىنى بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان ئاتا - ئانىڭىزنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھەببىتىڭىزنى شۇلارغا بېرىشىڭىزنى، شۇلارنىڭ نەقەدەر ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. مەن

بۇلارنى بەك ئۈمىد قىلىپ كەلدىم ھەم سىزدىن تىلەۋاتىمەن، ئەزىمەت بەي!

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى. چىرايىدىكى چەكسىز خىجىل بولۇش ۋە ئازابلىنىشتەك تۇيغۇلارنى بىلمەۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىنراق يېپىنچا ئارتىپ چاقلىق هارۋا بىلەن باغقا چىقتىم. ئۇ كۈن نۇرىغا كۆنەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، كۈچلۈك كۈن نۇرى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆيدىن تالاغا چىقماي بېكىنىۋالغان كۆزلەرنى چاقاتتى. گۈللۈك ئەتراپىنى ئايلىنىپ مېڭىشىمىز بىلەن ئۇ قولىنى شىلتىدى:

ــ توختاڭ، بىر ئاز تۇرايلى.

ئۇ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلارغا تويماي قارىدى، كۆزىنى چىڭ يۇمدى، كۆز جىيەكىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ خۇددى خىيالىي بىر چۈشنى سۆزلەۋاتقاندەك تولىمۇ ئاستا ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا تۇرغاندا پاراڭلاشقانىدىم، ئەزىزە، ئۇ شۇ ھالىتى بىلەن گۈللەردىن گۈزەل تۇرقى، لاتاپىتى بىلەن مېنى بىراقلا باغلىۋالغانىدى...

بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئۇ پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ توغرا، مەن خاتا قىلدىم. بىراق قانداق قىلاي، ئەزىزە... ئىچىمنى بىرنېمە يەيدۇ... مەن ئۇنى قانداق ياخشى كۆرگەن، ئۇ قانداق قىز ئىدى... ئاھ، خۇدا... بۇ دۇنيادا بىزنىڭ بىللە بولغان ۋاقتىمىز، مۇھەببەتلىك ئۆتكەن ۋاقتىمىز بەكلا قىسقا بولۇپ قالدى... ئەزىزە... ئىچىم قوچۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ دوختۇرخانىغا

كېلىمەن دېدى، ساقلىدىم، كەلمىدى. نېمە ئۈچۈنكى يۈرىكىم ئېغىپلا تۇردى. ئۆيگە تېلېفون قىلسام ئاپام ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، بەكلا ئەنسىرىدىم. ئاخىرى ئۇ تېلېفون قىلدى. ئاۋازىدىن خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ماڭا ئەركىلەيتتى. مېنى چىقمىڭ دېدى. ماقۇل دەپ چىقاي دەپ تۇرسام بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرگەن ئايال كىرىپ كەلدى. ماشىنا ھادىسىسىدىن ئامان قاپتۇ، قارىسام نورمال ئىكەن، باشقا تەكشۈرۈشلىرىنى ياردەمچى دوختۇرلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپلا ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم، شۇنچىلىك تېز، شۇنچىلىك ئالدىراپ... نېمىشقا بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن پەقەتلا بىمارلارغا بۇنداق پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىپ باقمىغان، بىراق شۇ كۈنى بىر كۈچ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. يۈگۈرگەندەك چىقتىم، ئۇ كۆرۈنمەيتتى، دەرۋازا ئالدىدىكى يولغا كىشىلەر توپلىشىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا ۋار - ۋۇر ئاۋازلار، قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن دوختۇرخانىمىزنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشتىكى دوختۇر - سېستىرالىرى چىقتى. ئىختىيارسىز كىشىلەر توپىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاھ... نېمىسىنى ئېيتاي... ئۇ سۈپسۈزۈك يۈزلىرى تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، چىرايى تامدەك بولۇپ كەتكەن ھالدا، بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ چاچلىرى قالايمىقان يېيىلغان چېكىسىدىن ۋە ئاغزىدىن سىرغىپ قان چىقىپ قالغان ھالدا كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق يېتىپتۇ. ئاھ، خۇدا... مەن ۋارقىراپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم، بېشىنى قۇچىقىمغا ئالدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇ ھاياتقا، مۇھەببىتىمىزگە قىيمىغاندەك يېرىم ئوچۇق ھالدا قېتىپ قاپتۇ.

چېكىسىدىن سىرغىپ چىققان قان ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرى ماڭا قاراپ نېمىنىدۇر دېمەكچى، بىر خۇشاللىقنى يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىيالماسلىق بىلەن يېرىم ئوچۇق قاپتۇ... بۇ قانداق ھالەت... بۇ قانداق قىسمەت... بۇ قانداق ئازاب...

ئەزىمەت ئەمدى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى...

— ئەتراپتىكىلەرنىڭ دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم... ئۇ ئاپىسى قولىدىن تۇتۇۋالماي ماڭغان بىر كىچىك بالىغا قاراپ كەلگەن ماشىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ بالىنى يول سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ... ئەمدى ئويلىسام، مەن ئۇنىڭ قېشىغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ئالدىمغا ئېلىپ كىرگەن بالا دەل ئۇ قۇتقۇزۇپ قالغان بالا ئىكەن...

ئۇزاق ئۆكسۈشتىن كېيىن ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ئۇنىڭ ماڭا ئېيتماقچى بولغان خۇش خەۋىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز، ئەزىزە... ئۇ... ئۇ... ھامىلىدار بوپتىكەن.

«قاراس - قۇرۇس» چاقماق چاقىغاندەك بولۇپ سىلكىندىم. بۇ تەپسىلاتلارنى خانىمدىن ئىلگىرى ئاڭلىغان بولسامۇ، بىراق ئۇنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئەزىمەتتىن ئاڭلاۋاتاتتىم. بۇ توغرىدا خانىممۇ ۋە باشقىلارمۇ ماڭا ئېيتمىغانىدى.

— ئاھ، خۇدا...

— ئۇنىڭ قولىدا چىڭ سىقىمىلىۋالغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاجرىتىپ ئالدىم... نەتىجىنى كۆردۇم - دە، نېمە بولغىنىمنى بىلمىدىم،

قاپقاراڭغۇ بىر دۇنياغا غۇلاپ كەتتىم...

مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەبىي ئازاب مېڭە تومۇرلىرىم ۋە نېرۋىلىرىمنى كېرەكتىن چىقىرىپ ئۆسۈملۈك ئادەم سىياقىدىكى ئېسىنى يوقىتىش، ئۇخلاش ھالىتىگە كىرىپ كېتىپتىمەن. ھالا بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە مەن ئويغىنىپ ئېسىمنى تاپقاندا بۇنىڭغا ئالىلىبۇرۇن ئون يىل ۋاقىت ئۆتۈپ ئىككىمىز مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ بوپتىمىز... بىرەر قېتىممۇ ئۇنى قايتا كۆرۈش، بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش، چىرايلىق كۆلكىلىرىدىن ھوزۇرلىنىش مۇمكىن ئەمەسكەن... تېخى يېڭىلا پەيدا بولۇپ جان ھالىتىگە كېلىشكىمۇ ئۇلگۇرمىگەن بالام ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك يوق بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ دۇنيادا مەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغۇدەك ئاشۇ جانسىز خاتىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئىزنا قالماپتۇ... مەن چىدىيالمايۋاتىمەن، بۇ رېئاللىققا يۈزلىنەلمەيۋاتىمەن... قانداق قىلاي...

ياشلىرىم يۈزلىرىمنى يۇيغانىدى.

ئىككىمىزنىڭ يىغىسىدىن مۈگلانغان گۇللەر ياپراقلىرىغا شەبنەم قوندۇردى... باھارنىڭ مەيىن شامىلىدىن خۇشاللانغان، شىلدىرلاشقان دەل ـ دەرەخلەر ئەمدىلىكتە باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ مۇڭغا چۆمگەنىدى.

※ ※ ※

ھايات ۋاقتىدا قەدرىگە يەتمىگەنلەرنىڭ قەدرىنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بەكرەك ھېس قىلىدىكەنمىز. قانچىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەردە بولۇڭ، قانچىكى ھىجرانلىق، ئازابلىق تۇيغۇلاردا بولۇڭ، يەنىلا بىر ھىمايىچىڭىز، بىر مېھىر بۇلىقىڭىز بولىدىكەن... بۇ ئازاب، بۇ ھەسرەت بۇ

قاغجىراق ھېسلار يەنىلا كىشىنىڭ قەددىنى ئېگەلمەيدىكەن. بىراق، ئاشۇ بولاق قورۇپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆزىڭىزنى شۇنچىلىك يېگانە، شۇنچىلىك ھىمايىچىسىز، شۇنچىلىك غېرىب ـ مىسكىن، يۆلەكسىز ھېس قىلىدىكەنسىز. قەددىڭىزنى تىكلەيمەن دەپمۇ تىكلىيەلمەي موكچەيگىنىڭىزچە زار ـ زار قاقشاپ قالىدىكەنسىز...

ئاھ... بۇ قىسمەتلەر دەل مەندەك ئاجىز ناتىۋاننىڭ بېشىغا كەلدى.

بۇ دۇنيادىكى مەن ئۇچۇن تاغ كەبى كۈچلۈك تىرەك ئاپام شۇنچىلىك تۇيۇقسىز ھالدا بىز بىلەن خوشلاشتى.

ئۇ كۈنىمۇ مەن خۇددى كۈندىكىگە ئوخشاشلا ئەتىگەن سەھەر قوپۇپ ئاپامنىڭ پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ خۇشۋاقلىق تىلىشى بىلەن ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ چىققانىدىم. سىڭىللىرىم ئەمىنە، نەرمىيەلەرمۇ ئۆيدە قالغانىدى. ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپلا مەن ئەزىمەت بەينى سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرگەن نەرمىيەدىن ئاپامنىڭ تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشۈپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھېچنېمىگە قارىماي ئۇچۇپ چىقىپ كەتتىم.

دوختۇر ماشىنىسىنىڭ ۋەھىملىك ئاۋازىغا قوشۇلغان ئازابلىق يىغا ـ زارىلەر ئىچىدە ئاپام دوختۇرخانىدا بىر كۈن ھوشسىز يېتىپ جان ئۈزدى.

شۇنچە يىللاردىن بېرى خۇددى قوشماق سىڭىللىرىم ئەمىنە بىلەن نەرمىيەنىڭ ئوقۇشىنىڭ پۈتۈشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك، يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى ئاپامنى ئەمدى سەن جاپا تارتمىغىن دېگەندەك بىزدىن شۇنچىلىك تۇيۇقسىز، شۇنچىلىك تېز ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئاپا... دەپ پەرياد ئۇردۇم ئۆيىمىزنىڭ غېرىبسىنىپ قالغان تۆت بۇلۇڭىغا قاراپ...

ئاپا... دەپ نالە قىلدىم كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە باغرىمغا باش قويغان قوشماق سىڭىللىرىمنى چىڭ قۇچاقلاپ...

ئاپا... جېنىم ئاپا... دەپ يىغلىدىم بوش قالغان ئورۇنلىرىغا... ئاپامنىڭ شىپىرلىغان قەدەم تىۋىشى ئۈزۈلمەيدىغان ئاشخانا ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ...

بىراق، ئاپام كەتتى... ماڭا ھەتتا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالماستىن... يۈرىكىدىكى ئارمانلىرىنى ئېيتىپ بېرەلمەستىن...

مۇسىبەتتىن پۈكلىنىپ قالدىم.

خانىم بىلەن ئەپەندىم خۇددى ئاتا ـ ئانامدەك ماڭا ياردەملىشىپ مۇسىبەت ئىشلىرىنى بىللە ئۆزىتىشتى... كەم نەرسىلىرىمنى تولۇقلىدى، ھەمدەم بولدى... مۇھىب شەرقى دوختۇر مېنى باغرىغا چىڭ باستى خۇددى مېھرىبان دادامغا ئوخشاش...

......

ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىمەن، ئاپامنىڭ چالا قالغان ئارمانلىرىنى، كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىمەن، ئويلايمەن...

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچى ھېسلىرىمنىڭ تۈرتكىسىدە كۇندە سەھەردە چىقىپ كېتىپ كەچ كىرىپ ئاپام بىلەنمۇ ناھايىتى ئاز مۇڭدىشىپ، ئاز پىكىرلىشىپتىكەنمەن. كۆپ ۋاقتىم ئۆزىمىزنىڭ قورۇسىدا ئەمەس، بەلكى خىزمەت ئېھتىياجىم سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ قورۇسىدا ھەمشىرە بولۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئاپامنىڭ ماڭا دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرى بار بولغىيتتى... ئاپامنى يىقىلماس

چىنار، ئۆرۈلمەس مەزمۇت تاغ دەپلا قاراپ كەپتىكەنمەن. خاپىلىقىمدىن، دەرد ـ ھەسرىتىمدىن خەۋەردار قىلىپ كەپتىمەنكى، خۇشاللىقىمدىن ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىمدىن خەۋەرلەندۇرۇپ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى مانا شۇ قەدەر يالغۇزمەن... شۇ قەدەر غېرىبمەن... يېنىمدا ئاپام يوق شۇ قەدەر بىچارىمەن... يۇم ـ يۇم يىغلايمەن... ئاھ ئۇرىمەن... ئاپام... مېنىڭ ئاپام... دەپ زارلايمەن... بىراق، مەن كۆپرەك ھەمراھ بولالمىغان... شۇنچە كەچ كىرسەممۇ ئۇخلىماي يولۇمغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ، كىرسەم «ھېرىپ كەتتىڭمۇ، پۇت ـ قولۇڭ ئاغرىۋاتامدۇ، چاي قۇيۇپ بېرەيمۇ» دەپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولىدىغان ئاپام يوق... ھەي دەردىم... ھەسرىتىم... ئاھ ئاپام...

......

مۇڭسىراپ تۇرغان ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى قېقىلىپ، سىڭلىم ئاستاغىنا «ھەدە، مېھمان كەلدى» دەپ توۋلىدى. ئىرىنچەكلىك بىلەن چېكىلەپ تاڭغان ياغلىقىمنى ۋە ئۈستۈمدە خۇددى بىر پارچە جانسىز لاتىدەك يېقىمسىز پولاڭلاپ تۇرغان كۆڭلىكىمنى ئوڭشىدىم. ئىشىكتىن كىرىۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم، كۆزلىرىم ياشقا تولدى.

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ، ئەزىزە؟

ئەزىمەت ئەدناتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھارۋىسىدا ئولتۇرغىنىچە كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

ــ مەرھابا!ــ بېشىمنى ئېگىپ قولۇمنى كۆكسۈم ئۈستىگە قويدۇم.

ــ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ــ ئەزىمەت مېھىر بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلدى. ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتالمىدىم، يان تەرەپكە قارىغىنىمچە يىغلاشقا باشلىدىم.

— سەۋر قىلىڭ، ئەزىزە، جان دېگەن پەقەت ئاللانىڭ بۇ دۇنياغا بەرگەن ئامانىتى. ئاللا ۋاقتى - قەرەلى توشقاندا بۇ ئامانەتنى ئېلىپ كېتىدۇ، ھەممىمىز شۇ ئامانەتنى تاپشۇرىمىز بىر كۈنى، پەقەت شۇ ئىلگىرى - كېيىنلىك ۋاقتىلا بار.

ئەزىمەتنىڭ ئاۋازلىرى تىترەيتتى. ئەدنات دائىمقىدەك ئىككىمىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەزىمەت هارۋىسىنى ماڭدۇرغىنىچە قېشىمغا كەلدى، قوللىرىمنى تۇتتى:

— سەۋر قىلىڭ، مۇسىبەتلىك كۈنلىرىڭىزدە كۆپ تەسەللى بېرەلمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ!

ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ياشلانغانىدى.

ئىككىلىمىز جىمىپ قالدۇق.

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— بىلمەيمەن،— بېشىمنى چايقاپ يەنە يىغلىدىم،— مېنىڭ ئەمدى هېچقانداق يېقىن كىشىم قالمىدى. ئىككى سىڭلىم بار... ئۇلارغا ياخشى قارايمەن، ئۇلارغا ئانىلىق مېهىر يەتكۈزىمەن، ئۇلارنى بويۇن قىستۇرماسلىققا تىرىشىمەن.

— نېمىشقا يېقىن كىشىڭىز يوق، سىز يالغۇزلۇق تارتىسىز، ئىككى سىڭلىڭىزغا قاراشتا يۆلەك بولسام بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە سىز مېنى يۈك دەپ قارىمىسىڭىزلا...

سىلكىنىپ كەتتىم... كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلەتتى، ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئىككى قولى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى.

— سىز خالىسىز، ئەزىزە... مەن سىزدىن ئايرىلالمايدىكەنمەن. ئەمىنە بىلەن نەرمىيەگە بىز ئاتا - ئانىسى ئورنىدا قارايلى، بىللە قارايلى، بولامدۇ؟

بۇقۇلداپ يىغلىغىنىمچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتىم...

# خاتىمە

ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. ئەزىمەتنىڭ ئەزىزەگە مېھرىلىك باققان كۆزلىرىدىن تاراۋاتقان مۇھەببەت ئوتلىرى، ئۇھسىنىپ تۇرۇپ يېنىش ـ يېنىشلاپ يۇرتىنىڭ يىراقتا قالغان قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان يوللىرىغا قارىغاندىكى قىيالماسلىقلىرى مېنى بىھوش قىلاتتى.

كۆز ئالدىمدا بىردە پەزىلەت شۇ قەدەر جىلۋىلىك، نازۇك، نومۇسچان، لاتاپەتلىك تۇرقى بىلەن جىلۋە قىلسا؛ بىردە ئەزىزە شۇ قەدەر قەيسەر، تىرىشچان، مۇھەببەتلىك، سىپايە تۇرقى بىلەن نۇرلىنىپ ئەقلىمنى لال قىلاتتى... ئەزىمەت بولسا بىر جۈپ خىرۇستال ئارىسىدا نۇرلىنىپ تۇرۇپ بىردە غەمكىن كۈلۈمسىرىگىنىچە، بىردە مۇھەببەت بىلەن سۆيۈنگىنىچە: «پەزىلەت، بۇ دۇنيا پەقەت مۇھەببەت بىلەن گۈزەل! ئۇ يۈرەكنىڭ قېتىدا مەڭگۈ نۇرلىنىدۇ، ياشنايدۇ، ياشىرىدۇ. مۇھەببەتتىكى بەزىبىر خاتالىقلارنى چوقۇم ئەپۇ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەتنى ئۇلۇغ ... بىراق كەمتۈك قىسىملىرىنى تولۇقلىنىشىش ئۈچۈن قۇربان بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇھەببەتنى ئۇلۇغ

بىلسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ!» دەيتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە نۇرغۇن ھەقىقەت، نۇرغۇن كەلگۈسىگە يۈزلىنىش سىڭگەنىدى.

......

تىت ـ تىت ـ تىت... تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى.

«پەرىلەت، ئانچىكى خاتالىقىمنىڭ جازاسىنى ئۆمۈر بويى تارتىشنى خالىمايمەن. بۇ دۇنيادا پەقەت سېنى، سېنىلا سۆيەتتىم. چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت بەرمىدىڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن مېنى مەجرۇھ قىلدىڭ. مەن سېنىڭسىز ئۆتكەن بۇ دوزاختەك كۈنلىرىمنى ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشتۇردۇم. مېنى كەچۈرەلەمسەن؟ پەقەت سېنى، سېنىلا سۆيىمەن. سېنى كۈتىمەن، سۇبات»

تىترىگەن قوللىرىم بىلەن تېلېفون كۇنۇپكىسىنى باستىم، «مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ناخشا، كەل، بۇ ناخشىنى كونا جايدا ئىككىمىز بىللە ئېيتايلى، خىرۇستالدىن نۇر ئالغان پەرىلەت.»

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتاتى: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# خرۇستال قەلەم


شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-4504-4

9 787551 545044 >

باھاسى: 48.00 يۈەن